ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانى

# ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى
# ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانى

# ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

«ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى» ماۋزۇلۇق بۇ كىتاب 1995 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان خاس ئەسەر «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى» نىڭ زۆرۈرىيەتلىك تولۇقلىما نۇسخىسى ھېسابلىنىدۇ.

«ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى» ناملىق كىتابىم نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ تىل - يېزىق تارىخىمىزدا شۇ ماۋزۇدىكى تۇنجى خاس ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ئورگانلار ۋە ئىلىم ئەھلىنىڭ قايىللىق بىلەن قۇتلۇقلىشىغا ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. كىتابىنىڭ 1996 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك ئىلمىي كىتابلارنى باھالاشتا، بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىشى؛ شۇ يىلىدىكى بېيجىڭ شەھەرلىك ئىلمىي ئەسەرلەرنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا، «بېيجىڭ شەھىرى بويىچە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر خاس ئەسەر» مۇكاپاتىغا ئېرىشىشى؛ 1997 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق مىللىي يېزىقتىكى كىتابلارنى باھالاشتا بولسا «مەملىكەتلىك ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر» مۇكاپاتىغا مۇشەررەپ بولۇشى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

قولىڭىزدىكى، «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى» ناملىق بۇ كىتاب جەمئىي ئون ئىككى بابتىن تەشكىل تاپتى ۋە ئالدىنقى ئون بابى قىسمەن ئۆزگەرتىشلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى»دىن

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................................ 1

**بىرىنچى باب سۆز** ........................................ 4

§1. سۆزنىڭ تەبىرى ........................................ 4

§2. مورفېما ........................................ 5

§3. سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى ..... 9

1. تۈپ سۆز ........................................ 9

2. ياسالما سۆز ........................................ 10

3. بىرىكمە سۆز ........................................ 11

4. جۈپلەنمە سۆز ........................................ 12

5. تەكرارلانما سۆز ........................................ 15

6. قىسقارتىلما سۆز ........................................ 17

7. قاتما سۆز ........................................ 20

**ئىككىنچى باب ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبى** ................ 23

§1. ئاساسىي سۆزلۈك ........................................ 23

§2. ئومۇمىي سۆزلۈك ........................................ 28

1. كونا سۆزلەر ........................................ 28

2. يېڭى سۆزلەر ........................................ 30

3. كەسپىي سۆزلەر ........................................ 31

4. ئادەت سۆزلىرى ........................................ 38

5. ھېس ـ تۇيغۇلۇق سۆزلەر ........................................ 41

6. ئەدەبىي تىلغا خاس سۆزلەر ........................................ 49

7. دىيالېكتقا خاس سۆزلەر ........................................ 53




ئەينەن كۆچۈرۈپ ئېلىندى. يېڭىدىن قوشۇلغان ئون بىرىنچى بابتا، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ سېمانتىكىلىق توپى توغرىسىدا ئەمەلىي مىساللىرى بىلەن نىسبەتەن تەپسىلىي چۈشەنچە بېرىلدى. ئون ئىككىنچى بابتا بولسا ئۇيغۇر تىلى لېكسىكا تەتقىقاتىغا ئائىت ماقالىلاردىن ئۆرنەكلەر بېرىلدى.

ئومۇمەن، بۇ كىتابقا لېكسىكا تەتقىقاتى مەزمۇنىدىكى يېڭىدىن قوشۇلغان بابلاردىن، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ سېمانتىكىلىق توپى توغرىسىدىكى بىر باب خاس مەزمۇن جەھەتتىن، ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى نەزەرىيەسى ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ بىر تولۇقلىما بولدى. ئون ئىككىنچى باب «لېكسىكولوگىيە تەتقىقاتىدىن ئۆرنەكلەر»گە كەلسەك، ئۇنىڭدا بېرىلگەن ئانا تىلىمىزنىڭ لېكسىكا بايلىقى ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا مۇناسىۋەتلىك ھەر بىر ماقالە ئۆز قىممىتى ۋە ئەمەلىي ئەھمىيىتى بىلەن، ئوقۇرمەنلەرگە بەلگىلىك مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى ئاتا قىلسا ئەجەب ئەمەس.

چۈشەنچەمچە، ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسىنى ئەتراپلىق، سىستېمىلىق ۋايىغا يەتكۈزۈپ شەرھلەش دەۋر تەلەپ قىلىنىۋاتقان زۆرۈر ھەم شەرەپلىك ئەمگەك. «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى» ناملىق بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ باشلامچى ئەمگەك بولۇش سۈپىتى بىلەن ئانا تىل سۆيگۈسى ئوتىدا پۇچىلىنىۋاتقان ئىلىم ئاشىنالىرىنى زۆرۈر بەھرىلەر بىلەن تەمىن ئېتەلەيدۇ دەپ ئىشىنىمەن.

پىروفېسسور، دوكتور
ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانىي
2009 ـ يىل 3 ـ ئاۋغۇست، بېيجىڭ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

§3. لۇغەت تەركىبى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى ........ 57

**ئۈچىنچى باب ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ سېمانتىكىلىق تۈرلىرى** ........ 60
§1. ئاھاڭداش سۆزلەر ۋە شەكىلداش سۆزلەر .......... 60
1. ئاھاڭداش سۆزلەر .......... 60
2. شەكىلداش سۆزلەر .......... 66
3. ئاھاڭداش ۋە شەكىلداش سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇشى .......... 70
4. ئاھاڭداش ۋە شەكىلداش سۆزلەرنىڭ رولى .......... 73
§2. مەنىداش سۆزلەر .......... 76
1. مەنىداش سۆزلەرنىڭ تەبىرى ۋە دائىرىسى ..... 76
2. مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى .......... 77
3. مەنىداش سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇشى .......... 80
§3. بىر مەنىلىك ۋە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر .......... 84
1. بىر مەنىلىك سۆزلەر .......... 84
2. كۆپ مەنىلىك سۆزلەر .......... 85
§4. زىت ئۇقۇملۇق سۆزلەر .......... 88
1. زىت سۆزلەر ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە ....... 88
2. زىت سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى .......... 90

**تۆتىنچى باب ئۇيغۇر تىلىدىكى سېمانتىكىلىق ھادىسىلەر** .... 97
§1. بىر مەنىلىك سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلىك سۆزلەرگە ئاي- لىنىشى .......... 97
§2. كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ بىر مەنىلىك سۆزلەرگە ئايلىنىشى .......... 102
§3. سۆزلەردە ئىچكى ئۇقۇم دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە



تارىيىشى .......... 105
§4. سۆز مەنىسىنىڭ كۆچۈشى .......... 106
§5. سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنە ئېلىشى .......... 112
§6. مەنىداش سۆزلەرنىڭ خاسلىشىشى .......... 114
§7. سۆز مەنىسىدىكى ئىككى بىسلىق ھادىسە ......... 118

**بەشىنچى باب ئۇيغۇر تىلى لېكسىكسىدىكى تۇراقلىق تەركىبلەر** .......... 123
§1. تۇراقلىق بىرىكمىلەر .......... 123
§2. ئىدىيوملار .......... 125
§3. ماقال ـ تەمسىللەر .......... 140
§4. ھېكمەتلىك سۆزلەر .......... 153

**ئالتىنچى باب ئۇيغۇر تىلىغا چەت تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر** .......... 159
§1. ئۇيغۇر تىلىغا خەنزۇ تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر .......... 163
§2. ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەب تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر .......... 169
§3. پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر .......... 177
§4. رۇس تىلىدىن ۋە باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەر .......... 187

**يەتتىنچى باب لۇغەتچىلىك ۋە لېكسىكولوگىيە** .......... 195
§1. ئۇيغۇر تىلى لۇغەتچىلىكىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ... 195
§2. لۇغەتچىلىك بىلەن لېكسىكا تەتقىقاتىنىڭ مۇناسىۋىتى .......... 207
§3. لۇغەتنىڭ تۈرلىرى ۋە لۇغەت تۈزۈش ئۇسۇلى ... 211

سەككىزىنچى باب ئېتىمولوگىيە ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى ...... 219

§1. ئېتىمولوگىيە ھەققىدە چۈشەنچە .................. 219

§2. ئېتىمولوگىيەنىڭ لېكسىكولوگىيە تەتقىقاتىدىكى رولى ........................................................... 224

§3. ئېتىمولوگىيە تەتقىقاتىنى ئۇنۇملۇك ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرى ......................................... 240

توققۇزىنچى باب كىشى ئىسىملىرى ئىلمى ۋە لېكسىكولوگىيە ........................................................... 245

§1. كىشى ئىسىملىرى ئىلمى ھەققىدە چۈشەنچە ..... 245

§2. كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى بىلەن لېكسىكولوگىيەنىڭ مۇناسىۋىتى ......................................... 252

§3. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە بايان .......... 260

§4. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ قۇرۇلما تەركىبى .............................................................. 289

§5. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەر كىشى ئىسىملىرى ۋە ئايال كىشى ئىسىملىرى ........................................... 292

§6. ئۇيغۇرلاردا كىشى ئىسىملىرىنى ئاتاش ئادىتى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان خاس ئالاھىدىلىكلەر .............. 295

§7. ئۇيغۇرلاردا تەخەللۇس، لەقەم ۋە فامىلە قوللىنىش مەسىلىسى ............................................................ 304

§8. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە نۆۋەتتىكى يۈزلىنىش ........................................... 312

ئونىنچى باب ئىستىلىستىكا ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى .......... 319

§1. ئىستىلىستىكا ھەققىدە چۈشەنچە .................. 319

§2. لېكسىكولوگىيە بىلەن ئىستىلىستىكا ئىلمىنىڭ مۇ-





ناسىۋىتى ........................................................ 325

§3. لېكسىكا تەتقىقاتى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسىدىكى رېئال مەسىلىلەرنى يورۇتۇش ............... 332

ئون بىرىنچى باب ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ سېمانتىكىلىق تۈپى ............................................................ 344

§1. ئايرىم ئوبيېكتلىق سۆزلەر تۈپى .................. 344

§2. مۇقىم ماسلاشما ۋە ئالاھىدە ماسلاشما سۆزلەر تۈپى ... ............................................................ 347

§3. يۆلەنمە سۆزلەر تۈپى ................................ 355

§4. قاتارلاشما سۆزلەر تۈپى .............................. 362

§5. دەرىجىلەنمە سۆزلەر تۈپى ............................ 364

§6. ئاملداش سۆزلەر تۈپى ................................ 365

§7. مەنبەداش سۆزلەر تۈپى ............................... 366

§8. مەنە مەيدانى نەزەرىيەسى ............................. 367

ئون ئىككىنچى باب لېكسىكولوگىيە تەتقىقاتىدىن ئۈرنەكلەر ............................................................ 371

ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى لېكسىكا تەتقىقاتىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ رولى ................................................ 372

ئۇيغۇرچە يەر - جاي ناملىرىنى خەنزۇچە ئاتاش ۋە يېزىشتا ئېنىق پرىنسىپ بولۇشى لازىم .......................... 390

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئاپتورىنىڭ ئىسمىنى ئېنىق ئاتاش زۆرۈر ......................................................... 399

ئىملادىكى ئىلىم ...................................... 404

«تارىخى ھەمىدىي»دىكى ئۇيغۇر تىلى تارىخىغا ئائىت پاكىتلار توغرىسىدا ........................................ 409




ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 目录


序言 ........................................ 1

第一章　词 ........................................ 4

第一节 词的定义 ........................................ 4

第二节 语素 ........................................ 5

第三节　根据词的构成分类 ........................................ 9

1. 根词 ........................................ 9
2. 派生词 ........................................ 10
3. 合成词 ........................................ 11
4. 对偶词 ........................................ 12
5. 重复词 ........................................ 15
6. 缩略语 ........................................ 17
7. 插入语 ........................................ 20

第二章　维吾尔语的词典组成成分 ........................................ 23

第一节 基本词汇 ........................................ 23

第二节　一般词汇 ........................................ 28

1. 旧有词汇 ........................................ 28
2. 新生词汇 ........................................ 30
3. 专业词汇 ........................................ 31
4. 惯用语 ........................................ 38
5. 情感词汇 ........................................ 41
6. 书面语词汇 ........................................ 49





« ‹يوپۇ:غا› نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا»غا باھا ........................................ 421

ئىملاسى توغرىلاپ يېزىلىشقا تېگىشلىك ئىككى ئىسىم «قەدىر» ۋە «ئاللاھ» ........................ 426

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىزافەتلەر ......... 433

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەلىفلام (الــ ـ) ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلىشى توغرىسىدا .... 450

ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا تىل - يېزىق ئوبزورچىلىقىنى قانات يايدۇرۇش زۆرۈر ........................ 485

ئانا تىل تەربىيەسىنى كۈچەيتىش ۋە تىلشۇناسلار قوشۇنىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا ........................ 494

قوشۇمچە: ئۇيغۇر تىلى تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى چوڭ بۆسۈش ........................................ 509

7. 方言词汇 ......53
第三节 辞典的构成与社会的发展 ......57
**第三章 维吾尔语词汇的语义学分类 ......60**
第一节 同音词与同形词 ......60
1. 同音词 ......60
2. 同形词 ......66
3. 同音词与同形词的出现 ......70
4. 同音词与同形词的作用 ......73
第二节 同义词 ......76
1. 同义词的成分与范围 ......76
2. 同义词的特点 ......77
3. 同义词的出现 ......80
第三节 单义词与多义词 ......84
1. 单义词 ......84
2. 多义词 ......85
第四节 反义词 ......88
1. 概释反义词 ......88
2. 反义词的分类 ......90
**第四章 维吾尔语的语义变化现象 ......97**
第一节 由单义词向多义词的转化 ......97
第二节 由多义词向单义词的转化 ......102
第三节 词义的扩大与缩小 ......105



第四节 词义的转变 ......106
第五节 词义的引申 ......112
第六节 同义词的专门化 ......114
第七节 词义的双关现象 ......118
**第五章 维吾尔语词汇学中的固定成分 ......123**
第一节 固定搭配 ......123
第二节 成语 ......125
第三节 谚语 — 熟语 ......140
第四节 格言 ......153
**第六章 维吾尔语中的外来语 ......159**
第一节 已进入维吾尔语中的汉语词汇 ......163
第二节 已进入维吾尔语中的阿拉伯语词汇 ......169
第三节 来自波斯语的词汇 ......177
第四节 来自俄罗斯语及其他欧洲语言的词汇 ......187
**第七章 词典编纂词汇学 ......195**
第一节 维吾尔语词典编纂的概况 ......195
第二节 词典编纂与词汇学研究之关系 ......207
第三节 词典的分类与词典的编纂方法 ......211
**第八章 词源学与词汇学研究 ......219**



www.uyghurkitap.com

第一节 词源学 释义 ......219
第二节 词源学在词汇学研究中的作用 ......224
第三节 对词源学进行规模化研究的必要条件 ......240
第九章 姓名学与词汇学 ......245
第一节 姓名学释义 ......245
第二节 人名研究与词汇学之关系 ......252
第三节 维吾尔人名 ......260
第四节 现代维吾尔人名的构成 ......289
第五节 现代维吾尔人男名和女名 ......292
第六节 维吾尔人命名习惯及其形成特点 ......295
第七节 维吾尔人笔名、绰号与姓氏的使用问题 ......304
第八节 维吾尔人名中的时代特点与目前趋势 ......312
第十章 修辞学 与词汇学研究 ......319
第一节 修辞学释义 ......319
第二节 词汇学与修辞学之关系 ......325
第三节 通过词汇学研究照亮维吾尔语修辞格的现实情况 ......332
第十一章 维吾尔词汇的语义群体 ......344
第一节 单一对象词群 ......344
第二节 固定搭配和特殊搭配词群 ......347



第三节 依赖词群 ......355
第四节 次第词群 ......362
第五节 级别词群 ......364
第六节 同素词群 ......365
第七节 同原词群 ......366
第八节 语义场理论 ......367
第十二章 词汇学研究范例 ......371
察哈台维吾尔语在现代维吾尔语词汇学研究中的作用 ......372
用汉语表达书写维吾尔地名必须有明确的原则 ......390
《突厥语大辞典》作者的姓名必须依照原样表达 ......399
正字法中的学问 ......404
论《伊米德史》中关于维吾尔语言史的一些事实 ......409
评论《Yopurgha 一名的由来》 ......421
应纠正正字法的两个名词—qedir 与 Allah ......426
现代维吾尔语中的 Izafet 特殊所有格形式 ......433
论察哈台维吾尔语中的“-JI”及其在现代维吾尔语中的使用 ......450
在维吾尔语研究中展开文字评论工作的必要性 ......485
论加强母语教育与完善维吾尔语言工作队伍 ......494
附录：维吾尔语言学中的新突破 ......509

# مۇقەددىمە

«لېكسىكا» دېگەن ئاتالغۇ گرېكچە «Lexis» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ تىلشۇناسلىق ئىلمىدە مۇئەييەن بىر تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىدىكى «سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭلاشقا، خەنزۇچىدا «词汇» دەپ ئېلىنىدىغان بۇ ئاتالغۇ ئۇيغۇر تىلىدا «گىراماتىكىلىق مەنە» دېگەن ئىبارىگە جورا قىلىپ ئىشلىتىلىدىغان «لېكسىكىلىق مەنە» دېگەن ئىبارىدە «سۆز، ئايرىم سۆز» دېگەن ئۇقۇمدا ئىشلىتىلگەندىن باشقا، ئومۇمەن «سۆزلۈك، لۇغەت تەركىبى» دەپ ئىزاھلىنىدۇ. («خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت»، 1 ـ توم 282 ـ بەت، 1989 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى)

ھەرقانداق بىر تىل تاۋۇشى (فونېتىكا)، سۆزلۈك (لېكسىكا) ۋە گىراماتىكا (تىلنىڭ قۇرۇلما قانۇنى) دىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلدىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ ئۈچ ئامىل بىر ـ بىرىنى شەرت قىلغان ھالدا چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، بىر تىلنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ.

لېكسىكا (سۆزلۈك) تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ. خۇددى قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولمىسا ئىمارەت سېلىش مۇمكىن بولمىغاندەك، سۆزلۈك بولمىسا تىلنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

لېكسىكىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم لېكسىكا ئىلمى ياكى لېكسىكولوگىيە (词汇学) دەپ ئاتىلىدۇ. لېكسىكولوگىيە بىر تىلنىڭ لېكسىكىسىنى ئۆز سىستېمىسى بويىچە تۈرلەرگە



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئايرىيدۇ؛ مەسىلەن، تۈپ سۆزلەر، ياسالما سۆزلەر، بىرىكمە
سۆزلەر... سۆزلەردىكى سېمانتىكىلىق ئامىللار ۋە ھادىسىلەرنى
چۈشەندۈرىدۇ؛ مەسىلەن، مەنىداش سۆزلەر، كۆپ مەنىلىك سۆز -
لەر، سۆزلەردىكى مەنە كۆچۈش ھادىسىسى... دېگەندەك، لېكسىكا
سوستاۋىغا ئېتىمولوگىيەلىك تەھلىل يۈرگۈزىدۇ؛ مەسىلەن،
چەت ئەل تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر... ۋەھاكازالار.
لېكسىكولوگىيە ئادەتتە ئومۇمىي لېكسىكولوگىيە (ياكى
فورمال لېكسىكولوگىيە) ۋە ئايرىم لېكسىكولوگىيە (ياكى
كونكرېت لېكسىكولوگىيە) دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.
ئومۇمىي لېكسىكولوگىيە سۆز ۋە سۆزلۈككە ئائىت ئومۇمىي
نەزەرىيەلەرنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە ئومۇمىي تىلشۇناسلىقنىڭ
بىر تارمىقى ھېسابلىنىدۇ. كونكرېت لېكسىكولوگىيە بولسا،
كونكرېت بىر تىلدىكى سۆز ۋە سۆزلۈكلەرنى تەتقىق قىلىدۇ
ۋە شۇ كونكرېت تىلنىڭ نامى بىلەن قوشۇلۇپ ئاتىلىدۇ. مە -
سىلەن، خەنزۇ تىلى لېكسىكولوگىيەسى، ئىنگلىز تىلى لېك -
سىكولوگىيەسى، ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى... دېگەنگە
ئوخشاش. ئومۇمىي لېكسىكولوگىيە بىلەن كونكرېت تىل
لېكسىكولوگىيەسى بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان بولى -
دۇ. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئومۇمىي لېكسىكولوگىيە كونك -
رېت تىل لېكسىكولوگىيەسى ئاساسىدا تىكلەنگەن بولىدۇ،
كونكرېت لېكسىكولوگىيە بولسا، نەزەرىيە جەھەتتە ئومۇمىي
لېكسىكولوگىيەنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلىدۇ.
كونكرېت لېكسىكولوگىيە ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تارىخىي
لېكسىكولوگىيە ۋە تەسۋىرىي لېكسىكولوگىيە دېگەن ئىككى
تارماققا بۆلۈنىدۇ. تارىخىي لېكسىكولوگىيە مۇئەييەن بىر تىل -
دىكى سۆزلۈكنىڭ تارىختىكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەتقىق
قىلىدۇ. تەسۋىرىي لېكسىكولوگىيە بولسا، بىر تىلنىڭ كونك -
رېت بىر باسقۇچتىكى سۆزلۈك ئەھۋالىنى تۇتقا قىلغان ھالدا



تەتقىقات يۈرگۈزىدۇ. بىراق، ئادەتتە كونكرېت لېكسىكولوگى -
يەنىڭ بۇ ئىككى تارمىقىنى بىر - بىرىدىن كەسكىن ئايرىۋەت -
كىلى بولمايدۇ.
لېكسىكولوگىيە تىلشۇناسلىقتا تەئەللۇق بىر پەن. بىراق
لېكسىكولوگىيەنىڭ ئۆزىمۇ بىر قانچە تارماق پەنلەردىن تەر -
كىب تاپقان بولىدۇ. بۇ تارماق پەنلەر ئادەتتە لېكسىكولوگىيە
تىپىدىكى پەنلەر دەپ ئاتىلىدۇ. ئاساسلىق لېكسىكولوگىيە تى -
پىدىكى پەنلەر سېمانتىكا (词义学)، ئىستىلىستىكا، ئېتى -
مولوگىيە، ئىسىمشۇناسلىق (人名学)، لۇغەتشۇناسلىق قاتار -
لىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
بۇ كىتابتا، ئومۇمىي لېكسىكولوگىيەنىڭ نەزەرىيە ئا -
ساسلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسىنى چۈشەن -
دۈرۈش، شۇ ئارقىلىق لېكسىكا تەتقىقاتىنى ئالغا سۈرۈش
مەقسەت قىلىنىدۇ.

# بىرىنچى باب سۆز

## 1§. سۆزنىڭ تەبىرى

تاۋۇش جەھەتتىن ئايرىلماس بىر گەۋدە بولۇپ شەكىللەنگەن، ئايرىم تۇرغاندا مۇستەقىل بىر ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى «سۆز» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئانا»، «تاغ»، «جەڭچى»، «ئىشلەپچىقىرىش»، «تۆمۈر يول»، «كۆزەينەك» قاتارلىق سۆزلەرنى ئالساق، بۇلار تاۋۇش جەھەتتىن ئايرىلماس بىر گەۋدە بولۇش، يەنى تەلەپپۇزدا بىر گەۋدە قىلىپ ئېيتىش ئالدىنقى شەرتى بىلەنلا مۇستەقىل بىر ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر «ئىشلەپچىقىرىش»نى «ئىشلەپ»، «چىقىرىش» دەپ تەلەپپۇز قىلساق،«كۆزەينەك» نى «كۆز»، «ئەينەك» دەپ ئېيتساق، بۇلار بىر سۆز بولماي، ھەرقايسىسى ئىككىدىن سۆز بولۇپ قالىدۇ؛ «ئانا» نى «ئا»، «نا» دەپ تەلەپپۇز قىلساق، «تاغ» نى «تا»، «غ» دەپ ئېيتساق، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بىرەر ئۇقۇمنى ئىپادىلىمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

سۆز بىر تىل ئۇچۇن ئېيتقاندا، پۈتكۈل لېكسىكىنىڭ بىرلىكى بولۇپلا قالماستىن، ئومۇمىي تىل گەۋدىسىنىڭ ئاساسىي بىرلىكىدۇر. چۈنكى، بىر سۆزدە شۇ سۆز تەئەللۇق بولغان تىلنىڭ تىپىك ماھىيىتى، ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەنگەن بولىدۇ.

سۆز مۇئەييەن ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت شۇ تىللىق خەلقنىڭ ئېڭىدا ئەكس ئەتتۈرگەن ئۇقۇم ئاساسىدا، تاۋۇش ئارقى-



لىق شەكىللەنگەن بولىدۇ. شۇڭا، بىر سۆزدە ئۇقۇم بىلەن تاۋۇش ئايرىلماس بىر گەۋدە ھېسابلىنىدۇ.

سۆز تىلنىڭ ئىستېمال ماتېرىيالى، لېكسىكولوگىيەنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى. بىر تىلدا سۆزلەرنى ياخشى، جايىدا، ئۈنۈملۈك ئىستېمال قىلىش مەقسىتىگە يېتىشتە، لېكسىكولوگىيە بويىچە تەتقىقاتنى كۈچەيتىش مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 2§. مورفېما

تىلشۇناسلىقتىكى «مورفېما» (词素) تىلدىكى ئەڭ كىچىك بىرلىك ھېسابلىنىدىغان سۆزنى تەشكىل قىلغۇچى مەنىلىك بۆلەكلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا، تۈپ سۆزلەردىن باشقا ھەر قانداق بىر سۆزنى پارچىلاپ، مەنىلىك بۆلەكلەرگە (بۇ يەردىكى «مەنە» لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاجراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، «ئوقۇغۇچىلار» دېگەن بىر سۆزنى «ئوقۇ ـ» (لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە بۆلەك)، «غۇ ـ» (گىراماتىكىلىق مەنىگە ئىگە بۆلەك)، «ـ چى» (گىراماتىكىلىق مەنىگە ئىگە بۆلەك)، «ـ لار» (گىراماتىكىلىق مەنىگە ئىگە بۆلەك) دەپ تۆت بۆلەككە ئاجرىتىش مۇمكىن، بىراق، مەزكۇر تۆت بۆلەكنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، يەنىمۇ پارچىلاپ مەنىلىك بۆلەكلەرگە ئاجراتقىلى بولمايدۇ. دېمەك، تىلدىكى ئەڭ كىچىك بىرلىك سانىلىدىغان سۆزنى تەشكىل قىلغۇچى ئەڭ كىچىك، يەنە باشقا مەنىلىك بۆلەكلەرگە ئاجراتقىلى بولمايدىغان ئۇقۇم ـ مەنە بۆلىكى «مورفېما» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا، مورفېمىلارنى «مۇستەقىل مورفېما» (بەزى تىلچىلار بۇنى «باش مورفېما» دەپمۇ ئاتايدۇ)، «قوشۇمچە مور-



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

فېما» (بەزىلەر بۇنى «ئەگەشمە مورفېما» دەپ ئاتايدۇ) ۋە «ياردەمچى مورفېما» دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

مۇستەقىل، ئۆز ئالدىغا ئېنىق لېكسىكىلىق مەنە بىلدۈرەلەيدىغان مورفېما «مۇستەقىل مورفېما» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى بارلىق تۈپ سۆزلەر ۋە سۆز يىلتىزلىرى مۇستەقىل مورفېمىغا كىرىدۇ.

ئۆز ئالدىغا ئايرىم تۇرۇپ بەلگىلىك لېكسىكىلىق مەنە بىلدۈرەلمەيدىغان، پەقەت مۇستەقىل مورفېمىلارغا قوشۇلۇپ كەلگەندە مۇئەييەن گىرامماتىكىلىق مەنە بىلدۈرۈدىغان مورفېما «قوشۇمچە مورفېما» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «ئوقۇغۇچىلار» دېگەن سۆزدىكى «ـ غۇ»، «ـ چى»، «ـ لار» ئايرىم ـ ئايرىم هالدا قوشۇمچە مورفېما بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى «ياردەمچى سۆزلەر» دەپ ئاتىلىدىغان يۈكلىمە، تىركەلمە ۋە باغلىغۇچىلارمۇ سۆز كاتېگورىيەسىگە كىرگەچكە، ئۇلارنى «مورفېما» بابىدىن چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى سۆزلەرنى «ياردەمچى مورفېما» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

ياردەمچى مورفېمىلارنى مۇستەقىل مورفېمىلارغا قوشۇۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، مۇستەقىل مورفېمىلار مۇستەقىل هالدا، ئېنىق لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىيەلەيدۇ. ياردەمچى مورفېمىلار بولسا، مۇستەقىل تۇرغاندا ئۇنداق ئېنىق لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىيەلمەيدۇ.

ياردەمچى مورفېمىلارنى قوشۇمچە مورفېمىلارغا قوشۇۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، قوشۇمچە مورفېمىلار مۇستەقىل مورفېمىلار بىلەن بىرىكىپ يېڭى سۆز هاسىل قىلالايدۇ ياكى گىرامماتىكىلىق مەنە ئاڭلىتالايدۇ. مەسىلەن، «ـ چى» دېگەن قوشۇمچە مورفېما «ئىش» دېگەن مۇستەقىل مورفېما بىلەن



بىرىكسە، «ئىشچى» دېگەن يېڭى سۆز هاسىل بولىدۇ. «نىڭ» قوشۇمچە مورفېمىسى «ئىش» بىلەن بىرىكسە، «ئىشنىڭ» دېگەن گىرامماتىكىلىق شەكىل هاسىل بولىدۇ. ئەمما، «بىلەن» دېگەن ياردەمچى مورفېما بىلەن «ئىش» دېگەن مۇستەقىل مورفېما بىرىكسە، «ئىش بىلەن» دېگەن قۇرۇلما هاسىل بولىدۇ. بۇ قۇرۇلمىدا يېڭى، ئېنىق لېكسىكىلىق مەنە ئۇقۇلمايدۇ. گەرچە مەزكۇر قۇرۇلما گىرامماتىكىلىق شەكىل هېسابلانسىمۇ، ئۇ ئادەتتىكى باشقا گىرامماتىكىلىق شەكىللەرگە ئوخشىمايدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشۇمچە مورفېمىلار ئۆزىنىڭ رولىغا قاراپ «سۆز ياسىغۇچى مورفېما» ۋە «سۆز تۈرلىگۈچى مورفېما» دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

بىر سۆزگە قوشۇلۇپ يېڭى بىر لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە سۆزنى ياسايدىغان مورفېما «سۆز ياسىغۇچى مورفېما» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئىش + چى = ئىشچى | ئاچ + قۇچ = ئاچقۇچ |
| تۆمۈر + چى = تۆمۈرچى | ياپ + قۇچ = ياپقۇچ |
| دەرەخ + لىق = دەرەخلىق | باس + ما = باسما (زاۋۇتى) |
| گۈزەل + لىك = گۈزەللىك | چاچ + ما = چاچما (شېئىر) |

قاتارلىق مىساللاردىكى «ـ چى»، «ـ قۇچ»، «ـ لىق»، «ـ ما» مورفېمىلىرى سۆز ياسىغۇچى مورفېمىلارغا كىرىدۇ.

بىر سۆزگە قوشۇلغاندا، ئۇنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتمەستىن، ئۇنىڭغا مۇئەييەن گىرامماتىكىلىق مەنە قوشىدىغان مورفېما «سۆز تۈرلىگۈچى مورفېما» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ ماشىنا ئۈرۈمچىدىن كەلدى، ئاۋۇ ماشىنا هازىر ئۈرۈمچىگە ماڭىدۇ، دېسەك، بۇ مىساللاردىكى «ئۈرۈمچى» دېگەن سۆزگە قوشۇلغان «ـ دىن»، «ـ گە» مورفېمىلىرى سۆز تۈر-

لىگۈچى مورفېمىلارغا كىرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا، قوشۇمچە مورفېمىلار سۆزلەرنىڭ ئارقىسىغا قوشۇلىدۇ. بىراق، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئەرەب-پارس تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بەزەن ئالدى قوشۇمچىلار ھېلىمۇ سۆزلەرنىڭ ئالدىغا قوشۇلىدىغان مورفېما قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| بى + پايان = بىپايان | بى + گۇناھ = بىگۇناھ |
| نا + ماقۇل = ناماقۇل | نا + ئۇستا = نائۇستا |
| بەت + قىلىق = بەتقىلىق | بەت + بەخت = بەتبەخت |
| بە + دۆلەت = بەدۆلەت | بە + قۇۋۋەت= بەقۇۋۋەت |

بۇ مىساللاردىكى «بى - ، نا - ، بەت - ، بە -» مورفېمىلىرىنىڭ ھەممىسى سۆز ياسىغۇچى مورفېمىلارغا كىرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى مورفېمىلارنى تۆۋەندىكىدەك ئىسخېما ئارقىلىق كۆرسىتىش مۇمكىن:

مورفېما
- مۇستەقىل مورفېما: ئىش، تاغ، ئال-، ساندۇق، قەغەز
- قوشۇمچە مورفېما:
  - 1. ياسىغۇچى مورفېما: چى، لىق
  - 2. تۈرلىگۈچى مورفېما: نىڭ، دىن...
- ياردەمچى مورفېما: ۋە، بىلەن، ھەم، ھەمدە، ئۈچۈن، چۇ...

ئۇيغۇر تىلىدا، مۇستەقىل مورفېما «تۈپ سۆز ياكى سۆز تۈپى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قوشۇمچە مورفېما ئادەتتە «قوشۇمچە» دەپلا ئاتىلىدۇ. شۇنىڭدەك «ياسىغۇچى مورفېما» ۋە «تۈرلىگۈچى مورفېما» دېگەنلەرمۇ «سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە» ۋە «سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە» دېيىلىدۇ. ياردەمچى مورفېمىلار بولسا «ياردەمچى سۆزلەر» دەپ ئاتىلىدۇ.



## §3. سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

لېكسىكولوگىيەدە، سۆزلەرنى تۈرگە ئايرىشنىڭ بىر قانچە خىل ئۇسۇلى بار. ئاساسلىقى سۆزلەرنىڭ مەنىسىگە قاراپ تۈرگە ئايرىش (مەسىلەن، بىر مەنىلىك سۆزلەر، كۆپ مەنىلىك سۆزلەر)، سۆزلەرنىڭ مەنىسى، تۈرلىنىش ئالاھىدىلىكى ۋە رولىغا قاراپ تۈرگە ئايرىش (مەسىلەن، ئىسىم، سۈپەت، پېئىل دېگەنلەرگە ئوخشاش)، شۇنداقلا سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ياكى قۇرۇلۇشىغا قاراپ تۈرگە ئايرىش دېگەنلەردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى تۈزۈلۈشىگە قاراپ، «تۈپ سۆز، ياسالما سۆز، بىرىكمە سۆز، جۈپلەنمە سۆز، تەكرارلانما سۆز، قىسقارتىلما سۆز ۋە قاتما سۆز» دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

### 1. تۈپ سۆز

بىرلا مۇستەقىل مورفېمىدىن تۈزۈلگەن سۆز «تۈپ سۆز» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئاش، يەر، سۇ، تاغ، ئانا، ۋەتەن، تۇپراق، ئىش، ئەمگەك، يېشىل، ماڭ، تۇر، ساندۇق، تېلېفون، تۆت، يىگىرمە، ئۇ، كىم، بەك، ئىنتايىن... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، قەدىمىي تىللاردىن كەلگەن ۋە چەت تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بىر مۇنچە كۆپ مورفېمىلىق سۆزلەرمۇ ئادەت بويىچە ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈپ سۆزلەر قاتارىغا كىرىدۇ. مەسىلەن، ئىنتېرناتسىيونال (international – ئەسلىدە تۆت مورفېمىلىق سۆز)، پايتەخت (يەنى پاي + تەخت، ئەسلىدە ئىككى مۇستەقىل مورفېمىلىق سۆز)، مويكا (موي +



www.uyghurkitap.com

گاھ، ئەسلىدە ئىككى مۇستەقىل مورفېمىلىق ياسالما سۆز)، پەگاھ (پاي + گاھ، ئەسلىدە ئىككى مۇستەقىل مورفېمىلىق سۆز)، مويسىپىت (ئەسلىدە موي + سەفىد بولۇپ، ئاقسال مەنىسىدىكى ئىككى مورفېمىلىق سۆز) ۋە باشقىلار.

## 2. ياسالما سۆز

تۈپ سۆزلەرگە (مۇستەقىل مورفېمىلارغا) سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار (سۆز ياسىغۇچى مورفېمىلار) نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان سۆزلەر «ياسالما سۆزلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئىشچى (ئىش + چى)، قاچقۇن (قاچ + قۇن)، ئەدەبىي (ئەدەب + ىي)، گۈللۈك (گۈل + لۈك)، تۇزلۇق (تۇز + لۇق)، يازما (ياز+ ما)، ئاقار (ئاق + ار) ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر تىلىدا بىر تۈپ سۆزگە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ياكى كەينى - كەينىلەپ تۈرلۈك سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ، تۈرلۈك ياسالما سۆزلەر ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئاچ ← ئاچقۇچ ← ئاچقۇچلۇق ← ئاچقۇچسىز
ئاچقۇچى ← ئاچقۇچىلىق
ئاچار ← ئاچارچىلىق
ئېچىق (ئەسلىدە: ئاچ + ىق = ئاچىق) ← ئېچىقلىق
ئۇچۇق (ئەسلىدە: ئاچ + ۇق= ئاچۇق) ← ئۇچۇقچىلىق

باش ← باشچى ← باشچىلىق
باشلىق ← باشلىقلىق
باشقۇر ← باشقۇرغۇچى ← باشقۇرغۇچىلىق
باشلام ← باشلامچى ← باشلامچىلىق
باشاق ← باشاقلىق ← باشاقسىز

مۇشۇ خىلدىكى بىر تۈپ سۆز ئاساسىدا ياسالغان بىر تۈپ



سۆز «يىلتىزداش سۆزلەر» ياكى «تومۇرداش سۆزلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارغا ئاساس بولغۇچى تۈپ سۆز بولسا، «سۆز يىلتىزى» ياكى «سۆز تومۇرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

## 3. بىرىكمە سۆز

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ بېقىنىش - بېقىندۇرۇش ياكى ئىگە - خەۋەرلىك مۇناسىۋىتىدە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولۇپ، تاۋۇش ۋە مەنە جەھەتتىن ئايرىلماس بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن لېكسىكىلىق بىرلىك «بىرىككەن سۆز» ياكى «بىرىكمە سۆز» دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرلۈك بىرىككەن سۆز كۆپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

1) ئىسىم بىلەن ئىسىمنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بىرىككەن سۆز. مەسىلەن:

ئاشتاختا، ئاشقازان، ئاشمانتا، ئاشكۆكى، نانقېپى، تاشپاقا، تاشپاختا، تاشپۇرچاق، تاشئەينەك، تاشئالما...

2) سۈپەت بىلەن ئىسىمنىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان تەڭسىز بىرىككەن سۆزلەر. مەسىلەن:

قىزىلگۈل، سېرىقتال، كۆكتاش، كۆكمارال، كۆكچاي، كۆكتىكەن، كۆكباش، سېرىقچېچەك، سېرىقئېشەك، سېرىقسۇ، قىزىلكۆز، (ياۋا) قامچىگۈل، كۆزەينەكلىك يىلان ۋە باشقىلار.

3) پېئىل بىلەن باشقا سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بىرىككەن سۆزلەر. مەسىلەن:

ئىشلەپچىقار -، زەنسال -، رىئايە قىل -، تاڭ قال -، تاس قال -، تاڭ ئاشۇر -، بويسۇن - ...

4) سان بىلەن ئىسىمنىڭ بىرىكىشىدىن ياسالغان بىرىككەن سۆزلەر. مەسىلەن:

قىرىقئىاياغ (بىر خىل قۇرت)، قىرىقبوغۇم (بىر خىل ئۆسۈملۈك)، قىرىققۇلاق (بىر خىل ئۆسۈملۈك)، سەكسەنخالتا (دورىپۇرۇش)، سەكسەنساپاق (بىر خىل گۈل)، سەكسەنپۇت (بىر خىل قۇرت)، توققۇز كۆز، توققۇزتونلۇق...

## 4. جۈپلەنمە سۆز

ئىككى سۆزنىڭ تەڭداش مۇناسىۋەتتە جۈپلىنىشىدىن ياكى بىر سۆز بىلەن ئادەتتە مۇستەقىل سۆز ھېسابلانمايدىغان بىر تەركىبنىڭ جۈپلىنىشىدىن ھاسىل بولغان لېكسىكىلىق بىرلىك «جۈپلەنمە سۆز» دەپ ئاتىلىدۇ.

جۈپلەنمە سۆزلەرنى تۈزۈلۈشىگە قاراپ تۆۋەندىكىدەك تۆرلەرگە بۆلۈش مۇمكىن:

1) ئومۇمىي ئۇقۇم جەھەتتىن ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى سۆزنىڭ جۈپلىنىشىدىن ھاسىل بولغان جۈپلەنمە سۆزلەر. مۇنداق جۈپلەنمە سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى جۈپلەنگۈچى ئىككى سۆزنىڭ يەككە مەنىلىرىنى ئىپادىلىگەندىن باشقا، ئىككى سۆزنىڭ مەنە جەھەتتىن يۇغۇرۇلۇپ كېتىشىدىن ھاسىل بولغان يېڭى بىر لېكسىكىلىق مەنىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

دەپتەر ـ كىتاب («ئوقۇش ماتېرىياللىرى»، «ئوقۇش قوراللىرى» دېگەن مەنىنىمۇ ئۇقتۇرىدۇ)؛

بۇگۈن ـ ئەتە («يېقىنقى بىر نەچچە كۈن ئىچىدە» دېگەن مەنىگىمۇ ئىگە)؛

پارتىيە ـ گۇرۇھ («بارلىق تەشكىلات ۋە ئۇيۇشمىلار» دېگەن ئۇقۇمغىمۇ ئىگە)؛

2) بىرسۆزنىڭ ھازىر ئايرىم قوللىنىلمايدىغان (بىراق قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا مۇستەقىل سۆز قىلىپ ئىشلىتىلگەن)



بىر بۆلەك بىلەن جۈپلىنىشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان جۈپلەنمە سۆزلەر. بۇ خىلدىكى جۈپلەنمە سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى ئايرىم قوللىنىلمايدىغان بۆلەك، ئۆزى جۈپلەنگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى كۈچەيتىش ۋە مەنە دائىرىسىنى كېڭەيتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

مايماق ـ سايماق، بالا ـ چاقا، ئۇششاق ـ چۈششەك، ئەگرى ـ بۈگرى، توي ـ تۆكۈن، چالا ـ بۇلا، داقا ـ دۇمباق، غەم ـ غۇسسە، تاتلىق ـ تۇرۇم، ئاچ ـ زېرىن...

3) بىر سۆزگە ئادەتتە سۆز ھېسابلانمايدىغان مۇئەييەن بىر قاپىيىداش بۆلەكنىڭ جۈپلىنىشى ئارقىلىق ياسالغان جۈپلەنمە سۆزلەر. بۇ خىلدىكى جۈپلەنمە سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى بىر قىسىم قاپىيىداش بۆلەكلەر ئۆزى جۈپلەنگەن سۆزنىڭ مەنە دائىرىسىنى كېڭەيتىش رولىنى ئوينايدۇ، مەسىلەن:

بالا ـ ۋاقا، سەل ـ پەل، مېۋە ـ چىۋە، دەككە ـ دۈككە، كۈدە ـ كۆرپە، قېرى ـ چۆرى، ئەلەڭ ـ سەلەڭ، ئالدىراپ ـ سالدىراپ، ئېرەن ـ سېرەن دېگەنلەرگە ئوخشاش.

بىراق، بۇ خىلدىكى جۈپلەنمە سۆزلەرنىڭ ئىچىدىكى قاپىيىداش بۆلەكلەرنىڭ «پ» ياكى «م» تاۋۇشى بىلەن باشلانغانلىرى سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزىگە غەيرىي رەسمىيلىك ياكى ياقتۇرماسلىق تۈسىنى كىرگۈزۈش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ئات ـ پات، كالا ـ پالا، نان ـ پان، چاي ـ پاي، چاتاق ـ پاتاق، چېلەك ـ پىلەك، پارتا ـ مارتا، ئۆي ـ پۆي، ئۆي ـ مۆي، قوغۇن ـ پوغۇن، مۈشۈك ـ پۈشۈك ...

4) ئايرىم قوللىنىلمايدىغان ئىككى بۆلەكنىڭ جۈپلىنىشىدىن ھاسىل بولغان جۈپلەنمە سۆزلەر. مەسىلەن:

پىسىق ـ پاسات، ئۇڭتەي ـ تۇڭتەي، ئالمان ـ تالمان، ئەلمى ـ تەلمى، كالدىر ـ كۇلدۇر، گۇڭۇر ـ مۇڭۇر، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل...



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

5) مەنداش سۆزلەردىن تۈزۈلگەن جۈپلەنمە سۆزلەر. بۇ
خىلدىكى جۈپلەنمە سۆزلەردە، سۆزلەر جۈپلەنگەندىن كېيىن
ئادەتتە يېڭى بىر لېكسىكىلىق مەنە ھاسىل بولمايدۇ، پەقەت
ئۇقۇم تەكىتلىنىدۇ، مەنە نىسبەتەن كۈچەيتىلىدۇ، خالاس.
مەسىلەن:
ئاسمان - پەلەك، ئىلىم - پەن، ئارزۇ - ئارمان، يەر -
زېمىن، قاغا - قۇزغۇن، ئاش - تاماق، يەم - خەشەك، دوست -
يار، كۈچ - قۇۋۋەت، ھېس - تۇيغۇ، تالاش - تارتىش...
6) قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەردىن تۈزۈلگەن جۈپلەنمە
سۆزلەر. بۇ خىل جۈپلەنمە سۆزلەر ئۇقۇم جەھەتتە جۈپلەنگۈچى
ئىككى سۆزنىڭ ئايرىم مەنىسىدىن باشقا، ئومۇملاشقان يېڭى
بىر لېكسىكىلىق مەنىنىمۇ ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن:
ئۆششاق - چوڭ («بارلىق، ھەممە» دېگەن مەنىنىمۇ بىل-
دۈرىدۇ).
بار - يوق (يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش).
ئاز - تولا («قىسمەن»، «كىچىككىنە» دېگەن ئۇقۇمغىمۇ
ئىگە).
ئاشكارا - يوشۇرۇن («ھەر خىل، تۈرلۈك» دېگەن مەنىنى-
مۇ بىلدۈرىدۇ).
7) سانىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنىڭ جۈپلىنىشىدىن ھا-
سىل بولغان جۈپلەنمە سۆزلەر. بۇ خىلدىكى جۈپلەنمە سۆزلەر
سۆزلىگۈچى ئېيتىۋاتقان سانلىق مەلۇماتنىڭ مۆجمەللىكى
ياكى ئېنىقسىزلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:
قىرىق - ئەللىك (ئادەم)، ئون - يىگىرمە (ماشىنا)، تۆت -
بەش (ئەسىر)، بىر - ئىككى (كۈن) دېگەنلەرگە ئوخشاش.
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، بەزى جۈپلەنمە سۆزلەر قە-
دىمدىن كېلىۋاتقان ئادەت بويىچە، « - ئۇ» تاۋۇشى بىلەن باغ-
لىنىپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:



دەردۇئەلەم، ئەيشۇئىشرەت، باغۇبوستان، تاغۇتاش، ئىن-
سۇجىن، خارۇزار...
جۈپلەنمە سۆزلەر ئاشۇنداق جۈپى بىلەن ئىشلىتىلگەندىلا
ئاندىن كۆزلىگەن لېكسىكىلىق مەنە ئاڭلىتىدىغان بولغاچقا،
ئادەتتە «جۈپ سۆزلەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## 5. تەكرارلانما سۆز

بىر سۆزنىڭ تۈپ سۆز ھالىتىدە ياكى تۈرلۈك گىراماتى-
كىلىق شەكىلدە تەكرارلاپ ئىشلىتىلىشىدىن ھاسىل بولغان
لېكسىكىلىق بىرلىك «تەكرارلانما» سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.
تەكرارلانما سۆزلەر بىلەن جۈپلەنمە سۆزلەرنى بىر كاتې-
گورىيەگە كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار تۈزۈلۈش جە-
ھەتتىن ئوخشىمايدۇ. ئۇلاردىكى تۈپكى پەرق شۇكى، جۈپلەنمە
سۆزلەردە، بىر سۆز يەنە بىر بۆلەككە جۈپلىنىدۇ. تەكرارلانما
سۆزلەردە بولسا، بىرلا سۆز تۈپ سۆز ھالىتى بىلەن ياكى شۇ
بىر سۆزنىڭ مۇئەييەن گىراماتىكىلىق شەكلى بىلەن تەكرار-
لىنىدۇ (ئىككى قېتىم تەلەپپۇز قىلىنىدۇ).
تەكرارلانما سۆزلەرنى تۈزۈلۈشىگە قاراپ «تۈپ سۆزلۈك
تەكرارلانما سۆزلەر» ۋە «قوشۇمچىلىق تەكرارلانما سۆزلەر» دەپ
ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.
1. تۈپ سۆزلۈك تەكرارلانما سۆزلەر. مەسىلەن: پات -
پات، يول - يول، چوڭ - چوڭ، تېز - تېز، پارچە - پارچە،
پارە - پارە، گاھ - گاھ، گاھى - گاھى، قوتان - قوتان
(قوي)، ساندۇق - ساندۇق (ئالتۇن)، دۆۋە - دۆۋە (پاختا)، ئېگ-
ىز - ئېگىز (بىنالار)، قارا - قارا، ساقلا - ساقلا، قاچ -
قاچ، ئۇر - ئۇر، باس - باس ...
2. قوشۇمچىلىق تەكرارلانما سۆزلەر

مۇنداق تەكرارلانما سۆزدە، بىر سۆزبىر قېتىم ياكى ئىكـ-
كىلا قېتىمدا ئۆزگە مۇئەييەن بىر قوشۇمچىنى قوشقان هالدا
تەكرارلىنىدۇ، مەسىلەن:

ئارقا ـ ئارقىدىن، ئارقىمۇ ئارقا، كەينى ـ كەينىدىن، ئاي ـ
ئايلاپ، يىل ـ يىللاپ، قوتان ـ قوتانلاپ...

قوشۇمچىلىق تەكرارلانما سۆزلەرنى ئۆز ئىچىدىن يەنە
ئۇششاق تۈرلەرگە بۆلۈپ كۆرسىتىشكىمۇ بولىدۇ. ئالايلۇق:

«تۈپ سۆز + مۇ + تۈپ سۆز» لۈك تەكرارلانما سۆز ياكى
«مۇ» لۇق تەكرارلانما سۆز. مەسىلەن:

شەهەرمۇشەهەر، كوچىمۇكوچا، يەكمۇيەك، سۆزمۇسۆز،
يۈزمۇيۈز، بەتمۇبەت، يېزىمۇيېزا، قاتمۇقات ...

«تۈپ سۆز+ دىن / تىن + تۈپ سۆز» لۈك تەكرارلانما
سۆز. مەسىلەن:

كەمدىن ـ كەم، كۆپتىن ـ كۆپ، بىكاردىن ـ بىكار، يېڭـ-
ىدىن ـ يېڭى، ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق...

«تۈپ سۆز + تۈپ سۆز+ دىن» لىك تەكرارلانما سۆز.
مەسىلەن:

ئاز ـ ئازدىن، ئارا ـ ئارىدىن، تەرەپ ـ تەرەپتىن...

«تۈپ سۆز + تۈپ سۆز + ئى + دىن» لىك تەكرارلانما
سۆز. مەسىلەن:

ئىچ ـ ئىچىدىن، چاك ـ چېكىدىن، قات ـ قېتىدىن...

«تۈپ سۆز + دىن + تۈپ سۆز + گە / غا» لىق
تەكرارلانما سۆز. مەسىلەن:

كۈندىن ـ كۈنگە، شاختىن ـ شاخقا، يىلدىن ـ يىلغا،
ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا، غەلىبىدىن ـ غەلىبىگە...

«تۈپ سۆز + تۈپ سۆز + لاپ» لىق تەكرارلانما سۆز.
مەسىلەن:

ئاي ـ ئايلاپ، يىل ـ يىللاپ، ئەسىر ـ ئەسىرلەپ، كېچە ـ



كېچىلەپ، تاغار ـ تاغارلاپ، ساندۇق ـ ساندۇقلاپ...

«تۈپ سۆز + لاپ + تۈپ سۆز + لاپ» لىق تەكرارلانما
سۆز. مەسىلەن:

ئايلاپ ـ ئايلاپ، كۈنلەپ ـ كۈنلەپ، زىخلاپ ـ زىخلاپ
(كاۋاپ)، قوتانلاپ ـ قوتانلاپ (قوي)، ماشىنىلاپ ـ ماشىنىلاپ
(ئادەم).

«تۈپ سۆز + ئا / ئە + تۈپ سۆز + ئا / ئە» لىك تەكرارلانـ-
ما سۆزياكى «ئا» رەۋىشداشلىق تەكرارلانما سۆز. مەسىلەن:

بارا ـ بارا، تاما ـ تاما، كۈيلە ـ كۈيلە، يازا ـ يازا، كۈتە ـ
كۈتە، ئولتۇرا ـ ئولتۇرا، مۆڭدىشا ـ مۆڭدىشا...

ئۇنىڭدىن باشقا، «چېكىم ـ چېكىم، قۇچاق ـ قۇچاق، بۆ-
لەك ـ بۆلەك، ساپاق ـ ساپاق، سىزىق ـ سىزىق، تۇرۇم ـ تۇ-
رۇم» گە ئوخشاش تەكرارلانما سۆزلەرنىمۇ ئۆز قۇرۇلۇش ئالاهىـ-
دىلىكى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم تۈرلەرگە ئايرىش مۇمكىن.

## 6. قىسقارتىلما سۆز

شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ۋە سۆز بىرىكـ-
مىلىرىنىڭ مۇئەييەن شارائىتتا ئىخچام بولۇشىنى كۆزلەپ،
شەرتلىك هالدا بىر تاۋۇشنى (ېېزىقتا هەرپنى) ياكى بىر بو-
غۇمنى ئېلىش يولى بىلەن ياسالغان سۆز «قىسقارتىلما سۆز»
دەپ ئاتىلىدۇ.

مەزكۇر «قىسقارتىلما سۆز» ئەمەلىيەتتە «سۆز» ئەمەس،
بەلكى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسىنىڭ شەرتلىك هالدىكى قىسـ-
قارتىلما شەكلى بولغىنى ئۈچۈن، ئادەتتە «قىسقارتىلما» ياكى
«قىسقارتىلما شەكىل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

قانداق سۆزلەرنى قانداق جايدا قىسقارتىش مۇئەييەن شەرت
تەلەپ قىلىدۇ. ئادەتتە، بوغۇم سانى كۆپ سۆزلەر ۋە سۆز سانى

كۆپ بولغان سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ دائىم ئىشلىتىلىدىغان، شۇ تىللىق خەلقلەر ئۇچۇن تولىمۇ تونۇشلۇق بولغانلىرى قىسقارتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا، سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ قىسقارتىلما شەكلىنى ئىشلىتىش ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئالايلۇق، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەرلەردە، «نەمە ئۇچۇن»، «نە ئەتەي»، «نە ئەيلەي»، «ئەگەر»، «لېكىن» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ كۆپ هاللاردا، خۇسۇسەن شېئىرىي ئەسەرلەردە «نەچۇن»، «نەتەي»، «نەيلەي»، «گەر»، «لېك» شەكلىدە قىسقارتىلىپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى، كىشىلەر دائىم ئىشلىتىدىغان «ئەلەيهىسسەلاتۇ ۋەسسەلام» سۆز بىرىكمىسىنىڭ بولسا «عم (ئەم)» (يەنى ‹ئەيىن› ۋە ‹مىم› هەرپى) گە قىسقارتىلغانلىقىنى كۆرىمىز. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە، سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى يېزىقتىلا ئەمەس، بەلكى ئېغىزدىمۇ (جانلىق تىلدىمۇ) قىسقارتىلىپ ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، هازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا، «ئىلىك ئالماق» دېگەن بىر سۆز بار. بۇ سۆز تولۇق ئېيتىلغاندا، «سالامنى ئىلىك ئالماق» دېيىلىدۇ. «ئىلىك ئالماق» سۆزى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا «ئەلەيك ئالماق» (عليك الماق) شەكلىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇ «السلام عليكم ‹ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم›» دېگەن ئادەمگە جاۋابەن «و عليكم السلام ‹ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام› دېمەك» دېگەن ئۇقۇمنى يورۇتۇپ كەلگەن. دېمەك، «ئەلەيك ئالماق» دېگەن سۆز «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام دېمەك» دېگەن سۆز بىرىكمىسىنىڭ قىسقارتىلما شەكلى بولۇپ خىزمەت قىلغان.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، سۆزلەرنىڭ قىسقارتىلما شەكلىنى ئىشلىتىش كۆپرەك يىرىك ئەسەرلەرنىڭ مۇندەرىجە قىسمىدا، لۇغەتلەردە ئىشلىتىلمەكتە. مەسىلەن:



| ئەسلىي سۆز | قىسقارتىلما شەكلى |
|---|---|
| بىناكارلىق | بىن |
| پسىخولوگىيە | پسىخول |
| هەربىي ئىشلار | هەرب |
| ئورمانچىلىق | ئورم |
| ماشىنىسازلىق | ماشىن |
| چارلاش - قېدىرىش | چار |
| تىل - هاقارەت | تىل ها |
| دىيالېكت | دىيال |

سۆز بىرىكمىلىرىنى قىسقارتىش نىسبەتەن كەڭ دائىرىگە ئىگە بولۇپ، گېزىت - ژۇرنال، تورلۇك هۆججەت ۋە كىتاب تېكىستلىرىدىمۇ ئىشلىتىلمەكتە. مەسىلەن:

| ئەسلىي سۆز بىرىكمىسى | قىسقارتىلما شەكلى |
|---|---|
| شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى | ش ئۇ ئا ر |
| بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى | ب د ت |
| جامائەت خەۋپسىزلىكى | ج خ |
| پارتىيە كومىتېتى | پارتكوم |

هازىر دۇنيادىكى چوڭ تىللارنىڭ هەممىسىدە سۆزلەرنى قىسقارتىپ ئىشلىتىش ئومۇمىي ئەهۋال بولۇپ قالدى، ئۇلاردا قىسقارتىلغان سۆزلەرنىڭ نەچچە ئون مىڭ سۆزلۈك لۇغەتلىرى بار. خەنزۇ تىلىدىمۇ شۇنداق.

ئۇيغۇر تىلىدىمۇ سۆزلەرنى قىسقارتىپ ئىشلىتىش ناهايىتى مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە. شۇڭا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار، كەڭ تىل خادىملىرى بۇ جەهەتتە پايدىلىق خىزمەتلەرنى قىل-

ماقتا، ئالايلۇق، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى» دە قىسقارتىلغان سۆزلەرنىڭ ئىملاسى ھەققىدە مەخسۇس بەت ئېچىپ، نىزام ۋە كۆرسەتمىلەر بېرىلدى.

خەلقىمىز سۆزلەرنى قىسقارتىپ ئىشلىتىشنى ياقلايدۇ، ھەتتا، ئۇلار كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۆز بىرىكمىلىرىنى ئۆزلىرى قىسقارتىپ ئىشلىتىپ، ئەدەبىي تىلغا قوبۇل قىلدۇرماقتا. مەسىلەن، «قالدۇرۇق يەر» دېگەن سۆزنى دېھقانلار ياسىغان بولۇپ، ئۇ ھازىر «ئۆزگە قالدۇرۇلغان يەر» دېگەن بىرىكمە سۆزنىڭ ئورنىدا ئومۇميۈزلۈك ئىستېمال قىلىنماقتا.

## 7. قاتما سۆز

ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزگە خاس تىل ئادىتى تۈپەيلىدىن بىر قىسىم سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى بەلگىلىك گىراماتىكىلىق شەكىلدە تۇراقلىشىپ (يەنى قېتىپ) قالغان، مۇنداق سۆزلەرنى «قاتما سۆز» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قاتما سۆزلەر مۇئەييەن مۇستەقىل سۆزلەر (يەنى مۇستەقىل مورفېما) بىلەن سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ياكى شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسالغان بولىدۇ.

قاتما سۆزلەرنىڭ مۇھىملىرىنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1) ئورۇن كېلىشلىك قاتما سۆزلەر. مەسىلەن:
باشتا، دەسلەپتە، ھەققىدە، قارىغاندا، ھە دېگەندە، توغرىسىدا، ئوڭدا، مابەينىدە، ئاندا، جايىدا...

2) چىقىش كېلىشلىك قاتما سۆزلەر. مەسىلەن:
يېڭىدىن، ئارقىدىن، يېڭىباشتىن، بىردىن، ئاندىن، بۇندىن...



3) خەۋەر شەكىللىك قاتما سۆزلەر. مەسىلەن:
قوغلاندى، ئاسراندى، چاچراندى، تاشلاندى، يېتىۋالدى، بېقىندى، ساقىندى، ئۈزۈندى، قىرىندى، چېپىندى، ئالدى ـ ساتتى، قاقتى ـ سوقتى، قېقىندى ـ سوقۇندى، باردى ـ كەلدى، ئالدى ـ بەردى، سېتىۋالدى، تىلىۋالدى، خۇدابەردى، يولبولدى...

4) ئىگىلىك (يەنى تەۋەلىك) قوشۇمچىلىق قاتما سۆزلەر. مەسىلەن:
ھاجىم، ئاخۇنۇم، موللام، ئۇستام، خۇدايىم، غۇنچەم، پاتەم، ئامىنەم، خالىدەم، قادىرەم، ئەختەم، ھېيتەم، ئىگەم، بېگىم...

5) ئورۇن ـ بەلگە كېلىشلىك قاتما سۆزلەر. مەسىلەن:
تۆۋەنتىكى، باشتىكى، دەسلەپتىكى، يېقىندىكى، ئۇزاقتىكى...

6) بىرىككەن قاتما سۆزلەر. مەسىلەن:
دېگەنبىلەن، ئىشقىلىپ، ئىشىنىڭكارى، ئىشلەپچىقىرىش، ئەلھاسىل، ئەلكۈن، ئەلۋىدا ...

قاتما سۆزلەرنىڭ شەكىللىنىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى مەزكۇر سۆزلەرنىڭ تىل ئەمەلىيىتىدە ئاشۇ خىل شەكىل بىلەن ئىشلىتىشنىڭ كۆپلۈكىدىن بولغان، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، خەلقىنىڭ جانلىق تىلدىكى سۆزلەرنى قىسقارتىپ قوللىنىش ئادىتى ۋە بۇ ئادەتنىڭ تەدرىجىي ھالدا يېزىق تىلغا تەسىر قىلىشىمۇ قاتما سۆزلەرنىڭ شەكىللىنىشىدە بەلگىلىك رول ئوينىغان، ئەلۋەتتە. ئالايلۇق، «ھەققىدە»، «توغرىسىدا» سۆزلىرىنىڭ تۈپ سۆزدىن كېيىنلا III شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسىغا ئىگە بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئۆزى مەزكۇر سۆزلەرنىڭ كەم دېگەندىمۇ «ئۇنىڭ ھەققىدە»، «ئۇنىڭ توغرىسىدا» دېگەن سۆزلەرنىڭ قىسقارتىلما شەكلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بۇ قاتما سۆزلەرنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسىدە مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە.



# ئىككىنچى باب ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبى

لېكسىكولوگىيەدە ھەرقانداق بىر تىلنىڭ لۇغەت تەركىبى يەنى سۆزلۈكى (词汇) «ئاساسىي سۆزلۈك» (基本词汇) ۋە «ئومۇمىي سۆزلۈك» (一般词汇) دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئومۇمىي سۆزلۈك ئۆز ئىچىدىن يەنە كونا سۆزلەر، يېڭى سۆزلەر، كەسپىي سۆزلەر، دىيالېكت سۆزلىرى، ئەدەبىي سۆزلەر، چەت تىلدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر دېگەندەك بىر قانچە تارماققا بۆلۈنىدۇ.

## §1. ئاساسىي سۆزلۈك

پۈتكۈل تىل تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىشلىتىلىش چاستوتىسى ئەڭ يۇقىرى، ھاياتىي كۈچى ئەڭ زور، سۆز ياساش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئاممىبابلىقى ئۈستۈن، تۇراقلىقى يۇكسەك بولغان سۆزلەر شۇ تىلنىڭ ئاساسىي سۆزلۈكى بولىدۇ. ئاساسىي سۆزلۈك تىلنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ۋە ئاساسلىق ماتېرىيالى بولۇپ، ئۇنىڭدا شۇ تىلنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ شۇنداق.

ئىنسانلار دۇنيادا تۇرلۇك تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا، توپلىشىپ، مۇئەييەن تۇرمۇش ئادىتىنى شەكىللەندۇرگەن بولغاچقا، ئالاقىلىشىش ئېھتىياجىدىن شەكىل-

لەنگەن تىلنىڭ ئاساسىي سۆزلۈكى ئەلۋەتتە ئاشۇ تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئائىت سۆزلەر، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە بولغان بىلىشىگە دائىر سۆزلەر، تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئەڭ ئېھتىياجلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ھەققىدىكى سۆزلەر ۋە ئەقەللىي ئالاقە ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. مەسىلەن:

△ تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە مەۋجۇداتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: كۈن، ئاي، يۇلتۇز، كۆك، يەر، سۇ، تاغ، ئوت، يامغۇر، تاڭ ئاتماق، كەچ بولماق، كۈن چىقماق، ئاي پاتماق، يەر تەۋرىمەك، سۇ ئاقماق، شامال ئەسمەك، قار ياغماق...

△ كۈندىلىك تىرىكچىلىك پائالىيىتىنى مەزمۇن قىلغان سۆزلەر: يېمەك، دېمەك، كەلمەك، ئولتۇرماق، قوپماق، ئالماق، قويماق، ئىشلىمەك، يۈرمەك، تۇرماق، ئۇخلىماق...

△ ئادەم بەدىنى ھەققىدىكى ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: باش، كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، ياڭاق، تىل، چىش، ئېغىز، قول، ئاياغ، يۈرەك، تومۇر، چاچ، ساقال، تېرە، سۆڭەك، يىلىك، قان، ياش، قېرىن، باغىر، جىگەر...

△ ئۆزئارا ئەقەللىي مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: بوۋا، موما، ئاتا، ئانا، بالا، ئوغۇل، قىز، ئاغا، ئىنى، قېرىنداش، ئەر، خوتۇن...

△ شەيئىلەرنىڭ تۈپكى سۈپەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: ياخشى، يامان، كۆرۈملۈك، كۆرۈمسىز، ئىسسىق، سوغۇق، ئاچچىق، تاتلىق، قاتتىق، يۇمشاق، ئېگىز، تۆۋەن، كۆپ، ئاز، چوڭ، كىچىك، كەڭ، تار...

△ تىرىكچىلىك لازىمەتلىكلىرى مەزمۇنىدىكى سۆزلەر: تۇرالغۇ، قونالغۇ، ئۆي، نان، ئاش، كىيىم، يېپىنچا، سېلىنچا، قازان، پىچاق، پالتا، قايچا، ئەت (گۆش)، ئوق، يا... ۋە باشقىلار.



ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي سۆزلۈكىدە زادى قانچىلىك سۆزلەم بارلىقى ئىستاتىستىكا قىلىنىپ باققىنى يوق. بىراق، ئاساسىي سۆزلۈككە تەئەللۇق سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئالاھىدىلىكى بىلەن ئومۇمىي سۆزلۈكتىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

1) تۇراقلىق بولۇش جەھەتتە:

ئاساسىي سۆزلۈك كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى ۋە ئاساسلىق ھايات پائالىيەتلىرىنى مەزمۇن قىلىپ شەكىللەنگەن بولغاچقا، ئۇلار زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەي، ئەجدادتىن ئەۋلادقا ئۆتۈپ قوللىنىلىدۇ. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى، دەۋرلەرنىڭ ئالمىشىشى ئاساسىي سۆزلۈككە فونېتىكا جەھەتتىن ئاز ـ تولا تەسىر كۆرسەتسىمۇ، ئۇقۇم جەھەتتىن ئاساسەن تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ئالايلۇق، VII ئەسىردە ئىشلىتىلگەن تۈرك ـ رونىك يېزىقى قاتارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرىدا خاتىرىلەنگەن يازما يادىكارلىقلاردا «كۈن، ئاي، تاغ، يەر، سۇ، قار، قىش، ياز...» قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرى ئۇقۇمىدىكى سۆزلەر، «باش، كۆز، تىل، ئاداق (ئاياغ)، بود (بوي)، قۇلقال (قۇلاق)، ئىلىك (قول)...» قاتارلىق ئادەم بەدىنى ئەزالىرىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر، «بىر، ئىكى، ئۈچ، تۆت، بەش، ئالتى، يەتى، سەكىز، توقۇز ...» قاتارلىق سانىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر، شۇنداقلا «ئات، قون (قوي)، تاقىغۇ (توخۇ)، تەبە ياكى تەۋە (تۆگە)، قۇلۇن، تاۋۇشقان، مەرال (مارال)، بۇغا، قىرغاۋۇل...» قاتارلىق ئات ـ ئۇلاغ ۋە ئۆي ھايۋانلىرى ناملىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ۋە «كۆر ـ، يۈر ـ، بەر ـ، كەل ـ، يە ـ، دە ـ، قىل ـ، ئۇيۇقلا ـ (ئۇقلا ـ)» قاتارلىق دائىم ئىشلىتىلىدىغان پېئىللارنىڭ ئىزچىل قوللىنىلغانلىقى ۋە بۇ سۆزلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئۆپرىماس ھاياتىي كۈچى بىلەن كەڭ ئىشلىتىلىۋاتقانلىقى بۇ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

2) ئاممىبابلىق جەھەتتە:

ئاساسىي سۆزلۈك ئۆزىنىڭ ئاممىبابلىقى جەھەتتىكى روشەن ئالاھىدىلىكى بىلەن ئومۇمىي سۆزلۈكتىن ئېنىق پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئاساسىي سۆزلۈك تۇراقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن تەبىئىي ھالدا، كەڭ ئاممىبابلىققا ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، ئاساسلىق تەبىئەت ھادىسىلىرى، ئەقەللىي تىرىكچىلىك ۋاستىلىرى، تۈرلۈك تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە زۆرۈر ئالاقە - مۇناسىۋەت ئۇقۇملىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئەجدادتىن ئەۋلادقا ئەينەن يەتكۈزۈپ ئۆگىتىلگەچ، ئەۋلادلار ئۇنى ئومۇمىيۈزلۈك بىلىدۇ. ئۇ سىنىپىي پەرق، جىنس پەرقى، ماكان - زاماننىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئومۇمەن ئۇچرىمايدۇ. ئۇنى ھەممە ئادەم بىلگەچكە، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش چاستوتىسى يۇقىرى بولىدۇ.

3) ھاياتىي كۈچى ۋە سۆز ياساش ئىقتىدارى جەھەتتە:

ئاساسىي سۆزلۈكنىڭ تۇراقلىق، ئاممىباب بولۇش ئالاھىدىلىكى ئۇنى زور ھاياتىي كۈچ ۋە يۈكسەك سۆز ياساش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلغان.

تىل — ئالاقىلىشىش قورالى، ئۇ ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ. ھالبۇكى، جەمئىيەت تەرەققىياتى تەبىئىي ھالدا تىلدا مۇناسىپ يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادە قىلىدىغان يېڭى سۆزلەرنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرىدۇ. مانا شۇ چاغدا، تىلنىڭ ئاساسلىق ماتېرىيالى بولغان ئاساسىي سۆزلۈك ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ۋە يۇقىرى سۆز ياساش ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدۇ. مەسىلەن:



باش: يىل بېشى، ئاي بېشى، ئېتىز بېشى، ئېچىق بېشى، يىگىتبېشى... باش ئاغرىقى، باش ئەتىياز، باش بارماق، باش باھار، باش پىياز، باش تومۇز، باش جىنايەتچى، باش قوشماق، باش ئەگمەك، باش تارتماق، باش قۇر، باش كېسەر، باش كىيىم، باش ماقالە، باش مەھەللە، باش ئۇرماق، باش ۋەكىل، باش توخۇ، باش بايراق... بېشىنى باغلىماق، بېشىنى ئوڭشىماق، بېشىنى ساقايتماق، بېشى چوڭ، بېشى ئوچۇق، بېشى قايغان، بېشى چۈشۈپ كەتمەك، يۇمشاقباش، تاقىرباش، پايىنەكباش، قاپاقباش، باشمۇباش، باشباشتاق، باشتىن - ئاياغ، باشلا -، يېڭىباشتىن... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

دەرۋەقە، ئۇيغۇر تىلىدا ئاساسىي سۆزلۈككە تەئەللۇق سۆزلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى «باش» سۆزىگە ئوخشاش دەرىجىدە سۆز ياساپ كېتىشى ناتايىن، بەزىلىرى بۇ جەھەتتە ھەتتا ئومۇمىي سۆزلۈككە تەئەللۇق سۆزلەرگىمۇ يېتىشەلمەسلىكى مۇمكىن. بىراق ئومۇمىيلىقتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاساسىي سۆزلۈكنىڭ ئاسان ئۆزگەرمەيدىغان، ئومۇمىي خەلق چۈشىنەلەيدىغان بولۇشى ئۇنى تەبىئىي ھالدا ئېنىق ئۇقۇملۇق، ئوبرازلىق، ئىخچام بولغان يېڭى سۆزلەرنى ياساش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلغان. خەلقىمىز تارىختىن بۇيان، ئاساسىي سۆزلۈكنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كەلگەن، بۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي سۆزلۈك قىسمى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىنىشقا موھتاج. ئەگەر ئاساسىي سۆزلۈكنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەينى بىلەن ياخشى تونۇلسا، تەرجىمە ۋە سۆز ياساش ئەمەلىيىتىدە كۆرۈنەرلىك رول ئويناپ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىمىزغا تېگىشلىك ھەسسە قوشالايدۇ.

## 2§. ئومۇمىي سۆزلۈك

سۆزلۈك سوستاۋىنىڭ ئاساسىي سۆزلۈككە كىرەلمەيدىغان سۆزلەردىن تەشكىل تاپقان قىسمى «ئومۇمىي سۆزلۈك» ياكى «ئادەتتىكى سۆزلۈك» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئومۇمىي سۆزلۈككە تەئەللۇق بولغان سۆزلەر نىسبەتەن تۇراقسىز، ئاممىباباپلىقى بىر ئاز تۆۋەن، سۆز ياساش ئىقتىدارى ئاجىزراق بولىدۇ.

تەرەققىي قىلغان تىللاردا، ئومۇمىي سۆزلۈكتىكى سۆزلەرنىڭ سانى ئاساسىي سۆزلۈكتىكى سۆزلەرنىڭ سانىدىن ھامان كۆپ بولىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، تىل تەرەققىي قىلغانسېرى ئۇنىڭ ئاساسىي سۆزلۈك قىسمى نىسپىي تارىيىدۇ، ئومۇمىي سۆزلۈك قىسمى بولسا، ئۈزلۈكسىز كېڭىيىدۇ.

تۆۋەندە، ئۇيغۇر تىلى ئومۇمىي سۆزلۈكىنىڭ گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدىغان سۆزلەردىن «چەت تىلدىن كىرگەن سۆزلەر»دىن باشقىلىرى ئۈستىدە قىسقىچە بايان بېرىپ ئۆتىمىز.

### 1. كونا سۆزلەر

ھەرقانداق بىر جانلىق تىلدا، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بىر تەرەپتىن يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادە قىلىدىغان يېڭى سۆزلەر ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن بەزى سۆزلەر تەدرىجىي كونىرايدۇ ۋە يوقىلىدۇ. دېمەك، ئومۇمىي سۆزلۈك تەركىبىدىكى خېلى بىر بۆلەك سۆزلەر ئۇزاق ئىستېمال جەريانىدا يېڭى سۆزلەرگە ئورۇن بوشىتىپ، كونا سۆزلەر كاتېگورىيەسىگە كىرىپ كېتىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تۆۋەندىكىدەك سۆزلەر كونا سۆزلەر كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ.



1) ئومۇمىي تىل سوستاۋىدا ۋە جانلىق تىلدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان، بىراق، ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىلدا ئادەتتە ئىشلىتىلمەيدىغان قەدىمىي سۆزلەر. مەسىلەن:

بەينەلمىنەل (يەنى خەلقئارا)، زۇلپىكەش (يەنى چاچچى، چاچ سالغۇچى)، ھەمسال (تەڭتۇش، بويداش)، ھولۇپا(يېگۈلۈك)، بىزە (ئازغىنە)، پىشكە (پىشكەش، تۆھپە)...

كارگەر (ئىشچى) — تەۋ (كۆچ)...
مۇت (بىكارلىق) — ۋەج (بايلىق)
رىزە (ئۇششاق) — داكان (خوراز)

2) ئۆزى ئىپادە قىلىدىغان شەيئى ئاللىقاچان يوقالغانلىقى سەۋەبلىك ئىستېمالدىن قېپقالغان تارىخىي سۆزلەر. مەسىلەن:

خاتىپ، مىڭبېشى، يۈز بېشى، ئونبېشى، پەلەققە تارتماق، ۋەخپە قىلماق، ۋەخپىلىك، پەيشەنبىلىك، ھەرەم ئاغىسى، چىراغچى، كوزىگەر، يىللىقچى، نىمكار، پومپىشچىك، گۆرەكەش.

3) مەلۇم سىياسىي ھەرىكەت ئاياغلاشقانلىقى سەۋەبلىك ئىستېمالدىن قالغان كونا سىياسىي سۆزلەر. مەسىلەن:

كوممۇنالىشىش، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، لاپقۇتلىشىش، روھىي دۇنيانىڭ چوڭقۇر يېرىگە تاقاش، بۇرژۇئازىيە ھوقۇقدارى، تۇتقىنى تۇتۇپ، دۆلەتنى تۈزەش؛ مەدەنىي ئاقارتىش، سېنىق توققۇزىنچى...

4) كونا تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ ۋە تۈرلۈك كونا ئۇسلۇبلارنىڭ يېڭى ئادەت ۋە يېڭى ئۇسلۇبلارغا ئورۇن بېرىشى نەتىجىسىدە ئەمەلىي ئىستېمالدىن قالغان سۆزلەر. مەسىلەن:

ئىسقات بەرمەك، خەتمىدىن ئۆتمەك، تون ياپماق، قول بەرمەك، تاختىغا چىقماق، ھەپتىيەككە چىقماق، ۋەششەمچى تۇۋلىماق، رامىزان ئېيتماق...

كونا سۆزلەر ھەرگىزمۇ ئۆلگەن سۆزلەر ئەمەس، شۇڭلاشقا، ئۇلار تارىخىي ئەسەرلەردە، كونا زاماننىڭ كونىلىق قىياپە-



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تىنى ئەينەن تەسۋىرلەشتە، مۇناسىپ چىنلىق ۋە ئۆزىگە خاس دەۋر پۇرىقى بېرىشتە ئىشلىتىلىدىغان تەڭدىشى يوق قىممەتلىك لېكسىكا بايلىقى ھېسابلىنىدۇ.

كونا سۆزلەرنى توپلاش، رەتلەش ۋە ئۆگىنىش، ئۇلارنى تىل ئەمەلىيىتىدە ئوبيېكتىپ قاراپ مۇۋاپىق قوللىنىش ئومۇمىي تىلنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاشتا مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 2. يېڭى سۆزلەر

لېكسىكولوگىيەدە دېيىلىۋاتقان «يېڭى سۆزلەر» يۈكسىلىۋاتقان مەدەنىي ھايات، سىياسىي ھايات ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، تىلدا ئەسلىدىن بار بولغان ماتېرىياللار (يەنى سۆزلەملەر ياكى قوشۇمچىلار) ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرۈلگەن سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش» دېگەن سۆزنى ئالساق، تىلىمىزدا ئەسلىدىن «يەر ئىسلاھاتى»، «ئىسلاھاتچى»، «ئىسلاھاتچىلىق» قاتارلىق «ئىسلاھات» لىق سۆزلەر بار ئىدى، مەزكۇر «ئىسلاھات» سۆزىگە، تىلىمىزدا «ئېچىقنى ئېچىۋېتىش»، «ئېغىزنى ئېچىۋېتىش»، «قۇلۇپنى ئېچىۋېتىش» دېگەندەك شەكىللەردە ئىشلىتىلىدىغان «ئېچىۋېتىش» سۆزى تەڭداش مۇناسىۋەتتە قوشۇلۇپ، نۆۋەتتىكى سىياسەت «改革开放» غا تەڭ يېڭى سۆز قىلىپ شەكىللەندۈرۈلدى. يەنە مەسىلەن، «غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرۈش» دېگەن سۆزنى ئالساق، بۇمۇ تىلىمىزدا ئەسلىدىن بار سۆزلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ سۆز ھازىر ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى «过清贫生活» (يەنى يوقسۇللار تۇرمۇشىنى كەچۈرۈش) دېگەن مەنىسىنى ئۆزگەرتىپ، خەنزۇچىدىكى «过紧日子» دېگەن ئاتالغۇغا تەڭداش يېڭى سۆز بولۇپ قالدى. تىلىمىزدىكى ئۈنئالغۇ، كىرئالغۇ، سىنئال-



غۇ، ئۇچار تەخسە، ئالەم كېمىسى، ئاققۇن، مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، نامراتلارنى يۆلەش، ئامانەت قەرز... قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ھەممىسى يېڭى سۆزلەرگە كىرىدۇ.

يېڭى سۆزلەر سىياسىي ساھەدىلا ئەمەس، بەلكى پەن - تېخنىكا، ئەدەبىيات - سەنئەت، مەدەنىيەت - كۆڭۈل ئېچىش، سودا، تەرجىمە، تەتقىقات قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردە شۇنداقلا جەمئىيەت ۋە تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك قاتلاملىرىدا ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. يېڭى سۆزلەر بەجايىكى ئومۇمىي تىل گەۋدىسىگە بېرىلگەن يېڭى قان بولۇپ، ئۇ تىلنى يېڭىدىن - يېڭى جانلاندۇرۇش ۋە بېيىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

يېڭى سۆزلەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا توپلاش، رەتلەش ۋە ئۇلارنى توغرا ئىزاھلاپ ئاممىۋى سۆز ۋە ئومۇمىي خەلق سۆزىگە ئايلاندۇرۇش لېكسىكولوگىيەنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرىدۇر.

## 3. كەسپىي سۆزلەر

كەسپىي سۆزلەر دېگىنىمىز تۈرلۈك كەسىپ ۋە تۈرلۈك ساھەدىكىلەرنىڭ ئۆز كەسپلىرى دائىرىسىدە قوللىنىلىدىغان سۆز - ئاتالغۇلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى كەسىپ كەڭ مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ھەر خىل مەخسۇس پەن، خاس تېخنىكا ۋە ھۈنەر - سەنئەتچىلىك، شۇنداقلا مۇئەييەن ئوخشاش خاراكتېرگە ئىگە بولغان مەشغۇلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:

دوختۇرلۇق، ئوقۇتقۇچىلىق، ماشىنىسازلىق، تۆمۈرچىلىك، سودىگەرلىك ... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر تىلىدىكى كەسپىي سۆزلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ «پەن تېخنىكا ئاتالغۇلىرى»، «قول ھۈنەر ئاتالغۇلىرى» ۋە «دىنىي ئاتالغۇلار» دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

### 1) پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرى

تۈرلۈك ئىلىم ـ پەن ۋە ھەر خىل زامانىۋى تېخنىكا ساھەسىگە خاس ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر «پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرى» كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

△ ماتېماتىكىغا ئائىت سۆزلەر: تۆت ئەمەل، يىلتىزدىن چىقىرىش، كەسىر، رادىكال، مەنپىي سان، سىنۇس، پىلۇس، تەتۈر سان...

△ ئەدەبىياتقا ئائىت سۆزلەر: بەدىئىي ئالاھىدىلىك، پېرسوناژ، باش قەھرىمان، بەدىئىي توقۇلما، شېئىرىي تىل، قوشاق، يېزىش ئۇسلۇبى، يېشىم، I شەخس تىلى، نەسىر، ھېكايە، پوۋېست، رومان...

△ ئاسترونومىيەگە ئائىت سۆزلەر: سامانيولى، مارس، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز، ھۆكەر، سەييارىلەر ھەرىكىتى، مېركۇرىي، يورۇقلۇق يىلى، ئاينىڭ تۇتۇلۇشى، كۈننىڭ تۇتۇلۇشى، چىللە، ھۇت...

△ پەلسەپە ئاتالغۇلىرى: ماددا بىرلەمچى، ئاڭ ئىككىلەمچى، ھېسسىي بىلىش، ئىدراكىي بىلىش، زىددىيەتنىڭ بىرلىكى، دۇنيانى بىلىش، دۇنيا قاراش...

△ تېبابەت ئاتالغۇلىرى: تومۇر تۇتۇش، دىياگنوز قويۇش، ھۆل سوغۇق، قۇرۇق ئىسسىق، يۈرەك ھەرىكىتى، قان بېسىمى، سەپرا، ئۆپكە ياللۇغى، يۈرەك سانجىقى، ئۆت سۇيۇقلۇقى...

△ بىيولوگىيە ئاتالغۇلىرى: باكتېرىيە ئۆستۈرۈش، تەبىئىي تاللىنىش، ھۈجەيرە، تۆرەلمە، فوتوسىنتېز، ھاياتلىقنىڭ پەيدا بولۇشى...

△ فىزىكا ئاتالغۇلىرى: توك بېسىمى، يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى، ئېلېكتىر ئېقىمى، فىزىكىلىق ھادىسە، ئامپېرمېتىر، ماگنىت مەيدانى...



△ خىمىيە ئاتالغۇلىرى: ئوكسىدلاش، رېئاكسىيەلەشتۈرۈش، تەڭلىمە، چۆكمە ھاسىل قىلىش، ماددا ئالمىشىش، كاتالىزاتور، ئوكسىگېن، ئازوت، كاربون، كاربون تۆت ئوكسىدى...

△ دېھقانچىلىق ئاتالغۇلىرى: دان سۈيى، گەجگە سۈيى، كانجىلاش، قوش، بۇقۇسا، ساپان، سېپالكا، ئۇرۇق سېلىش، خامان تېپىش، خامان سورۇش، چەشلەش، كۈزگى بۇغداي، يازغى بۇغداي، كۆممىقوناق، كىرىشتۈرۈپ تېرىش، سۆرەم سېلىش، شۇدىگەرلەش، چۆنەك ئېلىش، توپىلاش، ئوغۇتلاش، توپا يۆلەش...

△ تەرجىمانلىققا ئائىت سۆزلەر: مەنەن تەرجىمە، ئەينەن تەرجىمە، قوغلاشما تەرجىمە، يانداشما تەرجىمە، ئېغىز تەرجىمىسى، قەلەم تەرجىمىسى، سۆز قىسقارتىش، سۆز قوشۇش...

△ تىلشۇناسلىققا ئائىت سۆزلەر: گىراماتىكا، فونېتىكا، لېكسىكولوگىيە، سۆزلۈك، بوغۇم ئايرىش، سۆز كۆچۈرۈش، گىراماتىكىلىق مەنە، لېكسىكىلىق مەنە، مورفېما...

△ ئوقۇتقۇچىلىققا ئائىت سۆزلەر: يوقلىما قىلىش، مەۋسۇملۇق سىناق، يىللىق ئىمتىھان، ئوچۇق دەرس، سىنىپ كۆچۈش، دوسكىغا چىقىش...

△ سودا ـ تىجارەتكە دائىر سۆزلەر: توپ ئېلىپ، پارچە سېتىش، زاۋۇتتىن چىقىش باھاسى، پايدا ئېلىش، زىيىنىغا سېتىش، ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، باج ئوغرىلاش، تىجارەت بېجى، مىلىچمال، يايمىچىلىق...

### 2) قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئاتالغۇلىرى

ئۇيغۇرلاردا قول ھۈنەر سانائىتى نىسبەتەن تەرەققىي قىلغان، پىچاقچىلىق، كەشتىچىلىك، گىلەمچىلىك ۋە كۇلالچىلىق قاتارلىق قول ھۈنەرلىرى ھېلىھەم داڭلىق. قول ھۈنەر ماھارىتىنى ئەجدادتىن ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇش ھېلىمۇ مۇئەييەن



www.uyghurkitap.com

دائىرىدە ساقلانماقتا. بىر قانچە ئەۋلادتىن بۇيان مەلۇم بىر خىل ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ئادەملەرنى ھەر يەردە ئۇچرىتىش مۇمكىن. مۇشۇ سەۋەبتىن، قول ھۈنەرۋەنچىلىككە ئائىت سۆزلەر كەسپىي ئاتالغۇلار ئىچىدە خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۆگىنىش ۋە سېلىشتۇرۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئاتالغۇلىرىنى ئۆز تۈرلىرى بويىچە ئايرىم كۆرسىتىشكىمۇ بولىدۇ. ئالايلۇق:

△ دوپپىچىلىققا ئائىت سۆزلەر: تەپچۈش، پىلتە بېرىش، كۆكلەش، قوندۇرۇش، چۆچۈرە بادام، بادام دوپپا، چىمەن دوپپا، گىلەم دوپپا، چېكەن دوپپا، جىيەك تۇتۇش، لوقچۇش...

△ تۇماقچىلىققا ئائىت سۆزلەر: سەرپۇش تۇماق، سالۋا تۇماق، ئاق تۇماق، كۆرپە قۇلاقچا، بابۇر قۇلاقچا، تۇلكە تۇماق...

△ موزدۇزلۇق ئاتالغۇلىرى: رۇبچاك، باشلىق، ئاپقۇت، سىرەج، موم، شاۋرۇن، كوۋا، كۇسا (يەنى كۇرسى)، بىگىز، بۇرەندە، دەرەپشە، ئەرەنچە ئۆتۈك، زەيپانە ئۆتۈك، بالا ئۆتۈك، ھاۋا بېرىش، كارۋان ئۆتۈكى، مەسە، سەندەل، شىبلىت، قونچىلۇق بەتىنكە، نوسەك، پومۇل، ئوروزنەك، پاشنا، پاشنا سۇزۇش...

△ تامچىلىققا ئائىت سۆزلەر: چوپگەز، ئەندۇۋا، ۋادو، مەرەپ، مورا، بالا بېشى، ناۋا، تەكچى، ۋاساجۇپ، ۋاسادەرميان، خىش قويۇش، تام قوپۇرۇش، ئەنجان تېمى، ھاۋادان، ئۆي ئېچىش، قارا سۇۋاق، سىلىق سۇۋاق...

△ تۆمۈرچىلىككە ئائىت سۆزلەر: كۆرۈك بېسىش، تاۋلاش، سۇغىرىش، سەندەل، بازغان، بولقا، كۆرۈك، ئەسۋاب قاقتۇرۇش، ئۇلىتىش، بولقىلاش، بازغانلاش...

△ ياغاچچىلىققا ئائىت سۆزلەر: قارا چېكىش، رەندىلەش، ياغاچ چېپىش، چوت، كەكە، ھەرە، قول ھەرىسى، جادۇ ھەرە، چارچاپ قىلىش، ھەرىدەش، ياغاچ چىقىرىش، شىنا قېقىش،



پۇزەك، ھەرە تارتىش دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئاتالغۇلىرى ۋە قول ھۈنەرۋەن - كاسىپلار ئارىسىدا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر ئۆزىنىڭ ئوبرازچانلىقى، ئىخچاملىقى ۋە چۈشىنىشلىكلىكى بىلەن ئۇيغۇر جانلىق تىلىغا ھەتتا ئەدەبىي تىلغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئەسىرلەر مابەينىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئومۇمىي سۆزلۈك سوستاۋىنى بېيىتىش ۋە جانلاندۇرۇش رولىنى ئويناپ كەلگەن. مەسىلەن، «كاسىپ ئۆزىگە چىقىنالماپتۇ»، «قوينى قاسساپ سويسۇن»، «موزدۇز يالاڭ ئاياغ، باپكار ئىشتانسىز» ۋە «ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ»، «ياندىكى كاسىپنىڭ قەدرى يوق» قاتارلىق تەمسىللەر قول ھۈنەرۋەنلەر تىلىدىن ئومۇمىي جانلىق تىلغا، جانلىق تىلدىن ئەدەبىي تىلغا ئۆتۈپ ئومۇملاشقان.

### 3) دىنىي ئاتالغۇلار

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئومۇمىي سۆزلۈك سوستاۋىدا، خاس دىنىي زاتلار ۋە ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قوللىنىلىدىغان، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، خۇسۇسەن ياشلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئانچە چۈشىنىشلىك بولمىغان بىر بۆلۈك سۆزلەر بار. بۇ خىل سۆزلەر خەلق ئاممىسى ئارىسىدا كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە. چۈنكى، ئانچە - مۇنچە مەسچىتكە كىرىدىغان، جۈمە نامىزىغا ياكى ھېيت نامىزىغا ئىشتىراك قىلىدىغانلىكى ئادەمنىڭ قۇلىقىغا ئىمامنىڭ ئەمرىمەرۇپى، ۋائىزنىڭ ۋەزى، خاتىپنىڭ خۇتبىسى (يەنى نۇتۇقچىنىڭ نۇتقى) ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان دىنىي ئاتالغۇلار چۈشىدۇ. ئەقىدە - ئېتىقاد تۇپەيلى كىشىلەر بۇ خىل سۆز - ئاتالغۇلارنى بەكمۇ ئەتىۋارلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسلامىيەت چۈشەنچىسى بويىچە دۇنيانىڭ بارلىققا كېلىشى، ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى بايان قىلىنغان قەدىمىي چۆچەكلەر، قىسسەلەردە، تەبىئىي ھالدا

خاس ئىسلام دىنىغا تەئەللۇق سۆز ـ ئاتالغۇلار ناھايىتى نۇر-
غۇن. بۇ خىلدىكى سۆزلەرنى ئاۋام ـ خەلق خاس سورۇنلاردا
ئېغىزدىن چۈشۈرمەي ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

دىنىي ئاتالغۇلارنى ئۆز نۆۋىتىدە بىر قانچە تۈرگە بۆلۈپ
چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

△ ئىسلامىيەت ئەقىدىسى بويىچە ئالەم ۋە ئادەم چۈشەن-
دۈرۈلىدىغان سۆزلەر. مەسىلەن: باقىي ئالەم، جەننىتى، دوزد-
خى، ناسارا، ئابىھايات، ئابىكەۋسەر، پىلسىرات، بەندە، بەندىچى-
لىك، تەۋھىد، قىيامەت، مەھشەر، مەھشەرگاھ، ئەجەل، ئەلمى-
ساق، مۆمىن، ئابىد، سالىھ، كۇپپار، پاسىق، مۇشرىك، جەھەن-
نەم، باتىل، ئەھلى كىتاب...

△ ئىبادەت ۋە زىيارەتكە دائىر سۆزلەر. مەسىلەن: ئىمان
ئېيتماق، سەجدە قىلماق، مەسچىت، رۇكۇغا بېرىش، قۇلاق
قېقىش، غۇسۇل قىلىش، ئىستىنجا قىلىش، بويىنى سۇغا سې-
لىش، تەرەت ئېلىش، ھەج قىلىش، ھاجى، بەيتۇللا، بەيتۇلھە-
رەم، ھەرەم، ھەرەم ئېيى، زاراتگاھ، زاراتگاھلىق، ھەج پەرزى،
ھەج ئەركانى، ھەج ئەھكامى، مەسجىدى ھەرەم، مەسجىدى ئەق-
سا، خانىقا، ھەجەرۇل ئەسۋەد، كەبە، كەبەتۇللاھ، شەيتانغا تاش
ئېتىش، ئاراپاتقا چىقىش، تاۋاپ قىلىش...

△ ئۆرپ ـ ئادەتكە تەئەللۇق سۆزلەر. مەسىلەن: زاكات
بەرمەك، ئۆشرە بەرمەك، روزا تۇتماق (رامىزان تۇتماق)، پەتە
ئوقۇماق، تۇنىمەك، تۇپراق (ياكى توپا) بېشىغا بارماق، خەتمى-
قۇرئان قىلماق، سەدىقە بەرمەك، نەزىر (نەزىرە) قىلماق، يىل
نەزىرىسى، مەۋلۇت ئوقۇتماق ...

△ دىنىي سۈپەت سۆزلىرى. مەسىلەن: ئاللاھۇتائالا، رە-
سۇلۇللاھ، شاھى مەردان، قۇرئانى كەرىم، ھەدىسى شەرىپ،
ئەھلۇللاھ، شەيخۇلئىسلام، ئايەتۇللاھ، كەرىم، رەھىم، ئەزىم،



قەھھار، غەففار، سەتتار، چاريار، چىلتەن، رەھمەتۇللاھ ئەلەي-
ھى، قەددەسەسىررەھۇ، رەزىياللائەنھۇ، ئەلەيھىسسەلام، ئەلەي-
ھىررەھمە، جارۇللاھ، يارەببىم، يائاللاھ، ئاللاھۇ ئەكبەر، سە-
دەقاللاھ ئەزىم...

ئۇيغۇر تىلىدىكى دىنىي ئاتالغۇلار ئۇزاق ئەسىرلىك ئىس-
تېمال ئەمەلىيىتىدە، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن (يەنى چۆ-
چەك، مىق، ئەپسانە، دىنىي رىۋايەت قاتارلىقلار ئارقىلىق) ياز-
ما ئەدەبىياتقا ئۆتۈش، يازما ئەدەبىياتتىن ئۆلچەملىك ئەدەبىي
تىلغا تەسىر قىلىش ۋە ئۆزلىشىشتەك جەريانلارنى باشتىن
كەچۈرگەن. ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالدىن ئېلىپ ئېيتقاندا،
ئومۇمىي خەلق ئىچىدە، خاس ئەدەبىي تىل ئاتالغۇلىرى بىلەن
پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرىنى چۈشىنىدىغانلاردىن دىنىي ئاتال-
غۇلارنى چۈشىنىدىغانلار كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇ-
ڭا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئومۇمىي سۆزلۈكىگە تەئەللۇق بولغان دى-
نىي ئاتالغۇلارنى توپلاش، رەتلەش ۋە ئۇلارنى ئىزاھلاش ئۇيغۇر
تىلى لېكسىكولوگىيەسى ئۈچۈن سەل قارىغىلى بولمايدىغان
مۇھىم خىزمەت ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ ئەمەلىي ئىس-
تېمالدا، ئىشلىتىلىش چاستوتىسى خېلى يۇقىرى بولغان
بىر بۆلۈك تەكەللۇپ سۆزلىرى بار (مەسىلەن، ئىنشائاللاھ،
ماشائاللاھ، ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئاللاھ
رازى بولسۇن، ئاللاغا ئامانەت... دېگەنلەرگە ئوخشاش) بۇ
سۆزلەرنىڭ شەكىللىنىشى، رولى ۋە ئۇقۇم ـ مەنىسى قاتار-
لىقلار پەقەت تىلىمىزدىكى دىنىي ئاتالغۇلارنىڭ تەتقىقاتى
ئارقىلىقلا ھەل بولىدۇ. بۇ ھەقتە «تەكەللۇپ سۆزلەر» دېگەن
بۆلەكتە توختىلىمىز.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 4. ئادەت سۆزلىرى

لېكسىكولوگىيەدە ئېيتىلىدىغان ئادەت سۆزلىرى ياكى ئادەت ژارگونى (习惯语) جەمئىيەتتىكى ئايرىم ئىجتىمائىي گۇرۇھ ياكى مۇئەييەن ئادەت ۋە مەنپەئەت تۈپەيلى تەبىئىي ھالدا ئۇيۇشقان كىشىلەر توپىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، ئۆزلىرىنىڭ ئادىتىنى ھىمايە قىلىش مەقسىتىدە ئېلىپ بارىدىغان، ئالاھىدە ھەرىكەت ۋە پائالىيەتلىرىدە قوللىنىلىدىغان سۆز ـ ئىبارىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئادەت ژارگونى ئۆزىنىڭ كونكرېت خاراكتېرىگە قاراپ مۇنداق ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) قاراڭغۇ گەپ (黑语). «قاراڭغۇ گەپ»ئادەتتە «قارا گەپ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مۇنداق سۆزلەرنى جەمئىيەتتىكى ئايرىم ئىجتىمائىي گۇرۇھتىكى كىشىلەر ئۆزلىرى ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇئەييەن بىر پائالىيەتنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، قاراڭغۇ گەپنىڭ مەزمۇنى ئاشۇ ئىشلەتكۈچىلەردىن باشقا ئادەمگە پۈتۈنلەي قاراڭغۇ بولىدۇ. ئالايلۇق، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا، ئاشلىق ۋە رەخت توقۇلمىلار نورمىلىق ھالدا بېلەتلىك تەمىنلىنەتتى. شۇ چاغدا مەلۇم شەھەردىكى ئاشلىق بېلىتى بىلەن رەخت بېلىتىنى ئېلىپ ـ سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قاراڭغۇ بازارچىلار ئۆز پائالىيىتىنى ساقچىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ساقلاش ئۈچۈن «رەخت بېلىتى» دېگەنىنىڭ ئورنىغا «راخمانجان»، «ئاشلىق بېلىتى» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «ئامانجان» دېگەن ئىسىم سۆزنى قوللانغان. ئۇلار شېرىكلىشىپ بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە ئاشلىق ۋە رەخت بېلەتلىرىنى يۆتكەپ ھايانكەشلىك قىلغاندا، خۇسۇ-



سەن ئۆزئارا سۆزلىشىش، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەلگەندە، بۇ خىل قاراڭغۇ گەپلىرى كۆپ ئەسقاتقان. مەسىلەن:

ئۈرۈمچىدە راخمانجاننىڭ ئەھۋالى قانداقراقكەن؟ (يەنى ئۈرۈمچىدە رەخت بېلىتىنىڭ بىرى قانچە پۇل ئىكەن؟) ئامانجاننى ئۇچرىتالىدىڭلارمۇ؟ (يەنى ئاشلىق بېلىتى ئالالىدىڭلارمۇ؟) دېگەنگە ئوخشاش.

دېمەك، يۇقىرىقى مىسالدىكى «راخمانجان» بىلەن «ئامانجان» ئاشۇ تىل مۇھىتىدا ئادەت ژارگونىغا تەئەللۇق قاراڭغۇ گەپ ھېسابلىنىدۇ. تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەسكى، جەمئىيەتتىكى بۇ خىل قاراڭغۇ گەپلەر تولىمۇ ئۆزگىرىشچان ۋە ئۆمرى قىسقا بولىدۇ. شۇنداقلا مۇنداق سۆزلەرنىڭ بىر تىلنىڭ ئومۇمىي سوستاۋىغا قىلچە تەسىرى بولمايدۇ دېيىشمۇ بولىدۇ.

2) ئەستەرلىك گەپ (隐语). ئادەتتە ئەستەرلىك گەپ ئۆزىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنىڭ نىسبەتەن كەڭلىكى، ئوبرازچانلىقى بىلەن قاراڭغۇ گەپلەردىن روشەن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىچەرمەنلەر ئارىسىدا قوللىنىلىدىغان «قېقىشىۋالماق» (يەنى ئىككى رومكىدىن قېقىشىۋالماق)، «ئۆرە ئاتا قىلماق» (يەنى ھاراق پوكىيىگە يۆلىنىپ تۇرۇپلا ئىچمەك) سۆزلىرى؛ چاقچاق سورۇنلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان «پاس چىقارماق»، «كەلتۈرۈپ قويماق»، «سانجىۋالماق» دېگەن سۆزلەر؛ شۇنداقلا نەشرىياتچىلىقتا تەھرىرلەر ئارىسىدا قوللىنىلىدىغان «پاساڭ» ياكى «كاۋاك چالمىسى» (يەنى بەت ئاخىرىدىكى بىكار قالغان يەرگە باب كېلىدىغان ئەقلىيە سۆزلىرى قاتارلىق مىكرو ماقالىلار) دېگەندەك سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئادەت ژارگونىغا تەئەللۇق ئەستەرلىك گەپلەرگە كىرىدۇ.

ئەستەرلىك گەپلەر ئوبرازچان، قىزىق، ئىلمىي بولغانلىقى ئۈچۈن تارقىلىشى تېز، ئومۇملىشىشى ئاسان بولۇش خۇسۇسىيىتىگىمۇ ئىگە.

3) سىنىپىي ئادەت ژارگونى (阶级习惯语). سىنىپىي ئادەت ژارگونى ئادەتتە «سىنىپىي دىيالېكت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ مۇئەييەن سىنىپ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە مەنە بىلەن ئىشلىتىدىغان سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پەن نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تىل بىر خىل ئىجتىمائىي ئالاقە قورالى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك سىنىپ ۋە ھەر خىل تەبىقىلەر ئۈچۈن ئورتاق بولىدۇ. بىراق بەزى سىنىپ، ئايرىم تەبىقىلەر ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىي مەنپەئەتى ئۈچۈن ھامان بەزى سۆزلەرنى ياساپ ياكى ئۇلارغا ئالاھىدە مەنە يۈكلەپ ئىشلىتىپ، بارا - بارا ئۇلارنى ئۆز سىنىپى دائىرىسىدە ئىشلىتىدىغان سىنىپىي ئادەت ژارگونلىرىغا ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. ئالايلۇق، ئېنىق ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، 1949 - يىلىدىن بۇرۇن مەملىكىتىمىزدىكى پومېشچىك ۋە بۇرژۇئازىيە سىنىپى كوممۇنىستلارنى ۋە كوممۇنىزمغا ھېسداشلىق قىلغۇچىلارنى «قىزىل پاچاقلار» دەپ ئاتىسا، پرولېتارلارنى «يالاڭ تۆشلەر»، «ئاچ گادايلار»، «قەلەندەرلەر» دەپ ئاتاشقان. خاس ئۇيغۇر تىلىدىمۇ يۇقىرى تەبىقە ئاقسۆڭەكلەر لۇغىتىدىلا ئىشلىتىلىدىغان سىنىپىي ئادەت ژارگونلىرى بولغان. مەسىلەن، كونسېرۋاتىپلىقتا، دىنىي خۇراپاتلىقتا قارشى تۇرۇپ، زامانغا يارىشا يېڭىلىقنى، ئىسلاھاتنى تەرغىب قىلغۇچىلار «جەدىت» (يەنى چاغاتاي ئۇيغۇرچە «يېڭى» دېگەن مەنىدىكى سۆز) دەپ ئاتالغان بولسا، كونا ئادەتلەرنى تاشلاپ ياكى ئىسلاھ قىلىپ يېڭى ئادەتلەرنى شەكىللەندۇرگەنلەر «دەھرىي» (يەنى چاغاتاي ئۇيغۇرچە «زامانىۋى» دېگەن مەنىدىكى سۆز) دەپ ئاتالغان. دېمەك، يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن «قىزىل پاچاق»، «يالاڭ تۆش»، «جەدىت، جەدىتچى»، «دەھرىي» دېگەن سۆزلەر بۇرژۇئازىيە ۋە خۇراپىي دىنچىلار سىنىپىغا تەئەللۇق سىنىپىي ئادەت ژارگونلىرىغا كىرىدۇ.



سىنىپىي ئادەت ژارگونلىرى شۇ سىنىپنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىغا قاراپ ئومۇملىشىپ، خاس سىياسىي ئاتالغۇ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، «قىزىل ھاكىمىيەت»، «قىزىل قەلب»، «قىزىللىشىش»، «سېرىق ناخشا»، «يالاڭ ئاياغ دوختۇر» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

لېكسىكولوگىيەدە كەسپىي سۆزلەر (行业语) بىلەن ئادەت سۆزلىرى (习惯语) قوشۇلۇپ، «ئىجتىمائىي دىيالېكت» (社会方言) دەپ ئاتىلىدۇ.

## 5. ھېس - تۇيغۇلۇق سۆزلەر

تىلشۇناسلىقتا، ئاڭلىتىدىغان ئۇقۇمى مۇئەييەن ھېس - تۇيغۇ، كەيپىيات ياكى پوزىتسىيە بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان سۆزلەرنى «ھېس - تۇيغۇلۇق سۆزلەر» (表情词汇) دەپ ئاتايدۇ.[1]

ئۇيغۇر تىلىدىكى ھېس - تۇيغۇلۇق سۆزلەرنى «مۇھەببەت سۆزلىرى»، «نەپرەت سۆزلىرى» ۋە «تەكەللۇپ سۆزلىرى» دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

1) مۇھەببەت سۆزلىرى. بۇ تۈركۈمدىكى سۆزلەردە، سۆزلىگۈچىنىڭ بىرەر نەرسە، بىرەر ۋەقە ياكى ھادىسىگە يەنى سۆزدە ئىپادە قىلىنغۇسى ئوبيېكتقا بولغان ئامراقلىقى، ھېسداشلىقى، مۇھەببىتى، قايىللىقى، پەخىرلىنىش ھېسسىياتى ياكى قوللاش تۇيغۇسى ئېنىق ئاڭلىتىلىدۇ. مەسىلەن، باتۇر، قەيسەر، قەھرىمان، گۈزەل، ئېسىل، كۆركەم، ئوماق، مەرد، يۈكسەك، ئەزىز، مېھرىبان، دوست، بۇرادەر، ئاغىنە، جەسۇر دېگەنلەرگە ئوخشاش.

بۇ خىل سۆزلەر نۇتۇقلىرىمىزدا كۆتۈرەڭگۈ روھ ۋە ھايا-

① جاڭ يۇڭيەن: «لېكسىكولوگىيە ھەققىدە ئومۇمىي بايان».



www.uyghurkitap.com

جان بىلەن ئېيتىلىدىغان بولغاچقا، بەزىلەر بۇنى «ھەشەمەتلىك سۆزلەر» دەپمۇ ئاتايدۇ.[1] بىراق، مېنىڭچە، بىر تىلدىكى سۆزلەرنى «ھەشەمەتلىك ۋە ھەشەمەتسىز» دەپ ئايرىش مەنتىقىغە سىغمايدۇ. چۈنكى، ئاشۇ تەنتەنە، ھاياجان بىلەن ئېيتىلىدىغان سۆزلەردىكى تۈپ مەسىلە ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى ھەشەمەت، كۆركەملىك مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئىپادە قىلىدىغان ئۇقۇمدىكى يارقىن پوزىتسىيە ۋە سۆيۈنۈش تۇيغۇسىدىن ئىبارەت. ئالايلۇق، بىز بىراۋنى«باتۇر، قەھرىمان» دەپ سۈپەتلىگىنىمىزدە، بىزدە شۇ كىشىگە نىسبەتەن قايىللىق تۇيغۇسى بولغاندىلا، ئاندىن شۇنداق ئاتايمىز. ۋەھالەنكى، بىز «باتۇر، قەھرىمان» دەپ ئاتىغان كىشىنى بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز ئۇنداق ئاتىمايدۇ، ئەلۋەتتە. بىز ئۆز ئارمىيىمىزنى «دۈشمەنگە قارشى قەيسىرانە جەڭ قىلدى» دەپ تەسۋىرلىسەك، دۈشمەنلىرىمىز ئۇلارنى «بىزگە جاھىلانىلىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى» دەپ ئىپادە قىلىشى مۇمكىن. دېمەك، مەزكۇر «قەيسىرانە» ۋە «باتۇر، قەھرىمان» سۆزلىرىدىكى ئاساسلىق نەرسە سۆزدىكى «ھەشەمەت» مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئۆز ئىچىگە ئالغان «ھېسسىيات» مەسىلىسىدۇر.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىدا مىسال قىلىپ كۆرستىپ ئۆتكىنىمىزگە ئوخشاش تۈپ سۆزلەردىن باشقا، تۆۋەندىكىدەك ياسالما سۆزلەرمۇ مۇھەببەت سۆزلىرى كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ.

① چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەن «- ئان»، «- ئانە»قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان مەدھىيەلەش، قايىللىق بىلدۈرۈش تۇيغۇسىدىكى ياسالما سۆزلەر: پىداكارانە، قەھرىمانە، داھىيانە، باتۇرانە، مەردانە، جەسۇرانە،

① «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك)، لېكسىكا قىسمى.



مەستانە، ئەزىزانە، غەرىبانە، جانان، ياران / يارەن قاتارلىقلار.

② ئۇلۇغلاش، پەخىرلىنىش، سەمىمىي ئەركىلەش تۇيغۇسى بىلەن ئېيتىلىدىغان، «خان / جان» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان سۆزلەر: ئانىجان، بالىخان، دادىخان دېگەنلەرگە ئوخشاش.

«ئانىجان تۇغقان ئېلىم جۇڭگو، ئۇنىڭ پەرزەنتىمەن،
رىشتىگە جىسمىم بىلەن، ئىشقىم بىلەن پەيۋەندىمەن.»
(تېيىپجان ئېلىيوۋ: «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» دىن)

③ سۆيۈنۈش بىلەن تەرىپلەش تۇيغۇسى ئىپادىلىنىدىغان «چان» قوشۇمچىلىق ياسالما سۆزلەر: ئەمگەكچان، تىرىشچان، ئىشچان، كۆرەشچان، ئىجادچان دېگەنلەرگە ئوخشاش.

④ چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدىن كەلگەن «پەرۋەر» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان سۆزلەر: ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، ئىنسانپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر، ئىلىمپەرۋەر... ۋە باشقىلار.

⑤ ئومۇمەن مەدھىيەلەش، سۆيۈنۈش تۇيغۇسى بىلەن ئېيتىلىدىغان ئىدىيوملار ۋە بىرىكمە سۆزلەر: ئاق كۆڭۈل، خۇش پېئىل، ئوت يۈرەك، خۇش پىچىم، خۇش تەبىئەت، خۇش مۇئامىلە، كۆڭلى توق، قولى ئوچۇق، قورسىقى كەڭ، دىلى يۇمشاق، تىلى چۈچۈك، پاك دىل دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئۇنىڭدىن باشقا، بىرىنچى شەخس ئىگىلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن ھالدا ئىستېمال قىلىنىدىغان، ئەزىزلەش، ئامراقلىق تۇيغۇسى ئىپادىلىنىدىغان سۆزلەرمۇ مۇھەببەت سۆزلىرى كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. مەسىلەن، قوزام، جىگىرىم، جېنىم، ئامرىقىم، كۆز نۇرۇم دېگەنلەرگە ئوخشاش.

2) نەپرەت سۆزلىرى. بۇ تۈركۈمدىكى سۆزلەردە، سۆزلىگۈچىنىڭ ئوبيېكتقا بولغان نەپرىتى، يامان كۆرۈش ھېسسىياتى، چۈشۈرۈش نىيىتى ۋە تەنە قىلىش تۇيغۇسى ئىپادىلىنىپ

تۇرىدۇ. مەسىلەن:

ئۇسال، شۇم، ئەسكى، دۆت، ئىپلاس، ئەبلەخ، چۈپرەندە، جاھىل، زالىم، قۇۋ، بۇزۇق، سەت، مەينەت، دۈشمەن دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر تىلىدىكى نەپرەت سۆزلىرىنىڭ خېلى كۆپچىلىكى ياسالما سۆزلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇھىملىرى دەپ تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

① چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەن «- خور» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان سۆزلەر: مۇنداق سۆزلەر ئادەتتە، مەزكۇر قوشۇمچە قوشۇلغان ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىگە سەلبىي مەنە يۈكلەيدىغان ئىسىم ياكى سۈپەت خاراكتېرلىك سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئادەمخور (جەمئىيەت)، تەمەخور (ئادەم)، قانخور، پارىخور، جازانىخور، بالاخور، يۇندىخور...

② چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇسال، ئەسكى» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن «بەد» سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن ئالدى قوشۇلغۇچى «بەت» نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان سۆزلەر. مۇنداق سۆزلەر ئادەتتە مەزكۇر قوشۇمچە قوشۇلغان ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئى بويىچە، «ناچار، سەت» دېگەن ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم ۋە سۈپەتلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

بەتبەخت، بەتنىيەت، بەتقىلىق، بەتخۇي، بەتمۇئامىلە، بەتتەم، بەتنام، بەتبەشىرە، بەتبۇي، بەتخەج، بەتىرەڭ، بەتگۇمان، بەتدۇئا دېگەنلەرگە ئوخشاش.

③ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەن ئالدى قوشۇلغۇچى «نا -» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان سۆزلەر. مۇنداق سۆزلەر ئادەتتە، مۇئەييەن ئىسىملارغا مەزكۇر قوشۇمچە قوشۇلغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ۋە ئاشۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرىدىغان ياسالما سۈپەت سۆزلەر بولۇپ



ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

ناكار، نائىنساب، ناپاك، ناكەس، نامەرد، نائەھلى، نالايىق، نامۇناسىپ، نائۇستا، نائۇمىد دېگەنلەرگە ئوخشاش.

④ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەن ئالدى قوشۇلغۇچى «بى» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان سۆزلەر. بۇ خىل سۆزلەر مۇئەييەن ئىسىملارغا مەزكۇر قوشۇمچىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان، ئادەتتە نەپرەت تۇيغۇسى بىلەن ئېيتىلىدىغان سۈپەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:

بىئەدەپ، بىھايا، بىمەززە، بىمەنە، بىرەھىم، بىنومۇس، بىۋاپا، بىھۆرمەت، بىپەرۋا، بىباش، بىپەم دېگەنلەرگە ئوخشاش.

⑤ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەن «- پەرەس» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان سۆزلەر. بۇ خىل سۆزلەردە، مەزكۇر قوشۇمچە قوشۇلغان ئىسىم سۆز ئىپادىلىگەن شەيئىنى ھەددىدىن زىيادە قوغلىشىش ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنۇش خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرۈپ، ئادەتتە، ئەيىبلەش، ياقتۇرماسلىق تۇيغۇسى بىلەن ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئەمەلپەرەس، پۇلپەرەس، خوتۇنپەرەس، كىيىمپەرەس، ئابرۇيپەرەس، شۆھرەتپەرەس...

⑥ «- سىز» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان، ئادەتتە نەپرەت تۇيغۇسى بىلەن ئېيتىلىدىغان سۆزلەر. مەسىلەن:

يۈزسىز، ۋىجدانسىز، يۈرەكسىز، مەيدانسىز، چىدامسىز، غەيرەتسىز، دىنسىز، ئەقىدىسىز، ئىمانسىز دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئومۇمەن ياقتۇرماسلىق، مەنسىتمەسلىك، ئەيىبلەش ياكى نەپرەتلىنىش تۇيغۇسىدا ئېيتىلىدىغان بارلىق ئىدىيوم ۋە بىرىكمە سۆزلەرمۇ نەپرەت سۆزلىرى كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

تاش يۈرەك، ئىچى تار، كۆڭلى پەس، ئىچى يامان، كۆڭلى قارا، نىيىتى بۇزۇق، هارامزادە، هارام تاماق، هاڭۋاقتى، يېتىۋالدى، قارا نىيەت، قارا كۆڭۈل، ئالا كۆڭۈل، شۇم نىيەت، نان قېپى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

3) تەكەللۇپ سۆزلىرى. ئادەتتە، سۆز ئوبيېكتىغا نىسبەتەن مۇئەييەن ئەدەپ تۇيغۇسى بىلەن ئېيتىلىدىغان سىلىق - سىپايە سۆزلەرنى «تەكەللۇپ سۆزلەر» دەپ ئاتاشقا بولىدۇ (بۇ خىلدىكى سۆزلەرنى بەزىلەر ‹ئەدەپ سۆزلىرى› دەپ ئاتىسا، يەنە بەزىلەر ‹هايا سۆزلىرى› دەپمۇ ئاتايدۇ). مەسىلەن:

هەشقاللا، بارىكاللا، ئىنشائاللا، ماشائاللا، ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئەلهەمدۇلىللاھ، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كەچۈرۈڭ، رەهمەت، ئەرزىمەيدۇ، هېچقىسى يوق، ئاللاھ رازى بولسۇن دېگەنلەرگە ئوخشاش.

تەكەللۇپ سۆزلىرى شۇ تىللىق خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشى ۋە مىللىي ئادەتلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئېنىق هالدىكى ماختاش، ئەزىزلەش، قايىللىق ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن ئېيتىلىدىغان مۇهەببەت سۆزلىرىدىن ماهىيەت جەهەتتىن پەرقلىنىدۇ. تەكەللۇپ سۆزلىرى سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزىگە يېقىملىقلىق، ئىلمىلىك بېغىشلايدۇ. شۇڭا، ئادەتتە ياش پەرقى، جىنس ئايرىمىسى، ئۆزئارا تونۇشلۇق دەرىجىسى قاتارلىق ئوبيېكتىپ ئامىللار كەلتۈرىدىغان ئوڭايسىزلىق مۇناسىپ تەكەللۇپ سۆزلىرى ئارقىلىق يوقىتىلىپ، سۆهبەت ياكى مۇئەييەن مۇئامىلە كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، مۇنۇ دىيالوگنى ئالايلۇق:

دوختۇر: بۈگۈن چوڭ تەرەت قىلدىڭىزمۇ؟

بىمار: ياق.

دوختۇر: كىچىك تەرىتىڭىزنىڭ رەڭگى قانداق؟



بىمار: يەنىلا قىزغۇچ.

دوختۇر: يەل كەلدىمۇ؟

بىمار: كەلدى.

دېمەك، بۇيەردە دوختۇر «چىچماق»، «ئوسۇرماق» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئورنىغا تەكەللۇپ سۆزلىرىنى ئىشلىتىپ، ئوتتۇرىدىكى ئوڭايسىزلىقنى يوقىتىپ، سۆهبەتنى بىمارنىڭ كۆڭلىگە يارىشا يېقىملىق قىلغان.

بىر مىللەتنىڭ تىلىدا تەكەللۇپ سۆزلىرىنىڭ كۆپ ياكى ئاز بولۇشى، تەكەللۇپ سۆزلىرىنىڭ خەلق ئىچىدە ئومۇملىشىش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەنلىكى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپ سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇر تىلىدا تەكەللۇپ سۆزلىرى ئاز ئەمەس. بىراق، تەكەللۇپ سۆزلىرىنىڭ ئومۇمىي خەلق ئىچىدە ئومۇملىشىش دەرىجىسىنى هەممىدە بىردەك يۇقىرى دېگىلى بولمايدۇ. خۇسۇسەن ياشلار ۋە بالىلار ئىچىدە تەكەللۇپ سۆزلىرىنى تولۇق بىلمەيدىغانلار ئاز ئەمەس. شۇڭا، ئۇيغۇر تىلىدىكى تەكەللۇپ سۆزلىرىنى تۈر - تۈرى بويىچە ئايرىپ، مەخسۇس تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىستېمال دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش تىل مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزدا مۇهىم ۋە ئەمەلىي ئەهمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر تىلىدىكى تەكەللۇپ سۆزلىرى دىيالېكت رايونلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، سان، سالماق، ئىشلىتىلىش ئورنى ۋە دائىرىسى، سۆزلەرنىڭ ئاڭلىتىدىغان ئۇقۇم - مەنىلىرى قاتارلىق جەهەتلەردە روشەن پەرقلەرگىمۇ ئىگە.

ئۇيغۇر تىلىدىكى تەكەللۇپ سۆزلىرىنى ئىشلىتىلىش دائىرىسى ۋە سورۇن ئالاهىدىلىكى بويىچە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

① ئۇچرىشىش - كۆرۈشۈش تەكەللۇپ سۆزلىرى: تىنچلىقمۇ، ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، تازا تۇرامسىز، كەم دىدارغۇ، كۆرۈنمەيسىزغۇ، ئۆي ئىچى تىنچلىقمۇ، ياخشى تۇرۇپسىز، ئالدىراشمۇ، ئۆيگە باشلاي، خىزمەتتە بولاي دېگەنلەرگە ئوخشاش.

② خوشلىشىش تەكەللۇپ سۆزلىرى: خەير - خوش، خەير ئەمىسە، ئاق يول بولسۇن، ئاللاھغا ئامانەت / خۇدايىمغا ئامانەت، كېلىپ تۇرۇڭ، ئارىلىشىپ ئۆتەيلى، ئىزدىشىپ تۇرايلى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

③ مېھماندارچىلىق تەكەللۇپ سۆزلىرى: ئۆيگە كىرىڭ، يۇقىرى ئۆتۈڭ، داستىخانغا بېقىڭ، بېقىپ ئولتۇرۇڭ، بەك كايىماڭ، ئۇنچىۋالا جوۋاپ كەتمىسىڭىزا، ئاللاھ بەرىكەت بەرسۇن، داستىخىنىڭىزغا رەھمەت، قولىڭىز دەرد كۆرمىسۇن، تاماق بەك ئوخشاپتۇ، «كەلمەك ئىرادەت، كەتمەك ئىجازەت» دەپتىكەن، كەچلەپ كېتىڭ، دېگەنلەرگە ئوخشاش.

④ ئاغرىق - سىلاق، ئۆلۈم - يېتىم تەكەللۇپ سۆزلىرى: مىجەزى يوق بولۇپ قالماق، بىتاپ بولۇپ قالماق، يېتىپ قالماق، ۋاپات بولماق، قازا تاپماق، تۈگەپ كەتمەك، كېتىپ قالماق، تۇرۇپ كېتىڭ، سەۋر قىلىڭ، ئەلھۆكمىلىللا، ياتقان جايى جەننەتتە بولغاي دېگەنلەرگە ئوخشاش.

⑤ شەخسىي تازىلىققا دائىر تەكەللۇپ سۆزلىرى: بويىنى سۇغا سالماق، ئىستىنجا قىلماق، چوڭ تەرەت قىلماق، كىچىك تەرەت قىلماق، زەھەر قىلماق، تەرەت سۇندۇرماق، زەھرى قىستاپ كەتمەك دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئۇنىڭدىن باشقا توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ، سوۋغا - سالام بېرىش ۋە قوبۇل قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭمۇ ئۆزىگە خاس تەكەللۇپ سۆزلىرى بار.



تەكەللۇپ سۆزلىرى ئۇيغۇر تىلى خەزىنىسىدىكى بىباھا دۇردانىلەردىن سانىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى توپلاش، ھەر قايسىلىرىنىڭ قانداق چاغدا، قانداق سورۇندا، قانداق ئوبيېكتقا ئىشلىتىلىدىغانلىقىدىن تارتىپ، تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ ئىزاھلاش ۋە ئۇلارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا لۇغەتلىرىمىزدىن ئورۇن ئالدۇرۇش تولىمۇ مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك ئەمگەكتۇر.

## 6. ئەدەبىي تىلغا خاس سۆزلەر

كەڭ مەنىدىكى ئەدەبىي تىل (文学语言) ئادەتتە، شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە قوللىنىلىۋاتقان يېزىق تىلى ياكى كىتابىي تىل (书面语) بىلەن جانلىق تىل ياكى ئېغىز تىلى (口语) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومۇمىيلىقتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، سۆزلەردىكى تەلەپپۇز نورمىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا (مەسىلەن، ‹بازار› سۆزى كىتابىي تىلدا ‹bazar› دەپ تەلەپپۇز قىلىنسا، ئېغىز تىلىدا ‹baza:› تەلەپپۇز قىلىنىغىنىغا ئوخشاش)، يېزىق تىلى بىلەن ئېغىز تىلى ئاساسەن بىردەك،[1]» دەپ قارىلىدۇ. بىراق، ئەمەلىي ئىستېمالدىكى پاكىتلارنى ھېسابقا ئالغاندا، ئۇيغۇرچىدىكى ئەدەبىي تىلغا خاس سۆزلەرنىمۇ نىسپىي ھالدا «يېزىق تىلىغا خاس سۆزلەر» ۋە «ئېغىز تىلىغا خاس سۆزلەر» دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

### 1) يېزىق تىلغا خاس سۆزلەر

يېزىق تىلغا خاس سۆزلەر دېگىنىمىز، ئەدەبىي تىلنىڭ ھەر خىل ھۆججەت - پەرمان، خەت، ئالاقە، كىتاب، گېزىت -

① ئابدۇسالام ئابباس: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاتالغۇلار مەسىلىسى»، «تىل ۋە تەرجىمە»، 1982 - يىل 2 - سان.

ژۇرنال ۋە بارلىق باسما، يازما ماتېرىياللاردا ئىپادىلەنگەن شەكلىنى، شۇنداقلا مائارىپ بويىچە ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا، رادىيو - تېلېۋىزىيە، كىنو - تىياتىر، تۈرلۈك يىغىن - قۇرۇلتاي ۋە رەسمىي ئاممىۋى سورۇنلاردا قوللىنىلىدىغان ئۆلچەملىك سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ.

يېزىق تىلىغا خاس سۆزلەر قويۇق ئەدەبىي پۇراققا ئىگە بولغاندىن تاشقىرى ئىلمىي، تەكەللۇپلۇق ۋە پاساھەتلىك بولۇش خۇسۇسىيىتىگىمۇ ئىگە.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يېزىق تىلىغا خاس سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سىياسىي ئاتالغۇلار ۋە ئەدەبىي سۆزلەردىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ. ئالايلۇق:

سىياسىي ئاتالغۇلار: مەملىكەت، ۋەتەن، ئىجتىمائىي، ئىستىبدات، زەربىدار، ئېكسپىلاتاتسىيە، تەپەككۇر، تەئەججۇپ، تەپرىقە، تەرغىبات، جاھالەت، زۇلمەت، قەھرىمانە، مەۋجۇدات، كوممۇنىست، سولچىل، ئوڭچى...

ئەدەبىي ئاتالغۇلار: گۈزەل، جۇشقۇن، سەممىمىي، شادىمان، شادىيانە، مەيۈسلەنمەك، مەپتۇن بولماق، قەلب، ئاشىقى بىقارار بولماق، مەۋج ئۇرماق، پارلاق، شانلىق، نۇرانە...

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆزئارا ئالاقە، كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئائىت بەزى سۆزلەردىمۇ يېزىق تىلىغا ماسلىشىپ قالغانلىرى بولىدۇ. ئالايلۇق:

تۇرمۇش قۇرماق، قارشى ئالماق، ئېتىراز بىلدۈرمەك، نەزەر تاشلىماق، ئېلىپ بارماق، شۇغۇللانماق، پەرزەنت كۆرمەك، بۇرچىنى ئادا قىلماق، قەدەم تەشرىپ قىلماق، بالاغەتكە يەتمەك، زىيارەت قىلماق، دوستانىلىق قىلماق، شىكايەت قىلماق، ئىمزا قويماق...

يېزىق تىلىغا خاس سۆزلەرنىڭ بارلىقى - ئوبيېكتىپ



مەۋجۇدىيەت. بىراق، يېزىق تىلىغا خاس سۆزلەر دېگىنىمىز، ئېغىز تىلىدا مۇتلەق قوللىنىلمايدىغان سۆزلەرمۇ ئەمەس. مۇنداق سۆزلەر ئادەتتىكى سورۇن، ئادەتتىكى سۆھبەت ۋە پاراڭلاردا قوللىنىلسا، سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزىگە روشەن ھالدا سۈنئىيلىك تۈسى بېرىپ قويىدۇ، خالاس.

2) ئېغىز تىلىغا خاس سۆزلەر

جانلىق تىل ياكى ئېغىز تىلىغا خاس سۆزلەر دېگىنىمىز، ئىختىيارىي ھالدا ئۆزئارا ئەھۋاللىشىش، مۇڭدىشىش، سىردىشىش، پاراڭلىشىش... قاتارلىق غەيرى رەسمىي سورۇنلاردا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ.

جانلىق تىلغا خاس سۆزلەر ئاساسەن ئۇزاق يىللىق ئىستېمال جەريانىدا كىشىلەرنىڭ يۈزتۇرانە تۇرۇشۇپ ئۆز تىلى ئارقىلىق (يەنى قەلەم ئارقىلىق ئەمەس) سۆزلىشىش ئەمەلىيىتى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن. مەلۇمكى، يۈزتۇرانە سۆزلىشىش قەلەم ئارقىلىق (يەنى يېزىق ئارقىلىق) سۆزلىشىشكە قارىغاندا تەكەللۇپسىز، تۈز - توغرا ۋە ئوچۇق - يورۇق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، سۆزلەشكۈچىلەر ھامان ئۆزلىرىنى ئۇ، بۇ كىتابتىن كۆرۈپ ئۆگىنىۋالغان سۆزلەرنى ئەمەس، بەلكى ئالاقىدە ئىشلىتىش ئادەت بولۇپ كەتكەن ئەڭ ئاممىۋى، ئەڭ چۈشىنىشلىك سۆزلەرنى ئىشلىتىشنى خالايدۇ. شۇڭا كىشىلەر جانلىق تىلنى ئادەتتە «زاغرا تىل» ياكى «دېھقان تىلى» دەپ ئاتايدۇ.

جانلىق تىلغا خاس سۆزلەر ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ ئۇقۇم جەھەتتىكى ئېنىقلىقى ۋە ئاممىباپلىقى بىلەن يېزىق تىلىغا خاس سۆزلەردىن پەرقلىنىدۇ. جانلىق تىلغا خاس سۆزلەرنىڭ يېزىق تىلىدىن پەرقىنى كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا مۇنداق ئۈچ تەرەپتىن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن:

(1) ئېغىز تىلى (يەنى جانلىق تىل) غا خاس سۆزلەر يېزىق

تىلىغا خاس سۆزلەرگە قارىغاندا ئىخچام كېلىدۇ. يېزىق تىلىدا قوللىنىلىدىغان سۆزلەر ئېغىز تىلىدا ھامان بەلگىلىك دەرىجىدە ئىخچاملانغان ھالدا ئومۇملىشىدۇ. مەسىلەن:

| ئېغىز تىلىدا | يېزىق تىلىدا |
|---|---|
| قول قويماق | ئىمزا قويماق |
| ئەپقاچماق | ئېلىپ قاچماق |
| ئەپقالماق | ئېلىپ قالماق |
| ئەپكەتمەك | ئېلىپ كەتمەك |
| كۆيۈپ قالماق | ياخشى كۆرۈپ قالماق |
| ھال ئېيتماق | ئەھۋال بايان قىلماق |
| ئۆرۈمەك | تەرجىمە قىلماق |

(2) ئېغىز تىلىغا خاس سۆزلەر يېزىق تىلىغا خاس سۆزلەرگە قارىغاندا ئوبرازلىق كېلىدۇ. مەسىلەن:

| ئېغىز تىلىدا | يېزىق تىلىدا |
|---|---|
| قاپاقباش | ئەقىلسىز |
| پوق قورساق | بىلىمسىز |
| ئالا كۆڭۈل | مەيدانسىز |
| كۆڭلى قارا | ۋىجدانسىز |
| بەڭباش | گەپ ئاڭلىمايدىغان |
| قاقباش | تەجرىبىلىك |
| قولى ئوچۇق | سېخىي |
| ئالدى ئوچۇق | ئىستىقباللىق |
| قولى ئەگرى | ئۈنى - بۇنى ئېلىۋالىدىغان |
| بەل قويۇۋەتمەك | چىدامسىزلىق قىلماق |
| ياكى يەل قويۇۋەتمەك | |



(3) ئېغىز تىلىغا خاس سۆزلەر يېزىق تىلىغا خاس سۆزلەرگە قارىغاندا تەكەللۇپسىز، قوپالراق كېلىدۇ. مەسىلەن: يېزىق تىلىدىكى «تۇرمۇش قۇرماق» دېگەن سۆز ئېغىز تىلىدا ئادەتتە «خوتۇن ئالماق، ئەرگە تەگمەك» دەپ ئىشلىتىلىدۇ ۋە باشقىلار.

ئادەتتە، مۇتلەق كۆپ قىسىم جانلىق تىلغا خاس سۆزلەر يېزىق تىلىدا قوللىنىش جەھەتتە چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. خۇسۇسەن ئەدەبىي ئەسەرلەردە جانلىق تىلغا خاس سۆزلەر ئىشلىتىلسە، ئەسەرنى جانلاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. كەڭ مەنىدە، جانلىق تىلغا خاس سۆزلەرنى ئەدەبىي تىل سۆزلۈكى دائىرىسىنىڭ سىرتىدا قالدۇرماسلىقنىڭ سەۋەبىمۇ دەل مۇشۇ يەردە.

## 7. دىيالېكتقا خاس سۆزلەر

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى «مەركىزىي دىيالېكت، خوتەن دىيالېكتى ۋە لوپنۇر دىيالېكتى»دىن ئىبارەت ئۈچ دىيالېكتقا بۆلۈنىدۇ. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىلى، تۇرپان، قەشقەرنى يادرو قىلغان مەركىزىي رايون دىيالېكتى نېگىزىدە شەكىللەنگەن.»①

دىيالېكتقا خاس سۆزلەر دېگىنىمىز، مۇئەييەن بىر دىيالېكت رايونىدىلا ئىستېمال قىلىنىدىغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ.

(1) مەركىزىي دىيالېكتقا خاس سۆزلەر:

چامچا (تۇرپان): كۆڭلەك؛ چاقچا (غۇلجا): ناسۋال قۇتىسى؛ چارسۇ (قەشقەر): تۆت كوچىنىڭ ئېغىزى؛ جوجەم (تۇرپان): ئۈجمە؛ تەپچە (تۇرپان): پاختىسى تېرىۋېلىنغان كېۋەز

① ئامىنە غاپپار: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىل تەلەپپۇزىنىڭ قېلىپلاشتۇرۇلۇشىغا دائىر مەسىلىلەر توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە»، 1989 - يىل 6 - سان.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شادىسى؛ تەرۋاز (قەشقەر): تېرىككەك، كۆڭلى نازۇك؛ پىسىر
(غۇلجا): ئېزىلەڭگۈ، مىس ـ مىس؛ گېزەك (غۇلجا): نۆۋەت؛
پىلىچەك (قەشقەر): پىيالە؛ بىزە (تۇرپان): بىر ئاز؛ پىشكە
(قەشقەر): ئازراق، بىر ئاز؛ بارقا (تۇرپان): قىرقىش ۋاقتىغا
يەتكەن قوزىنىڭ تېرىسى؛ ئاڭلىۋاچۇن (تۇرپان): شۇڭلاشقا،
شۇڭا؛ شولله (غۇلجا): شويلا؛ شۇرمەل (غۇلجا): ئەتىيازدا دەر-
يادا ئېرىپ ئاققان مۇز؛ گىنا (تۇرپان): ئاقىۋەت...

(2) خوتەن دىيالېكتىغا خاس سۆزلەر:

سېۋەپخانا (مۇنچا)، قۇمچاق (پاقا)، قايچا (جۇۋازنىڭ كالا
سۆرەيدىغان ئاچا ياغىچى)، قەن (قاسساپلارنىڭ گۆش ئاسىدىغان
ئىلغۇچى)، شەشۇك (يەشىك)، سېكىلەك (چوكان)، سۇكە (سۇ-
پا)، سونجاق (پۇتنىڭ سوڭى)، مەرئا (بوز يەر)، مەككىچامغۇر
(ياڭيۇ)، پېلەز (قوغۇنى پىشقان پىلەك)، مىيانسال (سۇلۇق، يو-
غان كۆك شاپتۇل)، هەتتار (دورىپۇرۇش)، هەقۇ (ۋەج، بىسات،
مال ـ دۇنيا)، هەمكام (ئىتتىپاق، ئىناق)، هۇدەق (كۆكەرمە)،
ئىتاچى (ئىتۋاز)، ئىچ پۇشماق (خاپا بولماق)، ئىچمەك (تېرە
جىلىتكە)، ۋاخان (پاكار)، مۇت (هەقسىز، هەق ئالمايدىغان)...

(3) لوپنۇر دىيالېكتىغا خاس سۆزلەر:

چايقاق (دولقۇن)، چايدۇت (مەخسۇس چاي دەملەپ ئىچىد-
دىغان تۇۋاقلىق چۆگۈن)، چايگۇن (چۆگۈن)، چالما (ئۇننى
سۇغا چىلاپ ئېتىلىدىغان ئۇماچ)، چاپپۇش (قۇلاقچا)، جوسۇن
(بەدەن تۇزۇلۇشى، تۇرق، قامەت)، تىل تاتىق (ماختىلىدىغان،
مەدھىيىلىنىدىغان)، توقشورغۇچ (كۆسەي)، پالچىق (سۇ بار
كېچىك)، بوغماق (باغلام)، سېكىگۇچ (چېكەتكە)، كۇنچېچەك
(ئاپتاپپەرەس)، ماقات (قەبرە)، ناسات (نەسىهەت)،
ئۇتۇنئۆي (ئوتۇنخانا)...

تىلىمىزدىكى هەرقايسى رايون دىيالېكتلىرىغا خاس سۆز-
لەرنى ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە



تۇرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

(1) ئەدەبىي تىلدا مۇتلەق قوللىنىلمايدىغان سۆزلەر. مە-
سلەن: لوپنۇر دىيالېكتىدىكى ئايلۇ (قارانچۇق)، ئىڭگىلىك
(زىرە، هالقا)، قارىشقا (بۆرە)، لاڭقا (ياغاچ توسما)؛ خوتەن دى-
يالېكتىدىكى قاۋۇن (مالنىڭ دوۋسۇنى)، ئۇرۇك (ئىشقى مۇ-
هەببەت)، قۇز (تەسكەي)؛ مەركىزىي دىيالېكتتىكى پىلىچەك
(پىيالە)، چامچا (كۆڭلەك)، گېزەك (نۆۋەت)، جۇجەم، چارسۇ...
دېگەنلەرگە ئوخشاش.

(2) سۆز شەكلى ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش بولسى-
مۇ، بىلدۈرىدىغان مەنىسى ئوخشاشمايدىغان سۆزلەر. مەسلەن،
«چىۋىن» سۆزى لوپنۇردا «پاشا» نى بىلدۈرىدۇ، ئۇلار پاشىنى
«قارا سىڭگەك» دەيدۇ. «سوقا» سۆزى قۇمۇلدا «چاي ئىچىدىغان
كۇرۇشكا» دېگەن بولىدۇ. «چوڭ دادا» دېگەن سۆز قۇمۇل، تۇر-
پان، غۇلجا قاتارلىق جايلاردا «دادىنىڭ ئاكىسى» دېگەن بولىدۇ
ۋە باشقىلار.

(3) مەنىسى ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، تە-
لەپپۇز جەھەتتىن قىسمەن پەرقلىنىدىغان سۆزلەر، مەسلەن:

| ئەدەبىي تىل | داشېۋىلەردە |
|---|---|
| ئۇجمە | جۇجەم، ئۇژمە |
| تاۋار | تاگار، توگا |
| ۋەسىيەت | گۆسىيەت |
| سوپۇن | سوۋۇن، سوگۇن |
| ئۆتۈك | ئۆتەك |
| تىرەك | دىيەك |
| (ماڭا) قارا | قايلا، قا:لا |
| يانچۇق | ياچۇق |
| بېلىق | بالىق |

| | |
|---|---|
| رۇجەك | ئورۇجەك |
| يىلتىز | ئىلتىز |
| ئېۋەن | ئەۋەن، ئۆگەن |
| تۆۋرۈك | تۆۋلۈك، تۆپلۈك، تۆۋەك |

(4) سۆز يىلتىزى بىلەن سۆزنىڭ ئومۇمىي مەنىسى ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشىشىدىغان، ئەمما ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى ئوخشاشمايدىغان سۆزلەر. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | شېۋىلەردە |
|---|---|
| ئوتۇنخانا | ئوتۇنئۆي |
| ئىتۋاز | ئىتاچى |
| ئوتالغۇ | ئوتاق |
| شالداما | شالدۇرۇق |

(5) ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئاڭلاتقان مەنە دائىرىسىنىڭ كەڭ ـ تارلىقى ئارقىلىق پەرقلىنىدىغان سۆزلەر. مەسىلەن، «داپەندە» سۆزى ئەدەبىي تىلدا «داپچى، داپ چالغۇچى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. بىراق بۇ سۆز شېۋىلەردە «داپەندى» شەكلىدە ئىشلىتىلىپ، ئەدەبىي تىلدىكى مەنىسىدىن باشقا «ئورۇق، ئاجىز؛ يۈزى قېلىن» دېگەن مەنىلەردىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. «ئايماق» سۆزى ئەدەبىي تىلدا ئومۇمەن «ۋىلايەت، ئوبلاست، قەبىلە» مەنىلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ. شېۋىلەردە بولسا «مەھەللە» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: كۆجۈم ئايماق، كۆجۈم مەھەللە... ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى ئومۇمىي ئۇيغۇر سۆز خەزىنىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ پۈتمەس بۇلىقى. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئەمەل-



يەتتە، ھەر قايسى دىيالېكت رايونلىرىنى ئۆزىنىڭ خىزمەت ئوبيېكتى قىلىدۇ. دىيالېكت رايونلىرى ئەدەبىي تىلدىن ئوزۇق ئېلىپ ئۆز تەركىبىنى ئەدەبىيلەشتۈرىدۇ. ئەدەبىي تىل بولسا، ھەر قايسى دىيالېكتلاردىن ھاياتىي كۈچكە ئىگە سۆز ئۈنچىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆز تەركىبىنى بېيىتىدۇ. مەسىلەن، ئاق ئوغۇت، تاڭسۇق، قوپارغۇ، ئەلياتقۇ، جوسۇن، پىچىم (تەقدىر، قىسمەت) دېگەنگە ئوخشاش تەدرىجىي ھالدا ئەدەبىي تىلىمىزدا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىۋاتقان سۆزلەر ئەسلىدە دىيالېكتقا تەۋە سۆزلەردىن ئىدى.

## §3. لۇغەت تەركىبى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى

تىل بىر مىللەتنىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگىسىدۇر. ھالبۇكى، تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولغان لۇغەت تەركىبى شۇ تىللىق مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، روناق تېپىشى ياكى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان بىر پۈتۈن تارىخى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. لۇغەت تەركىبى (يەنى تىل ماتېرىيالى) ئارقىلىق قەدىمىي تارىخنى تەتقىق قىلىش يولىنى ئاچقان گېرمان تىلشۇناسى ياقۇب گرىم (Jakub Grimm) «بىزنىڭ تىلىمىز دېمەك ـ بىزنىڭ تارىخىمىز دېمەكتۇر»[①] دېگەن.

لۇغەت تەركىبىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي سۆزلۈك بىلەن ئومۇمىي سۆزلۈك ئوخشاشلا جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن تەقدىرداش بولىدۇ. «بىر تىلنىڭ ئاساسىي سۆزلۈك قىسمى تۇراقلىق بولىدۇ، ئۆزگىرىشچان بولمايدۇ» دېگىنىمىزدە، ئۇنىڭ ئومۇمىي سۆزلۈككە نىسبەتەن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى

① جاڭ يۇڭيەن: «لېكسىكولوگىيە ھەققىدە بايان»، ئوتتۇرا جۇڭگو سانائەت ئىنستىتۇتى نەشرىياتى 1982 ـ يىلى نەشرى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆزدە تۇتىمىز. ئەمەلىيەتتە، لۇغەت تەركىبىنىڭ ھەر ئىككىلا قىسمى ــ ئاساسىي سۆزلۈك قىسمىمۇ، شۇنداقلا ئومۇمىي سۆزلۈك قىسمىمۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بىراق، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئومۇمىي سۆزلۈككە كۆپرەك تەسىر قىلسا، ئاساسىي سۆزلۈككە ئازراق تەسىر قىلىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تىلنىڭ ئاساسىي سۆزلۈك قىسمىدا كۆپ ئۆزگىرىش پەيدا قىلالماسلىقى ئۇنىڭ ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزەلمىگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى كۆپ ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشقا ھاجەت چۈشمىگەنلىكتىن بولىدۇ. چۈنكى، جەمئىيەت تەرەققىياتى تۈپەيلى بىر يېڭى ئۇقۇم پەيدا بولۇپ، ئۇنى تىلدا ئىپادە قىلىشقا توغرا كەلگەندە، مەزكۇر تىلنىڭ ئىگىسى ئالدى بىلەن ئۆز تىلىدا بۇ ئۇقۇم بىلەن مەنىداش بولغان سۆزلەر بارمۇ - يوق؟ ياكى بۇ ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان سۆز ياساشقا باب كېلىدىغان زاپاس ماتېرىيال بارمۇ - يوق؟ بۇنىڭغا قارايدۇ. ئەگەر بولسا، شۇ تەييار سۆزگە يېڭى ئۇقۇم بېرىپ ئىشلىتىدۇ ياكى زاپاس ماتېرىيال بىلەن سۆز ياسايدۇ. ھالبۇكى، تىلنىڭ ئاساسىي سۆزلۈك قىسمى شۇ تىلنىڭ ئىپتىدائىي ماتېرىيالى بىلەن پۈتكەن ئۇلى، شۇنداقلا ياراملىق زاپچاسلار بىلەن تولغان زاپاس ماتېرىيال ئامبىرىدۇر. شۇڭا ئۇ نىسبەتەن تۇراقلىق بولۇپ، ئاسان ئۆزگەرمەيدۇ.

جەمئىيەت تەرەققىياتى تىلنىڭ ئاساسىي سۆزلۈك قىسمىغا تەئەللۇق سۆزلەرنىمۇ كۈچتىن قالدۇرۇپ، ئىستېمالدىن چىقىرىۋېتەلەيدۇ. ئالايلۇق، ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا ئىزچىل قوللىنىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا خاس بولغان بەزى سۆزلەر جەمئىيەت تەرەققىياتى تۈپەيلىدىن بولغان چەت تىلدىن سۆز قوبۇل قىلىش ئەمەلىيىتى نەتىجىسىدە، ئىستېمالدىن قېلىپ تارىخىي سۆزلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن:



| قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەر | مەنىسى |
|---|---|
| ئازۇن / ئاجۇن | دۇنيا |
| بۇدۇن | خەلق |
| بالىق | شەھەر |
| تامۇغ | دوزاخ |
| قامۇغ | ھەممە |
| يازۇق | گۇناھ |
| ئۆكۈش | كۆپ، جىق |
| ئۇلۇس | مىللەت، خەلق... |

جەمئىيەت تەرەققىياتى ئومۇمىي سۆزلۈككە تەۋە بىر تۈركۈم سۆزلەرنى تىلنىڭ ئاساسىي سۆزلۈك قىسمىغا تەئەللۇق سۆزلەر قاتارىغا ئۆتكۈزەلەيدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، تىلنىڭ ئومۇمىي سۆزلۈك قىسمىغا كىرىدىغان بىر قىسىم سۆزلەر ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئىستېمالدىكى ئىشلىتىلىش چاستوتىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئۇقۇم جەھەتتە ئومۇمىي خەلققە ئۆزلىشىش دەرىجىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن تەدرىجىي ھالدا تىلنىڭ ئاساسىي سۆزلۈك قىسمىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. مەسىلەن، «دۇنيا، ۋەتەن، شەھەر، خەلق، دىيار، مەھەللە، گۇناھ، دوزاخ» قاتارلىق سۆزلەر ئاللىقاچان ئىستېمالدىن قالغان «ئاجۇن، بالىق، بودۇن، يازۇق، تامۇغ» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ئورنىنى تولۇقلاپ، تىلىمىزنىڭ ئاساسىي سۆزلۈك قىسمىغا تەۋە سۆزلەرگە ئايلانغان.

جەمئىيەت تەرەققىياتى ئومۇمىي لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئىخچام، ئۇقۇمچانلىقى يۇقىرى، تەلەپپۇزغا ئەپلىك بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. بوغۇم سانى نىسبەتەن كۆپ بولغان سۆزلەر، تەلەپپۇزغا بىئەپ بولغان سۆزلەر ھامان شاللىنىپ كېتىدۇ.

# ئۈچىنچى باب ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ سېمانتىكىلىق تۈرلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر تۈزۈلۈش جەھەتتىن بىر قانچە تۈرگە ئايرىلغاندىن باشقا، ئاڭلىتىدىغان ئۇقۇم - مەنىلىرىگە قاراپ يەنە «ئاھاڭداش سۆزلەر»، «شەكىلداش سۆزلەر»، «مەنىداش سۆزلەر»، «بىر مەنىلىك سۆزلەر»، «كۆپ مەنىلىك سۆزلەر» ۋە «زىت ئۇقۇملۇق سۆزلەر» دېگەندەك تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. بۇ بابتا مۇشۇ خىل سېمانتىكىلىق ئۆلچەم بىلەن ئايرىلغان سۆز تۈرلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز ۋە ئۇلار ئۈستىدە تەتقىقات يۈرگۈزىمىز.

## 1§. ئاھاڭداش سۆزلەر ۋە شەكىلداش سۆزلەر

### 1. ئاھاڭداش سۆزلەر

فونېتىكىلىق تەلەپپۇزى ئۆزئارا ئوخشىشىدىغان، بىراق ئاڭلىتىدىغان مەنىسى ئوخشىمايدىغان سۆزلەر «ئاھاڭداش سۆزلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئات (مىنىدىغان بىر خىل ھايۋان)؛ ئات (نام، ئىسىم)؛ ئات («ئاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆزىكى). ئاتا (دادا)؛ ئاتا («ئاتىماق» پېئىلىنىڭ بۇيرۇق شەكلى).

ئاھاڭداش سۆزلەردە، ئۆزئارا ئۇقۇم يېقىنلىقى مەنىداشلىق بولمايدۇ. مانا بۇ ئاھاڭداش سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلىك سۆزلەر-



دىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان تۈپكى پەرقى ھېسابلىنىدۇ. ئاھاڭداش سۆزلەر لۇغەتلەردە، ئايرىم - ئايرىم سۆزلەم (词条) قىلىپ ئىزاھلىنىدۇ. مەسىلەن:

بانكا I ئىسىم. پۇل ئامانەت قويۇش، پۇل قەرز بېرىش، پۇل پېرېۋوت قىلىش قاتارلىق كەسىپلەر ئارقىلىق ئامانەت، قەرزنىڭ ۋاستىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئامانەت، قەرز ئاپپاراتى. مەسىلەن: «ياندا قويساڭ ئوتتۇز تەڭگە توققۇز بولۇر، بانكىدا قويساڭ توققۇز تەڭگە ئوتتۇز بولۇر» دېگەندەك.

بانكا II ئىسىم. شېشە ياكى مېتالدىن ياسالغان سىلىندىر شەكىللىك ئىدىش. مەسىلەن: بىر بانكا سۇ يېغى. («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 1 - توم، 40 - بەت)

پۈتمەك I پېئىل. ئاخىرىغا يەتمەك، تاماملىماق، تۈگىمەك، ئاياغلاشماق. مەسىلەن:

تارىم سۈيى پۈتمەيدۇ كېچە - كۈندۈز ئاققانغا،
تۈگىمەيدۇ شېئىرىڭىز قوشاقلارغا قاتقانغا.

پۇلۇڭنىڭ كەتكىنىگە، ئىشىڭنىڭ پۈتكىنىگە قارا. (ماقال)

پۈتمەك II پېئىل. يازماق. مەسىلەن:

ئامانشاھ ئۆز شەھىرىگە قايتقاندىن كېيىن، دەرھال بىر پۈتۈك پۈتۈپ ئەلچىلەرگە تۇتقۇزۇپ يولغا سېلىپتۇ. پۈتۈكتە «ياخشىلىقچە قىزىنى ماڭا بەرسۇن، بولمىسا لەشكەر تارتىپ بېرىپ شەھىرىنى تۈزلەپ، ئۆزلىرىنى باغلاپ كېلىمەن» دېيىلگەنىكەن.

پۈتمەك III پېئىل. ئىچىدىكى بوشلۇق تىنىپ كەتمەك، تۆشۈكى ئېتىلىپ قالماق، پۈتەي ھالەتكە كەلمەك. مەسىلەن: يىڭنىنىڭ تۆشۈكى پۈتۈپ قالماق.

پۈتمەك IV پېئىل. ئىشەنمەك. مەسىلەن: باشقىلارنىڭ سۆزىگە پۈتمەك. «دۈشمەندۇر ھېيلىگەر كۆلگەنگە پۈتمە، ھەسەل دەپ زەھەرنى، گۈل دەپ تىكەننى، دۈمبە دەپ ئۆپكىنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بەرگەنگە پۈتمە.» («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 1 - توم، 404 -، 761 -، 762 - بەتلەر)

ئاھاڭداش سۆزلەرنى تۈزۈلۈشىگە قاراپ مۇنداق ئۈچ تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن.

بىرىنچى، تۈپ سۆزلۈك ئاھاڭداش سۆزلەر. بۇ ھالدا سۆزلەر تۈپ سۆز ھالىتىدىلا ئۆز ئارا ئاھاڭداش بولۇپ كېلىدۇ. بۇ خىلدىكى ئاھاڭداش سۆزلەرنى ئۆز ئىچىدىن يەنە بىر قانچە خىلغا بۆلۈشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، ئىسىم بىلەن ئىسىم، ئىسىم بىلەن سۈپەت، سۈپەت بىلەن پېئىل، ئىسىم بىلەن پېئىل ئاھاڭداش بولۇپ كەلگەنلىرى دېگەندەك.

△ ئىسىم بىلەن ئىسىم ئاھاڭداش بولۇپ كەلگەن ئاھاڭداش سۆزلەر:

بالا①: باشقا كەلگەن ئاپەت، پالاكەتلىك.

ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا. (ماقال)

بالا②: ئۆينىڭ ئۈستىنى يېپىشتا سىنجى ياغاچ ئۈستىگە توغرىسىغا قويۇلىدىغان ۋە ئۈستىگە ۋاسا ئورنىتىلىدىغان ياغاچ، جەگە. مەسىلەن: بالا بېشى.

باغ①: شاپتۇللۇق باغ، بىزنىڭ بېغىمىز.

باغ②: ئىشتاننىڭ بېغى، سائەت بېغى.

تارتۇق①: تارتۇقلىماق، سوۋغا - تارتۇق تەقدىم قىلماق.

تارتۇق②: تارتۇق ئادەم، تارتۇق بولۇپ قالماق.

بوغۇز①: ئات - ئۇلاغلارنىڭ ئاشلىقتىن تەييارلانغان ئوزۇقى.

بوغۇز②: ئېغىز بوشلۇقىنىڭ قىزىلئۆڭگەچ باشلانغان يېرى.

بۇرغا①: كانچىلىق، نېفىتچىلىك ساھەلىرىدە تېشىش، كولاش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بىر خىل ئۈسكۈنە.

بۇرغا②: كالا، تاغ تېكىسى قاتارلىقلارنىڭ مۈڭگۈزىدىن ياسىلىدىغان، پۈۋلەپ چېلىنىدىغان بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى.

تاش①: تاش ئاتماق، «تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز»(ماقال)



تاش②: تۇماقنىڭ تېشى، يوتقان تېشى؛ تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال.

تالا①: تالا مۇشۇكى ئۆي مۇشۇكىنى قوغلاپتۇ.

تالا②: سۈنئىي تالا، بىرىكمە تالا (合成纤维)...

پوست①: مۇھىم جايلارنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئەسكەر، قاراۋۇل.

پوست②: دەرەخ، مېۋە، كۆكتات، دان قاتارلىقلارنىڭ سىرتىنى ئوراپ تۇرغان قەۋىتى.

△ ئىسىم بىلەن سۈپەت ئاھاڭداش بولۇپ كەلگەن ئاھاڭداش سۆزلەر:

پاڭقاي①: ئىسىم. ئات، كالا، قوي قاتارلىق سۆڭەكلىك ھايۋانلارنىڭ كەينى پۇتىنىڭ تىزىدىن ئۇشۇقىغىچە بولغان ئىلىك ئۇستىخىنى، سۆڭىكى، مەسىلەن: قوي پاڭقىيى، ئات پاڭقىيى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

پاڭقاي②: سۈپەت. قۇلىقى ئاڭلىمايدىغان، قۇلىقى ئېغىر، ئاڭلىماس، ساغرۇ: پاڭقاي ئادەم.

پالاق①: ئىسىم. دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنى ئۇرىدىغان ياكى سوراقخانىلاردا گۇناھكارلارنى ئۇرىدىغان جازا قورالى، يېسى تاياق: پالاققا تارتماق.

پالاق②: سۈپەت. بىقىسىغان، بۇزۇلغان، سېسىپ قالغان، كۆكىرىپ قالغان (تۇخۇم ھەققىدە ): پالاق تۇخۇم.

پارپا①: ئىسىم. زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك.

پارپا②: سۈپەت. پاكار، پاكىنەك، پەتەك: پارپا ئادەم.

پوكان①: ئىسىم. ئادەم ۋە ئۇچار قۇشلار بەدىنىنىڭ تۆش قىسمى، كۆكرەك: ھەيدەر پوكىنىنى ئۇستەلگە قويغىنىچە ئۇيقۇغا كەتتى.

پوكان②: سۈپەت. چالا پىشقان (مېۋە - چېۋە ھەققىدە)،

تولۇق قاتمىغان (زىرائەت دانلىرى ھەققىدە)، نەملىكنى يوقاتمىغان، قۇرۇمىغان (كىيىم - كېچەك قاتارلىقلار ھەققىدە)...

△ سۈپەت بىلەن پېئىل ئاھاڭداش بولۇپ كەلگەن ئاھاڭداش سۆزلەر:

يات①: سۈپەت، يات ئادەم، يات مىللەت، پىرولېتارىياتقا يات ئىدىيە.

يات②: پېئىل(«ياتماق» پېئىلىنىڭ بۇيرۇق شەكلى). بالام، تولا غەلۋە قىلما، يات ئەمدى.

ئاق①: سۈپەت. ئاق قەغەز، ئاق كۆڭۈل، ئاق قوناق، ئاق ئالتۇن.

ئاق②: پېئىل. سۇدا ئاقماق، سەل بولۇپ ئاقماق...

تىك①: سۈپەت. تىك يار، تىك قۇدۇق، تىك تاغ، تىك بۇلۇڭ.

تىك②: پېئىل. باي بولاي دېسەڭ كۆچەت تىك.

△ ئىسىم بىلەن پېئىل ئاھاڭداش بولۇپ كەلگەن ئاھاڭداش سۆزلەر:

ئاغ①: ئىسىم. ئىشتاننىڭ ئىككى پاچىقى چېتىلىدىغان جاي.

ئاغ②: پېئىل. ئاغماق، بىرەر تەرەپكە يېتىپ قىيا ھالەتكە كەلمەك، قىيسايماق...

ئاتا①: ئىسىم. بالىلىق ياكى بالىسى بار ئەر كىشى. ئۆز ئاتا، ئۆگەي ئاتا.

ئاتا②: پېئىل. سەن ئۇنىڭ ئىسمىنى توغرا ئاتا...

تىز①: ئىسىم. ئادەمنىڭ تىزى، قار تىزغىچە ياغدى. بالىنى تىزىغا ئولتۇرغۇزماق.

تىز②: پېئىل. خىش - كېسەكلەرنى ئالدىرىماي، رەتلىك تىز.

تۇغ①: ئىسىم. تۇغ - ئەلەم، تۇغ خادىسى، قىزىل تۇغ، تۇغلار لەپىلدىمەكتە.

تۇغ②: پېئىل. ئالا سىيىر ئاخشام تۇغدى. ئاي تۇغدى...

تۆپ سۆزلۈك ئاھاڭداش سۆزلەر يۇقىرىقىلار بىلەنلا تو-



گىمەيدۇ. ھەر قايسى سۆز تۈركۈملىرى بويىچە ياكى ئارىلاشتۇرۇپ يەنە بىر قانچە تۈرلەرگە ئايرىپ كۆرسىتىشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، پېئىل سۆزلىرىدىنلا شەكىللەنگەن ئاھاڭداش سۆزلەر، سۈپەت بىلەن سۈپەت ئاھاڭداش بولۇپ كەلگەن سۆزلەر، ئىسىم بىلەن تەقلىد، ئىسىم بىلەن مىقدار ئاھاڭداش بولۇپ كەلگەن سۆزلەر... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئىككىنچى، ياسالما سۆزلەردىن شەكىللەنگەن ئاھاڭداش سۆزلەر. بۇ خىل ئاھاڭداش سۆزلەرگە پەقەت مۇئەييەن تۆپ سۆزگە مەلۇم سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان تەلەپپۇزى ئوخشاش، بىراق مەنىلىرى تۈپتىن ئوخشاشمايدىغان ياكى مەنىلىرى بىر - بىرىگە يېقىن كەلمەيدىغان سۆزلەر كىرىدۇ. مەسىلەن:

باشلىق I. ئىسىم. ئائىلە، ئىدارە، تەشكىلات، مۇئەسسەسە قاتارلىقلارغا باشچىلىق قىلغۇچى مەسئۇل كىشى. رەھبەر، ئائىلە باشلىقى، ئىدارە باشلىقى.

باشلىق II. ئىسىم. ئاياغ كىيىمنىڭ يۈزىنى قاپلاپ تۇرىدىغان قىسمى.

باشلىقلىق 1: «باشلىق» نىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى. باشلىقلىق ياراشماق.

باشلىقلىق 2: ئىسىم. ئۆتۈك قاتارلىق ئاياغ كىيىمنىڭ يۈزىنى قاپلاشقا ئىشلىتىلىدىغان تېرە رەخت.

ئۈچىنچى، تۆپ سۆز بىلەن ياسالما سۆزدىن شەكىللەنگەن ئاھاڭداش سۆزلەر. بۇ خىل ئاھاڭداش سۆزلەردە مۇئەييەن بىر تۆپ سۆزنىڭ مەلۇم سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇلغاندىن كېيىنكى شەكلى شۇ تىلدا ئىستېمال قىلىنىدىغان باشقا بىر تۆپ سۆز بىلەن ئاھاڭداش بولۇپ قالغان بولىدۇ. مەسىلەن:

ياغلىق①. تۆپ سۆز. ئىسىم. قول ياغلىقى، باش ياغلىقى، ھەرەم ياغلىقى.



www.uyghurkitap.com

ياغلىق②. ياسالما سۆز (ياغ + لىق). سۈپەت. ياغلىق گۆش، ياغلىق زىرائەت.

سالما①. تۈپ سۆز. ئىسىم. قۇلاق سالمىسى.

سالما②. ياسالما سۆز (سال + ما). ئىسىم. سالما تاشلىماق، ئاتنى سالما تاشلاپ تۇتماق.

قىرىنداش①: ئىسىم. خەت يېزىش قورالى، قىرىنداش بىلەن خەت يازماق.

قىرىنداش②: ئىسىم (قىرىن + داش). بىر قورساقتىن چىققان، بىر ئەجدادتىن بولغان.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تۈپ سۆزلەرگە مەلۇم سۆز تۇرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان تەركىب بىلەن باشقا بىر تۈپ سۆز شەكلەن ئوخشىشىپ قالسا، بۇلارنى ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ ھېسابلاشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، ئىسىم سۆز «تەڭگە» (بەش تەڭگە، ئون تەڭگە، تەڭگە پۇل) بىلەن «تەڭگە تەڭ سۇ قۇيماق» تىكى «تەڭگە»قۇرۇلمىسى تەلەپپۇز جەھەتتىن ئوخشىشىدۇ. بىراق بۇلار ھەرگىزمۇ ئاھاڭداش سۆزلەر قاتارىغا كىرمەيدۇ. چۈنكى، بىرىنچى تەركىبتىكى «تەڭگە» لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە سۆز. ئىككىنچى تەركىبتىكى «تەڭگە» بولسا «تەڭ» سۆزىنىڭ يۆنىلىش كېلىشلىك شەكلى بولۇپ، ئۇ مۇئەييەن لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە ئەمەس.

## 2. شەكىلداش سۆزلەر

يېزىقتىكى يېزىلىش شەكلى ئوخشاش، بىراق ئېغىزدىكى تەلەپپۇزى ۋە مەنىلىرى ئوخشاشمايدىغان سۆزلەر «شەكىلداش سۆزلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

بالا: ئىسىم. پەرزەنت.

مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا. (ماقال)



بالا: ئىسىم. باشقا كەلگەن ئاپەت. بېشىغا بالا بولماق.

بىر بالاسى بولمىسا، قۇيرۇق ياتامدۇ تاشتا. (ماقال)

ئاچا: ئىسىم. بىر گەۋدىدىن ئايرىلىپ چىققان بۆلەك، پۇتاق. دەرەخنىڭ ئاچىسى.

ئاچا: ئىسىم. ئۆزىدىن چوڭ ئايال تۇغقان، ئەخمەتنىڭ ئاچىسى.

كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، يۇقىرىقى ئىككى جۈپ سۆز ئۆزئارا يېزىلىش جەھەتتىن شەكىلداش بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلارنى «شەكىلداش» سۆزلەر دەيمىز. ئۇلارنىڭ تەلەپپۇزى، ئېيتىلىش ئاھاڭى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى «ئاھاڭداش سۆزلەر» كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزۈپ قويۇشقا مۇتلەق بولمايدۇ. يېزىلىش شەكلى ئوخشاش بولغان ئىككى سۆزنىڭ شەكىلداش سۆز ياكى ئاھاڭداش سۆزلىكىنى ئايرىيدىغان ئۆلچەم مەزكۇر ئىككى سۆزنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش ياكى قىسقا سوزۇق تاۋۇش ئىكەنلىكىگە قاراشتۇر.

ئەگەر يېزىلىشى ئوخشاش بولغان ئىككى سۆزنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسى قىسقا سوزۇق تاۋۇش ياكى ھەممىسى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلاردىن بولسا (يەنى سوزۇق تاۋۇشلار بىر خىل بولسا)، مۇنداق ئىككى سۆز ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئىككى سۆزنىڭ بىرى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق، يەنە بىرى قىسقا سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆز بولسا (ئىككى سۆزنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇش ئىككى خىل بولسا)، مۇنداق سۆزلەر ئاھاڭداش سۆزلەر ئەمەس، ئەكسىچە شەكىلداش سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، خالاس.

تۆشۈك: ئىسىم.تامنىڭ تۆشۈكى، تۆشۈك تەشمەك.

تۆشۈك: ئىسىم.تۆشۈكى بار ئايال (ئاش ـ تاماققا ئۇستا ئايال)، تۆشۈككە پىشقان قىز.

روشەنكى، بۇ بىر جۈپ سۆزشەكىلداش سۆزلەر قاتارىغا

كىرىدۇ، چۈنكى «تامنىڭ تۆشۈكى» دىكى «تۆشۈك» سۆزىدىكى
«ئۆ»، «ئۈ» لەر قىسقا سوزۇق تاۋۇش، ئەمما «تۆشۈكى بار ئا ـ
يال» دىكى «تۆشۈك» نىڭ تەركىبىدىكى «ئۆ» سوزۇق تاۋۇشى
بولسا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشتۇر.

چۆچەك I. ئىسىم. چۆچەك ئېيتماق، ئۇيغۇر خەلق
چۆچىكى.

چۆچەك II. ئىسىم. بىر خىل ياغاچ قاچا، چۆچەكتىكى
چۆپنى يېمەك.

توز I. ئىسىم. بىر خىل قۇش، «توز» ماركىلىق
ۋېلىسىپىت.

توز II. ئىسىم. توگمەننىڭ توزى.

توز يالىغان ئىت قوپارغا ئاستىدا ئۆلەر. (ماقال)

روشەنكى، بۇ ئىككى جۈپ سۆز «ئاھاڭداش سۆزلەر» قاتا ـ
رىغا كىرىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار
بىر خىل، يەنى ئالدىنقى ئىككى سۆزنىڭ باش بوغۇمىدا بىردىن
ئۇزۇن سوزۇق، ئاخىرقى بوغۇمىدا بىردىن قىسقا سوزۇق تا ـ
ۋۇش بار. كېيىنكى ئىككى سۆزنىڭ سوزۇق تاۋۇشلىرى ئوخ ـ
شاشلا قىسقا سوزۇق تاۋۇشلاردۇر.

لۇغەتلەردە، ئاھاڭداش بولغان ئىككى سۆزنى بىر ـ بىر ـ
دىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن، ئادەتتە، «I، II» دېگەندەك رەقەم ـ
لەر ئىشلىتىلىدۇ. (مەسىلەن، يۇقىرىدا بېرىلگەن «چۆچەك،
توز» سۆزلىرىگە ئوخشاش) ئەمما، شەكىلداش سۆزلەردە، مەز ـ
كۇر سۆزلەر تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئۆز ئارا پەرقلەندۇ ـ
رۇلگەن هالدا كۆرسىتىلىدۇ. يەنى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار ئۈ ـ
چۈن « : » بەلگىسى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئارا: ئىسىم. مۇئەييەن شەيئىلەر ياكى ئىككى نۇقتا ئوت ـ
تۇرىسىدىكى مۇساپە، ئارىلىق.



قول بىلەن يانچۇقنىڭ ئارىسى قىرىق كۈنلۈك. (ماقال)

ئا: را: ئىسىم. دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان تۆمۈر ياكى
ياغاچتىن ياسالغان چىشلىق سايمان. بەش چىشلىق ئارا. ئارا
بىلەن خامان سورىماق.

پاچاق: رەۋىش. پۇكىلۇپ سۇنغان، پارچىلانغان ئەبجەق.
پاچاقلاپ تاشلىماق؛

بىر ئۇرۇپ پەرهاد سۇپەت چاققۇم كېلۇر،
ئەھرىمەننىڭ تەختىنى ئەيلەپ پاچاق.
جان تىكىپ مەن دەۋرگە ياققۇم كېلۇر،
ئىلىم ـ پەندىن مەڭگۈگە ئۆچمەس چىراغ.

پا: چاق: ئىسىم. ئادەم ۋە هايۋانلارنىڭ پۇتىنىڭ تىزىدىن
تۆۋەنكى قىسمى؛ شىراق. ئۇزۇن پاچاق ئايال، پاچىقىنى چاق ـ
ماق، پاچاققا ئېسىلماق («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاهلىق لۇغىتى»
1 ـ توم، 53 ـ، 58 ـ، 608 ـ، 609 ـ بەتلەر).

ئۇيغۇر تىلىدا شەكىلداش سۆزلەرنىڭ سانى خېلى بار.
ئالايلۇق، «جازالىماق» تىكى «جازا» سۆزى بىلەن «ئۆي جازد ـ
سى» دىكى «جازا» سۆزى، «چاتاق چىقماق» تىكى «چاتاق» سۆزى
بىلەن «دەرەخ چاتاقلىماق» تىكى «چاتاق» سۆزى، «ئۇرۇپ چاق ـ
ماق» تىكى «چاق» سۆزى بىلەن «هارۋىنىڭ چاقى» دىكى
«چاق» سۆزى، «چاپان ياماش» تىكى «ياماش» بىلەن «تاغقا يا ـ
ماش»تىكى «ياماش» سۆزى، «تاماق يېمەك» تىكى «تاماق» سۆزى
بىلەن «ئېتىزغا تاماق( ta:mak ) سالماق»تىكى «تاماق» (ئىش ـ
لەپچىقىرىش قورالى) سۆزى، «پەرزەنت» مەنىسىدىكى «بالا»
سۆزى بىلەن «ئاپەت» مەنىسىدىكى «بالا» (bala:) سۆزى، «دادا»
مەنىسىدىكى «ئاتا» سۆزى بىلەن «ئىنئام قىلماق، بەرمەك» مە ـ
نىسىدىكى «ئاتا قىلماق» تىكى «ئاتا») ata: (سۆزى، «پاشا چاق ـ
ماق» تىكى «پاشا» سۆزى بىلەن ئىسىم ۋە قەدىمىي ئۇنۋانلاردا

ئىشلىتىلىدىغان «پاشا» (pa:xa) سۆزى، «پارس تىلى» دىكى «پارس» سۆزى بىلەن ئاۋاز تەقلىدى «پارس - پۇرۇس» تىكى «پارس» سۆزى، «ئارا ياسىغۇچى» مەنىسىدىكى «ئارىچى» (a:riqi) سۆزى بىلەن «ئارىچىغا ئالتە تاياق»تىكى «ئارىچى» سۆزلىرى ئۆز ئارا شەكىلداش سۆزلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شەكىلداش سۆزلەرنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى تەتقىقاتىدا، خۇسۇسەن ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار تەتقىقاتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 3. ئاھاڭداش ۋە شەكىلداش سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداش سۆز ۋە شەكىلداش سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تەرەپلەردىن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

بىرىنچى، تىل تاۋۇشلىرى ھامان چەكلىك بولىدۇ، ھالبۇكى مانا مۇشۇ چەكلىك بولغان تىل تاۋۇشلىرىدىن سۆز ياساش جەريانىدا، بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ تاسادىپىي ھالدا ئاھاڭداش ياكى شەكىلداش بولۇپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن: «بوز يەر» دىكى «بوز» بىلەن «بوزرەڭ» دىكى «بوز»، «توز ماركىلىق»تىكى «توز» بىلەن «تۆگمەننىڭ توزى» دىكى «توز» قاتارلىقلار.

ئىككىنچى، ئۇزاق يىللىق ئىستېمال جەريانىدا، سۆزلەردە تۈرلۈك فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بېرىشى تەبىئىي ھادىسە. مانا مۇشۇنداق فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش يۈز بېرىش نەتىجىسىدە بىر قىسىم ئاھاڭداش ۋە شەكىلداش سۆزلەر پەيدا بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، «تاغقا ياماش» تىكى «ياماش» سۆزى ئۆز ۋاقتىدا «يارماش» شەكلىدە بولۇپ، ئۇزاق يىللىق ئىستې-



مال جەريانىدا، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان، نەتىجىدە ئۇ بۈگۈنكى كۈندىكى «چاپان ياماش» تىكى «ياماش» بىلەن شەكىلداش بولغان «يا: ماش» بولۇپ قالغان. خۇددى شۇنىڭدەكلا بۈگۈنكى ئىستېمالىمىزدىكى «ئېتىزغا تا: ماق سالماق» تىكى «تا: ماق» سۆزىمۇ، ئۆز ۋاقتىدا «تارماق» شەكلىدە ئىدى. ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا ئۇنىڭ تەركىبىدىكى «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان، نەتىجىدە ئۇ بۈگۈنكى كۈندە «تاماق يېمەك» تىكى «تاماق» بىلەن شەكىلداش بولغان «تا: ماق» سۆزى بولۇپ قالغان ۋە باشقىلار.

ئۈچىنچى، كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ بىر قانچە مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يىراقلىشىشى، ئاخىرى بېرىپ ئۈزۈلۈشى نەتىجىسىدە بىر قىسىم ئاھاڭداش ۋە شەكىلداش سۆزلەر ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: «ئەسەر» سۆزى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە بىر كۆپ مەنىلىك سۆز بولۇپ، ئۇ « (1) قەدىمكى ئىز؛ (2) تەسىر، رول، ئۈنۈم؛ (3) داغ؛ (4) ئەسەر، يازما ئەمگەك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرەتتى. ئىستېمال جەريانىدا، مەزكۇر سۆزدىكى «ئىز» بىلەن «يازما ئەمگەك، ئەسەر» دېگەن مەنىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇقۇم چېگراسى بارا - بارا يىراقلىشىپ، بۈگۈنكى كۈندىكى بىر قاراشتىلا ئۇلارنىڭ ئەسلىدە مەنىۋەداش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولمىغىدەك دەرىجىگە كېلىپ، شەكىلداش سۆزگە ئايلىنىپ كەتكەن. («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 1 - توم، 265 - بەت)

تۆتىنچى، سۆزلەردىكى مەنە كۆچۈش ھادىسىسى تۈپەيلىدىن، خۇسۇسەن سۆز ئىخچاملىنىش ۋاستە قىلىنغان مەنە كۆچۈش ھادىسىسى سەۋەبىدىن بىر قىسىم ئاھاڭداش ۋە شەكىلداش سۆزلەر پەيدا بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، «ساپلىق قازان» دېگەن سۆز بىرىكمىسىدىن ئىخچاملىنىپ شەكىللەنگەن «ساپلىق» (炒勺) دېگەن ئىسىمنىڭ «سېپى بار، ساپ قىلىشقا

بولىدىغان» مەنىلىرىدىكى سۆپەت سۆز «ساپلىق» بىلەن ئاھاڭداش بولۇپ قېلىشى؛ «تاماق يولى» (食道) دېگەن سۆز بىرىكمىسىدىن ئىخچاملىنىپ شەكىللەنگەن «تاماق» (تامىقى قۇرۇپ كەتمەك) سۆزىنىڭ «تائام» مەنىسىدىكى «تاماق» سۆزى بىلەن ئاھاڭداش سۆز شەكىللەندۇرۇشى ۋەھاكازالار.

بەشىنچى، يېڭى سۆزلەرنى ياساش جەريانىدىمۇ بىر بۆلەك ئاھاڭداش ۋە شەكىلداش سۆزلەر پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، «ئات» دېگەن ئىسىمغا «ئالىدىغان، تۇتىدىغان» مەنىسىدىكى «ئالغۇ» سۆزىنىڭ بىرىكتۈرۈلۈشىدىن ياسالغان (ئات تۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئارغامچا، سالما... مەنىسىدىكى) «ئاتالغۇ» كەلىمىسىنىڭ سۆز ـ ئاتالغۇدىكى «ئاتالغۇ» سۆزى بىلەن ئاھاڭداش سۆز ھاسىل قىلىشى ۋە باشقىلار. («ئىزاھلىق لۇغەت» 1 ـ توم، 17 ـ بەت)

ئالتىنچى، چەت تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدىمۇ بىر بۆلەك ئاھاڭداش ۋە شەكىلداش سۆزلەر ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن، ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىنغان «ئاپەت» مەنىسىدىكى «بالا» (ئەسلى: ‹بەلا›) سۆزىنىڭ، «ئىنئام قىلماق، بەرمەك» مەنىسىدىكى «ئاتا» سۆزىنىڭ ئۇيغۇرچىدىكى «پەرزەنت» مەنىسىدىكى «بالا» ۋە «دادا» مەنىسىدىكى «ئاتا» سۆزلىرى بىلەن ئۆزئارا شەكىلداش سۆزلەر بولۇپ قېلىشى؛ رۇس تىلىدىن ئۆزلەشكەن «ئاياغ» مەنىسىدىكى «پۇت» سۆزى بىلەن ئېغىرلىق ئۆلچىمى بولغان «پۇت» سۆزىنىڭ ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەر بولۇپ قېلىشى؛ خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان «ياغاچ» مەنىسىدىكى «پەن» سۆزى بىلەن ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىنغان «ئىلىم» مەنىسىدىكى «فەن» سۆزىنىڭ ئىستېمال جەريانىدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش قىلىپ، ئاخىرىدا «پەن» شەكلىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەردىن بولۇپ قالغانلىقى ۋەھاكازالار.



## 4. ئاھاڭداش ۋە شەكىلداش سۆزلەرنىڭ رولى

ئاھاڭداش سۆزلەر بىلەن شەكىلداش سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدا ئەزەلدىنلا بار بولۇپ كېلىۋاتقان سۆز تۈرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ بۈيۈك شاھ ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›»دا، ئاھاڭداش ۋە شەكىلداش سۆزلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم سۆزلەم قىلىپ ناھايىتى ئېنىق ئىزاھلاپ كۆرسەتكەن.

شەكىلداش سۆزلەرگە مىسال:

ئات. «قۇش قاناتىن، ئەر ئاتىن (قۇش قانىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن)

ئا: ت. لەقەم. ئۇنۋان. بەگ ئاڭار ئا: ت بەردى (بەگ ئاڭا ئۇنۋان بەردى). («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ توم، 107 ـ، 108 ـ بەتلەر، 1981 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى)

ئاچ. «ھاي، ھەي، ھوي» مەنىلىرىدە ئىشلىتىلىدىغان ئۈندەش سۆز. ئاچ بەرۇكەل (ھوي، بېرى كەل!)

ئا: چ. ئاچ. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: ئا:چ نە يەمەس، توق نە تەمەس (ئاچ نېمە يېمەس، توق نېمە دېمەس) ئاچ ئالدىغا كەلگەننى يەۋېرىدۇ، توق ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدۇ. (يۇقىرىقى ئەسەر، 49 ـ، 108 ـ بەتلەر)

ئاھاڭداش سۆزلەرگە مىسال:

يازۇق 1. پېئىل. يېشىكلىك، يازۇق ئات. (يېشىكلىك ئات، باغلاقتىن يېشىلىپ كەتكەن ئات)

يازۇق II. گۇناھ. ئوت تۇتۇنسىز بولماس، يىگىت يازۇقسىز بولماس. يىگىتلەر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ جىملەنمەكچى بولغاندا مۇشۇ سۆزلەر بىلەن ئۆزرە سورىلىدۇ.

بۇلاق I. كىچىك بۇلاق. ئاقتۇرۇ كۆزۈم بۇلاق، تۇش قىد-



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لۇر ئۆردەك يۇغاق. (كۆزۈمدىن ياش بۇلاق بولۇپ ئاقىدۇ. ئۇ- نىڭغا ئۆردەك يۇغاقلار چۈشىدۇ.)

بۇلاق II. چىغىر يول. چۆل - باياۋانلاردا بولىدىغان يال- غۇز ئاياغ يول.

بۇلاق III. يوللۇق. بۇلاق بارچىن: يوللۇق يىپەك رەخت.

(يۇقىرىقى ئەسەر III توم، 19 -، 20 -، 21 - بەتلەر)

ئاھاڭداش سۆزلەر بىلەن شەكىلداش سۆزلەر ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتىدا مۇئەييەن ئاكتىپ روللارغا ئىگە. خۇسۇسەن ئاھاڭداش سۆزلەر ئەزەلدىن تارتىپلا ئەدەبىيات گۈلزارىمىزدىكى تۇيۇق، مۇئەممما (شېئىرىي تېپىشماق) قاتارلىق ژانىرلاردا ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. مەسىلەن:

چۈن پەرىيۇ ھۆردۇر ئاتىڭ بەگىم،
سۈرەت ئىچرە دىۋ ئەرۇر ئاتىڭ بەگىم.
ھەر خەدەنگىكىم ئۇلۇس ئاندىن قاچار،
ناتەۋان جانىم سارى ئاتىڭ بەگىم.

(يېشىمى: خېنىم سېنىڭ ئېتىڭ ھۆر - پەرىدۇر، سېنىڭ ئېتىڭ سۈرەتتە دىۋىگە ئوخشىشىدۇ، سەن كىشىلەر ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ئوقلىرىڭنى مېنىڭ زەئىپ جېنىمغا قارىتىپ ئېتىۋەرگىن) (ئەلىشىر نەۋائىي: «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن (ئىككى تىل ھەققىدە مۇھاكىمە)»، 17 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1988 - يىلى نەشرى)

تاڭغا تەشنا ئىنتىزار بولدۇم سېغىندىم تاڭ دېدىم،
سورىسا بەتبەخت سوئال يەلكەمنى قورۇپ «تاڭ» دېدىم.
تۈن زېمىستان قويىندا تۇرغاندا ئاھ يارەنلىرىم،
تاڭ يېقىن تاڭ ئىشقىنى قەلبىڭگە مەھكەم تاڭ دېدىم.

(مۇھەممەتئەلى زۇنۇن تەشنائىي: «يېڭى قاشتېشى» دىن)



چۆلدە قالسامۇ نە ھاجەت ئات ماڭا،
سىڭدى «مەجنۇن» دەپ چىرايلىق ئات ماڭا.
قېنى سەن لەيلى، مېنى ئۆلمە دېسەڭ،
ئوق قىلىپ كىرپىكلىرىڭنى ئات ماڭا.

(تېيىپجان ئېلىيوۋ: «باھار ئىلھاملىرى» 98 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 - يىلى نەشرى)

تىل ئۇستىلىرى، شائىرلار خۇسۇسەن تۇيۇق ژانىرىدا سۆز بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەنمۇ ئاھاڭداش سۆز ھاسىل قىلىدۇ، بۇمۇ ئەنئەنىۋى تىل ئادەتلىرىمىزنىڭ بىرى سانىلىدۇ. مەسىلەن:

لەئلىدىن جانىمغا ئوتلار يا قىلۇر،
قاش قەددىمنى جەفادىن يا قىلۇر.
مەن ۋەفاسى ۋەئدەسىدىن شادمەن،
ئول ۋەفابىلمانكى قىلماس يا قىلۇر.

(يېشىمى: ياقۇتتەك قىزىل لېۋىدىن جېنىمغا ئوتلار يېقىدۇ؛ ھىلالدەك گۈزەل ئەگىم قېشىنىڭ دەردى قەددىمنى ئوقيانىڭ ياسىدەك ئېگىۋېتىدۇ؛ مەن ئۇنىڭ «ۋاپا قىلىمەن» دېگەن ۋەدىسىدىنمۇ خۇشالمەن، ئەمما ئۇ راست ۋاپا قىلامدۇ ياكى قىلمامدۇ بىلمەيمەن - دە!)

(نەۋائىي: «تۇيۇقلار»، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى»، 247 - بەت، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى)

چاغلىماي سۆز قىلسا ئالدى - ئارقىنى،
دەيدىكەن خەق: «سەندە نومۇس - ئار قېنى؟»
گەر خاتاغا كەلمىسە دەرھال جازا،
يوق دېمەك ھەقنىڭ ئۈزۈنكەن ئارقىنى.

(تېيىپجان ئېلىيوۋ: «باھار ئىلھاملىرى»، 2 - بەت)

## 2§. مەنىداش سۆزلەر

### 1. مەنىداش سۆزلەرنىڭ تەبىرى ۋە دائىرىسى

ئاڭلىتىدىغان مەنىلىرى ئۆزئارا ئوخشاش (يەنى تەڭ) ياكى يېقىن (يەنى ئوخشاپراق كېلىدىغان) سۆزلەر «مەنىداش سۆزلەر» دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

كۆرمەس، ئەما، كور، قارىغۇ.

تىمتاس، جىمجىت، تىنچ.

ساق، ساغلام، سالامەت.

ئاتاقلىق، داڭلىق، نامدار، مەشھۇر.

تاتلىق، تەملىك، لەززەتلىك، مەززىلىك، شېرىن ...

ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلغاندا، مەنىداش سۆزلەرنى يەنە «مۇتلەق مەنىداش سۆز» ۋە «نىسپىي مەنىداش سۆز» دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، سۆزلۈك سوستاۋىدا، مەنىلىرى بىر - بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىشىدىغان ياكى مۇتلەق تەڭ كېلىدىغان سۆزلەرمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «بودۇن» بىلەن «ئەل»، «ياغى» بىلەن «دۈشمەن»، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى «سىر» بىلەن «راز»، «ئەئما» بىلەن «كور»، ھازىرقى تىلىمىزدىكى «گۇڭچەنداڭ» بىلەن «كومپارتىيە / كوممۇنىستىك پارتىيە»، «داشۆ» بىلەن «ئۇنىۋېرسىتېت» دېگەنلەرگە ئوخشاش. بىراق، بۇ خىلدىكى مۇتلەق مەنىداش سۆزلەر ئەدەبىي تىل نورمىسىنى بىر ئىزغا چۈشۈرۈپ، سۆز - ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ ئوبيېكتى قىلىنىپ، ھامان بىر سۆزگە مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ ياكى تىل تەرەققىياتى جەريانىدا، شۇ تىلنى ئىشلەتكۈچى خەلق تەرىپىدىن يا بىرى شاللاپ چىقىرىۋېتىلىپ ئىستېمالدىن پۈتۈنلەي قالدۇرۇلىدۇ



(مەسىلەن، «بودۇن»، «راز» سۆزلىرىگە ئوخشاش)، ياكى ئۆز ۋاقتىدىكى مۇتلەق مەنىداش سۆزلەر تەدرىجىي ھالدا ئىشلىتىلىش ئورنى ۋە سېمانتىكىلىق تۈس جەھەتلىرىدە ئاز - تولا بولسىمۇ پەرقلىنىدىغان نىسپىي مەنىداش سۆزلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ (مەسىلەن، «كور» ۋە «ئەما» سۆزلىرىگە ئوخشاش ). شۇڭا بىز «مەنىداش سۆزلەر» دېگەندە ئادەتتە «نىسپىي مەنىداش سۆزلەر»نى كۆزدە تۇتىمىز.

دەرۋەقە، بەزى تىلشۇناسلار مەنىداش سۆزلەر بىلەن «تەڭ مەنىلىك سۆزلەر» نى ئايرىم - ئايرىم ئۇقۇم، ئايرىم - ئايرىم تۈر قىلىپ چۈشەندۈرىدۇ. بىزنىڭچە، بىرىنچىدىن، «مەنىداش» دېگەنلىك «مەنە جەھەتتە تەڭداش ۋە يانداش» دېگەنلىك بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، تىلنىڭ ئومۇمىي سوستاۋىدىن ۋە ئومۇمىي تەرەققىياتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سۆزلەر ئارىسىدىكى ئۇقۇم - مەنە جەھەتتىكى مۇتلەق تەڭلىك ھامان نىسپىي ۋە ۋاقىتلىق بولىدۇ، خالاس. شۇڭلاشقا، تىلدىكى ئاڭلىتىدىغان ئۇقۇم - مەنىلىرى جەھەتتە تەڭداش ياكى بىر - بىرىگە يېقىنراق تۇرۇشىدىغان، توپ ئۇقۇم جەھەتتە ئېنىق ئورتاقلىققا ئىگە بولغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى مەنىداش سۆزلەر دائىرىسىگە كىرىدۇ، دەپ قارايمىز.

### 2. مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى

مەنىداش سۆزلەرنىڭ باشقا سېمانتىكىلىق سۆز تۈرلىرىدىن گەۋدىلىك پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

بىرىنچى، ئۆزئارا مەنىداش بولغان سۆزلەر توپ ئۇقۇم جەھەتتە جەزمەن ئورتاقلىققا ئىگە بولىدۇ، بۇ مەنىداش سۆزلەرنىڭ تۈپكى ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:



www.uyghurkitap.com

| مەنداش سۆزلەر: | ئورتاق مەنە |
| --- | --- |
| كۈچ، قۇدرەت، ماغدۇر، قۇۋۋەت | كۈچ |
| ئوقۇتقۇچى، مۇئەللىم، ئۇستاز | ئۆگەتكۈچى |
| ئەزىم، بۈيۈك، ئۇلۇغ | ئۇلۇغ |
| زور، چوڭ، يوغان، كاتتا | چوڭ |
| دېمەك، ئېيتماق | دېمەك |
| سۈرەتلىمەك، تەسۋىرلىمەك | بايان قىلماق |

ئىككىنچى، ئۆزئارا مەنداش بولغان سۆزلەر جەزمەن بىر خىل سۆز تۈركۈمىگە مەنسۇپ بولىدۇ. مەسىلەن:

ئاياغلاشماق، تۈگىمەك، تاماملانماق (پېئىل)
گۈل، چېچەك(ئىسىم)
گۈلشەن، گۈلزار، گۈللۈك (ئىسىم)
چىرايلىق، گۈزەل، كۆركەم، ئۆز (سۈپەت)
چاپسان، ئىلدام، تېز، ئىتتىك(رەۋىش)
ئەمما، بىراق، لېكىن (ياردەمچى سۆز)
توغرۇلۇق، ھەققىدە، توغرىسىدا(ياردەمچى سۆز)

ئۈچىنچى، ئۆزئارا مەنداش بولغان سۆزلەردە، تۈس ۋە ئىشلىتىلىش دائىرىسى جەھەتتە مۇئەييەن پەرقلەر بولىدۇ. بۇ خىل پەرقلەر مەزكۇر سۆزلەرنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمالى جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۈپ ئۇقۇم جەھەتتىكى ئورتاقلىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ تىلدىكى تۈرلۈك سۆزلەر بىلەن ماسلىشىش ئىقتىدارىنى چۈشەندۈرىدۇ، خالاس. ئالايلۇق، «ئوقۇتقۇچى، ئۇستاز، مۇئەللىم» دېگەن سۆز «ئۆگەتكۈچى» دېگەن بىر ئورتاق ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. بىراق «ئوقۇتقۇچى» سۆزى ئىستېمال جەريانىدا، تۈرلۈك



مەكتەپلەردە دەرس ئۆتىدىغان خادىملارنى كۆرسىتىدىغان سۆز بولۇپ تۇراقلاشقان؛ «ئۇستاز» سۆزى بولسا، مەكتەپ ئىچى ۋە سىرتىدا بولسۇن، مۇئەييەن ئىلىم ياكى بىرەر كەسىپ، ھۈنەر، تېخنىكا ئۆگەتكەن كىشىلەرنى، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ئىلىم يېتەكچىلىرىنى كۆرسىتىدىغان سۆز بولۇپ مۇقىملاشقان. «مۇئەللىم» سۆزى بولسا، مەكتەپلەردە دەرس بەرگۈچى ئوقۇتقۇچىنى كۆرسىتىدىغان ياكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن قوللىنىلىدىغان سۆزى بولۇپ قالغان. يەنە «ۋەتەن، ئەل، دۆلەت، مەملىكەت» سۆزلىرى «دۆلەت» دېگەن بىر ئۇقۇمغا مەنداش سۆزلەر بولۇپ، ئۇلار ئەمەلىي ئىستېمال جەريانىدا، «ئەل» بىلەن «ۋەتەن» بىر خىل يېقىنلىق تۈسى بىلەن«ئانا يۇرت، تۇغۇلغان دىيار» دېگەن مەنىنى، «دۆلەت» بىلەن «مەملىكەت» بولسا، ئادەتتە زېمىن، تەۋەلىك ۋە ھاكىمىيەت ئاپپاراتى مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

مەنداش سۆزلەرنىڭ تۈس جەھەتتىكى پەرقى دېگىنىمىز، مەزكۇر سۆزلەرنىڭ ئىجابىي ياكى سەلبىي ئوبيېكتقا ئىشلىتىلىشى، سۆزلىگۈچىنىڭ ھۆرمەت قىلىش، ئەركىلىتىش ياكى كەمسىتىش قاتارلىق تۈرلۈك ھېس - تۇيغۇلىرىنى، ئەسەرلەردىكى ژانىر تۈسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، «ئالەمدىن ئۆتمەك، قازا قىلماق، ۋاپات بولماق، ئۆلمەك» مەنداش سۆزلىرىنىڭ تۈرلۈك سورۇن، تۈرلۈك ئوبيېكت ئاساسىدا، ھەرخىل تۈس بېرىپ قوللىنىلغىنىغا ئوخشاش.

مەنداش سۆزلەرنى ھەرقانداق تىل شارائىتىدا بىر - بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ ئىشلەتكىلى بولۇۋەرمەيدۇ. بۇ مەنداش سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا لېكسىكىلىق ئۇقۇم جەھەتتە ئورتاقلىقى بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ كونكرېت تىل شارائىتىدا باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارى جەھەتتە مۇئەييەن خاسلىقتا ئىگە بولۇپ قالغانلىقىدىن بولغان. مەسىلەن: «كۈچ،

قۇدرەت، قۇۋۋەت، ماغدۇر» مەنداش سۆزلىرىنى ئالساق، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا ئورتاق مەنە «كۈچ» دېگەننى بىلدۈرسىمۇ، بىراق، «بۇ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلدى» دېگەن جۈملىنى «سوتسىيالىزمنىڭ ماغدۇرىنى نامايان قىلدى» دەپ يازغىلى، «قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرىمىز» دېگەننى «ماغدۇرلۇق دۆلەت قۇرىمىز» دەپ يازغىلى بولمايدۇ. دېمەك، ئەمەلىيەتتە بۇ «قۇدرەت» نىڭ «ماغدۇر» بىلەن مەنداش ئەمەسلىكىدىن ئەمەس، بەلكى مەزكۇر سۆزلەرنىڭ كونكرېت شارائىتتا مۇئەييەن خاسلىققا ئىگە بولۇپ قالغانلىقىدىن، ئادەتلىنىپ قالغانلىقىدىن بولغان، خالاس. مانا بۇ مەنداش سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى جەھەتتىكى پەرقى.

## 3. مەنداش سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنداش سۆزلەرنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تەرەپتىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرنى كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىمۇ ئېشىپ بارىدۇ. بۇ ھال ئۇلارنىڭ تىل سوستاۋىدا شەيئىلەرنىڭ ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنىمۇ ئەينەن ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان سۆزلەرنى ئىجاد قىلىشقا ئېلىپ كېلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلەر ھامان بىر خىل شەيئىنى مۇئەييەن بىر سۆزلەم بىلەن ئاتاش بىلەنلا كۇپايىلەنمەيدۇ. بەلكى ئاشۇ شەيئى ئىپادىلەنگەن سۆزنى ئۆز تىلىدا يەنە بىر قانچە سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈشنى زۆرۈر تاپىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، تىلدا مەنداش سۆزلەر ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، تىلىمىزدىكى «يۈرمەك، ماڭماق، قەدەم ئالماق» سۆزلىرىنى ئالساق، بۇلار «قەدەمنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ يۆتكەپ، ئالغا



سىلجىش» دېگەن ئۇقۇمدىكى مەنداش سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. گەرچە بۇ ئۈچ سۆزنى ھەمىشە، ھەرقانداق تىل شارائىتىدا، بىرىنى يەنە بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ ئىشلىتىشكە بولمىسىمۇ، بىراق ئۇلار لېكسىكىلىق ئۇقۇم جەھەتتە بىرى يەنە بىرىنىڭ چۈشەنچە نورمىسىغا تەڭداش بولالايدۇ.

ئىنچىكىلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئالاقە قورالى بولغان تىلنىڭ ئۆزى تىل ئىگىلىرىدىن ئۆزىنىڭ ھەر بىر ماتېرىيالىنى توغرا چۈشەندۈرەلەيدىغان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، بۇ قورالنى ياخشى چۈشەنمىسە، جايىدا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ.

دېمەك، تىلنىڭ ئۆزى ئۆز سوستاۋىدا مەنداش سۆزلەملەرنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئىككىنچى، ئۇزاق يىللىق تىل ئىستېمالى جەريانىدا، سۆزلەردە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش بولۇش نەتىجىسىدە بەزى مەنداش سۆزلەر مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، تىلىمىزدىكى «ھار كەلمەك»، «ھار ئالماق» تىكى «ھار» سۆزىنىڭ ئەسلىي «ئار» تەلەپپۇزىدا ئىدى. ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا، ئۇ ئايرىم سۆزلەر بىلەن بىرىككەندە «ئار» تەلەپپۇز قىلىنىدىغان (مەسىلەن، ئار ـ نومۇس)، يەنە ئايرىم سۆزلەردە بولسا، «ھار» تەلەپپۇز قىلىنىدىغان مەنداش ئىككى سۆز بولۇپ لۇغەتتىن ئورۇن ئالغان. يەنە مەسىلەن: بۈگۈنكى «ئاچا» (a:cha) سۆزى ئەسلىي «ئەچە» (eche) ئىدى. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە بۇ سۆز (يەنى «ئەچە») «ئەگە» مۇ دېيىلىدۇ، بۇ يەردىكى «گ» ھەرپى «چ» دىن ئۆزگەرگەن دەپ ئىزاھلانغان (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر). بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەچە» سۆزى ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا «ئەچە ـ ئەگە ـ ئەگەچە» تەلەپپۇزىدا ئىشلىتىلىپ بۈگۈنكى زامانىمىزغا كەلگەندە، «ئېگىچە»

ۋە «ئاچا» («ئەگەچە» دىكى «گە» چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن،
دەسلەپ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق«ئە:چە» e:che كېيىنچە بول-
سا، «ئاچا» a:cha تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولغان) شەكلىدە
تۇراقلىشىپ، مەنىداش ئىككى سۆز سالاھىيىتى بىلەن لۇغە-
تىمىزدىن ئورۇن ئالغان.
ئۈچىنچى، جانلىق تىل ۋە شېۋە، خۇسۇسەن مەركىزىي
شېۋە تەسىرىدىن ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن تەڭ قىممەتتە ئىش-
لىتىلىدىغان بىر قىسىم مەنىداش سۆزلەر بارلىققا كېلىشىمۇ
مۇمكىن. مەسىلەن، ئەدەبىي تىلىمىزدىكى «تەئەللۇق» سۆزى
جانلىق تىلدا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق «تالىق» (ta:liq) تەلەپ-
پۇزىدا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ سۆز ھەرقايسى شېۋە رايونلىرىدا
«ساڭا تالىق، ماڭا تالىق» دېگەندەك بىرىكمە ياساپ كەڭ دائى-
رىدە ئىشلىتىلگەندىن باشقا، ھازىر ئەدەبىي تىلىمىزغىمۇ ئۆز-
لىشىپ كىرمەكتە. مەسىلەن:

تېگىدىن ۋەتەنگە ئاشىق بولمىسا،
يازغىنى خەلقىمگە تالىق بولمىسا،
نە قىلاي قەلەمنى مەن ھەمراھ قىلىپ،
كۆز، قۇلاق، دىل، تىلغا سادىق بولمىسا.

(ئابدۇكېرىم خوجا: «باھار بىلەن كەلگەن شېئىرلار»، 1987 -
يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى)

تۆتىنچى، چەت تىللاردىن، تۇغقان تىللاردىن سۆز قوبۇل
قىلىش نەتىجىسىدە، يەنە بىر تۈركۈم مەنىداش سۆزلەر بارلىق-
قا كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىداش سۆزلەرنىڭ خېلى زور
سالمىقى مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن شەكىللەنگەن. مەسىلەن
(«ئۇ»ئۇيغۇرچىنى، «ئە» ئەرەبچىنى، «پ» پارسچىنى بىلدۈرىدۇ):
كۈچ (ئۇ)، قۇدرەت (ئە)، قۇۋۋەت (ئە)، مادار (ئە)، ماغدۇر (ئە)؛
كىشى (ئۇ)، ئادەم (ئە)، ئەدەم (ئۇ)، ئىنسان (ئە)؛



تۇپراق (ئۇ)، قەبرە (ئە)، مازار (ئە)؛
يارلىق (ئۇ)، بۇيرۇق (ئۇ)، ئەمر (ئە)؛
ئەل (ئۇ)، ۋەتەن (ئە)، دۆلەت (ئە)، مەملىكەت (ئە)؛ يۇرت
(ئۇ)، دىيار (ئە)؛
كۆك (ئۇ)، ئاسمان (پ)، ساما (ئە)؛
تاماق (ئۇ)، تائام (ئە)، غىزا (ئە)، يېگۈلۈك (ئۇ)؛
ئەت (ئۇ)، گۆش (ئۇ)، گوشت (پ)؛
قۇياش (ئۇ)، شەمس (ئە)، ئاپتاپ (پ)؛
بىر تىلدا ئوخشاش بىر ئۇقۇمنىڭ بىر قانچە سۆز بىلەن
ئىپادىلىنىشى ۋە بۇ خىل سۆزلەرنىڭ كۆپ بولۇشى شۇ تىلنىڭ
لېكسىكا بايلىقىنى، ئىپادىلەش كۈچىنىڭ يۇقىرىلىقىنى
كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىداش سۆزلەرمۇ تارىختىن
بۇيان تىلىمىزدا ئۇقۇملارنى توغرا، ئەتراپلىق، ئىنچىكە، تە-
سىرلىك، جانلىق، ئوبرازلىق، ھېسسىياتلىق ۋە چوڭقۇر ئىپا-
دىلەش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىش جەھەتتە تېگىشلىك رول
ئويناپ كەلدى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، تىلدا مەنىداش
سۆزلەرنىڭ كۆپ بولۇشى ھەرگىزمۇ زىيانلىق ئەمەس، ئۇ
تىلدا ھېچقانداق بىر ئەيىب - نۇقساننى كەلتۈرۈپ چىقارماي-
دۇ. ئەكسىچە، تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. شۇنداق
بولغانلىقى ئۈچۈن، تىل ئۇستىلىرى، شائىرلىرىمىز ئەزەلدىن
تارتىپ مەنىداش سۆزلەرنى ناھايىتى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپ
كەلگەن ۋە داۋاملىق ئىشلىتىپ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن:

غۇربەتتە غەرىب شادىمان بولماس ئەمىش،
ئەل ئاڭا شەفىقۇ مېھرىبان بولماس ئەمىش.
ئالتۇن قەفەس ئىچرە گەر قىزىل گۈل بۈتسە،
بۇلبۇلغا تىكەندەك ئاشيان بولماس ئەمىش.

(يېشىمى: مۇساپىرچىلىقتا، غېرىب - مۇساپىر دېگەن
خۇشال بولمايدىكەن؛ خەقمۇ ئۇنىڭغا شەپقەتچان ۋە مېھرىبان

بولۇپ كەتمەيدىكەن. ئالتۇن قەپەسنىڭ ئىچىگە قىزىلگۈل ئۈنگەن تەقدىردىمۇ، بۇلبۇلغا ئۇ بەربىر تىكەن كۆرۈنۈپ، قەپەس ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ راھەت ئۇۋا بولمايدىكەن).
(نەۋائىي: «رۇبائىيلار»، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى»، 245 ـ بەت، 1986 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى)

«بىز پىغان ـ ھەسرەتتە، شەيتان نەغمىدە،
يىغلىساق بىز بۇندا، بۆرە بەزمىدە ...»
گۈل ـ چېچەكتىن قانچە ياۋ قورققانسېرى،
ھەق ـ ئادالەتنى كېلىپ بوغقانسېرى،
كۆككە شۇنچە ئۆرلىدى تىك مەڭگۇ تاش،
كۆتۈرۈپ خەلقىم بۆلەكچە چىقتى باش.
(ئابدۇكېرىم خوجا: «باھار بىلەن كەلگەن شېئىرلار»، 104 ـ بەت)

## 3§. بىر مەنىلىك ۋە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر

### 1. بىر مەنىلىك سۆزلەر

ئادەتتە يەككە تۇرغان چاغدىمۇ، شۇنداقلا باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلغان چاغدىمۇ ئوخشاشلا بىرلا مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر «بىر مەنىلىك سۆز» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «گىرامماتىكا» دېگەن سۆزنى ئالساق، ئۇ يەككە تۇرغاندىمۇ، شۇنداقلا «گىرامماتىكىلىق مەنە»، «گىرامماتىكىلىق بىرلىك» دېگەندەك سۆز بىرىكمىلىرىدىمۇ ئوخشاشلا «تىل قائىدىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئومۇمەن، پەن ـ تېخنىكا ئاتالغۇلىرى ۋە خاس ئىسىملار بىر مەنىلىك بولىدۇ. مەسىلەن، «تەڭلىمە»، «ئاتوم»، «ئەدەبىيات»، «فونېتىكا»، «تەرجىمە»، «تەرجىمان»، «تۆمۈرچى»،



«قاساپ»، «ئانا»، «دادا»، «نەسر»، «شېئىر»، «شائىر»، «يەرمەنكە»، «ئايرودۇرۇم»، «جۈملە»، «قۇرئان»، «ئىنجىل»، «ئىسلامىيەت»، «كالېندار»، «كىرئالغۇ»، «ئۈنئالغۇ»، «سىنئالغۇ»، «گارمون»، «دېھقان»، «ساتىراش»، «ئاشپەز»، «رەسسام»... دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئېنىق بىرلا مەنىلىك سۆز قىلىپ ئىشلىتىلىدىغان، بىراق ئومۇمىي ئىستېمال ۋە ئومۇمىي لۇغەت سوستاۋىدا باشقا مەنىلىرىمۇ بولغان سۆزلەر ئومۇمىيلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بىر مەنىلىك سۆزلەر كاتېگورىيەسىگە كىرمەيدۇ. مەسىلەن، «ئىگە»، «خەۋەر»، «تولدۇرغۇچى»، «ھالەت»، «ھەرىكەت»، «تولۇقلىغۇچى»، «رەۋىش»، «سۈپەت» ... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

### 2. كۆپ مەنىلىك سۆزلەر

بىردىن ئارتۇق مەنىگە ئىگە سۆزلەر كۆپ مەنىلىك سۆزلەر دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ئاياغ (1) : ئادەم، ھايۋان ياكى باشقا جانلىقلارنىڭ گەۋدىسىگە تايىنىپ تۇرۇشى، يۈرۈشى ياكى ئۆمىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قىسمى، پۇت. (2) كۆن، خۇرۇم قاتارلىق تېرە رەختلەردىن پۇتقا كىيىش ئۈچۈن تىكىلگەن ئۆتۈك، تۇپلەي، كەشكە ئوخشاش ئاياغ كىيىمى. (3) بىر نەرسىنىڭ «باش» قا قارشى بولغان يەنە بىر تەرىپى. (4) ئاخىر، داۋام: قۇربان ئەنە شۇنداق ئايىغى ئۈزۈلمەس خىياللار بىلەن شىپاخانىغا كەلدى.

ئاي: (1) يەر شارىنى ئايلىنىدىغان، ئۆزى نۇر چىقارماي قۇياش نۇرىنى قايتۇرىدىغان سەييارە. (2) شەمسىيە يىلىنىڭ ئون ئىككىدىن بىرى. (3) ئايغا ئوخشاش چىرايلىق. (4) ئاياللار ئىسمى: ئايىم، ئايخان، ئايگۈل، ئايجامال، تۇرسۇنئاي...

ئەر: (1) ئەركەك جىنسقا مەنسۇپ كىشى؛ ئەركەك.

(2) خوتۇن كىشى بىلەن نىكاھ ئەھدىدە بولغان ئەر كىشى. (3) مەرد يىگىت، ئالىيجاناب، جەسۇر كىشى. (ئەل بار يەردە ئەر بار)، (يارايسەن، ئەر ئىكەنسەنغۇ)!

ئەسكەرتمەك: پېئىل (1) ئېسىگە سالماق، يادىغا چۈشۈرمەك: قۇددۇس تالادا يامغۇر يېغىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتتى. (2) قايتا چۈشەنچە بەرمەك. مەسىلەن:

مۇئەللىم تىل دەرسىدە قائىدىنى ياخشى بىلىش، كىتابلارنى كۆپرەك ئوقۇش، يازغاندا قائىدىلەرگە سېلىپ ئالدىرىماي يېزىشنى ئەسكەرتىپ تۇراتتى. (3) ئاگاھلاندۇرماق، تەكىتلىمەك. مەسىلەن:

كومىسسىيە باشلىقى ئۇلارنىڭ يەنە بەش مىنۇت ئىچىدە ئىمتىھان قەغىزىنى تاپشۇرۇپ بولۇشى لازىملىقىنى ئەسكەرتتى.

سالماق: پېئىل. (1) بىر نەرسىنى ئىككىنچى بىر نەرسىنىڭ ئىچىگە قويماق. مەسىلەن: قەلەمنى يانچۇققا سالماق. خەتنى كونۋېرتقا سالماق. ئۈزۈككە كۆز سالماق. (2) قويماق، قوشماق: ئاشقا تۇز سالماق، (3) يايماق، ئورۇن سالماق، كۆرپە سالماق، داستىخان سالماق. (4) ياسىماق: ئۆي سالماق، قوتان سالماق، بىنا سالماق. (5) ساڭگىلاتماق: باشنى تۆۋەنگە سالماق. (6) ساڭگىلىماق: قورساق سالماق. (7) يېشىنمەك: چاپاننى سالماق، ئاياغنى سالماق. (8) ئۇرماق: كاچاتقا ئىككىنى سالماق، مۇشت سالماق. (9) كۆچمە. ئارىلاشماق: قول سالماق. (10) مەلۇم قىياپەتكە كىرىۋالماق: بىلمەسكە سالماق، ئاڭلىماسقا سالماق...

يۇقىرىقى مىساللاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ مەنىسى قانچە كۆپ بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭدا جەزمەن بىر ئاساسلىق، مەركىزىي مەنە بولىدۇ، مەسىلەن: «ئەر» سۆزىنىڭ «ئەركەك جىنسقا مەنسۇپ كىشى»، «ئاياغ» سۆزىنىڭ «پۇت»، «ئاي» سۆزىنىڭ يەر شارىنى



ئايلىنىپ تۇرىدىغان سەييارە، «ئەسكەرتمەك» نىڭ «قايتىدىن ئېسىگە سالماق»، «سالماق» سۆزىنىڭ بولسا «بىر نەرسىنى ئىككىنچى بىر نەرسىنىڭ ئىچىگە قويماق» دېگەنلەر مەزكۇر كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ئاساسىي مەنىلىرى ھېسابلىنىدۇ. كۆپ مەنىلىك سۆزلەردىكى ئاساسلىق مەنە ئادەتتە «ئەسلىي مەنە» دەپ، ئاساسلىق مەنىدىن باشقىلىرى بولسا «كۆچمە مەنە» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «ئاي» سۆزىنىڭ «چىرايلىق» دېگەن مەنىسى، «ئاياغ» سۆزىنىڭ «ئاخىر، داۋام» دېگەن مەنىلىرى مەزكۇر سۆزلەرگە يۈكلەنگەن كۆچمە مەنىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ مەنىلىك سۆزلەر خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. تىلىمىزدا كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ جىق بولۇشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە شۇنداقلا ئومۇمىي تىل تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان نورمال ئەھۋال.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تىل ئۇستىلىرى ۋە تىلچىلاردىن باشقا ئادەتتىكى تىل ئىگىلىرىنىڭ ھەرقانداق بىر سۆزنى بىر ئاڭلاش ۋە بىر كۆرۈش بىلەنلا ئۇنىڭ بىر مەنىلىك ياكى كۆپ مەنىلىك سۆز ئىكەنلىكىنى دەرھال ئاڭقىرالىشى قىيىن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر سۆزنىڭ بىر مەنىلىك ياكى كۆپ مەنىلىك ئىكەنلىكىنى شۇ سۆزنى باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكتۈرۈپ كۆرۈش ياكى ئۇ سۆز بىلەن جۈملە تۈزۈپ بېقىش ئارقىلىقلا ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. شۇڭا، «پەقەت مۇستەقىل ۋە يەككە ھالىتىدىلا بىۋاستە كۆپ مەنە چىقىپ تۇرىدىغان سۆزلەر كۆپ مەنىلىك سۆز بولىدۇ، بىرىكمە ۋە جۈملە ئىچىگە قويمىسا، كۆپ مەنىلىكلىكى ئوڭاي بىلىنمەيدىغان سۆز بولسا، كۆپ مەنىلىك سۆز ھېسابلانمايدۇ» دەپ قاراش توغرا ئەمەس.

دەرۋەقە، «كۆپ مەنىلىك سۆز» (多义词) بىلەن «سۆزلەر-

نىڭ كۆپ مەنىلىك بولۇشى» (词的多义性) ئىككى ئۇقۇم. ئالدىنقىسى مەنە ئۆلچىمى بويىچە ئايرىلغان سۆز تۈرلىرىگە كىرىدۇ؛ كېيىنكىسى بولسا، سۆزلەردىكى سېمانتىكىلىق ئالاھىدىلىك ياكى سېمانتىكىلىق ھادىسە كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. بۇ يەردىكى «سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلىك بولۇشى» دېگەن ئۇقۇم توغرىسىدا «ئۇيغۇر تىلىدىكى سېمانتىكىلىق ھادىسىلەر» دېگەن بابتا ئايرىم توختىلىمىز.

## §4. زىت ئۇقۇملۇق سۆزلەر

### 1. زىت سۆزلەر ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا، مەنىسى بىر ـ بىرىگە قارمۇقارشى بولغان ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر «زىت ئۇقۇملۇق سۆزلەر» ياكى «زىت سۆزلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى زىت سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى جۈپلەنمە سۆز ھاسىل قىلالايدۇ. مەسىلەن: ئاز ـ تولا، ئېگىز ـ پەس، ئىشچان ـ ھۇرۇن، ئىسسىق ـ سوغۇق، پاك ـ ناپاك، مۇرەككەپ ـ ئاددىي، ئاسان ـ تەس دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئومۇمىي لۇغەت تەركىبىدىكى ھەممە سۆزنىڭ مۇناسىپ ھالدىكى زىت سۆزى بولۇۋەرمەيدۇ. ئالايلۇق، ۋەتەن، دۇنيا، كائىنات، گۈل، مېتال، دەرەخ، ئۆي، سۆز، تىل... دېگەندەك سۆزلەرگە قارمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەرنى كەلتۈرۈپ بېرىش قىيىن.

زىت سۆزلەر ئادەتتە قارمۇقارشى ئالاھىدىلىككە ئىگە شەيئى ناملىرى، قارمۇ قارشى خاراكتېر، سۈپەت، ھالەت ۋە ھەرىكەتلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردۇر. زىت سۆز جۈپىنى ھاسىل قىلالايدىغان سۆزلەر ئومۇمەن بىر سۆز تۈركۈمىگە



مەنسۇپ بولىدۇ. ئالايلۇق:

ۋاقىت، ئورۇن ـ تەرەپ، جىنس، ياش، ۋەزىپە، سالاھىيەت قاتارلىق جەھەتتە قارمۇ قارشى ئۇقۇملۇق شەيئىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئومۇمەن ئىسىم تۈركۈمىگە تەۋە بولىدۇ. مەسىلەن:

كېچە ـ كۈندۈز، ئەتىگەن ـ كەچ، قىش ـ ياز، يۇقىرى ـ تۆۋەن، ئاست ـ ئۈست، باش ـ ئاياغ، ئەر ـ ئايال، ياش ـ قېرى، ئۇستاز ـ شاگىرت، ئاتا ـ بالا، ئوغۇل ـ قىز، كوماندىر ـ جەڭچى...

خاس ھالەت، خاراكتېر، ئالاھىدىلىك جەھەتتىكى قارىمۇ قارشى ئۇقۇملۇق سۆزلەر ئادەتتە سۈپەت تۈركۈمىگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

ياخشى ـ يامان، قاتتىق ـ يۇمشاق، ئىسسىق ـ سوغۇق، باي ـ كەمبەغەل، ئاق ـ قارا، قېلىن ـ نېپىز، ئورۇق ـ سېمىز، ئاچچىق ـ چۈچۈك، ئاجىز ـ كۈچلۈك، ئۇشىشاق ـ چوڭ، ئىتتىك ـ گال...

ئىككى خىل قارىمۇقارشى ئۇقۇملۇق ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر پېئىللاردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. مەسىلەن:

ئالماق ـ بەرمەك، بارماق ـ كەلمەك، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش، يېڭىش ـ يېڭىلىش، ئېزىش ـ ئېزىلىش، ھۆكۈمرانلىق قىلىش ـ ھۆكۈمرانلىق قىلىنىش...

زىت سۆزلەر پەقەت ئىككى سۆزدىنلا تۈزۈلگەن بولمايدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەنىداش بولغان بىر قانچە سۆز بىلەن ئۇلارغا قارشى ئۇقۇمدىكى بىر سۆز ئەمەلىي تىل ئىستېمالىدا بىر قانچە جۈپ زىت سۆز ھاسىل قىلالايدۇ. مەسىلەن:

ئاستا ـ ئىتتىك (ـ ئىلدام، ـ چاپسان، ـ تېز)

ياخشى ـ يامان (ـ ئوسال، ـ ئەسكى، ـ ناچار)دېگەنلەرگە ئوخشاش.

زىت سۆزلەر ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، سۆز مەنىسى ۋە

مۇئەييەن تىل ئادىتى بويىچە ماسلاشقان سۆزلەر بولغاچقا، ئۇنىڭدا ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىك بولىدۇ. بىراق، ئىنسانلار تەپەككۇر جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر مىللەت تىلىدا زىت سۆز ھاسىل قىلالايدىغان ئۇقۇم ئىككىنچى بىر مىللەت تىلىدىمۇ، ئوخشاشلا زىت سۆز ھاسىل قىلالايدۇ. مەسىلەن:

| ئۇيغۇرچە | خەنزۇچە |
|---|---|
| بېرىش ـ كېلىش | 来往 |
| ئاسمان ـ زېمىن (پەرقى) | 天地 |
| ياخشى ـ يامان | 好坏 |
| يېڭىش ـ يېڭىلىش | 胜负 |
| ئەر ـ ئايال | 男女 |
| ياش ـ قېرى | 老少 |
| ئىتتىك ـ ئاستا | 快慢 |

دېگەنلەرگە ئوخشاش.

## 2. زىت سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى

ئۇيغۇر تىلىدىكى زىت سۆزلەرنى قۇرۇلۇشى، سۆز مەنىسى ۋە خاس ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ «مۇتلەق زىت سۆزلەر» ۋە «نىسپىي زىت سۆزلەر» دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

1) مۇتلەق زىت سۆزلەر

مۇئەييەن ئۇقۇم ساھەسىدە، ئۆز ئارا مۇتلەق سىغىشالمايدىغان، ئوتتۇرىدا ئارىلىق ئۇقۇم ھالقىسى بولمايدىغان زىت سۆزلەر مۇتلەق زىت سۆزلەر دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

راست ـ يالغان، ھايات ـ مامات، ئۆلۈم ـ كۆرۈم، يې-



تىش ـ قوپۇش، ئېلىم ـ سېتىم، بېرىش ـ كېلىش.

ئادەتتە ئىسىم بىلەن پېئىللارنىڭ مۇتلەق زىت سۆز تۈزۈش ئىقتىدارى كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئىسىملىك مۇتلەق زىت سۆزلەرنى ئۇلار بىلدۈرگەن ئۇقۇم ۋە مۇناسىۋەت جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك تۈرگە ئايرىش مۇمكىن:

(1) ئۇرۇق ـ ئائىلە مۇناسىۋىتى: مۇنداق مۇناسىۋەتتىكى زىت سۆزلەر ئۇرۇق ـ ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، ئاتا ـ بالا، ئانا ـ بالا، ئەجداد ـ ئەۋلاد، ئاچا ـ سىڭىل، ئاكا ـ ئۇكا، ئەر ـ خوتۇن، قېيىنئاتا ـ كۈيئوغۇل، كېلىن ـ قېيىنئانا ۋە باشقىلار.

(2) جىنس مۇناسىۋىتى: مۇنداق زىت سۆزلەر قارىمۇقارشى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، ئەر ـ ئايال، قىز ـ ئوغۇل، ئايغىر ـ بايتال، ئەركەك ـ چىشى، قوچقار ـ ساغلىق ۋە باشقىلار.

(3) سىنىپىي مۇناسىۋەت: مۇنداق زىت سۆزلەر ئىجتىمائىي ئورنى پۈتۈنلەي قارىمۇقارشى بولغان ئىككى سىنىپ ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: ئەزگۈچى ـ ئېزىلگۈچى، ھۆر ـ قۇل، دېھقان ـ پومېشچىك، پىرولېتارىيات ـ بۇرژۇئازىيە، ئىشچى ـ كاپىتالىست، باي ـ مالاي، چارۋىدار ـ مال باققۇچى ...

(4) مەرتىۋە، دەرىجە مۇناسىۋىتى: بۇ خىل زىت سۆزلەر ئادەتتە، ئۇستاز ـ شاگىرت ئوتتۇرىسىدىكى، شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك خاس ئۇنۋان، دەرىجە ئاساسىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، ئۇستاز ـ شاگىرت، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى، شاھ ـ گاداي ۋە باشقىلار.

(5) سېلىشتۇرما مۇناسىۋەت: بۇ خىل مۇناسىۋەتتىكى زىت سۆزلەر ئادەتتە شەيئىلەرنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ۋە پەرقلىرىنى سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان زىت

سۆزلەردىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. مەسىلەن، ئاسمان ـ زېمىن، ئوت ـ سۇ، ئىنسان ـ جىن / ئىنس ـ جىن، ئادەم ـ هايۋان، دېڭىز ـ تامچە ...

(6) ئەكس مۇناسىۋەت: بۇ خىل زىت سۆزلەردە مۇتلەق قارىمۇ قارشى ئۇقۇم ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. مەسىلەن، سوئال ـ جاۋاب، مېهمان ـ ساهىبخان، دەۋاگەر ـ جاۋابكار، كىرىم ـ چىقىم، ئېلىم ـ بېرىم ۋە باشقىلار.

پېئىللىق زىت سۆزلەرنىڭ ئۇقۇم مۇناسىۋىتىنىمۇ بىر قانچە تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن.

(1) ئەكس مۇناسىۋەت. بۇ خىل زىت سۆزلەرنىڭ بىرىدە ئىپادىلەنگەن هەرىكەت يەنە بىرىدە ئىپادىلەنگەن هەرىكەتنىڭ ئەكسى بولىدۇ. مەسىلەن: ئېلىش ـ بېرىش، كىرىش ـ چىقىش، يېتىش ـ قوپۇش، كېتىش ـ كېلىش، چۈشمەك ـ چىقماق، ئۆلۈش ـ تىرىلىش، يىغلاش ـ كۈلۈش، مېڭىش ـ تۇرۇش، بېسىش ـ كۆتۈرۈش ...

(2) زورلىما مۇناسىۋەت: مۇنداق مۇناسىۋەتتىكى زىت سۆزلەردە بىر هەرىكەتنىڭ مۇئەييەن ئىككىنچى هەرىكەتنىڭ زورلىشى ياكى باشقۇرۇشى ئاساسىدا مەيدانغا چىققانلىقى بىلدىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئېزىش ـ ئېزىلىش، بويسۇنۇش ـ بويسۇندۇرۇش، قېنىش ـ قاندۇرۇش، يېڭىش ـ يېڭىلىش...

(3) ۋاستىلىك مۇناسىۋەت: مۇنداق زىت سۆزلەردە بىر هەرىكەتنىڭ مەيدانغا چىقىشى مۇئەييەن ئىككىنچى بىر هەرىكەتنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق بولغانلىقى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش، ئۆگىنىش ـ ئۆگىتىش، سۆزلەش ـ ئاڭلاش...

2) نىسپىي زىت سۆزلەر

ئىپادىلەنگەن قارىمۇقارشى ئۇقۇملارنىڭ مۇئەييەن بىر ئا-



رىلىق هالقىغا سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان زىت سۆزلەر «نىسپىي زىت سۆزلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىسسىق ـ سوغۇق، ئېگىز ـ پەس، چوڭ ـ كىچىك، باش ـ ئاياغ دېگەنلەرگە ئوخشاش.

روشەنكى، بۇلاردا «يىلمان»، «ئېگىزرەك»، «چوڭراق»، «ئاياغراق» دېگەن ئارىلىق هالقا مەۋجۇت. نىسپىي زىت سۆزلەر ئىسىم ۋە ئىسىمداشلاردىن تەركىب تېپىشىمۇ مۇمكىن. بىراق، مۇتلەق كۆپچىلىك نىسپىي زىت سۆزلەر شەيئىلەرنىڭ خاراكتېرىنى، تۈرلۈك ئالاهىدىلىكلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەردىن تۈزۈلىدۇ.

زىت سۆزلەرنى مەزكۇر سۆزلەرنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇنلىرىغا ئاساسەن بىر قانچە تۈرگە بۆلۈپ كۆرسىتىشكىمۇ بولىدۇ. ئالايلۇق:

△ ئورۇن ـ تەرەپ زىت سۆزلىرى: يۇقىرى ـ تۆۋەن، ئاست ـ ئۈست، ئوڭ ـ سول، ئالدى ـ ئارقا، تۆر ـ پەگاه، ئىچكىرى ـ تاشقىرى، ئوي ـ دۆڭ، تېيىز ـ تېرەن، ئېگىز ـ پەس...

△ ۋاقىت ـ زامان زىت سۆزلىرى: شام ـ سەهەر، ئۆتمۈش ـ كېلەچەك، ئىلگىرى ـ كېيىن، بۇرۇن ـ هازىر، ئەزەل ـ ئەبەد دېگەنلەرگە ئوخشاش.

### 3) زىت سۆزلەرنىڭ ئالاهىدىلىكى ۋە رولى

زىت سۆزلەرنىڭ جۈپلەنمە سۆز هاسىل قىلىدىغانلىقى ۋە بۇ خىل زىت سۆزلەردىن تۈزۈلگەن جۈپلەنمە سۆزلەرنىڭ ئالاهىدىلىكى هەققىدە ئالدىنقى قىسىملاردا توختىلىپ ئۆتكەندۇق.

زىت سۆزلەرنىڭ يەنە ئۇنىڭدىن باشقا كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك ئالاهىدىلىكلىرى تۆۋەندىكىچە:



www.uyghurkitap.com

(1) زىت سۆزلەر بىر پۈتۈن ئۇقۇم ۋە يېڭى لېكسىكىلىق مەنە ئاڭلىتىدىغان سۆزلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. بىراق، ئەمەلىي ئىستېمالدا ئۆزئارا زىت مەنىلىك بولغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى جۈپلەنمە سۆز بولۇپ كېلىۋەرمەيدۇ. مەسىلەن: «يۇقىرى، يۈكسەك، ئېگىز، ئۈستۈن» دېگەن مەنىداش سۆزلەر بىلەن «پەس، تۆۋەن، پاكار، پەتەك» دېگەن مەنىداش سۆزلەرنى ئالساق، ئەمەلىي ئىستېمال جەريانىدا بۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت « ئېگىز ـ پەس »، «يۇقىرى ـ تۆۋەن » دېگەن سۆزلەرلا جۈپلەنمە سۆز قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. قالغانلىرى بولسا، جۈپلەنمە سۆز تۈزۈپ ئىشلىتىلمەيدۇ. دېمەك، زىت سۆزلەرنىڭ جۈپلەنمە سۆز بولۇپ كېلىشى مۇئەييەن تىل ئادىتى ئاساسىدا بولىدۇ.

(2) زىت سۆزلەرنىڭ جۈپلەنمە سۆز ھاسىل قىلىشى مۇئەييەن تەرتىپ ئاساسىدا بولىدۇ، مەسىلەن: «ئەر ـ خوتۇن»، «كېچە ـ كۈندۈز»، «ئېگىز ـ پەس»، «يۇقىرى ـ تۆۋەن»، «ئاق ـ قارا» دېگەندەك جۈپلەنمە سۆزلەر پەقەت مەزكۇر تەرتىپ بويىچە ئاتاپ ياكى يېزىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەكسىچە «خوتۇن ـ ئەر»، «كۈندۈز ـ كېچە»، «پەس ـ ئېگىز»، «تۆۋەن ـ يۇقىرى»، «قارا ـ ئاق» تەرىزدە ئىشلىتىلمەيدۇ.

(3) ئۇيغۇر تىلىدا زىت سۆزلەردىن جۈپلەنمە سۆز ھاسىل قىلىش ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن تۈرك ـ رونىك يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلاردىمۇ «بەگ ـ بودۇن» (يەنى ئەمەلدار ـ خەلق) دېگەندەك زىت سۆزلۈك جۈپلەنمە سۆزلەر ئۇچرايدۇ. بەزى زىت سۆزلەردىن تۈزۈلگەن جۈپلەنمە سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئىستېمالىدىمۇ تارىخنىڭ تامغىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئالايلۇق: قائىدە بويىچە بولغاندا «چوڭ، يوغان، ئۇلۇغ، بۈيۈك» سۆزلىرى بىلەن «كىچىك، ئۇششاق، ئەرزىمەس» سۆزلىرىدىن ئۆزئارا زىت سۆزلەرنى ھاسىل قىلىشقا بولىدۇ. بىراق، ئىستېمال ئەمەلىيىتىدىن



تەكشۈرۈپ قارايدىغان بولساق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئۇلاردىن «چوڭ ـ كىچىك» (ئەدەبىي تىلدا)، «ئۇششاق ـ چوڭ» (جانلىق تىلدا) زىت سۆزلىرى جۈپلەنمە سۆز قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، مەزكۇر زىت سۆزلەر ئىزچىل ھالدا دېگۈدەك «ئۇلۇغ ـ ئۇششاق» شەكلىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى بايقايمىز: مەسىلەن، «... ئەھلىيەلەرى شاھزادەدىن، فەرزەندلەرى بۇبى زادەدىن ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ھەممەلەرىمىزدىن (سالام)» («كاشغەر تۈركىيسىنىدە بىتكەن ئىكى خەت»[1]دىن)

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېڭى ـ يېڭى زىت سۆزلۈك جۈپلەنمە سۆزلەر مەيدانغا كەلمەكتە. مەسىلەن، مەركەز ـ جايلار، دۈشمەن ـ ئۆز، ھەق ـ ناھەق (بۇ سۆز چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا «ھەق ۋە باتىل» شەكلىدە ئىشلىتىلەتتى)، ئاكتىپ ـ پاسسىپ، ئىتتىپاقلىق ـ بۆلگۈنچىلىك، باراۋەرلىك ـ تەڭسىزلىك دېگەنلەرگە ئوخشاش.

زىت سۆزلەردىن ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلىنىش ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسى ھېسابلىنىدۇ. بۈيۈك تىل ئۇستىسى مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك »تە زىت سۆزلەردىن تۈزۈلگەن ياكى زىت سۆزلەر مەركەز قىلىنغان نەزمىلەر ۋە ماقال ـ تەمسىللەردىن ناھايىتى كۆپ كۆرسەتكەن. ئالايلۇق:

ئالمىچى ئارسلان، بەرىمچى سىچغان: ئېلىمچى ئارسلان، بېرىمچى چاشقان. (ھەققىنى تەلەپ قىلىپ ئالغۇچى ھۇجۇم قىلىشتا گويا ئارسلان بولىدۇ، قەرز تۆلىگۈچى قورققانلىقتىن چاشقانغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ) (« دىۋان»، 1 ـ توم 103 ـ بەت)

① خەمىت تۆمۈر، ئابدۇرەئوپ پولات: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى»، 129 ـ بەت.

سىچغان مۇش تاشاقىن قاشىر: چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە مۈشۈكنىڭ تاشقىنى قاشلار. بۇ ماقال ھالاكەتتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدىغان ئىشلارغا ئېپسىلىۋالىدىغان كىشىلەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ. (يۇقىرىقى ئەسەر، 3 ـ توم، 365 ـ بەت)

ئاۋچى نەچچە ئال بىلسە، ئازىغ ئانچە يول بىلىر: ئوۋچى قانچە ھىيلە بىلسە، ئېيىق (ئوۋلانغۇچى) شۇنچە يول بىلۇر. (يۇقىرىقى ئەسەر، 1 ـ توم 43 ـ بەت) ۋە باشقىلار.

خەلقىمىز بۇ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، زىت سۆزلەرنى قوللىنىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتا يېڭى سەۋىيە ياراتماقتا. مەيلى جانلىق تىلدا بولسۇن ۋە مەيلى ئەدەبىي تىلدا بولسۇن، كىشىلەر زىت سۆزلەرنى قوللىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ. چۈنكى زىت سۆزلەر تىلدا روشەن سېلىشتۇرۇش، ئۇقۇمنى تولۇق، يېتۈك دەرىجىگە كۆتۈرۈش، ئۇقۇمنى جانلاندۇرۇش، ئوبرازلاشتۇرۇش ۋە گۈزەللەشتۈرۈشتەك مۇھىم روللارنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

تىلى يۇمشاق ئاش يەر،
تىلى قاتتىق مۇش يەر.
باشتا سۆز بولسا،
ئاخىردا گەپ يوق.
جاپا كۆرمەي ھالاۋەت يوق،
ئىناق بولماي سائادەت يوق.

زىت سۆزلەرنى ياخشى ئۆگىنىش ۋە قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىش مۇھىم، رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.



# تۆتىنچى باب ئۇيغۇر تىلىدىكى سېمانتىكىلىق ھادىسىلەر

ئىستېمال ئەمەلىيىتى داۋامىدا، تىلدىكى سۆزلەرنىڭ مەنە دائىرىسىدە تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇرىدۇ. سۆزلەردە بولىدىغان بۇ خىل مەنە ئۆزگىرىشى لېكسىكولوگىيىدە «سېمانتىكىلىق ھادىسە» دەپ ئاتىلىدۇ. تۆۋەندە، ئۇيغۇر تىلىدا كۆرۈلىدىغان سېمانتىكىلىق ھادىسىلەرنىڭ بىر قەدەر مۇھىملىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## §1. بىر مەنىلىك سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلىك سۆزلەرگە ئايلىنىشى

بىر مەنىلىك سۆزنىڭ كۆپ مەنىلىك سۆزگە ئايلىنىشى دېگىنىمىز، ئەسلىدە بىرلا مەنىگە ئىگە بولغان سۆزنىڭ ئۇزاق يىللىق ئىستېمال جەريانىدا، ئۆزىگە يېڭى مەنە يۈكلەپ، ئۆزى بىلدۈرىدىغان ئۇقۇم سانىنى كۆپەيتىپ، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مەنە ئاڭلىتىدىغان سۆزگە ئايلىنىپ قېلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

مەلۇمكى، جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ، دۇنيا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ بىلىش دائىرىسى، دۇنيا قارىشى ۋە جەمئىيەتنى چۈشىنىشى قاتارلىقلارمۇ ئاشۇ دۇنيا ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىپ، ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ھالبۇكى، ئىجتىمائىي ئالاقە قورالى بولغان تىل ئاشۇ خىل ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلارغا ماسلىشىشى، يەنى ئۇ ئۆز



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سوستاۋىدىكى سۆزلەملەر ئارقىلىق شۇ يېڭى ئۇقۇم، يېڭى بى-
لىش ۋە يېڭى چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلىشى زۆرۈر بولىدۇ. تىلدا
يېڭى ئۇقۇملارنى ئىپادىلەش ئومۇمەن قىلغاندا، مۇنداق ئىككى
خىل ئۇسۇل بىلەن ئورۇندىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، تىلدا يېڭى ئۇ-
قۇملارنى ئىپادىلەيدىغان يېڭى سۆزلەرنى ياساش. يەنە بىرى،
تىلدا ئەسلىدە بار بولغان كونا سۆزلەرگە يېڭى مەنە يۈكلەشتىن
ئىبارەت. بىر مەنىلىك سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلىك سۆزلەرگە ئاي-
لىنىشىدىن ئىبارەت سېمانتىكىلىق ھادىسە بولسا، كېيىنكى
ئۇسۇلنىڭ، يەنى تىلدا ئەسلىدىن بار بولغان كونا سۆزلەرگە يەنە
تۆپلەپ يېڭى مەنە يۈكلەشنىڭ جەريانى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.

بىر مەنىلىك سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلىك سۆزلەرگە ئايلى-
نىشى تىل تەرەققىياتى جەريانىدىكى تەبىئىي ھادىسە بولۇپ،
ئۇ شۇ تىل لېكسىكولوگىيەسىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئىچكى
تەرەققىيات قانۇنىيىتى، شۇنداقلا شۇ تىللىق خەلقنىڭ تەپەك-
كۇرى، تەسەۋۋۇرى ۋە شەيئىلەرنى سۆز بىلەن ئىپادىلەشتىكى
خاس ئۇسلۇبى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئالايلۇق، چاغاتاي
ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە پارس تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن «پېشا-
نە» سۆزى دەسلەپكى چاغلاردا پەقەت «يۈزنىڭ قاشتىن چاچقى-
چە بولغان قىسمى، ماڭلاي» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيتتى. مە-
سىلەن، پېشانىسى كەڭ، پېشانىسى تار؛ «ئەخمەقنى ناماز ئوقۇ-
دېسە، پېشانىسىنى يېرىۋالار» (ماقال) دېگەنلەرگە ئوخشاش.
كېيىنچە، «ئىنساننىڭ ئىقبالى ئۇنىڭ پېشانىسىگە يېزىقلىق
بولارمىش» دېگەن خۇراپىي قاراشنىڭ تەسىرىدە، مەزكۇر «پې-
شانە» سۆزى ئۆزىگە يەنە «تەقدىر، قىسمەت، تەلەي» دېگەن مە-
نىلەرنى يۈكلەپ، كۆپ مەنىلىك سۆزگە ئايلانغان. مەسىلەن،
پېشانىسى ئوڭ (ياكى تەلىيى ئوڭ)، پېشانىسى تەتۈر (ياكى تە-
لىيى تەتۈر)؛ ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆرۈنلىقىنىمۇ ئانچە ئېتىراپ قىل-



غۇسى كەلمەيتتى. شۇڭا ئۆزىنىڭ نامراتلىقىنى پېشانىسىدىن
(يەنى تەقدىرىدىن، ئۆز قىسمىتىدىن) كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن
ئىدى («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، I توم، 774 ـ
بەت) دېگەنلەرگە ئوخشاش. دېمەك، «پېشانە» سۆزىنىڭ
«ماڭلاي» ئۇقۇمىدىكى بىر مەنىلىك سۆزدىن «تەقدىر، قىس-
مەت، تەلەي» ئۇقۇملىرىنىمۇ ئاڭلىتىدىغان كۆپ مەنىلىك
سۆزگە ئايلىنىشى ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسىنىڭ ئۆزىگە
خاس ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئاساسىدا بولغان. مەزكۇر
سۆزنىڭ پارس تىلىنىڭ ئۆزىدە كېيىنكى مەنىلەرگە ئىگە ئە-
مەسلىكى، شۇنداقلا خەنزۇچىدىكى «额，额头» سۆزىنىڭمۇ
مۇنداق ئۇقۇمنى ئاڭلاتمايدىغانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ھەرقايسى مەنىلىرى ئوتتۇرى-
سىدا مۇئەييەن ئورتاقلىق بولىدۇ. بۇ خىل ئورتاقلىق مەنىداش
سۆزلەردىكىگە ئوخشاش ئۇقۇم ئورتاقلىقى بولغاندىن تاشقىرى،
يەنە شۇ سۆز ئىپادىلەۋاتقان كۆپ خىل شەيئى ئوتتۇرىسىدا
مەۋجۇت بولغان شەكىل، ئىقتىدار، رول قاتارلىق جەھەتلەردى-
كى ئورتاقلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيت-
قاندا، ئەسلىدە مەلۇم بىر خىل شەيئىنى بىلدۈرىدىغان بىر
سۆزنىڭ تەرەققىي قىلىپ كۆپ خىل شەيئىنى بىلدۈرىدىغان
سۆزگە ئايلىنىشىغا مەزكۇر بىر سۆز بىلەن ئىپادىلىنىۋاتقان
كۆپ خىل شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇئەييەن ئورتاق ئالاھى-
دىلىكمۇ سەۋەب بولىدۇ. ئالايلۇق، ئۇيغۇرچىدىكى «كۆك» سۆ-
زىنىڭ ئىپتىدائىي مەنىسى «ئاسمان» ئىكەنلىكى مەلۇم («قە-
دىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 354 ـ بەت). كېيىنچە ئۇنىڭغا
خۇددى ئاشۇ ئاسماننىڭ رەڭگىگە ئوخشىشىدىغان بىر خىل
رەڭنى بىلدۈرىدىغان مەنە يۈكلىنىپ، ئىككى مەنىلىك سۆزگە
ئايلانغان. كېيىن يەنە ئىنسان بەدىنىدە پەيدا بولىدىغان ۋە

رەڭگى ئاشۇ كۆك (رەڭ) گە ئوخشىشىدىغان داغنى بىلدۈرىدى-
غان يېڭى مەنە يۈكلەنگەن (مەسىلەن، بەدەنگە كۆك چۈشمەك).
دېمەك، ئۇيغۇرچە «كۆك» سۆزىنىڭ ئەسلىدىكى بىر مەنىلىك
سۆزدىن ھازىرقى ئۈچ مەنىلىك سۆزگە ئايلىنىشىنى («ئۇي-
غۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»، 206 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەش-
رىياتى 1982 ـ يىلى نەشرى) مەزكۇر «كۆك» سۆزى ئىپادى-
لەۋاتقان ئۈچ شەيئى (ئاسمان، بىر خىل رەڭ ۋە بىر خىل داغ)
نىڭ رەڭ جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى تەقەززا قىلغان. ئەگەر بۇ
ئۈچ شەيئىدە ئاشۇنداق بىر خىل ئورتاقلىق بولمىغان بولسا،
«كۆك» سۆزى كونكرېت شارائىتتا ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنى
بىلدۈرىدىغان كۆپ مەنىلىك سۆزگە ئايلىنالمىغان بولاتتى.

ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر مەنىلىك سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلىك
سۆزلەرگە ئايلىنىش ھادىسىسىنى ياخشى تەتقىق قىلىشقا ئەر-
زىيدۇ. بۇ ھادىسىنى كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ خاس ئىچكى
خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە تەتقىق قىلىش بىلەن بىر چاغدا،
ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭداش سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىك-
لىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى تې-
خىمۇ زور. چۈنكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى خېلى
بىر بۆلەك ئاھاڭداش سۆزلەر كۆپ مەنىلىك سۆزلەردىن بۆلۈ-
نۈپ چىققان. مەسىلەن، ئېنىق تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇر-
چە «جانان يار، جانانىم» دىكى «جانان» سۆزى بىلەن «جانان
چىنە» دىكى «جانان» ئەسلىدە كۆپ مەنىلىك بىرلا سۆز ئىدى،
ھازىر ئۇ لۇغەتلەردە ئاھاڭداش بولغان ئىككى سۆز قىلىپ بې-
رىلمەكتە ۋە باشقىلار.

بەزى ئالىملار كۆپ مەنىلىك سۆزلەر تەركىبىدىكى تارماق
مەنىلەرنىڭ مۇستەقىل سۆز بولۇپ بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىشى-
نى تىل تەرەققىياتىنىڭ يېڭى سۆزلەرنى پەيدا قىلىشتىكى



مۇھىم قانۇنىيەتلىرىنىڭ بىرى دەپ ھېسابلايدۇ.[1] ئۇلارنىڭ
قارىشىچە، بىر سۆز ئىپادىلەيدىغان مەنىلەرنىڭ كۆپىيىشى ئۇ
سۆزنىڭ ئىستېمال مىقدارىنى ئاشۇرىدۇ. بىراق، زامانلارنىڭ
ئۆتۈشى بىلەن، مەزكۇر كۆپ مەنىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق-
لىق مۇناسىۋەتنى تەدرىجىي ئاجىزلىشىپ ياكى بۇزۇلۇپ، ئۇلار-
نىڭ ئەسلىدە بىر غولدىن شاخلىنىپ چىققان سۆز ئىكەنلىكى-
نى بىلگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىگە يېتىپ قالىدۇ ـ دە، نەتى-
جىدە بۇ خىل سۆزلەر ئەسلىدىكى كۆپ مەنىلىك بولغان بىر
سۆز گەۋدىسىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئەسلىدە ئۆزى تەۋە بولغان
سۆزگە ئاھاڭداش بولغان مۇستەقىل بىر سۆز بولۇپ قالىدۇ.
مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى «قاش» دېگەن سۆز تارىخىي جە-
ھەتتىن ئالغاندا، بىر قانچە مەنىگە ئىگە كۆپ مەنىلىك سۆز
ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەنىلىرى. (1) مەلۇم نەرسى-
نىڭ يېنى (تامنىڭ قېشى، مەن مۇئەللىمنىڭ قېشىغا باردىم)؛
(2) دەريا ـ ئۆستەڭلەرنىڭ بويى، لېۋى؛ (3) ئىگەرنىڭ قېشى
(鞍鞒)؛ (4) ئادەمنىڭ قېشى (قارا قاش يىگىت). قارايدىغان
بولساق، مەزكۇر «قاش» سۆزىنىڭ يۇقىرىقى تۆت خىل مەنىسى
ئىچىدە ئۇنىڭ (1) ۋە (2) مەنىلىرى ھېلىھەم كىشىلەرگە بىل-
دۈرىدىغان ئوبرازلىق ئۇقۇمى جەھەتتە ئورتاقلىقىغا ئىگە بول-
غاچقا، ئۇلار ھازىرقى زامان تىل لۇغەتلىرىمىزدە ئاشۇ «قاش»
سۆزىنىڭ ئىككى خىل مەنىسى قىلىپ بېرىلمەكتە. ئەمما، ئۇ-
نىڭ (3) ۋە (4) مەنىلىرى بولسا، بارا ـ بارا كىشىلەرگە بېرى-
دىغان ئۇقۇم جەھەتتە ئۆز ئالدىغا خاسلىق ۋە روشەن ئالاھىدى-
لىكلەرنى ھاسىل قىلغاچقا، شۇنداقلا بىر قاراشتىلا ئۇلارنىڭ
«قاش» سۆزىنىڭ (1) ۋە (2) مەنىلىرى بىلەن بولغان تۇغقان-

① «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى»، 1 ـ توپلام، 230 ـ بەت، مىل-
لەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چىلىق مۇناسىۋەتنى بايقىۋالغىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەچكە، ئۇلار «قاش» سۆزىنىڭ كۆپ خىل مەنىلىرى قاتارىدىن چىقىرىۋېتىلىپ، مەزكۇر «قاش» بىلەن ئاھاڭداش بولغان مۇستەقىل سۆزلەر قىلىپ ئىزاھلىنىدىغان بولغان. («ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت»، 685 - بەت)

قىسقىسى، بىر مەنىلىك سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلىك سۆزلەرگە ئايلىنىشى تىل تەرەققىياتى جەريانىدىكى مۇھىم بىر سىمانتىكىلىق ھادىسە. ھالبۇكى، بۇنىڭدىكى ئالاھىدىلىك ۋە قانۇنىيەتلەرنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىش لېكسىكا تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىنى بىلىشتە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىر مەنىلىك سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلىك سۆزلەرگە ئايلىنىشى بەزى تىل ئوقۇشلۇقلىرىدا «سۆز مەنىسىنىڭ كۆپىيىشى» دەپ ئاتالسا، يەنە بەزى مەنبەلەردە «كەڭ مەنىدىكى سۆز مەنىلىرىنىڭ كېڭىيىشى» دەپمۇ ئاتالماقتا.

## 2§. كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ بىر مەنىلىك سۆزلەرگە ئايلىنىشى

كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ بىر مەنىلىك سۆزلەرگە ئايلىنىپ قېلىشى دېگىنىمىز، ئۇزاق ئەسىرلىك تىل ئىستېمالى جەريانىدا، ئەسلىدە كۆپ خىل مەنىگە ئىگە بولغان سۆزلەرنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ مەنىلىرىنى يوقىتىپ، ئاخىرىدا بىرلا مەنىگە ئىگە سۆز بولۇپ قېلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ بىر مەنىلىك سۆزلەرگە ئايلىنىپ قېلىشىغا ئومۇمەن قىلغاندا، تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئەھۋال سەۋەب بولىدۇ:

بىرىنچى، مەلۇمكى، تىل تەرەققىياتى جەريانىدا بەزى ئۇ-



قۇم ۋە چۇشەنچىلەرنىڭ كونىرىشىغا ئەگىشىپ ئۇنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرمۇ تەدرىجىي كونا سۆزلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ ۋە ئاخىرىدا ئىستېمالدىن قالىدۇ، بۇ بىر نورمال ھادىسە. كۆپ مەنىلىك سۆزلەر تەركىبىدىكى بىر بۆلەك سۆزلەرمۇ تىل تەرەققىياتىدىكى مۇشۇ خىل ھادىسە تۈپەيلىدىن، ئۆزلىرى ئىپادىلەپ كېلىۋاتقان سۆز مەنىلىرىنىڭ كۆپ سانلىقىنى يوقىتىپ، بارا - بارا ئەسلىدىكى كۆپ مەنىلىك سۆزدىن بىر مەنىلىك سۆزگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «نەزىر» سۆزىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا يەنە «ئاللاھقا بېرىلگەن ۋەدە، قەسەم» مەنىلىرىمۇ بولغان. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۇ يۇقىرىقى مەنىلىرىنى يوقىتىپ، ھازىرقى بىر مەنىلىك سۆزگە ئايلىنىپ قالغان؛ «غەيرەت» سۆزىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە، يەنە «قىزىقىش، بېرىلىش، قىزغىنلىش، ھەسەت» قاتارلىق مەنىلىرى بار ئىدى. مەسىلەن، كەمالى غەيرەت (ئىنتايىن قىزغىنلىش)، بەسكى غەيرەت (قاتتىق ھەسەت قىلىش) دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئىستېمال جەريانىدا، مەزكۇر «غەيرەت» سۆزى باشقا كۆپ خىل مەنىلىرىنى يوقىتىپ بۈگۈنكى «روھىي كۈچ» مەنىسىدىكى بىرلا مەنىلىك سۆزگە ئايلىنىپ قالغان.

ئىككىنچى، ئىستېمال جەريانىدا، بەزى كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى تارماق مەنىلەر بارا - بارا ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئۇقۇم ئاڭلىتىدىغان مۇستەقىل سۆزلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە، ئەسلىدىكى كۆپ مەنىلىك سۆز بىر مەنىلىك سۆزگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «تېرىق» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تارىغ / تارىق» تەلەپپۇزىدا بولۇپ، ئۇ بۇغداي، قوناق، ئارپا، تېرىق قا-

تارلىق دانلىق زىرائەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامىنى بىلدۈرگەندىن باشقا، «تېرىلغان يەر» دېگەن ئۇقۇمنىمۇ بىلدۈرىدىغان كۆپ مەنىلىك سۆز ئىدى. تىل تەرەققىياتى جەريانىدا، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئەسلىدە ئۇنىڭغا قاراشلىق بولغان «قوناق، بۇغداي، ئارپا، تېرىلغان يەر» دېگەن سۆزلەر مۇستەقىل سۆزلەرگە ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ بۈگۈنكى كۈندىكى «تېرىق» (小米) دېگەن بىرلا مەنىگە ئىگە سۆز بولۇپ قالغان.

ئۈچىنچى، بەزى چەت تىلدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش چاستوتىسىنىڭ ئېشىپ كېتىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئىستېمالدا ئەنئەنىۋى سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ كېتىشى تۈپەيلىدىن بەزى كۆپ مەنىلىك سۆزلەر ئاخىرىدا بىر مەنىلىك سۆزلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرچە «ئەش» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ھەمراھ، يولداش، دوست، بىللە يۈرگۈچى، بىللە ماڭغۇچى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان كۆپ مەنىلىك سۆز ئىدى. كېيىن پارسچىدىن كىرگەن «ھەمراھ (يولداش)، دوست، بۇرادەر (بەرادەر)» قاتارلىق سۆزلەر مەزكۇر «ئەش» نىڭ تارماق مەنىلىرىنى ئىگىلەپ كەتكەندىن كېيىن، بۈگۈنكى كۈندە ئۇ «بالا ھەمرىيى (ھەمراھى)» مەنىسىدىكى بىرلا مەنىگە ئىگە سۆزگە ئايلىنىپ قالغان.

كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ بىر مەنىلىك سۆزلەرگە ئايلىنىپ قېلىشى تىلنىڭ سۆزلۈك سوستاۋىغا پاسسىپ تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ بىر مەنىلىك سۆزلەرگە ئايلىنىپ قېلىشىمۇ خۇددى بىر مەنىلىك سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلىك سۆزلەرگە ئايلىنىشىغا ئوخشاشلا تىل تەرەققىياتىدىكى نورمال ھادىسە.



## 3§. سۆزلەردە ئىچكى ئۇقۇم دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە تارىيىشى

«سۆزلەردە ئىچكى ئۇقۇم دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە تارىيىشى» دېگىنىمىز، تار مەنىدىكى سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە تارىيىشى بولۇپ، ئۇ بىر سۆزنىڭ بىرلا مەنىسى ئىچىدىكى ئۇقۇم دائىرىسىنىڭ كېڭىيىش ۋە تارىيىش ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئالايلۇق، ئۇيغۇرچە «ئۆي» دېگەن سۆز تۈرك رۇنىك يېزىقى دەۋرىدە «ئەۋ» تەلەپپۇزىدا بولۇپ، ئۇ پەقەت «كىگىز ئۆي»نىلا كۆرسىتەتتى. ۋەھالەنكى، بۈگۈنكى كۈندىكى «ئۆي» سۆزى تۆت تېمى بار، ئىشىك قويۇپ ئۈستى يېپىلغان ھەرقانداق ئۆي (مەيلى ئۇ كىگىزدىن، ياغاچتىن، پىششىق خىشتىن ياكى خام كېسەكتىن ياسالغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) نى كۆرسىتىدۇ. «ئوق» سۆزىمۇ قەدىمدە، پەقەت «ئوقيا ئوقى» دېگەن بولاتتى. ئۇ ھازىر ھەرقانداق قورالنىڭ (مەيلى ئۇ زەمبىرەك، تانكا ياكى مىلتىق بولسۇن) ئوقىنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇلار سۆزلەرنىڭ ئىچكى ئۇقۇم دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە مىسال بولالايدۇ.

تىل تەرەققىياتى جەريانىدا، بەزى سۆزلەرنىڭ ئىچكى ئۇقۇم دائىرىسى تارىيىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، ئۇيغۇرچە «چىشى» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تىشى» شەكلىدە بولۇپ، ئۇ ئۆز زامانىسىدا «ئادەم ۋە بارلىق جانلىقلارنىڭ چىشى جىنسلىقى» دېگەن كەڭ مەنىگە ئىگە ئىدى. «بىلىكلىك تىشى ئەر، جاھىل ئەر تىشى» (بىلىملىك ئايال گويا ئەر، نادان ئەر گويا ئايالدۇر) («ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، 18 ـ بەت. مىللەتلەر



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نەشرىياتى 1980 ـ يىلى نەشرى). دېمەك، «چىشى» سۆزى قە-
دىمدە ئايال دېگەن مەنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۈگۈنكى
كۈنگە كەلگەندە، مەنىسى تارىيىپ، پەقەت هايۋان ۋە ئۇچار
قۇش قاتارلىق جانلىقلارنىڭ چىشى جىنسلىقلىرىنىلا بىلدۈ-
رىدىغان سۆز بولۇپ قالغان. مانا بۇ — سۆزلەرنىڭ ئىچكى ئۇ-
قۇم دائىرىسىنىڭ تارىيىشىغا كىرىدۇ.

## §4. سۆز مەنىسىنىڭ كۆچۈشى

«سۆز مەنىسىنىڭ كۆچۈشى» دېگىنىمىز، مۇئەييەن بىر
شەيئىنى بىلدۈرىدىغان بىر سۆزنىڭ تىل تەرەققىياتى جەريا-
نىدا باشقا بىر شەيئىنى بىلدۈرىدىغان سۆزگە ئايلىنىپ قېلى-
شىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا، سۆزلەر ئۆزىنىڭ ئەسلىدە ئىپادى-
لەپ كېلىۋاتقان مەنىسىنى يوقىتىپ، باشقا بىر ئۇقۇمنى ئىد-
پادىلەيدىغان سۆزگە ئايلىنىپ قالىدىغان بولغاچقا، بەزى تىل-
چىلار بۇ هادىسىنى «سۆز مەنىسىنىڭ يوقىلىشى» دەپمۇ ئاتاي-
دۇ. بىزنىڭچە، بۇنىڭدا تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، سۆز مە-
نىسى يوقىلىپ كەتمەيدۇ. پەقەت بىر شەيئىدىن ئىككىنچى بىر
شەيئىگە يۆتكىلىدۇ. شۇڭا، بۇنى «سۆز مەنىسىنىڭ كۆچۈشى»
دەپ ئاتىغان مۇۋاپىق. ئالايلۇق، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى-
دىكى «ئەپكەش» دېگەن سۆز چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدىكى «ئاب-
كەش» ئاتالغۇسىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى بولۇپ، ئۇنىڭ
ئۆز ۋاقتىدىكى مەنىسى «سۇ توشۇيدىغان ئادەم» دېگەن بولاتتى.
مەزكۇر سۆز ئۇزاق يىللىق ئىستېمال جەريانىدا، مەنە كۆچۈش
قىلىپ، «سۇ توشۇيدىغان بالداق (ئىككى ئۇچىدا چىلەك ياكى
سوغىنى ئىلىدىغان ئىلمىكى بار قورال)» نى بىلدۈرىدىغان بو-



لۇپ قالغان. دېمەك، بۇنىڭدا ئۇقۇم ئادەمدىن نەرسىگە كۆچكەن.
ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەردە كۆرۈلىدىغان مەنە كۆچۈش
هادىسىسىنى تەتقىق قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، مۇنداق ئىككى
خىل مۇهىم ئالاهىدىلىكنى بايقايمىز.
بىرىنچى، سۆزلەردىكى مەنە كۆچۈش هادىسىسى تۇساتـ-
تىنلا، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ۋۇجۇدقا چىقىدىغان هادىسە ئە-
مەس. سۆز مەنىسىنىڭ كۆچۈشى خېلى ئۇزاق جەرياننى بېشىد-
دىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن شەكىللىنىدۇ. ئالايلۇق،
هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «چوكان» (cho:kan) سۆزى
ئەسلىي چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدىكى «چەۋگان» ئاتالغۇسى بو-
لۇپ، ئۇنىڭ شۇ زامانلاردىكى مەنىسى «ئات توپى ئوينايدىغان
ئۇچى ئىلمەك ئۇزۇن تاياق» دېگەن بولاتتى. دەرۋەقە، مەزكۇر
«چوكان» سۆزىنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى «ئۇزۇن تاياق» مەنىسى-
دىكى سۆزدىن هازىرقى «ياش ئايال»، (少妇) «ئەۋرىشىم سۆ-
گەت تېلى» ۋە «گۈزەل» مەنىلىرىدىكى كۆپ مەنىلىك سۆزگە
ئايلانغانلىقى تىلىمىزدىكى بىر مەنىلىك سۆزلەرنىڭ كۆپ مە-
نىلىك سۆزلەرگە ئايلىنىشىغا مىسال بولالايدۇ. («شىنجاڭ ئۇ-
نىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 ـ يىللىق 1 ـ سان).
بىراق، ئۇنىڭ ئاشۇ «ئۇزۇن تاياق» مەنىسىدىكى سۆزدىن «ياش
ئايال» (يەنى ئادەم) ئۇقۇمىدىكى سۆزگە ئايلانغانلىقىنىڭ ئۆزى
سۆزلەردىكى مەنە كۆچۈش هادىسىسىگە تىپىك پاكىت بولالاي-
دۇ. تەكشۈرۈپ قارايدىغان بولساق، مەزكۇر «ئۇزۇن تاياق» مە-
نىسىدىكى «چەۋگان» سۆزىنىڭ «ياش گۈزەل ئايال» مەنىسىد-
كى «چوكان»غا ئايلانغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇزاق ئەسىرلىك
ئىستېمال ئەمەلىيىتىنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى بايقايمىز.
قاراپ باقايلى:
چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە پارس تىلىدىن كىرىپ ئۆز-
لەشكەن «ئات توپى ئويۇنىدا ئىشلىتىلىدىغان ئۇچى ئىلمەك

ئۇزۇن تاياق» مەنىسىدىكى «چەۋگان» سۆزى ئەڭ دەسلەپكى چاغلاردا ئوخشىتىش، مۇبالىغە قىلىش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى ئىشلىتىشكە ماھىر كىلاسسىك شائىرلىرىمىز تەرىپىدىن مەھبۇبلارنىڭ ئۇزۇن چېچىنى تەسۋىرلەشتە ئىشلىتىدىغان خاس ئاتالغۇسى بولۇپ خىزمەت قىلغان. مەسىلەن:

مۇدەۋۋەر گۇيى سىمىن يا زەنەخدان،
مۇئەنبەر زۇلف يا چەۋگانمۇدۇر بۇ؟

يېشىمى: بۇ يۇپيۇمىلاق تۇرغان كۈمۈش توپمۇ ياكى ئېڭەك ئالمىچىسىمۇ (سېنىڭ ئېڭىكىڭمۇ)؟ بۇ خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان سېنىڭ چېچىڭمۇ ياكى چەۋگانمۇ؟

كەس باشىمنى گۇيتەك خەيلىڭ ئەداقى ئىچرە سال،
قويما سەرگەردان مەنى، ئى زۇلفى چەۋگانىم مەنىڭ.

يېشىمى: ئەي چەۋگان چاچ (يەنى ئۇزۇن چاچ) يارىم! بېشىمنى كېسىپ ئېتىڭنىڭ ئايىغىغا تاشلاپ توپ قىلىپ ئوينىساڭمۇ ئوينىغىنىڭكى، مېنى مۇنداق سەرگەردان قىلما.

(«ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 182 ـ، 183 ـ، 240 ـ، 241 ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى)

يۇقىرىقى مىساللاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، «چەۋگان» سۆزى ئەڭ دەسلەپتە، مەھبۇبلارنىڭ ئۇزۇن چېچىنى تەسۋىرلەشتىكى ئىستىئارە ئورنىدا ئىشلىتىلگەن بولسا، كېيىنچە «ئۇزۇن» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىپ، «زۇلفى چەۋگان» دېيىلگەندە، «ئۇزۇن چاچلىق گۈزەل يار» دېگەن ئۇقۇمنى يورۇتىدىغان خاس ئاتالغۇغا ئايلانغان. ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن يەنە «زۇلف» (چاچ) دېگەن سۆزنى تاشلىۋېتىپ «چەۋگان ـ چوكان» دېگەندىمۇ، يەنە ئاشۇ «ئۇزۇن چاچلىق گۈزەل يار»نى كۆرسىتىدىغان سۆز بولۇپ قالغان.



ئۇنداقتا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نېمە ئۈچۈن ئۇزۇن چاچلىق قىزلار «چوكان» ئاتالماي، يېڭىلا ئەرگە تەگكەن ياش ئايال «چوكان» ئاتىلىدىغان بولغان؟

مەلۇمكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەللىك قارىشىدا، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ چېچى قانچە ئۇزۇن ۋە قانچە توم بولسا، شۇنچە گۈزەل بولىدۇ. كىلاسسىك ئەسەرلەردە، بۇ خىل قاراش مۇبالىغە ۋاستىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

سەبا زۇلفۇڭنى تاغىتتى مەگەر ھالى خەيالىمدا،
يازىلدى ئەژدەھا بولدى، ئورالدى ئەھرىمەن بولدى.

يېشىمى: تاڭ شامىلى چېچىڭنى توزغىتىپ ئوينىغانىدى، شۇئان ئۇ مېنىڭ خىيالىمدا، يېيىلغاندا گويا بىر ئەجدىھاغا ئايلاندى، تۈگۈلگەندە بولسا، گويا ئەھرىمەن دىۋىگە ئايلاندى.
(يۇقىرىقى ئەسەر، 194 ـ، 195 ـ بەتلەر)

دېمەك، بۇ يەردىكى «ئەجدىھا» چاچنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن مۇبالىغە، رىۋايەتلەردىكى دىۋە «ئەھرىمەن» بولسا، چاچنىڭ يوغان، توملۇقىدىن مۇبالىغىدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىدە، قىزلار چېچىنى «قىرىق تال» قىلىپ ئۇششاق ئۆرۈۋالىدۇ. ئەمما، ئەرگە تەگكەندىن كېيىن «قىرىق تال» چېچىنى بۇزۇپ، پەقەت ئىككى تال قىلىپ (يەنى توم قىلىپ) ئۆرۈۋالىدۇ. بۇ ئادەت ھازىرقى ئۇيغۇر يېزا قىزلىرى ئارىسىدا ھېلىھەم ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن:

(ئۇنىڭ) قىزى تويدىن كېيىنكى مۇشۇ بىرەر ئايدىن بېرى خېلىلا بوي تارتىپ يوغىناپ قالغان، بۇرۇنقى قارىمۇتۇق چىرايى تېخىمۇ ئېچىلىپ، ئېقى ئاققا، قىزىلى قىزىلغا ئايرىلىپ قالغان، تېخى بىر ئاي بۇرۇن قىرىق تال قىلىپ ئۆرۈلىدىغان سۇمبۇل چاچلىرى ئەمدىلىكتە، پىستە غولىدەك ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلۈپ، گۆدەك قىزلىق دەۋرىدىن بەختلىك چوكانلىق



www.uyghurkitap.com

دەۋرگە ئۆتكەنىدى. (ئەخەت تۇردى: «سەبىيلەر پاجىئەسى» دىن)

روشەنكى، قىزلارنىڭ «قىرىق تال» چېچى ھەر قانچە ئۇزۇن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ «چوكان» ئاتالماي، چېچىنى «پىستە غولىدەك ئىككى تال» (يەنى يوغان، توم ئىككى تال) قىلىپ ئۆرۈلگەن ياش ئاياللارنىڭ «چوكان» ئاتىلىشى، مەزكۇر «چوكان» سۆزىنىڭ ئاخىرىدا يەنە «ئۇزۇن ۋە توم چاچلىق ئايال» دېگەن ئۇقۇمنى يورۇتىدىغان بولغانلىقىنى دەلىللەيدۇ.

دېمەك، «چوكان» سۆزى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى «ئۇزۇن تاياق» دېگەن مەنىسىدىن كۆچۈپ، «ياش ئايال» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدىغان سۆزگە ئايلانغۇچە يۇقىرىقىدەك ئۇزۇن جەريانلارنى باشتىن كەچۈرگەن.

ئىككىنچى، ئىشلىتىلىش چاستوتىسى يۇقىرى بولغان بىرىكمە سۆزلەردە، مۇئەييەن سۆزلەرنىڭ ئەمەلىي ئىستېمال جەريانىدا قىسقارتىۋېتىلىشى تۈپەيلىدىنمۇ مەنە كۆچۈش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنە كۆچۈش ھادىسىسى يۈز بەرگەن مۇتلەق كۆپ سانلىق سۆزلەرنى تەكشۈرۈپ قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئەسلىدە دائىملىق ئىشلىتىلىش چاستوتىسى نىسبەتەن يۇقىرى بولغان بىرىكمە سۆز ياكى جۈپلەنمە سۆزلەردىن ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىي ئىستېمال جەريانىدا، ئۇلاردا سۆز قىسقىرىش ھادىسىسى يۈز بەرگەنلىكى سەۋەبىدىن، ئەسلىي بىرىكمىدىكى بىر سۆزنىڭ مەنىسى يالغۇزلا ئىشلىتىلىدىغان ئىككىنچى بىر سۆزگە يۈكلىنىپ قالغانلىقىنى ۋە شۇنىڭ بىلەن مەنە كۆچۈش ھادىسىسى شەكىللەنگەنلىكىنى بايقايمىز. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ھارپا» سۆزى ئەسلىي چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەرەفە (عرفه)» ئاتالغۇسى بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە سەئۇدى ئەرەبىستانى مەككە شەھىرىنىڭ شەرقىگە ئون ئىككى يول كېلىدىغان جايدىكى بىر تاغنىڭ



ئىسمىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ئىدى. مەلۇمكى، ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە، ھىجرىيە يىلى ھېسابىدا ھەر يىلى 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ھەج قىلىدىغانلار مەزكۇر ئەرەفە تېغىنىڭ باغرىغا جەم بولۇپ، ھەج پەرزىنى ئادا قىلىشقا تەييارلىنىدۇ. مانا مۇشۇ ئەرەفە تېغىنىڭ باغرىغا يىغىلىدىغان كۈن ئەرەبچىدە «يەۋمۇل ئەرەفە» (ئەرەفە تېغىنىڭ باغرىغا جەم بولىدىغان كۈن) دېيىلىدۇ. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە، مەزكۇر «يەۋمۇل ئەرەفە» بىرىكمىسى ئەينەن قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىلگەندىن باشقا، كېيىنچە تىل ئادىتىدىكى مۇئەييەن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلۇپ «ئەرەفە كۈنى - ئەرفە كۈنى - ئەرپە كۈنى - ھارپا كۈنى» قىلىپ ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇ مەخسۇسلا قۇربان ھېيتىنىڭ ئالدىنقى كۈنى (يەنى ھىجرىيە 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى) نى كۆرسىتىدىغان خاس ئاتالغۇ بولغان. كېيىنچە، «كۈن» سۆزى قىسقارتىۋېتىلىپ «ئەرپە / ھارپا» دېيىلسىمۇ، يەنىلا ئاشۇ خاس كۈننى كۆرسىتىدىغان سۆز بولۇپ تۇراقلىشىپ قالغان. دېمەك، ئىستېمال جەريانىدا، «ئەرەفە» دېگەن بىر تاغنىڭ ئىسمى قۇربان ھېيتىنىڭ ئالدىنقى كۈنىدىن ئىبارەت خاس كۈننى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ قالغان (تاغنىڭ مەنىسى خاس بىر كۈنگە كۆچكەن).

يەنە مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «دۆت» مەنىسىدە ئىشلىتىلىدىغان «كالۋا» سۆزىنىڭ ئەسلىي چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى «كەللەۋار (كلەوار)» بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «كاللىدەك، كاللەكلەنگەن، كاللەك» دېگەن بولاتتى. ئەمەلىي ئىستېمال جەريانىدا، ئۇ قىسمەن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش قىلىپ، «كالۋا» شەكلىدە مۇقىملاشقان ۋە يۆگەپ كاللەكلەشتۈرۈلگەن يىپنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدىغان مىقدار سۆز بولۇپ خىزمەت قىلغان (مەسىلەن، بىر كالۋا يىپ، دېگەنگە ئوخشاش). كېيىنچە، «كالۋا باش» دېگەن بىرىكمە سۆز بارلىققا

كېلىپ، كاللىسى ھېچ نەرسىگە ئىشلىمەيدىغان ئادەملەر سۈپەتلەنگەن. كېيىن، «كالۋا باش» تىكى «باش»نى تاشلىۋېتىپ «كالۋا» دېسىمۇ، يەنىلا شۇ «كاللىسى خۇددى بىر كاللەك يېپقا ئوخشايدىغان، مېڭىسى ئىشلىمەيدىغان ئادەم» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدىغان سۆز بولۇپ قالغان.

قىسقىسى، سۆزلەردىكى مەنە كۆچۈش ھادىسىسى لېكسىكولوگىيەدىكى مۇھىم بىر سېمانتىكىلىق ھادىسىدۇر. ئۇ ئەمەلىيەتتە، سۆزلەرنىڭ ئاساسلىق ئۇقۇمىدىكى تۈپكى ئۆزگىرىش مەسىلىسى بولغاچقا، ئۇنى ئەتراپلىق شەرھلەش ھامان ئېتىمولوگىيە ئىلمىنىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلىدۇ.

## §5. سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنە ئېلىشى

لېكسىكولوگىيەدىكى «سۆز مەنىسىنىڭ كۆچۈشى» (词义的迁移) بىلەن «سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنە ئېلىشى» (词的转义) بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئىككى ئۇقۇم. «سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنە ئېلىشى» دېگىنىمىز — سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى يوقاتمىغان ھالدا، مۇئەييەن كونتېكىستتا تۇرۇپ، ئوخشىتىش، ئىستىئارە، مۇبالىغە قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق مەلۇم يېڭى مەنە ئىپادىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، كۆچمە مەنىگە ئىگە بولغان سۆز ئۆزىنىڭ ئەسلىي ۋە ئاساسلىق مەنىسىنى يوقاتمىغان بولىدۇ. مەنىسى كۆچكەن سۆز بولسا، ئەمەلىيەتتە ئەسلىدىكى مەنىسىنى يوقاتقان بولىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ تۈپكى پەرقى مانا شۇ يەردە.

سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنە ئېلىشى ئەمەلىيەتتە، كەڭ مەنىدە ئېيتىلىدىغان سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىش ھادىسىسىگە كىرىدۇ.



مەلۇمكى، كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى ئۆز ئىچىدىن «تۈپ مەنە» ۋە «كېڭەيگەن مەنە» دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بىر سۆزدىكى ھەرقانداق بىر كېڭەيگەن مەنە تىل تەرەققىياتى ۋە ئەمەلىي ئىستېمال جەريانىدا، تەدرىجىي ھالدا ئاساسىي مەنىلەر قاتارىغا ئۆتۈشى مۇمكىن. بىراق، كېڭەيگەن مەنىلەر ئىچىدە، شۇنداق بىر تۈركۈم مەنىلەرمۇ بولىدۇكى، ئۇلار ئاساسىي مەنە بىلەن نېگىزلىك مۇناسىۋەتتە بولالمايدۇ. مانا مۇشۇنداق مەنىلەر كۆچمە مەنە قاتارىغا كىرىدۇ. مەسىلەن، «تۈلكە» سۆزى ھايۋانلارنىڭ بىر تۈرىنىڭ نامى. بىراق، ئۇ كونتېكىستلاردا ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتە ئارقىلىق، ھارامزادە ئادەمگە ئوخشىتىلىدۇ. شۇڭا، «تۈلكە» سۆزى مۇئەييەن كونتېكىستتا كەلگەندە، «ھارامزادە، قۇۋ، ھىيلىگەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن، ئۇ ناھايىتى تۈلكە ئادەم، دېگەنگە ئوخشاش). بىراق، «تۈلكە» بىلەن «قۇۋ» سۆزى ئوتتۇرىسىدا نېگىزلىك ئۇقۇم مۇناسىۋىتى يوق. بۇ يەردە، پەقەت ئوبرازلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئادەمدە بولىدىغان قۇۋلۇق خۇسۇسىيەت تۈلكىگە ئوخشىتىلغان خالاس. شۇڭا، «ھارامزادە، قۇۋ» سۆزى «تۈلكە» سۆزىنىڭ پەقەت كۆچمە مەنىسى بولىدۇكى، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەنىسى بولالمايدۇ.

يەنە بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى بولغان «قاپاق»نى ئالساق، ئۇ ئاشۇ مەنىدىن باشقا، مۇئەييەن كونتېكىستتا كەلگەندە، يەنە «دۆت» دېگەن ئۇقۇمنىمۇ ئاڭلىتىدۇ (مەسىلەن، ئۇ تازا بىر قاپاق ئادەم ئىكەن، دېگەنگە ئوخشاش). بىراق، مەزكۇر «قاپاق» بىلەن «دۆت» سۆزلىرى ئوتتۇرىسىدا تۈپ ئۇقۇم جەھەتتىكى نېگىزداشلىق مەۋجۇت ئەمەس. «قاپاق» نىڭ «دۆت» مەنىسى ئەمەلىيەتتە، مەزكۇر قاپاقنىڭ ئوبرازىنى ئادەمگە كۆچۈرۈپ ئىشلەتكەندىكى مەنىسى، يەنى كۆچمە مەنىسى بولىدۇ، خالاس.

قىسقىسى، سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنە ئېلىشى ئەمەلىي تىل



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىستېمالدا، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق شەكىللىنىدىغان سېمانتىكىلىق هادىسە. سۆزلەردىكى كۆچمە مەنە ئېلىش هادىسىسىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىستىلىستىكا ئىلمىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ. بىز بۇ هەقتە، «لېكسىكولوگىيە بىلەن ئىستىلىستىكا ئىلمىنىڭ مۇناسىۋىتى» دېگەن پاراگرافتا تەپسىلىيرەك توختىلىمىز.

## §6. مەنداش سۆزلەرنىڭ خاسلىشىشى

ئايرىم تۇرغاندا ئاڭلىتىدىغان مەنىسى جەھەتتە ئۆز ئارا تەڭ ياكى ئوخشاش بولغان سۆزلەر «مەنداش سۆزلەر» دېيىلىدۇ. بىراق، مەنداش سۆزلەرمۇ كونكرېت تىل شارائىتىدا ۋە تۈرلۈك كونتېكىستلاردا، ئىشلىتىلىش دائىرىسى، سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارى ۋە ئاڭلىتىدىغان ئۇقۇم قاتلاملىرى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇئەييەن پەرقلەرگە ئىگە بولىدۇ. بۇ خىل پەرقلەرنى ئادەتتە مەنداش سۆزلەرنىڭ سوستاۋىدا بولىدىغان خاسلىشىش هادىسىسى شەكىللەندۈرگەن بولىدۇ.

مەنداش سۆزلەرنىڭ خاسلىشىشى ئومۇمەن قىلغاندا مۇنداق ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى، ئۇقۇم دائىرىسى جەھەتتە خاسلىشىش. ئۆز ۋاقتىدا، مەنە جەھەتتە تەڭ ياكى ئوخشاش بولۇپ، تۈرلۈك كونتېكىستلاردا ئىختىيارىي هالدا بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان بەزى مەنداش سۆزلەر ئىستېمال جەريانىدا، مەنە تارىيىش هادىسىسىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىپ، بۇرۇنقى مەنە دائىرىسىنىڭ پەقەت قىسمەن بىر قىسمىنىلا بىلدۈرىدىغان خاس سۆز بولۇپ قالىدۇ.



مەسىلەن، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «جۇۋان» سۆزى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە «جەۋان» شەكلىدە تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «ياش ئۆسمۈر» دېگەن بولاتتى ۋە «جەۋان دۇختەر» (ياش قىز)، «جەۋان مەرد» (ياش يىگىت) شەكلىدە ئىشلىتىلىپ، جىنس ئايرىمىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايتتى. كېيىنچە، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى كونكرېتلىشىپ، خاس ئايال جىنسلىقلارنىڭ ياشلىرىنى كۆرسىتىشتە ۋە سۈپەتلەشتە ئىشلىتىلگەن. نەتىجىدە، ئۇ بۈگۈنكى ئىستېمالىمىزدىكى «جۇۋان» (少妇) سۆزى بولۇپ قالغان. «قىران» سۆزىمۇ ئەسلىدە، «بالاغەتكە يەتكەن، يېتىلگەن، توي يېشىغا يەتكەن» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە، جىنس ئايرىلماي ئىشلىتىلەتتى. كېيىنچە، ئۇمۇ ئۇقۇم دائىرىسى بويىچە خاسلىشىپ، مەخسۇس ئەر ـ يىگىتلەرنى سۈپەتلەشتە ئىشلىتىلىدىغان سۆز بولۇپ قالغان. مەسىلەن، قىران يىگىت، دېگەنلەرگە ئوخشاش .

ئىككىنچى، سۆزلەر بىلەن بىرىكىش دائىرىسى جەھەتتە خاسلىشىش. كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ئىچىدە، بەزىلىرىنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، يەنە بەزىلىرىنىڭ بولسا، بىرىكىش ئىقتىدارى نىسبەتەن ئاجىزراق بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بەزى سۆزلەرنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ بىرىكمە سۆز، جۈپلەنمە سۆز ۋە تەكرارلانما سۆز ياساش دائىرىسى كەڭرەك، يەنە بەزىلىرىنىڭ بولسا، نىسبەتەن تارراق بولىدۇ. بۇمۇ كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ئىستېمال جەريانىدا نىسپىي هالدىكى خاسلىشىش هادىسىسىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. مەسىلەن، «كۈچ، قۇۋۋەت، ماغدۇر، قۇدرەت» كۆپ مەنىلىك سۆزلىرىنى ئالساق، بۇلارنىڭ ئىچىدە «كۈچ» سۆزىنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش دائىرىسى كەڭرەك. شۇڭا، «كۈچ ئۇلاش» (مەسىلەن، كۈچ ئۇلاپ

يۇگۇرۇش)، «كۈچ سىنىشىش» قاتارلىق بىرىكمىلەردىكى «كۈچ» سۆزىنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ بىلەن مەنىداش بولغان سۆزلەر توپىدىكى ھېچقايسى بىر سۆزنى دەسسەتكىلى بولمايدۇ؛ «پاكىزلىماق، ئېرىغدىماق، پاكلاشتۇرماق، ساپلاشتۇرماق، تازىلىماق» كۆپ مەنىلىك سۆزلىرىنىڭ ئىچىدە، «تازىلىماق» سۆزىنىڭ بىرىكىش دائىرىسى باشقىلىرىغا قارىغاندا كەڭرەك. شۇڭا، شەخسىي تازىلىق، تازىلىق ھەيئىتى، تازىلىق كومىتېتى، تازىلىق ھەرىكىتى قاتارلىق بىرىكمىلەردىكى «تازىلىق» سۆزىنىڭ ئورنىغا ئادەتتە، ئۇنىڭ بىلەن مەنىداش بولغان ھەر قانداق بىر سۆز ئالماشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلمەيدۇ.

كۆپ مەنىلىك سۆزلەر توپىدىكى ھەرقايسى سۆزلەملەرنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش دائىرىسىنىڭ كەڭ ياكى تار بولۇشى ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئىككى خىل ئامىلغا باغلىق. سۇبيېكتىپ جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، كۆپ مەنىلىك سۆزلەر توپىدىكى ھەر بىر سۆزنىڭ ئىچكى ئۇقۇم دائىرىسى جەھەتتە، مۇئەييەن پەرقى بولىدۇ. ھەر بىر سۆزنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان ئىچكى ئۇقۇم دائىرىسى جەھەتتىكى پەرقى ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ بىرىكىش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشى، ئۇنىڭ بىرىكىش دائىرىسىنىڭ كەڭ ياكى تار بولۇشىنى بەلگىلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئالايلۇق، «كۈچ» بىلەن «ماغدۇر» كۆپ مەنىلىك سۆز. بىراق، «كۈچ» نىڭ ئىچكى ئۇقۇم دائىرىسى «ماغدۇر»غا قارىغاندا كەڭ. شۇڭا، «كۈچ» دېگەندە ئادەتتە، «ئەقلىي كۈچ، جىسمانىي كۈچ، تەسىر كۈچ، ماددىي كۈچ ۋە مەنىۋى كۈچ» دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «ماغدۇر» بولسا، ئادەتتە جىسمانىي كۈچنىلا كۆرسىتىدۇ.

ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، كىشىلەرنىڭ سۆزلەرنى ئىشلىتىشتە يېتىلدۈرگەن ئادىتىمۇ كۆپ مەنىلىك سۆزلەر تو-



پىدىكى ھەر قايسى سۆزلەرنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش دائىرىسىنىڭ كەڭ ياكى تار بولۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «كۈچ» بىلەن «ماغدۇر» سۆزلىرىنى ئالساق، «كۈچ» سۆزى «ماغدۇر»غا قارىغاندا ئىخچام، تەلەپپۇزغا قۇلايلىق، يەنە بىر جەھەتتىن ساپ ئۇيغۇرچە سۆز. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى كۆپرەك ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن. مانا بۇ خىل ئادەت مەزكۇر «كۈچ» سۆزىنىڭ ئىشلىتىلىش چاستوتىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن، ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتكەن.

ئۈچىنچى، ئىستىلىستىكىلىق رول جەھەتتە خاسلىشىش. تىل تەرەققىياتى جەريانىدا، كۆپ مەنىلىك سۆزلەر توپىدىكى سۆزلەملەر ئىستىلىستىكىلىق رول جەھەتتىمۇ خاسلىشىش ھادىسىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئادەتتە، بۇ خىل سۆزلەرنىڭ ئىستىلىستىكىلىق رول جەھەتتىكى خاسلىشىشىنى يۇقىرىدىكى ئىككى خىل خاسلىشىشنىڭ تەبىئىي مەھسۇلى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ئىچكى ئۇقۇم دائىرىسى كەڭ، باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئىستېمال دائىرىسى كەڭ بولغان سۆزلەرنىڭ نۇتۇق ۋە ماقالىلاردا، سېلىشتۇرۇش، ئوخشىتىش، مۇبالىغە قىلىش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرگە جانلىق ماتېرىيال بولۇپ، ئەمەلىي ئوينايدىغان رولى چوڭ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. مەسىلەن، «گۈل» بىلەن «چېچەك» كۆپ مەنىلىك سۆزلىرىنى ئالساق، گەرچە «چېچەك» سۆزى ئەنئەنىۋى ساپ ئۇيغۇرچە سۆز بولسىمۇ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە پارسچىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن «گۈل» سۆزى ئىستېمال جەريانىدا، ھەر جەھەتتە «چېچەك» سۆزىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، ئىچكى ئۇقۇم دائىرىسى كەڭ، ئىشلىتىلىش چاستوتىسى يۇقىرى، باشقا سۆزلەر بىلەن بىرىكىش ئىقتىدارى كۈچلۈك سۆزلەم بولۇپ قالغان. شۇ ۋەجىدىن، ئۇ ئەدەبىي ئە-



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سەرلەردە، ئوخشىتىش، مۇبالىغە، سىلىشتۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرگە ماتېرىيال بولۇش جەھەتتە، «چېچەك» سۆزىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان خاسلىقنى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن، «ئۇنىڭ رۇخسارى بەئەينى گۈلگە ئوخشايتتى»، «گۈلدەك قىز»، «گۈلدەك زامان»، «گۈلدەك خەلق» دېگەنلەرگە ئوخشاش جۈملە ۋە بىرىكمىلەرنى ئالساق، بۇ يەردىكى «گۈل» نىڭ ئورنىغا «چېچەك» سۆزى قويۇلسا، ئادەتتە كۈتكەن ئوبراز، ئۈمىد قىلىنغان پاساھەت يارىتىلمايدۇ.

ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسىدە، كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ ئەمەلىي ئىستېمالدىكى خاسلىشىش ھادىسىسىنى ياخشى ئۆگىنىش ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئۇيغۇرچە سۆزلۈك تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى ئىگىلەش ۋە ئۇنى ئەتراپلىق شەرھلەشتە مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 7§. سۆز مەنىسىدىكى ئىككى بىسلىق ھادىسە

«سۆز مەنىسىدىكى ئىككى بىسلىق ھادىسە» دېگىنىمىز، سۆزلەرنىڭ مۇئەييەن كونتېكىستتا تۇرۇپ، بىرلا ۋاقىتتا تۈپتىن ئوخشاشمايدىغان ئىككى خىل مەنە ئاڭلىتىشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا كۆپرەك تۆۋەندىكىدەك سۆزلەملەرنىڭ مەنىسىدە ئىككى بىسلىق ھادىسە يۈز بېرىدۇ:

1. ئاھاڭداش سۆزلەردە. «ئاھاڭداش سۆزلەر» دېگىنىمىز تەلەپپۇزى ئوخشاش، ئاڭلاتقان مەنىسى ئوخشىمايدىغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر، كونتېكىست تولۇق، جۈملىلەرنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلۇشى مۇكەممەل بولمىسا، ئاھاڭداش سۆزلەر ئارىلاشقان جۈملە ياكى ئابزاسلاردا، ئۇقۇم جەھەتتىكى ئىككى بىسلىق ھادىسە ئاسانلا يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:



«— پىلىككە ئوتنى ياقايمۇ؟ — ۋارقىراپ سورىدى يىراقتىكى كىچىك دۆڭنىڭ كەينىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان بالا.

— ياق! — دەپ ۋارقىرىدى قېرى ئىشچى.»

مانا بۇ دىيالوگدا، «ياق» سۆزى مەركەزلىك گەۋدىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئەمما بۇ يەردە قېرى ئىشچىنىڭ مەزكۇر «ياق» سۆزىنى قانداق تەرزدە، قانداق ئىما - ئىشارەت بىلەن ئېيتقانلىقى ئەسكەرتىلمىگەچكە، ئۇ يىراقتىكى بالىغا «ياق» (点火 ياقماق، يېقىش) دەپ ئىجازەت بەردىمۇ ياكى «ياق» (不 ياقما، بولمايدۇ، ئۇنداق قىلما) دەپ چەكلىدىمۇ، بۇنىسى نامەلۇم. مانا بۇ ئاھاڭداش سۆزلەر پەيدا قىلىدىغان ئىككى بىسلىق ھادىسىگە تىپىك مىسال بولالايدۇ.

2. كۆپ مەنىلىك سۆزلەردە. كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى نىسبەتەن كۆپ بولغاچقا، بىر - ئىككى جۈملىلىك قىسقا كونتېكىستلاردا، مۇئەييەن بىر كۆپ مەنىلىك سۆزنىڭ قايسى مەنىسى ئىشلىتىلگەنلىكىنى دەرھال ئاڭقىرغىلى بولمايدۇ. شۇ ۋەجدىن ئۇقۇم جەھەتتىكى ئىككى بىسلىق ھادىسە يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

«— ھەدىڭىزنىڭ ئوغلى ماڭدىمۇ؟

— ھەئە، ماڭغىلى بىر ئاي بولۇپ قالدى.»

بۇ كونتېكىستتا، «ماڭماق» (赶路)، «سەپەرگە يۈرۈپ كەتمەك» (上路) ۋە «مېڭىشنى بىلمەك» (会走路) مەنىلىرىدىكى كۆپ مەنىلىك سۆز «ماڭماق» ئۇقۇم مەركىزى بولۇپ كەلگەن. بىراق، بىز بۇ دىيالوگنىڭ ئالدىنقى جۈملىلىرىدىن بىخەۋەر بولغىنىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردىكى «ماڭماق» نىڭ «سەپەرگە يۈرۈپ كەتمەك» دېگەن مەنىنى بېرىدىغانلىقى ياكى «قەدەم ئېلىپ ماڭالايدىغان بولماق، مېڭىشنى بىلمەك» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالمايمىز.

3. كۆچمە مەنىلىك سۆزلەردە. كۆچمە مەنىگە ئىگە بولغان

ئوبرازلىق سۆزلەر، خۇسۇسەن ئىدىيوملار قىسقا كونتېكىستلاردا ھەمىشە ئۇقۇم جەھەتتىكى ئىككى بىسلىق ھادىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن:

«— بۇگۈن دۇخاۋا بازىرىغا ئوت كېتىپتۇ، ئاداش، — دېدى ئېگىز بويلۇق يىگىت قەدىمىنى ئىتتىكلىتىپ تۇرۇپ.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇنىڭ بىلەن يانمۇيان كېتىۋاتقان پاكار بالا ھەيران بولغان قىياپەتتە.»

بۇ كونتېكىستتا ئىشلىتىلگەن «ئوت كەتمەك» دېگەن سۆز تىجارەتچىلەر ئارىسىدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىر ئىدىيوم بولۇپ، ئۇ بازار سودىسى، مۇئەييەن بىر تۈرلۈك مالنىڭ سېتىش - سېتىلىش ئەھۋالىغا نىسبەتەن ئېيتىلغاندا، «بازار قىزىپ كەتمەك، ئوبوروت ئىتتىكلەپ كەتمەك» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. بىراق، بىز بۇ يەردىكى پاراڭنىڭ باش قىسمىنى ئاڭلىمىغان، ئاياغ قىسمىدىنمۇ بىخەۋەر بولغىنىمىز ئۈچۈن، بۇ كونتېكىستنىڭ ئۆزىگە قاراپ، بازارغا بىراۋ تەرىپىدىن ئوت قويۇۋېتىلگەنلىكى ياكى نەچچە كۈندىن بۇيان كاسات بولۇپ كەلگەن دۇخاۋىنىڭ بۇگۈن تۇساتتىنلا بازىرى چىقىپ، خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغۇدەك دەرىجىگە يېتىپ قېلىۋاتقانلىقى ھەققىدە كېسىپ بىرنەرسە دېيەلمەيمىز.

4. كۆچۈرمە گەپلەر ۋە بەزى تۇراقلىق تەركىبلەر ئېغىز تىلىدا ئىشلىتىلگەندىمۇ ئۇقۇم جەھەتتىكى ئىككى بىسلىق ھادىسە يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

— سەن «موللا زەيدىن»نى كۆرگەنمۇ؟

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز»ىنى كۆرۈپ، ئۆتمۈشتىكى نۇرغۇن ئىشلار ئېسىمگە كەلدى.

روشەنكى، بۇ جۈملىلەر ھېچقانداق بىر كۆچۈرمە ئالامىتى قوللانغىلى بولمايدىغان ئېغىز تىلىدا ئىشلىتىلگەندە، ئىزاھات بېرىلمىسە بىر خىل، ئىزاھات بېرىلگەندە بولسا يەنە بىر خىل



ئۇقۇم ئاڭلىتىدۇ.

سۆز مەنىسىدىكى ئىككى بىسلىق ھادىسە نۇتۇق، ماقالىلەرنى جانلىق، يۇمۇرلۇق، قىزىقارلىق ۋە پاساھەتلىك قىلىشتا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. شۇڭا، يازغۇچىلار، شائىرلار ۋە تىل ئۇستىلىرى ئىككى بىسلىق ئۇقۇمغا ئىگە سۆزلەرنىڭ مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ چۆچەك، لەتىپە، تۇيۇق ۋە كۇلدۇرگە قاتارلىق ئەدەبىي ژانىرلارنى ئىجاد قىلىپ، خەلقنىڭ ھۇزۇرلىنىشىغا سۇنىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئەدەبىيات گۈلزارىنى بېزەيدۇ. مەسىلەن:

«كۈنلەرنىڭ بىرىدە، سەلەي چاققان خوجايىنىغا ھەمراھ بولۇپ بىر باينىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا بېرىپتۇ. باينىڭ ھويلىسىغا كىرگەندىن كېيىن، خوجايىن سەلەي چاققاننى ئېتىغا قارىتىپ قويۇپ، ئۆزى مېھمانخانىغا كىرىپ كېتىپتۇ. مېھماندارچىلىق تۈگىگەندىن كېيىن، خوجايىن سەلەي چاققاننى ئەگەشتۈرۈپ قايتىش يولىغا چۈشۈپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ، خوجايىن ئۆزىنىڭ بۇگۈن قازى ئاخۇنۇم بىلەن بىللە جىق گۆش يېگەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ راسا ماختىنىپتۇ ۋە سەلەي چاققاندىن ئەتەي سوراپتۇ:

— ھوي، سەلەي! بۇگۈن مېھماندارچىلىقتا، ساڭىمۇ بىر نەرسە تەگدىمۇ؟

— تەگدى تەقسىر، تەگدى.

— نېمە تەگدى؟

— قازى ئاخۇنۇمدىن ئاشقان سۆڭەكنى سىلى غاجىلاپ بولۇپ بىر ئاتقانتىلە، پېشانەمگە تەگدى، — دەپتۇ سەلەي چاققان».

دېمەك، يۇقىرىقى لەتىپىدە، زېرەك سەلەي چاققاننىڭ كۆپ مەنىلىك سۆز «تەگمەك» پېئىلى شەكىللەندۈرگەن ئىككى بىسلىق ھادىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى مەسخىرە قىلماقچى



www.uyghurkitap.com

بولغان نائىنساب خوجايىنىنىڭ راسا ئەدىبىنى بەرگەنلىكى تولىمۇ پاساھەتلىك قىلىپ تەسۋىرلەنگەن.

سۆزلەر مەنىسىدىكى ئىككى بىسلىق ھادىسە تىل تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىللىنىدىغان نورمال ھادىسە. لېكسىكولوگىيەدىكى ئىككى بىسلىق ھادىسىنى بىلىش ۋە ئۇنى تىل ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاپ تەتقىق قىلىش تىلنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەمما، ئۇقۇم ئېنىق، دەل ۋە توغرا ئىپادىلىنىشى شەرت قىلىنىدىغان سىياسىي ماقالە، دوكلات ۋە تۈرلۈك ھۆججەتلەردە، ئىككى بىسلىق مەنىگە ئىگە سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم.



# بەشىنچى باب ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدىكى تۇراقلىق تەركىبلەر

بۇ مەزمۇن كۆپ سانلىق كىتابلاردا «ئۇيغۇر تىلىدىكى فىرازېئولوگىيەلىك تۇراقلىق بىرىكمىلەر»، «ئۇيغۇر تىلى فىرازېئولوگىيەسىدىكى تۇراقلىق ئىبارىلەر» دېگەندەك ماۋزۇلاردا بايان قىلىنىپ كەلگەن.[1] بىراق، ئىزدىنىپ قارىساق، «فىرازېئولوگىيە» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلى ئارقىلىق ئىنگلىز تىلىدىن كىرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىنگلىزچىدىكى مەنىسى «سۆز تاللاش، سۆز ئىشلىتىش» بولىدىغانلىقىنى، رۇسچىدىكى ئاساسلىق مەنىسى بولسا، «ئىدىيوم» دېگەن بولىدىغانلىقىنى بايقايمىز. ئەمەلىيەتتە، مەزكۇر بابنىڭ دائىرىسى يالغۇز «ئىبارە» (词)، «ئىدىيوم» (成语) ۋە بىرىكمە (词组) بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدە يەنە مۇستەقىل جۈملىلەر (ماقال - تەمسىللەر) ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرمۇ بار. شۇڭا، نامىنى مەزمۇنىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇشنى كۆزلەپ، مەزكۇر ماۋزۇنى ئۆز تىلىمىز بويىچە «لېكسىكىدىكى تۇراقلىق تەركىبلەر» دەپ ئاتاشنى لايىق كۆردۇق.

ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدىكى تۇراقلىق تەركىبلەر ئۆز ئىچىدىن «تۇراقلىق بىرىكمىلەر»، «ئىدىيوملار»، «ماقال - تەمسىللەر» ۋە «ھېكمەتلىك سۆزلەر» دېگەن تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تۆۋەندە شۇلار ھەققىدە ئايرىم - ئايرىم بايان بېرىمىز.

① «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى»، 1 - قىسىم 112 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 - يىلى نەشرى.

## 1§. تۇراقلىق بىرىكمىلەر

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلەمنىڭ ئېنىقلاش، ئېنىقلىنىش ياكى بېقىنىش - بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان، نۇتۇق ۋە ماقالىلاردا ھەمىشە بىر سۆزگە ئوخشاشلا ئىشلىتىلىدىغان بىرىكمە سۆزلەر «تۇراقلىق بىرىكمە» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى
جۇڭگو كومپارتىيەسى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى
«قەشقەر گېزىتى»
سىياسىي كېڭەش
تۈرلۈك ماللار ماگىزىنى
«تۈركىي تىللار دىۋانى / دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»

ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇراقلىق بىرىكمىلەر تىلدا ئىختىيارىي ھالدا بىرىكتۈرۈپ ھاسىل قىلىنىشقا بولىدىغان ئەركىن بىرىكمىلەر بىلەن، شۇنداقلا ئۇيغۇرچىدىكى باشقا تۇراقلىق تەركىبلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مۇنداق ئىككى تۈرلۈك ئالاھىدىلىك ئارقىلىق گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ:

بىرىنچى، بىرىكمە تەركىبىدىكى سۆزلەر تۇراقلىق بولىدۇ. ئادەتتە بىرىكمە شەكلىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. ئالايلۇق، «قەشقەر گېزىتى» دېگەن بىرىكمىنى «قەشقەرنىڭ گېزىتى» شەكلىگە كىرگۈزۈپ يازساق ياكى ئېيتساق، ئۇ تۇراقلىق بىرىكمە بولماي قالىدۇ. «سىياسىي كېڭەش» بىرىكمىسىنى «سىياسىينىڭ كېڭىشى» قىلىۋېلىشقىمۇ بولمايدۇ.

ئىككىنچى، بىرىكمىنىڭ مەنىسى شۇ بىرىكمە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئەسلىي مەنىلىرىنىڭ يىغىندىسىدىنلا ئىبارەت



بولىدۇ. باشقا كۆچمە مەنە ئىپادىلىمەيدۇ. مەسىلەن، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى» دېگەن تۇراقلىق بىرىكمىنىڭ «بىرلەشكەن دۆلەتلەرنىڭ تەشكىلاتى» دېگەندىن باشقا مەنىسى يوق.

تىلدىكى تۇراقلىق بىرىكمىلەر تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، شۇ تىلدىكى كۆپ سۆزلەملىك خاس ئىسىملاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ شەيئىلەرگە، ئورۇن - جايلارغا، ئىدارە - ئورگانلارغا ئىسىم قويۇش تەقەززاسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، خەلق تۇرمۇشىغا كىرىپ كەلگەن يېڭى شەيئىلەرنىڭ كۆپىيىشى تىلدىكى تۇراقلىق بىرىكمىلەرنىمۇ كۆپەيتىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىغا كىرىپ كەلگەن يېڭى شەيئىلەر ئۇيغۇرچىدا «ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ، كىر ئالغۇ، ئېلېكترونلۇق مېڭە» دېگەندەك يېڭى تۇراقلىق بىرىكمىلەرنى پەيدا قىلغانغا ئوخشاش.

شۇنىڭغا ئوخشاش، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بەزى مەسلەك ۋە پىكىر - ئېقىملار تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ كەتسە، شۇ مەسلەك ۋە پىكىر - ئېقىملارنى ئىپادىلەيدىغان تۇراقلىق بىرىكمىلەرمۇ ئىستېمالدىن قالىدۇ. مەسىلەن، «خۇسۇسىيلىققا قارشى تۇرۇپ، شىۋجېڭجۇيىنى پىپەن قىلىش»، «كۆرەش قىلىش - پىپەن قىلىش - ئۆزگەرتىش»، «ئۆلسىمۇ تۇۋا قىلمايدىغان كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

## 2§. ئىدىئوملار

تىلدا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان بىر قېلىپتا ئىشلىتىلىپ ئادەت بولۇپ قالغان، بىرىكمىنىڭ مەنىسى مەزكۇر بىرىكمە تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئەسلىي مەنىسى ئىپادىلىگەن ئۇقۇملارنىڭ ئاددىي ھالدىكى يىغىندىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى

شۇ سۆزلەرنىڭ ئەسلىي مەنىسى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئوبراز ئارقىلىق يېڭى مەنە ئىپادىلەيدىغان سۆز بىرىكمىسى ياكى يېرىم جۈملە «ئىدىيوم» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «تۆت كۆز بىلەن كۈتمەك»، «كۆڭلى يورۇماق»، «قوغۇنلۇقنىڭ يولى بولۇپ قالماق»، «چۆچۈرنى خام سانىماق»، «سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالماق»، «گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتمەك»، «تېرىسىدگە پاتماي قالماق»، «شەيتانغا دەرس بەرمەك»، «شەھەر كۆرگەن»، «يەڭ ئىچىدە»، «بوسۇغىسى ئېگىز»، «مىڭ جاپا»، «ئىككى پۇل» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئىدىيوملار ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى بەزى كىتابلاردا «تۇراقلىق ئىبارىلەر» ياكى «تۇختالما ئىبارىلەر» دەپمۇ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

## 1. ئىدىيوملارنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى

ئىدىيوملار ئۆز تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ تۇراقلىق بولۇشى، قۇرۇلمىسىنىڭ مۇقىم بولۇشى جەھەتتە، تۇراقلىق بىرىكمىلەرگە ئوخشىشىدۇ. مەسىلەن، خۇددى «شىنجاڭ گېزىتى» دېگەن تۇراقلىق بىرىكمىنى «شىنجاڭنىڭ گېزىتى» قىلىپ ئىشلىتىشكە بولمىغىنىدەك، «قولى ئەگرى» دېگەن ئىدىيومنىمۇ «قولى مايماق» شەكلىگە كىرگۈزۈپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر مۇنداق قىلىنسا، مەزكۇر سۆز بىرىكمىسى ئىدىيوم بولماي قالىدۇ. ئادەتتە، نەسرىي ئەسەرلەردە ۋە ئادەتتىكى نۇتۇقلاردا، ئىدىيوملارنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرگە خالىغانچە قوشۇمچىلارنى قوشۇۋېلىشقا، سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئىختىيارىچە يۆتكەپ، بىرىكمىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ.

ئىدىيوملارنىڭ تۇراقلىق بىرىكمىلەرگە ئوخشىمايدىغان ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى دەپ تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپنى كۆر-



ستىشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، ئىدىيوملار ئۆز تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئەسلىي مەنىلىرىنىڭ ئاددىي يىغىندىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى شۇ سۆزلەرنىڭ ئەسلىي مەنىلىرى ئاساسىدا، سېلىشتۇرۇش، تەقلىد قىلىش، ئوخشىتىش، مۇبالىغە قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق يارىتىلغان مۇئەييەن ئوبراز بىلەن يېڭى بىر لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، «ئوت ئۈستىگە ياغ قۇيماق» دېگەن ئىدىيوم ئادەتتە «مەسىلىنىڭ ھەل بولۇشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىشنىڭ چوڭىيىشى ئۈچۈن قۇتراتقۇلۇق قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ». («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق فرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلەر سۆزلۈكى»، 346 ـ بەت) مانا بۇ مەزكۇر ئىدىيومنىڭ مەنىسى. بىراق، ياخشى مۇلاھىزە قىلساق، بۇ مەنە يەنىلا «ئوت ئۈستىگە ياغ قۇيۇش»نى ئۇقۇم ئاساسى قىلىدۇ. چۈنكى، «ئوت ئۈستىگە ياغ قۇيۇش»نىڭ نېمىلىكىنى بىلگەندىلا، ئاندىن مەزكۇر ئىدىيومنىڭ «ئىشنى چوڭايتىۋېتىش» دېگەن مەنىسىگە يېتەلەيدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە «ئىشنى چوڭايتىۋېتىش» دېگەن ئۇقۇم ئاددىي ۋە تۇزلا ئەمەس، بەلكى «ئوت ئۈستىگە ياغ قۇيۇش» ھەرىكىتى ۋە ئۇ ياراتقان ئوبراز ئارقىلىق جانلىق ئىپادىلەنگەن. مانا بۇ - ئىدىيوملارنىڭ تۈپكى ئالاھىدىلىكى، يەنە مەسىلەن، «پۇتى كۆيگەن توخۇدەك» دېگەن ئىدىيوم «بىر يەردە تۇرالماي قېلىش» دېگەن ئۇقۇمنى بېرىدۇ. بىراق، بىز مەزكۇر ئىدىيومنى ئىشلىتىپ مۇناسىپ بىر ئەھۋالنى تەسۋىرلىگىنىمىزدە، چوغقا دەسسىۋالغانلىقىدىن پۇتى كۆيۈپ قالغان توخۇنىڭ ئەھۋالىمۇ كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. شۇ چاغدىلا، «پۇتى كۆيگەن توخۇدەك» ئىدىيومى ئىپادىلەۋاتقان «بىر يەردە تۇرالماسلىق، ئىزتىراپلىقتا چۆمۈش» نىڭ قانچىلىك دەرىجىدىكى ئىش ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشىنەلەيمىز.

ئىككىنچى، ئومۇمەن قىلغاندا، ئىدىيوملار مۇئەييەن كونتېكىستتا بولغاندىلا، ئاندىن تولۇق ئاياغلاشقان بىر ئوي - پىكىرنى، ئۆزىنىڭ ئىدىيوملۇق مەنىسىنى ئۇقتۇرىدۇ ۋە ئىدىيوملۇق رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، تولۇق مەنە ئىپادىلەش نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئىدىيوملار كونتېكىستتىن ئايرىلالمايدۇ. مانا بۇ ئىدىيوملارنىڭ تىلدىكى باشقا تۇراقلىق تەركىبلەرگە ئوخشىمايدىغان يەنە بىر مۇھىم تەرىپى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، «سۇغا چىلاشماق» دېگەن ئىدىيوم ئادەتتە «ئىشىم سۇغا چىلىشىپ قالدى»، «ئۇنىڭ ھەممە تىرىشچانلىقى بىكارغا كېتىپ، ئىشى سۇغا چىلىشىپ قاپتۇ» دېگەندەك كونتېكىستلار ئىچىدە بولغاندىلا، ئاندىن «قىلىنىۋاتقان ئىش مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تېخى ئەمەلگە ئاشمايلا ئارا يولدا توختاپ قالماق» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ - دە، ئۇ ئىدىيوم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ «بىز دەريادىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتۇق، قادىرنىڭ چاپىنى سۇغا چىلىشىپ قالدى» دېگەندەك كونتېكىستتا بولسا، «سۇغا چىلاشماق» بىرىكمىسى ئىدىيوم بولماي قالىدۇ. «كۆزى قىزارماق» بىرىكمىسىنى ئالساق، «ئۇنىڭدىكى شۇنچىۋالا جىق ئالتۇننى كۆرۈپ داۋۇتنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ» دېگەندەك كونتېكىستتا ئىدىيوم؛ بىراق، «ئۇيقۇسىزلىقتىن داۋۇتنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ» دېگەندەك كونتېكىستتا بولسا، ئىدىيوم بولمايدۇ.

ئۈچىنچى، مۇتلەق كۆپچىلىك ئىدىيوملار ئادەتتە ئېنىق بىر مەزمۇننى ئىپادىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە مۇئەييەن ھېس - تۇيغۇنى ئىپادىلەيدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىدىيوملارنى «ھېس - تۇيغۇلۇق بىرىكمىلەر» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، «تۇز كور»، «سۇغا چۈشكەن مۇشۇكتەك»، «ئېشىكى تۆت چىشلىق بولماق»، «ئۇجمە كۆڭۈل» دېگەنگە ئوخشاش ئىدىيوملار ئېنىق ھالدىكى چۈشۈرۈش، نەپرەتلىنىش، تەنە قىلىش، ياقتۇرماسلىق تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ؛ «بەل باغلىماق»، «قول قويماق»، «قول بەرمەك»، «قولى ئۇچۇق»، «ئوت يۈرەك»، «تاشقا مۆھۈر باسقاندەك»، «كۆڭلى تۈز»، «كۆڭلى يۇمشاق» دېگەنگە ئوخشاش ئىدىيوملار بولسا، قايىل بولۇش، ھېسداشلىق قىلىش، ياقتۇرۇش تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ.

## 2. ئىدىيوملارنىڭ تۈرلىرى

ئىدىيوملارنى تۈرلەرگە بۆلۈپ ئۆگىنىش ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە بولغان چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، شۇنداقلا ئۇنىڭ شەكىللىنىش جەريانىغا بولغان تونۇشنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىدىيوملارنى تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ سانىغا قاراپ، «ئىككى سۆزلەملىك ئىدىيوم» ۋە «كۆپ سۆزلەملىك ئىدىيوم» دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

تەركىبىدە مۇستەقىل سۆزدىن ئىككىسىلا بولغان ئىدىيوم «ئىككى سۆزلەملىك ئىدىيوم» بولىدۇ. مەسىلەن، «كۆڭلى سۇنۇق»، «يۇمشاق باش»، «كۆڭلى تۈز»، «قول تارتماق»، «شىر يۈرەك»، «قول تىقماق»، «گەپ ساتماق»، «ئالتۇن تېپىۋالغاندەك»، «قىيامەتنىڭ مۇشۇكىدەك»، «سامان نەرخى»، «مۇز تەلەت»، «ئۇجمە كۆڭۈل»، «ئاچ كۆز»، «كۆتى ئېغىر»، «كۆز بويىماق»، «ئورا كولىماق»، «بۇرنىغا يېمەك» دېگەنلەرگە ئوخشاش. بۇ خىلدىكى ئىدىيوملارنى بەزى تىلشۇناسلار «ئاددىي ئىدىيوم» دەپمۇ ئاتايدۇ.

تەركىبىدە ئۈچ ياكى ئۈچتىن ئارتۇق مۇستەقىل سۆز بار ئىدىيوم «كۆپ سۆزلەملىك ئىدىيوم» بولىدۇ. مەسىلەن، «پېتىر ناندىن قىل ئايرىماق»، «تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك»، «سۇغا چۈشكەن مۇشۇكتەك»، «بېلىگە ياغاچ تېگىۋالغاندەك»، «بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك»، «ئاغزى قۇلىقىغا يەتمەك»،

«ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك»، «بىر تېيىننىڭ تۆشۈكىدىن مىڭ قېتىم ئۆتمەك»، «قىلنى قىرىق يارماق» دېگەنلەرگە ئوخشاش. بۇ خىلدىكى ئىدىيوملارنى بەزى تىلشۇناسلار «مۇرەككەپ ئىدىيوم» دەپمۇ ئاتايدۇ.

تەركىبىدە ئىشلىتىلگەن مەركىزىي سۆزلەملەرگە قاراپ، ئىدىيوملارنى يەنە تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈشكىمۇ بولىدۇ.

1) ئادەم بەدەن ئەزالىرىنىڭ نامى مەركىزىي سۆز بولغان ئىدىيوم. مەسىلەن:

باش: باش قاتماق، باش ئەگمەك، باش ئاغرىماق، باش كۆتۈرمەك، باشتا كۆتۈرمەك (بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرمەك)، باش چۆكۈرمەك، بېشىدا ئوت كۆيمەك، بېشىدا ياڭاق چاقماق، بېشىنى باغلاپ قويماق، بېشىنى ساقايتماق، بېشىنى سىلىماق...

پېشانە: پېشانىسى ئوچۇق، پېشانىسى ئوڭ، پېشانىسى تەتۈر، شور پېشانە...

كۆز: كۆزى ئېچىلماق، كۆز ـ كۆز قىلماق، كۆزىگە ياغ تولۇپ قالماق، كۆزگە ئىلماق، كۆزگە ئىسسىق كۆرۈنمەك، كۆزى چۈشمەك، كۆزى تېشىلىپ كەتمەك، كۆز باغلىماق، كۆز بويىماق، كۆز پىشماق، كۆز قىزارتماق، كۆز تاشلىماق...

يۈز: يۈزى قېلىن، يۈزى ئوچۇق، يۈزى يورۇق، يۈزى ئېچىلماق، يۈزىدە تۈكى بار، يۈز ئۆرۈمەك، يۈزى تۆۋەن، يۈزى تۆكۈلمەك، يۈزىگە سالماق، يۈز قارىماق، يۈزسىز، يۈز خاتىر قىلماق...

بۇرۇن: بۇرنىغا سۇ كىرمەك، بۇرنىدىن بۇلاق بولماق، بۇرنىدىن يېتىلمەك، بۇرنىغا يېمەك، بۇرنىنىڭ بېزىنى ئېلىپ قويماق، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرمەك...

بۇرۇت: بۇرۇتىغا چالما تىزماق، بۇرۇتىدا شەرەتلىمەك...

ئېغىز: ئاغزى بوش، ئاغزى بارماسلىق، ئاغزى پالۋان، ئاغزى تۇۋاقلانماق، ئاغزىدا گېپى بار، ئاغزىدىن چۈشۈرمەسلىك، ئاغزىغا قارىماق، ئۇزۇن ئېغىزلىق قىلماق، شۇم ئېغىز...



چىش: چىشىغا تەگمەك، چىش بىلىمەك، چىشىنى چىشلىمەك، چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ قويماق، چىشى گەز ـ گەز بولماق...

تىل: تىل تەگكۈزمەك، تىل سالماق، تىلىنى چاينىماق، تىلى ئۇزىراپ قالماق، تىلى قىسقا، تىلى تۇتۇلماق، تىل بىرىكتۈرمەك...

قۇلاق: قۇلىقىنى پىشۇرماق، قۇلىقىنى بۇراپ (تولغاپ) قويماق، قۇلىقىغا قۇيۇپ قويماق، قۇلىقىنى يوپۇرۇپ يۈرمەك، قۇلىقى يۇمشاق، قۇلىقى ئۇزۇن...

بويۇن: بوينى قاتتىق، بوينى قىلدا باغلاقلىق، بويۇن تولغىماق، بوينىغا ئالماق، بوينىغا مىنىۋالماق، بوينىغا ئارغامچا سېلىپ سۆرىگەندەك...

دولا: دولا چىقارماق، دولىسىنى قىسماق...

قول: قولى يېنىك، قولى تاتلىق، قولى قىسقا، قولى ئۇزىراپ قالماق، قولىغا قارىماق، قول باغلاپ تۇرماق، قول بالدىسى، قولىنى چىشلىمەك ...

بەل: بەل قويۇۋەتمەك، بەلنى چىڭگىتماق، بەل باغلىماق، بېلى چىڭ، بېلىنىڭ تۆۋىنىگە سۇيۇقئاش بارمىغان...

قورساق: قورسىقى كەڭ، قورسىقىغا جىن كىرمەك، قورسىقىغا كىرىپ چىقماق، قورسىقىدا گەپ ياتمايدىغان، قورساق كۆپۈكى...

پۇت: پۇت تېپىشمەك، پۇت تىرەپ تۇرماق، پۇتى گۆرگە ساڭگىلىماق...

2) ئۆي هايۋانلىرىنىڭ نامى مەركىزىي سۆز قىلىنغان ئىدىيوملار. مەسىلەن:

قوي: قوينىڭ قوزىسىدەك، قوي مىجەز، قوي كۆز...

توخۇ: توخۇ يۈرەك، توخۇ كۆزلۈك قىلماق، توخۇ سۈتىدىن باشقىسى تېپىلىدىغان، توخۇ پوقىلىق قىلماق، توخۇ يۈرەكلىك قىلماق...

كالا: كالا ھەلەپ يېگەندەك، ئۈي كۆز، سۆرەمگە قوشقان كالىدەك...

ئېشەك: ئېشىكى تۆت چىشلىق بولماق، ئېشەك كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋالغۇچە، ئېشىكى بەش تەڭگە، توقۇمى ئون تەڭگە بولماق...

ئىت: ئىت تالىشۋەتكەندەك، ئىت ئۇرغۇچىغا ئامراق دېگەندەك...

ئۆردەك: ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك...

3) كۈندىلىك يېمەك ـ ئىچمەك ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ نامى مەركىزىي سۆز قىلىنغان ئىدىيوملار. مەسىلەن:

نان: نان كور قىلىدىغان، نان يېمەس، نېنىنى ئوڭلاپ يېيەلمەيدىغان...

سۇ: سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالماق، سۇغا ئاققۇزۇۋەتكەندەك، سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك، سوغۇق سۇ سەپمەك...

ئاش: ئاشقا چىۋىن چۈشمەك، ئاش بولماق، ئاشقا توپا سالماق...

تۇز: تۇزكور، تۇزنى يەپ تۇزلۇققا چىچماق، تۇزكور قىلىدىغان، تۇزسىز گەپ (قىلىدىغان)، تۇزكورلۇق قىلماق...

ئۇنىڭدىن باشقا، «كالتە قوشۇقنىڭ سېپى تەگمەك، چۆيىلىدا توختىمايدىغان، سېۋەتكە سۇ ئۇسقاندەك، چويلىغا سۇ ئالغاندەك، تاغارغا سامان تىققاندەك، پاخال نەرخى، قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك»... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئىدىيوملارنى تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ گىرامماتىكىلىق قۇرۇلمىسى، خۇسۇسەن، ئۇلاردىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتكە ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1) «ئىگە + خەۋەر» شەكىللىك ئىدىيوملار. مەسىلەن:

دىلى يۇمشاق، تىلى تاتلىق، قولى ئەگرى، كۆڭلى



تۇز، يولى بار...

2) «ئېنىقلىغۇچى + ئېنىقلانغۇچى» شەكىللىك ئىدىيوملار. مەسىلەن:

ئۇزۇن قۇلاق، بازار نەرخى، بەڭگە پارىڭى، تۇز كۆڭۈل، يۇمشاقباش...

3) «تولدۇرغۇچى + خەۋەر» شەكىللىك ئىدىيوملار. مەسىلەن:

كانىيىنى ياغلىماق، ئاغزىنى قويۇۋەتمەك، قۇيرۇقىنى تىكىۋەتمەك، قۇيرۇقىنى تالىماق...

4) «ھالەت + خەۋەر» شەكىللىك ئىدىيوملار. مەسىلەن:

تېرىسىگە پاتماي قالماق، چۈشۈپ قالغان كەشكە قارىماي قاچماق، ئاسماندىن ـ قاسقاندىن سۆزلىمەك، ئالدىدىن ئۆتۈپ قويماق...

ئىدىيوملارنى سېمانتىكا جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

1) بىر مەنىلىك ئىدىيوملار. بۇ ئومۇمەن بىرلا مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئىدىيوملارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، قولى ئەگرى (ئوغرى). قوينىڭ قوزىسىدەك (ياۋاش)، ھۆل خىشقا دەسسەتمەك (ئالدامغا چۈشۈرمەك)، قولى تاتلىق (تەملىك تاماق ئېتىدىغان)، قولى قىسقا (كەمبەغەل).

2) كۆپ مەنىلىك ئىدىيوملار. بۇ ئومۇمەن بىردىن ئارتۇق ئۇقۇم ئاڭلىتىدىغان ئىدىيوملارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بوينىغا ئارتىپ قويماق: ‹1› خاتالىقنى ئىقرار قىلدۇرماق، ‹2› قەرزدار قىلىپ قويماق؛ تىلى يۇمشاق: ‹1› سىلىق ـ سىپايە گەپ قىلىدىغان، ‹2› غەيرىي تىلنى ئاسانلا ئۆگىنىۋالىدىغان؛ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرماق: ‹1› بىراۋنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ ئەدەپ بىلەن تۇرماق، ‹2› ئۆتكۈزگەن كەمچىلىك ـ خاتالىقى ئۈچۈن ئەپۇ سورىماق، ‹3› ئىشلارنى ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ساناپ، ئارىلاشماي چەتتە تۇرۇۋالماق؛ كۆز يۇمماق:



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

‹1›، ئۆلمەك، ‹2›، پاكىتنى يوقىقا چىقارماق، ‹3›، ئۇخلىماق.

3) مەنىداش ئىدىئوملار. بۇ مەنە جەھەتتە ئۆزئارا ئوخشاش ياكى تەڭ بولغان ئىدىئوملارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «قول ئۈزمەك» بىلەن «قولىنى يۇيۇۋەتمەك»، «يەر بىلەن يەكسان قىلماق» بىلەن «كۈلىنى كۆككە سورۇۋەتمەك»، «باشتا كۆتۈرمەك» ياكى «بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرمەك» بىلەن «ئالىقاندا كۆتۈرمەك» ئىدىئوملىرى ئۆزئارا مەنىداش ئىدىئوملار سانىلىدۇ.

4) زىت ئىدىئوملار. بۇ مەنىلىرى بىر - بىرىنىڭكىگە قارىمۇقارشى بولغان ئىدىئوملارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «قورسىقى كەڭ» بىلەن «ئىچى تار»؛ «قولى ئۇزۇن» بىلەن «قولى قىسقا»؛ «باش ساقايماق» بىلەن «باش قاتماق»؛ «باغرى تاش» بىلەن «كۆڭلى يۇمشاق»؛ «كۆككە كۆتۈرمەك» بىلەن «يەرگە ئۇرماق»؛ «بەل باغلىماق» بىلەن «بەل قويۇۋەتمەك»؛ «بەش قولدەك بىلىدىغان» بىلەن «پوقىنىمۇ بىلمەيدىغان» ... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىدىئوملارنى تەركىبىدىكى ئەڭ ئاخىرقى سۆزنىڭ سۆز تۈركۈمى تەۋەلىكى ياكى ئۇنىڭ گىرامماتىك شەكلىگە ئاساسەن يەنە تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈشكىمۇ بولىدۇ:

1) پېئىللىق ئىدىئوملار. مەسىلەن، ئاقساقاللىق قىلماق، ئۆزىنى سورىماق، ئۆزىنى يوقىتىپ قويماق، ئاغزى قۇلىقىغا يەتمەك...

2) ئىسىملىك ئىدىئوملار. مەسىلەن، ئوچۇق كۆڭۈل، يۇمشاق دىل، قاتتىق قول، مۇز تەلەت، تاش يۈرەك، ئۇجمە كۆڭۈل...

3) سۈپەتلىك ئىدىئوملار. مەسىلەن، كۆڭلى تۈز، دىلى سۇنۇق، قۇلىقى ئېغىر، تىلى يۇمشاق، قولى تاتلىق، گېپى سېسىق...

4) سۈپەتداشلىق ئىدىئوملار. مەسىلەن، شەھەر كۆرگەن،



ھالىنى ئات تارتالمايدىغان، ئاغزىدىن ئوغۇز سۈتى كەتمىگەن...

5) رەۋىشداشلىق ئىدىئوملار. مەسىلەن، مۈشتەك تۈرۈپ، مىڭ ئۆلۈپ - بىر تىرىلىپ، جان دەپ، ھە - ھۇ دەپ...

6) ئوخشاتما كېلىشلىك («دەك»لىك) ئىدىئوملار. مەسىلەن، ئامۇت ئالغان خورجۇندەك، ھېسىپ قويغاندەك، تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك، قولىغا خېنە يېقىۋالغاندەك، قىيامەتنىڭ مۇشۇكىدەك...

7) ئورۇن كېلىشلىك ئىدىئوملار. مەسىلەن، قۇم چېچەكلىگەندە، تۆگە قۇيرۇقى يەرگە تەگكەندە، قوچقار قوزىلىغاندا، ئاتام زاماندا...

8) چە كېلىشلىك («غۇچە / گۇچە»لىك) ئىدىئوملار. مەسىلەن، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە، تۇكۇرۇك يەرگە سىڭگۈچە، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋالغۇچە ۋە باشقىلار...

## 3. ئىدىئوملارنىڭ شەكىللىنىشى

تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەسكى، ئىدىئوملار ئەسلى ئەركىن سۆز بىرىكمىسى بولۇپ، ئۇلار ئۇزاق يىللىق ئىستېمال ئەمەلىيىتى جەريانىدا، تىلدىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىگە يېڭى مەنە، يېڭى ئۇقۇم يۈكلەش ئارقىلىق ئىدىئوم بولۇپ شەكىللەنگەن. ئالايلۇق، «قولى ئۇزۇن» دېگەن بىرىكمە ئەسلىدىلا ھازىرقىدەك «نېمىنى قىلىمەن دېسە، شۇنى قىلالايدىغان، ھەرقانداق بىر ئىشقا ئامالى بار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئىدىئوم بولۇپ شەكىللەنگەن ئەمەس، بەلكى ئۇ دەسلەپتە، ئاناتومىيەلىك تەن قۇرۇلۇشى جەھەتتە قوللىرى ئۇزۇن يارالغان ئادەمنى تەسۋىرلەشتە ئىشلىتىلىدىغان ئەركىن سۆز بىرىكمىسى بولغان. قولى ئاشۇنداق نىسبەتەن ئۇزۇنراق يارالغان ئادەمنىڭ، قولى نىسبەتەن قىسقىراق يارىلىپ قالغان ئادەمگە قارىغاندا، ئۆزىگە لازىملىق

نەرسىنى قولىنى سوزۇپلا ئېلىشى ئاسان بولۇشتەك ئەمەلىيەت، بارا-بارا ئوخشىتىش ۋاستىسى ئارقىلىق، ئۆزگە ئېھتىياجلىق نەرسىگە مۇئەييەن ئامال بىلەن ئاسانلا ئېرىشەلەيدىغان ئادەملەرگە تەتبىق قىلىنغان. نەتىجىدە، ھازىرقى ئىستېمالىمىزدىكى «قولى ئۇزۇن» دېگەن ئىدىيوم شەكىللەنگەن. دېمەك، ئىدىيوملارنىڭ شەكىللىنىشىدە شۇ تىللىق خەلقنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى، شۇ تىللىق خەلققە خاس بولغان پسىخىك تەسەۋۋۇر ۋە شۇ مىللەت تىلىدىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىدىيوملارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە كېلىش مەنبەسىنى يەنە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تەرەپلەردىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، ئۇيغۇر تىلىدىكى خېلى بىر بۆلەك ئىدىيوملار دىنىي رىۋايەتلەردىن، خۇسۇسەن نەچچە ئەسىرلىك ئېتىقاد تارىخىغا ئىگە بولغان ئىسلام رىۋايەتلىرىدىن كەلگەن. مەسىلەن، «ئەلمىساقتىن تارتىپ، ئابى زەمزەمنىڭ سۈيىدەك، قىيامەتنىڭ مۇشۇكىدەك، ئون سەككىز مىڭ ئالەم، پېشانىسىدىن كۆرمەك، زۇۋۇلىسى چوڭ، زۇۋۇلىسى كىچىك، زۇۋۇلىسى پىشقان (پىششىق)، پېشانىسى ئوڭ، پېشانىسى تەتۈر» دېگەنلەرگە ئوخشاش. «ئەلمىساقتىن تارتىپ» دېگەن ئىدىيومنى ئالساق، ئۇنىڭدىكى «ئەلمىساق» ئاتالغۇسى ئىسلامىيەت چۈشەنچىسى بويىچە ئالەمنىڭ بەرپا قىلىنىشى شەرھلىنىدىغان دىنىي رىۋايەتتىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «ئەھدە كۈنى»، يەنى مۇسۇلمانلارمۇ، ناسارالارمۇ، يەھۇدىيلارمۇ ئوخشاشلا ئىنسانىيەتنىڭ ئاتىسى دەپ قارايدىغان ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ياراتقۇچىسى ئاللاھ ئوتتۇرىسىدا ئەھدە تۈزۈلگەن كۈن دېگەن بولىدۇ. ئەمدى، ئىسلام دىنى چۈشەنچىسى بويىچە شۇ ئەھدە كۈنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆز ياراتقۇچىسىغا سەجدە قىلغان



ئورۇن «ئالەم بىنا بولغان جاي» (开天辟地之地) دەپ قارالغاچقا، مەزكۇر ئەھدە كۈنى (ئەلمىساق) نىڭ ئۆزى تەبىئىي ھالدا «ئالەم بىنا بولغان چاغ (كۈن، ۋاقىت)» (开天辟地之时)نى بىلدۈرىدىغان خاس ئاتالغۇ بولۇپ قالغان («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 1990-يىللىق 4-سان).

ئىككىنچى، بەزى ئىدىيوملارنىڭ شەكىللىنىشى مۇئەييەن تارىخىي شەخس ۋە تارىخىي ۋەقەلەرنى مەنبە قىلغان بولىدۇ. مەسىلەن، «تەيپىنەمنىڭ ۋاقتىدا» دېگەن ئىدىيومدىكى مەركىزىي سۆز «تەيپىنەم» مىلادىيە 1331-يىلى تەختكە ئولتۇرغان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھى «تايپىنۇ» دېگەن كىشى ئىسمىدىن كەلگەن. تايپىنۇ شاھنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرى ئاياغلاشقانلىقى ئۈچۈن كېيىنكى كىشىلەر شۇ زاماننى ئەسلىگەندە «تايپىنۇنىڭ ۋاقتىدا» دېگەن بىرىكمىنى ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن ۋە بۇ سۆز تەدرىجىي ھالدا «تەيپۇنەمنىڭ ۋاقتىدا» (قەشقەرنىڭ بەزى جايلىرىدا ھېلىھەم مۇشۇنداق دېيىلىدۇ)، «تەيپىنەمنىڭ ۋاقتىدا» شەكلىدە تۇراقلىشىپ، «ئۇزاق ئەسىرلەر بۇرۇن، بۇرۇنقى زاماندا»، «زامانى ئاۋۋالدا» دېگەن ئۇقۇمنى يورۇتىدىغان ئىدىيوم بولۇپ قالغان. («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 1987-يىللىق 12-سان).

«ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق بولۇشۇپ كەتمەك» دېگەن ئىدىيوم ئادەتتە مۇنداق بىر تارىخىي ۋەقە بىلەن چۈشەندۈرۈلىدۇ: XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، بۇخارادىن كاشغەرگە كەلگەن ئىشان مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئىمام كالان ۋە ئىسھاق ۋەلى ئاتلىق ئىككى ئوغلى بولغان. مەخدۇم ئەزەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەزكۇر ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى ۋە ئۆزلىرى ياقىلايدىغان دىنىي ئەقىدىلەرنى كەڭ تارقىتىش مەقسىتىدە ھەر



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قايسىسى ئۆز ئەتراپىغا مۇرىت توپلايدۇ. كېيىنچە، بۇ ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەننىڭ مۇرىتلىرى كۆپىيىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئىككى چوڭ دىنىي مەزھەپنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىمام كالان ئۆز مەزھىپىگە «ئىشقىيە» دەپ ئات قويىدۇ، ئىسهاق ۋەلى باش بولغان مەزھەپ «ئىسهاقىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. كېيىنچە، خەلق ئارىسىدىكى ئىمام كالاننىڭ ئىشقىيە مەزھىپىگە مۇرىت بولغانلار ۋە ئۇلارنى ياقىلايدىغانلار «ئاق تاغلىقلار» دەپ، ئىسهاق ۋەلىنىڭ «ئىسهاقىيە» مەزھىپىگە مۇرىت بولغانلار ۋە ئۇلارنى قوللايدىغانلار «قارا تاغلىقلار» دەپ ئاتىلىدۇ. (ئىزاھات: مەزكۇر «ئاق تاغلىقلار» ۋە «قارا تاغلىقلار» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە، ئىمام كالاننىڭ ئىشقىيە مەزھەپىدىكىلەر ئۆز زامانىسىدا، ئۆزلىرىنىڭ پىرىنى دوراپ بېشىغا ئاق سەللە ئورىغان؛ ئىسهاقىيە مەزھەپىدىكىلەر بولسا، قارا سەللە ئورىغان. نەتىجىدە، «سەللە» كەلىمىسى ئەينى زامان ئوتتۇرا ئاسىياسىدا ئورتاق ھالدا تۈركچە «تاقىي» ئاتالغۇسى بىلەن ئاتالغاچقا، ئاق سەللىلىكلەر ئۆزلىرىنى «ئاق تاقىيلىقلار» دەپ ئاتىغان، قارا سەللىلىكلەر بولسا، «قارا تاقىيلىقلار» دەپ ئاتىغان. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، مەزكۇر «ئاق تاقىيلىقلار» ۋە «قارا تاقىيلىقلار» ئاتالغۇسى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش قىلىپ، «ئاق تاغلىقلار» ۋە «قارا تاغلىقلار» بولۇپ قالغان، دېگەن چۈشەندۈرۈشمۇ بار) بۇ ئىككى مەزھەپ تارىختا دىنىي تەسىر دائىرىسى تالىشىپ ئايىغى ئۈزۈلمەس نىزا-جاڭجاللارنى قىلغان. شۇنىڭدىن بۇيان، «ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق بولۇشۇپ كەتمەك» دېگەن بىرىكمە سۆز ئىككى ئادەم ياكى ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى قىلچە ئەھمىيەتسىز ئىناقسىزلىقنى كۆرسىتىدىغان ئىدىيوم بولۇپ قالغان. («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق فرازېيولوگىيەلىك بىرىكمىلەر سۆزلۈكى»، 27-بەت)



ئۈچىنچى، بەزى ئىدىيوملار ئەپسانە، چۆچەك، لەتىپە قاتارلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ژانىرلىرىدىن كەلگەن. ئالايلۇق، «موللام مۈشۈك بولۇۋالماق» دېگەن ئىدىيوم مۈشۈكنىڭ چاشقان تۇتۇشتىن يالغان تۇۋا قىلىپ، بېشىغا سەللە يۆگەپ، قولىغا تەسۋى ئېلىپ «موللام» بولىۋالغانلىقى، ئاندىن چاشقانلار ئىنىدىن چىققان چاغدا، ئۇلارنى بىراقلا نابۇت قىلغانلىقى سۆزلىنىدىغان ئۇيغۇر خەلق چۆچىكىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئادەتتە «قۇيرۇقىنى ۋاقتىنچە ئىچىگە تىقىۋالماق»، «قورساقتا يامان غەرەزنى پۈكۈپ، ياخشى قىياپەتكە كىرىۋالماق» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ؛ «كەشىنى توغرىلىماق» ئىدىيومى بولسا، بىر دىنىي ئاقساقالنىڭ ئۆزىنى تاۋاپ قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ خەير-سەدىقىلىرىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، مۇرىتلىرى ئارقىلىق تاۋاپچىلارنىڭ پەگاھتىكى كەشلىرىنىڭ تۇمشۇقىنى تاۋاپخانىنىڭ سىرتىغا قىلىپ توغرىلاپ، كېتىشكە بېشارەت قىلغانلىقى بايان قىلىنغان ھېكايىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ «كەتمەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ؛ «شورپىسىنىڭ شورپىسى» دېگەن ئىدىيوم نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ شۇ ھەقتىكى لەتىپىسىدىن كەلگەن. «دەججالنىڭ توقۇمى»، «بېشىغا دۆلەت قۇشى قونماق» دېگەن ئىدىيوملار بولسا، خەلق ئەپسانىلىرىدىن كەلگەن ۋە باشقىلار.

تۆتىنچى، بەزى ئىدىيوملار باشقا مىللەت تىلىدىكى تۇراقلىق بىرىكمە ياكى ئىدىيوملارنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا سۆزمۇسۆز تەرجىمە قىلىنىپ ئىشلىتىلىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، «يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇكتەك»، «بېلىق بىلەن سۇنىڭ مۇناسىۋىتىدەك»، «قالپاق كىيگۈزمەك»، «چىقىش يولى بەرمەك»، «كوكۇلىسىغا ئېسىلىۋالماق»، «ئېچىلىپ سايرىماق»، «سىناق تېشى»، «ئىشىكنى ئېچىۋەتمەك» دېگەنگە ئوخ-

شاش ئىدىيوملار خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن؛ «دۇراكقا سوت يوق»، «پارتىزانلىق قىلماق» دېگەنلەر رۇس تىلىدىن كىرگەن؛ «گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتمەك»، «پېشانىسىدىن كۆرمەك»، «پۇخادىن چىقماق» دېگەنلەر بولسا، ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىن تەرجىمە بىلەن كىرىپ ئۆزلەشكەن.

بەشىنچى، مۇتلەق كۆپ سانلىق ئىدىيوملار ئەسلىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى، ھايات تەجرىبىسىنى مەنبە قىلغان ئەركىن سۆز بىرىكمىلىرى بولۇپ، ئۇلار تىل ئەمەلىيىتىدىكى ئىشلىتىلىش چاستوتىسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، تىلدىكى مۇبالىغە، ئوخشىتىش، سىپلىشتۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ رول ئوينىشى ئارقىسىدا، ئۆزلىرىگە يېڭى مەنە يۈكلەپ بۈگۈنكى ئىدىيوملار بولۇپ شەكىللەنگەن. مەسىلەن، «سوغۇق سۇ سەپمەك»، «كونا خامانىنى سورۇماق»، «قوشتىن ئېلىپ سۆرەمگە سالماق»، «كاللا سوقۇشتۇرماق»، «قارا چاپلىماق»، «دولا چىقارماق»، «دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتمەك»، «لېۋىنى چىشلەپ قالماق»، «ئارپىسىنى خام ئورۇغاندەك»، «داق يەرگە ئېشەك سىيگەندەك»، «قىسىر قالغان كالىدەك» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

## §3. ماقال ـ تەمسىللەر

### 1. ماقال ۋە تەمسىل ھەققىدە چۈشەنچە

«ماقال» دېگەن ئاتالغۇ تىلىمىزغا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئەرەبچىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ تۈپ مەنىسى «سۆز، گەپ» دېگەن بولىدۇ.

1989 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر



قىلىنغان «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت»تە ئۇيغۇرچىدىكى «ماقال» سۆزى خەنزۇ تىلىدىكى «俗话» سۆزىنىڭ يېشىمى قىلىپ بېرىلگەن. مېنىڭچە، بۇ ناھايىتى توغرا. دېمەك، «ماقال» دېگەنلىك ھەرقانداق سۆز، ئىختىيارىي ھالدا ئېيتىلىدىغان ھەرقانداق بىر گەپ (话) ئەمەس، بەلكى ئۇ «俗话» دۇر. خەنزۇ تىلىدىكى «俗话» سۆزىنى بەزى تىلشۇناسلار يېشىپ چۈشەندۈرگەندە، «ئاتا سۆزلىرى» دەپ ئىزاھلايدۇ. («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 2 ـ سان 37 ـ بەت)

«ماقال» ئاتالغۇسى ئەدەبىي تىلغا خاس سۆز بولۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسى ئادەتتە «ماقال» دەپ ئىشلەتمەيدۇ. زىيالىيلار «ماقالدا مۇنداق دېيىلگەن» ياكى «مۇنداق ماقال بار» دېسە، ئاۋام خەلق «كونىلاردا مۇنداق بىر گەپ بار» دەپ، «ماقال» سۆزىنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى ئەينەن ئېيتىدۇ. بۇمۇ «ماقال» نىڭ ئەمەلىيەتتە، «كونىلاردىن ئۇدۇم قالغان گەپ»، «ئاتا ـ بوۋىلار سۆزى» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

يۇقىرىقىدەك چۈشەنچىلەر ئاساسىدا، ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدىكى تۇراقلىق تەركىبلەرنىڭ بىرى بولغان ماقالغا مۇنداق تەبىر بېرىمىز:

جانلىق تىلدا كەڭ ئومۇملاشقان، ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تۇرمۇش تەجرىبىلىرى، شۇنداقلا تۈرلۈك ھايات سەرگۈزەشتىلىرىدىن يەكۈنلەنگەن ئۆلگە، نەسىھەت، تەنبىھ، ئىبرەت خاراكتېرىدىكى تۇراقلىق جۈملىلەر «ماقال» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ، كۆرمىگەننى كۆرەرسەن ئۆلمىگىنىڭ.

مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا.

ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق، ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇيناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە.

سورا ـ سورا بىلىم ئاپتۇ، ئۇيىلا ـ ئۇيىلا كېيىن قاپتۇ...

«تەمسىل» دېگەن ئاتالغۇمۇ تىلىمىزغا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئەرەبچىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزدۇر. بەزى تىلشۇناسلار مەزكۇر سۆزنىڭ ئاساسلىق مەنىسىنىڭ «مىسال كەلتۈرۈش، ئوخشىتىش» («ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك»، 142 ـ بەت) بولىدىغانلىقىغا قاراپ، ئۇنى ماقال بىلەن بىر گەپ ئەمەس، شۇڭا، ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسىدىكى ماقال بىلەن تەمسىلنى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئايرىم ـ ئايرىم تۇراقلىق تەركىبلەر ھېسابلاش كېرەك دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ تەبىرىچە، يورۇتۇلماقچى بولغان ئۇقۇم (يەنى ئىبرەت، تەنبىھ، ئۇلگە ياكى نەسىھەت) مۇئەييەن بىر نەرسىنى مىسال قىلىش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن تۇراقلىق جۈملە ــ «تەمسىل» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «يىراق بولسا كىشنىشەر، يېقىن تۇرسا چىشلىشەر»، «ئۆچكىنىڭ ئوچۇق تۇرسا ھېچ گەپ يوق، قوينىڭ ئېچىلىپ قالسا ھويت ـ ھويت»، «بۆرىنىڭ تەڭ ئورتاق، قاغىنىڭ دەرەخ بېشىدا»، «قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق»، «بۇغدايىنىڭ باھانىسىدا قارىمۇق سۇ ئىچىپتۇ»، «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى»، «توخۇ داڭگال چۈشەيدۇ، ئۆچكە جاڭگال»، «شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىماس» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

دەرۋەقە، «ماقال» نىڭ لۇغەت مەنىسى «گەپ» دېگەن بولسا، «تەمسىل» نىڭ مەنىسى «مىسال قىلىپ كۆرسىتىش» دېگەن بولىدۇ. تەتقىقات نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئىچىدىكى ئۇقۇم بىۋاسىتە بايان قىلىنغانلىرىنى «ماقال» دەپ، دېمەكچى بولغان مۇددىئا مۇئەييەن مىسالنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق شەرھلەنگەنلىرىنى بولسا، «تەمسىل» دەپ ئايرىپ چۈشەندۈرسە، ئۆگەتسە، تەتقىق قىلسا بولىدۇ.



بىراق، ھازىر بەزى تىلشۇناسلار «ئۆزئارا ئوخشىمايدۇ» دەپ چۈشەندۈرۈپ كېلىۋاتقان ماقال بىلەن تەمسىلدىكى تۈپكى ئۇقۇم ئورتاقلىقى، مەزكۇر «ماقال» ۋە «تەمسىل» سۆزلىرىنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئىستېمال قىلىنىش ئەھۋالى، شۇنداقلا تىلشۇناسلار ۋە ئەدىبلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك بايانلىرىنى ھېسابقا ئالغاندا، ماقال بىلەن تەمسىلنى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل تۇراقلىق تەركىب دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، ياخشىلاپ مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، بىز «ھېچقانداق مىسال كەلتۈرمىگەن ھالدا، مەسىلىنى بىۋاسىتە چۈشەندۈرىدۇ» دەپ تەرىپلەۋاتقان ماقاللارمۇ ئەمەلىيەتتە، ئاتا ـ بوۋىلار ئۆز تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى مىسال قىلىش ئارقىلىق، ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئېلىپ، بىزگە قىلغان ئۆگۈت ـ نەسىھەتلەردۇر. ئىككىنچىدىن، بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە، ئاشۇنداق يورۇتۇلماقچى بولغان ئۇقۇم مۇئەييەن مىسال ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن تۇراقلىق جۈملىلەرنىمۇ ئوخشاشلا «ماقال» دەپ ئاتىغان. مەسىلەن، «بۆرىنىڭ تەڭ ئورتاق، قوزغۇنىنىڭ يىغاچ باشىندا» (بۆرىنىڭ تەڭ ئورتاق، قاغىنىڭ دەرەخ بېشىدا)، «قارى ئۆگۈز بالدۇقا قورقماس» (قېرى كالا پالتىدىن قورقماس)، «سۇۋ كۆرمەگىنچە ئەتۈك تارتما» (سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالما) دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئۈچىنچىدىن، «تەمسىل» ئاتالغۇسىنىڭ ھازىرقى تەمسىللەرنى كۆرسىتىدىغان سۆز قىلىپ قوللىنىلىشى تېخى يېقىنقى زامانلاردىكى ئىش. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا، «تەمسىل» ئورنىدا «مەسەل» سۆزىمۇ قوللىنىلغان. مەسىلەن، «ئاياقىڭغا تۇشەر ھەرلەھزە گىسۇ، مەسەلدۇركىم چىراغ تۈبى قاراڭغۇ» (ئۆرۈم چاچلىرىڭ ھەمىشە تاپىنىڭغىچە چۈشۈپ تۇرىدۇ. تەمسىلدە «چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ» دېگەندەك. («لۇتفىي غەزەللىرى» دىن، «ئۇيغۇر

كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 252 ـ بەت) دېمەكچىد-
مىزكى، «تەمسىل» سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى «ماقال»غا ئوخ-
شىمايدىغانلىقى ئۇچۇنلا، ئۇنى «ماقاللارنى كۆرسەتمەيدۇ» قىد-
لىپ ئايرىۋېتىشنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق. چۇنكى، خۇددى
«مەسەل» بىلەن «تەمسىل» ئۆز زامانىسىدا بىر ئۇقۇمنى كۆر-
سەتكەنگە ئوخشاش، «ماقال» بىلەن «تەمسىل»مۇ ئەمەلىيەتتە
بىرلا ئۇقۇمنى يورۇتۇپ كەلگەن. شۇڭا، ھازىر ئۇنى «ماقال ـ
تەمسىل» قىلىپ، بىر گەۋدە، بىر كاتېگورىيەگە مەنسۇپ بول-
غان تۇراقلىق تەركىبنىڭ ئومۇمىي نامىغا مۇقىملاشتۇرۇشىد-
مىز تامامەن توغرا.

## 2. ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدى-لىكلىرى

ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ تۇراقلىق بىرىكمە ۋە ئىدىيوملار-
غا نىسبەتەن ئالاھىدىلىكلىرى دەپ تۆۋەندىكىلەرنى كۆر-
سىتىش مۇمكىن:

بىرىنچى، ماقال ـ تەمسىللەر سۆز بىرىكمىلىرى ئەمەس،
بەلكى مۇئەييەن ئاياغلاشقان ئوي ـ پىكىرنى تولۇق ئىپادىلەي-
دىغان مۇكەممەل جۈملىدۇر. مەسىلەن، «تۆمۈرنى قىزىقىدا
سوق»، «ئۆردەك گۆشى يەي دېسەك، غازنىڭ پېيىدا بول»، «تۆ-
شۈك يىرتىقتىن كۈلەر»، «ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ»،
«ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بولۇر» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئىككىنچى، ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ شېئىرىي تۈسى قو-
يۇق، مۇزىكىلىقى يۇقىرى، ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك بولىدۇ.
مەسىلەن، «سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ، ئوسما كېتىدۇ قاش قالى-
دۇ»، «ياخشىلىق قىلدىڭ خوپ قىلدىڭ، مىننەت قىلدىڭ يوق
قىلدىڭ»، «تەرگىسەڭ تېرىق بولۇر، تەرگىمىسەڭ ئېرىق بو-
لۇر» دېگەنلەرگە ئوخشاش.



ئۈچىنچى، ماقال ـ تەمسىللەر ئادەتتە مۇئەييەن كونتې-
كىست ئىچىدە بولۇشنى شەرت قىلمايدۇ. مۇنداقچە قىلىپ
ئېيتقاندا، ماقال ـ تەمسىللەر ھەرقانداق چاغدا، ھەر قانداق
كونتېكىستتا ئۆز مەنىسىنى ئېنىق ۋە تولۇق ئۇقتۇرۇۋېرىدۇ.
مانا بۇ ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئىدىيوملاردىن پەرقلىنىدىغان
مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى. ئالايلۇق، «قولىغا قارىماق»
دېگەن بىرىكمە قاتتىق تەلەپ بويىچە ئېيتقاندا، پەقەت «ئۇ جې-
نىنى باقالىغۇدەك بىر ئىش تاپالمىغاچقا، يەنىلا دادىسىنىڭ
قولىغا قاراپ قالدى» دېگەندەك كونتېكىستتا بولغاندىلا، ئاندىن
ئىدىيوم بولالايدۇ ۋە ئىدىيوملۇق مەنىسىنى ئۇقتۇرالايدۇ.
ئەكسىچە، «سادىر ئەمدى ئۇنىڭ يۈزىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ، قو-
لىغا قارىدى» دېگەندەك كونتېكىستلاردا بولسا، ئۇ ئىدىيوم
بولالمايدۇ، ئەلۋەتتە. «ياخشى ئات ئۆزۈن يولدا سىنىلار» دېگەن
ماقالنى ئالساق، ئۇ ھەرقانداق چاغدا، ھەرقانداق بىر كونتې-
كىستتا ئوخشاشلا ماقال بولۇپ، ھېچقاچان ئىككى بىسلىق مە-
نە ياكى بىرەر ئېنىقسىزلىق بېرىپ قويمايدۇ.

تۆتىنچى، ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئىدىيوملار-
نىڭكىدىن زىچ ۋە يۇقىرى دەرىجىدە تۇراقلىق بولىدۇ. ئادەتتە،
ئۇنىڭغا ھېچقانداق سۆز قوشۇشقا، ھەتتا قوشۇمچىلارنى ئۆلاش-
قىمۇ بولمايدۇ. ئىدىيوملاردا بولسا، قۇرۇلما نىسبەتەن بوشراق
بولىدۇ. مەسىلەن، «كۆڭلى تۈز»، «باغرى تاش»، «يۇمشاقباش»
دېگەندەك ئىدىيوملارنى «كۆڭلى تۈزلۈك قىلماق»، «باغرى تاش-
لىق قىلماق»، «يۇمشاقباشلىق قىلماق» دېگەن شەكىللەرگە
كىرگۈزگىلى بولىدۇ. ھەتتا بەزى ئىدىيوملار ۋارىيانتلىنىدۇ.
مەسىلەن، «كۆڭلى تۈز»نى «تۈز كۆڭۈل» شەكلىدە، «بېشى ئاس-
مانغا تاقاشماق»نى «بېشى كۆككە يەتمەك» شەكلىدە ئىشلىتىشكە
بولۇۋېرىدۇ. بىراق، «قوينى قاسساپ سويسۇن» دېگەندەك تەم-



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىلنى «قوينى قاسساپ بوغۇزلىسۇن (ياكى ئۆلتۈرسۇن)» دېگەندەك شەكىلگە كىرگۈزۈپ، بۇزۇپ ئىشلىتىش ئادىتى يوق.

بەشىنچى، قاپىيىداش ماقال ـ تەمسىللەردە سۆز قىسقارتىشقا بولىدۇ. بۇمۇ ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان بىر ئالاھىدىلىكى. مەسىلەن، «قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق» دېگەن تەمسىلنىڭ ئەسلى «قاغا: مېنىڭ بالام ئاپئاق، دەيدۇ، كىرپە: مېنىڭ بالام يۇمشاق، دەيدۇ» شەكلىدە بولۇپ، ئىستېمال جەريانىدا سۆز قىسقارتىش قىلىپ ھازىرقى شەكلىدە مۇقىملاشقان. قوش رادىپ، قوش قاپىيىلىك ماقال ـ تەمسىللەردە، ئاخىرقى قاپىيە سۆزىنى قىسقارتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، «سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ، ئۇسما كېتىدۇ قاش قالىدۇ» دېگەن تەمسىلنى «سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ، ئۇسما كېتىدۇ قاش» شەكلىدە ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

## 3. ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ تۈرلىرى

ماقال ـ تەمسىللەرنى تۈزۈلۈشىگە قاراپ مۇنداق ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، ئاددىي جۈملىلىك ماقال ـ تەمسىللەر. بۇ، تەركىبىدە بىرلا ئاددىي جۈملە بولغان ماقال ـ تەمسىللەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

تېرىككەكنىڭ جېنىنى ئال.
تۈگۈرۈپ يېگەن مېھماندىن قورق.
قول ئىچىگە ئېگىلۈر.
قۇرۇق سۇدىن كاچات ياخشى.
قۇرۇق قوشۇق ئېغىز يىرتار.
كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس.
ياخشى سۆز ھەسەلدىن تاتلىق.



گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلۈر.

ئىككىنچى، مۇرەككەپ جۈملىلىك ماقال ـ تەمسىللەر. بۇ تۈرلۈك شەكىلدىكى تەڭداش ۋە بېقىندى جۈملىلىك ماقال ـ تەمسىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:

گاچا چۆچۈرە يېسە، ئىچىدە ساناپ يەر.
ئىت بىلەن يولداش بولساڭ، قولۇڭدىن تاياق چۈشمىسۇن.
كۆڭلۈڭ رەنجىسە، كۈلۈپ ئوينا.
كۆكنى كۆرۈپ، كۆكسۈڭنى كەرمە.
كۆرۈپ ئەسلىمەي، ئەسلەپ كۆر.
كۆسەي ئۇزۇن بولسا، قول كۆيمەس.
كۆپ تۇرغاندىن سورىماي، كۆپ كۆرگەندىن سورا.
تاما ـ تاما، كۆل تولار.

ئۈچىنچى، بېيىتلىك (ياكى قاپىيىداش) ماقال ـ تەمسىللەر. بۇ مىسرالىرى قاپىيىداش بولغان بېيىت شەكلىدىكى ماقال ـ تەمسىللەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدىكى ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى مۇشۇ تۈردىكىلەر تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

بەڭگىنى بالام دېمە، بۇقىنى كالام دېمە.
بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار.
ئات يامىنى ئالا، خوتۇننىڭ يامىنى بالا.
ئاتا قارغىشى ئوق، ئانا قارغىشى دوق.
سەللە دېگەن يۇك، ساقال دېگەن تۈك.
كۆرمىگىنىم كۆپ، يېمىگىنىم چۆپ.

بېيىتلىك ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ بەزىلىرى تاق قاپىيىلىك، يەنە بەزىلىرى قوش قاپىيىلىك بولىدۇ. قوش قاپىيىلىك ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئىككىنچى مىسراسىنىڭ ئاخىرقى قاپىيە كەلىمىسى كۆپ ھاللاردا چۈشۈرۈپ قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

نەقتىن ھەسەل چىقتى، نېسىدىن كېسەل. («چىقتى» سۆ-

زى قىسقارتىۋېتىلگەن)
نوقانچىنىڭ كۆزى يامان، سوخەنچىنىڭ سۆزى. («يامان» سۆزى چۈشۈپ قالغان)
قەرز ئېلىپ بەرمىگىنىڭنى كۆرەي، تۇغۇلۇپ ئۆلمىگىنىڭنى.
سوپى سورىغاننى يەر، تاپسا يوغاننى.
بالىنى ياشتىن ئۆگەت، خوتۇننى باشتىن.
ئات ئورۇقلۇقتا بۇزۇلار، خوتۇن غېرىبلىقتا.
بالىسىزنىڭ مېلى هارام، ئىمانسىزنىڭ جېنى.
بېخىلغا ھاجىتىڭ چۈشسە «يوق» دەيدۇ، سېخىيغا ھاجىتىڭ چۈشسە «خوپ».

## 4. ماقال ـ تەمسىللەرنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

ماقال ـ تەمسىللەر خەلقنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى، تەجرىبىسى ۋە ھايات خۇلاسىسى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن دۇردانىلەر بولۇپ، تىلدا ئۇزاق مۇددەت پىششىقلاش، ئۇزاق زامان بىر قېلىپتا ئىشلىتىش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن. بىر تەمسىل سۆز ئەڭ دەسلەپتە پەقەت بىر ئادەمنىڭ ئۆز تۇرمۇش تەجرىبىسىدىن ئېلىپ ئېيتقان ھاياجانلىق يۈرەك سۆزى بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ئۇ مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ ئەقلىي قايىللىقىدىن ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭمۇ يۈرىكىدىن چىقىرىپ ئېيتىدىغان ئۆز سۆزىگە ئايلانغاندىلا، ئاندىن ماقال ـ تەمسىل بولالايدۇ. دېمەك، ماقال ـ تەمسىل بىر ئادەم تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىش بىلەنلا شەكىللەنگەن ئەمەس، بەلكى ئۇ شۇ تىلدىكى ئومۇمىي خەلقنىڭ ئىستېمال ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكەن، شۇ تىللىق خەلقنىڭ ھەممىسىگە تەئەللۇق بولغان تۇراقلىق جۈملىدۇر.



تىلشۇناسلار ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتچىلىرى ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى توپلاش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى ۋە كەلمەكتە. مەملىكىتىمىزنىڭ ئۆزىدىلا 1957 ـ يىلى مەھمۇد زەيدى توپلىغان «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. 1979 ـ يىلى مۇھەممەت رەھىم تەييارلىغان «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. 1984 ـ يىلى ئالىم قادىر، جاڭ چۈنشى، جاۋشىجيېلەر تۈزگەن ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە سېلىشتۇرما «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى تىلشۇناسلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىكى ماقال ـ تەمسىللەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ، ماقال ـ تەمسىل ژانىرى بويىچە سېلىشتۇرما تەتقىقاتچىلىقنىڭ يولىنى ئېچىپ بەردى. ئۇلار بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق شاھ ئەسىرىگە كىرگۈزگەن ماقال ـ تەمسىللەر بىلەن ھازىرقى ماقال ـ تەمسىللەرنى سېلىشتۇرۇپ، مىڭ يىللار بۇرۇن ئىشلىتىلگەن ماقال ـ تەمسىللەر بىلەن ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقانلىرىنىڭ ئەينەن ۋە ئاساسەن ئوخشىشىدىغانلىرى مۇتلەق كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزگەرگەن دېگەنلىرىنىڭمۇ ئومۇمىي ئۇقۇم دائىرىسىنىڭ ئوخشىشىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. ئالايلۇق:

1. ئەينەن ئوخشىشىدىغانلىرىدىن

| «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە | ھازىر |
|---|---|
| ئالىمچى ئارسلان، | ئالغۇچى ئارسلان، |
| بەرىمچى سىچغان. | بەرگۈچى چاشقان. |



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| بۆرىنىڭ ئورتاق، | بۆرىنىڭ تاپقىنى تەڭ ئورتاق، |
| قوزغۇنۇڭ يىغاچ باشىندا. | قاغىنىڭ دەرەخ بېشىدا. |
| ئىكى قوچڭار باشى، | ئىككى قوچقارنىڭ كاللىسى، |
| بىر ئەشەچتە پىشماس. | بىر قازاندا قاينىماس. |
| كىشى ئالاسى ئىچتىن، | ئادەم ئالىسى ئىچىدە، |
| يىلقى ئالاسى تاشتىن. | ھايۋان ئالىسى تېشىدا. |
| كۆسەگۈ ئۇزۇن بولسا، | كۆسەي ئۇزۇن بولسا، |
| ئەلىگ كۆيمەس. | قول كۆيمەيدۇ. |

2. ئاساسەن ئوخشىشىدىغانلىرىدىن

| «دىۋان» دا | ھازىر |
|---|---|
| ئاتاسى ئاچىغ ئالمىلا يەسە، | ئانىسى ئاچچىق غورا يېسە، |
| ئوغلىنىڭ تىشى قامار. | قىزىنىڭ چىشى قاماپتۇ. |
| ئولدەچى سىچغان، | چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە، |
| مۈش تاشاقىن قاشىر. | مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەيدۇ. |
| قورقمىش كىشىگە | قورققانغا قوش كۆرۈنەر، |
| قوي باشى قوش كۆرۈنۈر | كۆلەڭگىسى بەش. |
| ئىكى بۇغرا ئىكەشۈر، | ئىككى ئات تېپىشسە، |
| ئوترا كۆكەگۈن يانچىلۇر. | ئارىدا ئېشەك ئۆلۈر. |
| قۇش قاناتىن، ئەر ئاتىن. | ئەر قانىتى ئات. |
| بىرىن بىرىن مىڭ بولۇر، | تاما ـ تاما كۆل بولۇر. |
| تاما ـ تاما كۆل بولۇر. | |



3. مەنە دائىرىسى ئوخشىشىدىغانلىرىدىن

| «دىۋان» دا | ھازىر |
|---|---|
| ئۇۋچى نەچە ئال (ھىلە) بىلسە، | ئۇۋچىنىڭ قارچىغىسى بولسا، |
| ئادىغ (ئېيىق) ئانچە يول بىلىر. | توشقاننىڭ نەزىرىسى بار. |
| بۆرى قوشنىسىن يەمەس. | بۆرە قوشنىسىغا قەست قىلماس. |
| قۇتسۇز قۇدۇغقا كىرسە | 1) تەلەيسىزنىڭ سىڭگىغا |
| قوم ياغار. | بۇغداي كىرسە، ئارپا چىقىدۇ. |
| (بەختسىز قۇدۇققا چۈشسە، | 2) تەلەيسىز ئۇۋغا چىقسا، |
| قوم ياغار) | كەينىدىن غوۋغا چىقىپتۇ. |
| سۈۋ ئىچىرمەسكە سۈت بەر. | تاش ئاتقانغا ئاش ئات. |
| تىلىن تەرگىگە تەگىر. | تىلى يۇمشاق ئاش يەر، |
| (تىل بىلەن نېمەتكە ئېرىشەر) | تىلى قاتتىق مۇشت يەر. |

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1990 ـ يىللىق 4 ـ سان)

ئۇنىڭدىن باشقا، يېقىندىن بۇيان بەزى تەتقىقاتچىلار ھازىر قوللىنىمىزدا بار توپلام ۋە لۇغەتلەردە كۆرۈلمەيدىغان، بىراق، كۈندىلىك ئىستېمالدا، خۇسۇسەن ئەدەبىي تىل ئىستېمالىدا خۇددى ماقال ـ تەمسىللەردەكلا ئىشلىتىلىۋاتقان تۇراقلىق تەركىبلەرنى توپلاپ ژۇرناللاردا ئېلان قىلدى. بۇمۇ يېڭى ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى تەتقىق قىلىشتىكى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ. ئالايلۇق، «ئاتقان تېشىدىن قورقما، ئاققان يېشىدىن قورق»، «ئاينىڭ يورۇقى بار، گۇماننىڭ سورىقى بار»، «ئاجىز كەلسە دوختۇر، سالامەتلىك يوقتۇر»، «ئانا تىلنىڭ ماھىرى، ئۆز ئېلىنىڭ شا-

ئىرى»، «ئادەمنىڭ چوڭىدىن قورقما، توڭىدىن قورق»، «بالاڭ ئەمگەك سۆيمىدى، دېمەك ساڭا كۆيمىدى»، «ئاسماننىڭ تورۇسى يوق، قورقۇنچاقنىڭ جورىسى»، «بىلمىگەننى سورىغان، كۆڭلى ئايدەك يورۇغان»، «كىمكى پۇلغا قىزىقار، توغرا يولدىن ئېزىقار»، «بالا ئارىسىغا كىرمىدىڭ، دوستلۇقىڭنى يىردىڭ»، «ۋاقىتنى كىم ئۇتىدۇ، بەخت قۇشىنى تۇتىدۇ»، «تەختىڭ كەتسە كەتسۇن، بەختىڭ كەتمىسۇن»، «ئۆمرۈڭ مەڭگۈ ئەمەس، ھۈنىرىڭ مەڭگۈ»، «ئۆز خەلقىنى سۆيگەن، بەختى ئۇچۇن كۆيگەن»، «ئەركە ئۆسكەن بالا، بولىدۇ ئىشقا چالا»، «ياخشى دوست چەتلەيدۇ، بىراق ئۇزاق كەتمەيدۇ»، «يىغلىغاندىن كۈلگەن ياخشى، رەسۋالىقتىن ئۆلگەن»، «ئىنسان بۇرۇن كېتەر، قەدرىگە كېيىن يېتەر»، «تېز ئىشلىگىن ئېزىلمەي، ۋاقتىڭ ئۆتىدۇ سېزىلمەي».① مانا بۇ خىل يېڭى ماقال خاراكتېرلىك تەركىبلەرنىڭ ئومۇملىشىپ، مۇناسىۋەتلىك لۇغەتلىرىمىزدىن ئورۇن ئالالىشى ياكى ئالالماسلىقى ئەمەلىيەتتە ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ شەكىللىنىش جەريانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

لېكسىكولوگىيەدە ماقال ـ تەمسىللەرنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تەتقىقات ئارقىلىق ماقال ـ تەمسىللەردىن ئىبارەت لېكسىكىدىكى بۇ تۇراقلىق تەركىبنىڭ باشقا تۇراقلىق تەركىبلەر، مەسىلەن، ئىدىيوم، ھېكمەتلىك سۆز قاتارلىقلار بىلەن بولغان پەرقلىرىنى تېپىپ چىققىلى، ئۇنىڭ گىراماتىكىلىق ۋە سېمانتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق ئىگىلىگىلى، شۇ ئاساستا ئۇنىڭ تىل ئەمەلىيىتىدىكى ئۇنۇمدارلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئۆگىنىش ئارقىلىق تىل بايلىقىنى ئۆستۈرگىلى، شۇ ئاساستا ئېغىز ۋە

① «تىل ۋە تەرجىمە ژۇرنىلى» 1990 ـ يىللىق 3 ـ سان، مۇقاۋا 4 ـ بەت.



يېزىق تىلىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرگىلى بولىدۇ. كونىلاردا «ئەر كۆركى ساقال، سۆز كۆركى ماقال» دېگەن گەپ بار. بۇ ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ماقالە ـ ئەسەرلەرگە تەڭدىشى يوق پاساھەت، سۆز ـ نۇتۇقلارغا مىسلىسىز گۈزەللىك ئاتا قىلىشتىن ئىبارەت تۈپكى رولى ۋە ئەھمىيىتىنىڭ ئەڭ ئىخچام بايانى. شۇنداق ئىكەن، بىز ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشىمىز ۋە ياخشى تەتقىق قىلىشىمىز لازىم.

## 4§. ھېكمەتلىك سۆزلەر

### 1. ھېكمەتلىك سۆز ۋە ئۇنىڭ دائىرىسى

«ھېكمەت» ئاتالغۇسى ئۇيغۇرچىغا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئەرەبچىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ شۇ زامانلاردىكى ئاساسلىق مەنىسى «ئەقىل، پاراسەت، دانىشمەنلىك، كارامەت، پەلسەپە، تېبابەت» دېگەنلەردىن ئىبارەت بولغان. ئىستېمال ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا دانىشمەنلىك (智谋)، دانالىق (贤明)، پەلسەپىۋىلىك (哲理)، پاراسەت (才略) مەنىلىرى بىلەن ئۆزلەشكەن. («ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»، 1982 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى)

ئۇيغۇرچە «ھېكمەتلىك سۆز» دېگەن ئاتالغۇ ئادەتتە، خەنزۇ تىلىدىكى «格言» دېگەن سۆزگە تەڭ قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. بىراق، ئۇيغۇرچىدىكى ھېكمەتلىك سۆز خەنزۇچىدىكى «格言» دىن كەڭرەك دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالايلۇق، ئۇيغۇرچىدا «ئەقلىيە سۆزى» دېگەن بىر ئاتالغۇ بار. «ئەقلىيە» مۇ ئەرەبچىدىن كىرگەن ئۆزلەشمە سۆز بولۇپ، مەنىسى «ئەقىلگە تەئەللۇق، پاراسەتلىك» دېگەن بولىدۇ. دېمەك، «ئەقلىيە



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سۆزى»نىڭ ئۆزى ئەمەلىيەتتە ھېكمەتلىك سۆز ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، «تەپەككۇر جەۋھەرلىرى»، «تەپەككۇر ئۇچقۇنلىرى» دېيىلىدىغان، كىشىنى ئەقىل يۇرگۇزۇشكە، پاراسەتكە ئۈندەيدىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ دەل ئۆزى. خەنزۇچىدا «名言» دەپ ئاتىلىدىغان مەشھۇر كىشىلەرنىڭ سۆزلىرى ۋە سۆز ئۈزۈندىلىرىمۇ ئۇيغۇرچىدىكى ھېكمەتلىك سۆزلەر كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. چۈنكى، مەزكۇر سۆزلەرنىڭ ھەممىسىدە بىر خىل ھېكمەت، دانا پىكىر، دانا چۈشەنچە جىلۋە قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇلارنى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا، كىتابتىن ـ كىتابقا ئەينەن كۆچۈرۈپ، تۇراقلىق شەكىل بىلەن ئىشلىتىدۇ.

شۇنداق بولغاندا، ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدىكى تۇراقلىق تەركىبلەرنىڭ بىرى سانىلىدىغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ تەبىرى مۇنداق بولىدۇ:

مۇئەييەن شەخس تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئۆزىدە چوڭقۇر ھېكمەت ۋە پەلسەپىۋى پىكىر ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان، كىشىلەر تەرىپىدىن كۆچۈرمە گەپ قىلىپ، بىر قېلىپتا ئىشلىتىلىدىغان تۇراقلىق جۈملە ۋە ئابزاسلار «ھېكمەتلىك سۆزلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىلھام — ھورۇنىنى يوقلاشنى ياقتۇرمايدىغان مېھمان.

— چايكوۋسكى

تالانت — چىداملىق بولۇش دېمەكتۇر.

— بوففون

خەلقنىڭ ئارمىيىسى بولمىسا، خەلقنىڭ ھېچ نەرسىسى بولمايدۇ.

— ماۋ زېدۇڭ

پولاتتەك ئىنتىزام ئاستىدا، ئالتۇندەك غەلىبە ياتىدۇ.

— ئەخمەتجان قاسىمى



تاتلىق سۆزلۈك سويار دۈشمەن پوستىنى،
سوغۇق سۆزلۈك دۈشمەن قىلۇر دوستىنى.

— سەئىدي

ئۆگىنىش خۇددى دەرەخ تىكىشكە ئوخشايدۇ، باھاردا چېچەكلەپ، كۈزدە مېۋە بېرىدۇ.

— ئېينىشتېين

## 2. ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ ئاساسي ئالاھىدىلىكى

ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ باشقا تۇراقلىق تەركىبلەرگە ئوخشىمايدىغان ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئاپتورى كەڭ خەلق ئاممىسى. بىراق، ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ ئادەتتە ئېنىق ئاپتورى بولىدۇ. مانا بۇ — ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ ماقال ـ تەمسىللەردىن (گەرچە ئۇنىڭدىمۇ چوڭقۇر ھېكمەت ۋە پەلسەپىۋى پىكىر جىلۋىلىنىپ تۇرسىمۇ) پەرقلىنىدىغان مۇھىم ئالاھىدىلىكى.

ئىككىنچى، ماقال ـ تەمسىللەر ئادەتتە، كۆپ بولغاندىمۇ ئىككى مۇستەقىل جۈملىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. بىراق، ھېكمەتلىك سۆزلەر ئىككىدىن ئارتۇق جۈملىدىن تەركىب تاپقان بولۇشىمۇ، ھەتتا ئۈچتىن ئارتۇق جۈملىدىن تەركىب تاپقان بىر ئابزاس بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

سۆز ئۈنچىدۇر. ئۇنىڭ دېڭىزى كۆڭۈلدۇر. كۆڭۈل جىمى مەنىلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغۇچىدۇر. گۆھەر دېڭىزدىن غەۋۋاس ۋاستىسى بىلەن چىقىپ، گۆھەرپۇرۇشلار ئالدىدا ئۆز قىممىتىنى تاپقاندەك، كۆڭۈلدىكى سۆز ئۈنچىلىرىمۇ ئۆز ماھىرلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن نۇتۇق شەرىپىگە ئېرىشىپ ئۆز

كۆركىنى تاپىدۇ.

— ئەلىشىر نەۋايى («مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»دىن)

ئۈچىنچى، ئىدىيوم ۋە ماقال - تەمسىللەر، خۇسۇسەن ماقال - تەمسىللەر ئالدى بىلەن خەلق ئىغىز ئەدەبىياتىغا، خەلقنىڭ جانلىق تىلىغا تەئەللۇق سۆز دۇردانىلىرى سانالسا، ھېكمەتلىك سۆزلەر كۆپىنچە زىيالىيلارنىڭ، ئەدەبىي تىلنىڭ ئەتىۋارلىق ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھېكمەتلىك سۆزلەر ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تىلغا خاسلىقى بىلەنمۇ ئىدىيوم ۋە ماقال - تەمسىللەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

## 3. ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى

ھېكمەتلىك سۆزلەرنى تۈزۈلۈشىگە قاراپ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، بىر جۈملىلىك ھېكمەتلىك سۆزلەر. بۇنىڭغا مەيلى ئاددىي جۈملە بولسۇن، مەيلى مۇرەككەپ جۈملە بولسۇن بىرلا جۈملىدىن تەركىب تاپقان ھېكمەتلىك سۆزلەر كىرىدۇ. مەسىلەن:

مىلتىقتىن ھاكىمىيەت چىقىدۇ. (ماۋزېدۇڭ)

پىرولېتارىيات پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلغاندىلا، ئاندىن ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنى ئازاد قىلالايدۇ. (ماركس)

قەھرىمانىنى خەلق يارىتىدۇ. (ئىھسان ئابدۇل قۇددۇس)

ئادەمنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ نېمىگە ئېرىشكەنلىكىدە ئەمەس، بەلكى قانداق تۆھپە ياراتقانلىقىدا. (ئېينىشتېين)

ئىككىنچى، كۆپ جۈملىلىك ھېكمەتلىك سۆزلەر. بۇنىڭغا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق مۇستەقىل جۈملىلىك ھېكمەتلىك سۆزلەر كىرىدۇ. مەسىلەن:



بىلىملىك بىلەن بىلىمسىز ھېچقاچان تەڭ بولالمايدۇ،
بىلىملىك ئايال گويا ئەر، نادان ئەر گويا ئايالدۇر.

— ئەھمەد يۈكنەكى («ئەتەبەتۇل ھەقايىق»تىن)

بىر ئادەم بىر جەريان دېمەكتۇر. ئۇ قېتىپ قالغان تۇرغۇن جىسىم ئەمەس، ئۇ دولقۇنلاپ ئېقىپ تۇرغان دەريا، ھەرگىزمۇ نوقۇل ماتېرىيال ئەمەس، ئۇ ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ يۇلتۇزى.

— دوگېس

بۈگۈن — ھاياتتۇر، بۈگۈن — ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچتۇر، بۈگۈن — ھەرىكەتتۇر، بۈگۈن — ئىجادىيەتتۇر. مېنىڭچە، دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك نەرسە بۈگۈن، ئەڭ ئاسان مەھرۇم بولىدىغان نەرسىمۇ بۈگۈن. چۈنكى ئۇ بەك ئوڭاي قولدىن كېتىپ قالىدىغان بولغاچقا، ئەڭ قىممەتلىكتۇر.

— لى داجاۋ

ئۈچىنچى، شېئىرىي ھېكمەتلىك سۆزلەر. بۇ ئادەتتە قاپىيەداش ئىككى مىسرالىق شېئىر شەكلىدىكى ھېكمەتلىك سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

ئەقىل كۆركى تىلدۇر، بۇ تىل كۆركى سۆز،
كىشى كۆركى يۈزدۇر، بۇ يۈز كۆركى كۆز.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئاسمان بولساڭ، يەرگە ئېگىلمىشمەك ياخشى،
تۇپراق بولساڭ، كۆككە ئىنتىلمەك ياخشى.

— ئابدۇلقادىر بېدىل

بىلىملىككە ئىلمى تولۇق تون ۋە ئاش،
بىلىمسىزگە قىلىقى يامان بىر ئاداش.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەقىل كىمدە بولسا، بولۇر ئۇ ئېسىل،
بىلىم كىمدە بولسا، بولۇر خان ئۇ، بىل.

— يۈسۈپ خاس هاجىپ

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، تۇراقلىق بىرىكمە، ئىدىيوم، ماقال - تەمسىل ۋە هېكمەتلىك سۆزلەر يۇقىرىقىدەك ئورتاقلىق ۋە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدىكى تۇراقلىق تەركىبلەر كاتېگورىيەسىنى شەكىللەندۇرگەن. بىز تىلشۇناسلىق بىلىملىرى ئاساسىدا تونۇشنى بىرلىككە كەلتۇرۇپ، لېكسىكولوگىيەنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرى بويىچە، ئۇلارنى توغرا شەرھلىشىمىز ۋە توغرا چۈشەندۇرۇشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن مەزكۇر تۇراقلىق تەركىبلەرنىڭ تىل ئىستېمالىدىكى ئەمەلىي ئۇنۇمىنى ئۆستۇرگىلى ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.



# ئالتىنچى باب ئۇيغۇر تىلىغا چەت تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر

## ئومۇمىي چۈشەنچە

تىلشۇناسلارنىڭ بىردەك قارىشىچە، دۇنيادا ئۆز سوستاۋىغا چەت تىلدىن سۆز - ئاتالغۇ قوبۇل قىلمىغان مۇتلەق ساپ تىل مەۋجۇت ئەمەس. چۈنكى، بىر يەر شارىدا ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئالاقىلاشماسلىقى، ئۆزئارا باردى - كەلدى قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. بۇ خىل باردى - كەلدى ۋە ئالاقىلەرنىڭ شۇ مىللەتلەرنىڭ تىلىدا مۇئەييەن ئىزنالارنى قالدۇرۇپ كېتىشى تەبىئىي ئەھۋال. تىل سوستاۋىدىكى بۇ خىل ئىزنالار ئەمەلىيەتتە ھەر قايسى تىللاردىكى ئۆزلەشمە (چەت تىلدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن) ياكى ئېلىنمىدى (چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان) سۆزلەردىن ئىبارەت.

تىلشۇناسلىقتا، تۈرلۈك تىللارنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشى نەتىجىسىدە بىر - بىرىدىن سۆز - ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش تىل تەرەققىياتى جەريانىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بىر ئومۇمىي ئىجتىمائىي ھادىسە دەپ قارىلىدۇ. بىراق، تىللارنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىش، ئۆزئارا تەسىر قىلىش دەرىجىسى ۋە خاراكتېرى شۇ تىل ئەھلىلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىش، ئۆزئارا ئالاقىلىشىش دەرىجىسى ۋە خاراكتېرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. ئالايلۇق، بەزى مىللەتلەر ئۆزلىرى ئولتۇراقلىشىپ ياشاۋاتقان رايونلارنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتى

جەھەتتىكى ئورتاقلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزئارا باردى - كەلدى قىلىشقان ۋە شۇ سەۋەبتىن تۇرمۇش ۋە ئۆزئارا ئالاقىگە مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى ئۆزئارا قوبۇل قىلىشقان بولسا، يەنە بەزى مىللەتلەر گەرچە ئولتۇراقلاشقان رايونلىرى يىراق - يىراقتا بولسىمۇ، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقاد جەھەتتىكى ئورتاقلىقى تۈپەيلىدىن ئۆزئارا سۆز - ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشقان بولىدۇ. ئومۇمەن قىلغاندا، بىر مىللەتنىڭ ئۆز تىلىغا باشقا مىللەت تىلىدىن سۆز قوبۇل قىلىشى ئەمەلىيەتتە، مەزكۇر مىللەتنىڭ مەدەنىي ھاياتىغا، تەقدىرىگە ۋە مەۋجۇتلۇقىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇئەييەن مەجبۇرىيەت ۋە تەقەززالىقنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار ياشاپ كېلىۋاتقان رايوننىڭ ئاسىيا بىلەن ياۋروپانى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان چوڭ قاتناش تۈگۈنى بولۇشىدەك ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكى تۈپەيلىدىن، ئۇلار تارىختىن بۇيان دۇنيادىكى تۈرلۈك مىللەتلەر بىلەن قويۇق ئارىلىشىپ ياشىغان ۋە شۇ سەۋەبتىن دۇنيادىكى تۈرلۈك تىللاردىن، مەسىلەن، خەنزۇ - زاڭزۇ تىل سىستېمىسىغا تەئەللۇق بولغان خەنزۇ تىلىدىن، ھام - سام تىل گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ بولغان ئەرەب تىلىدىن، ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا خاس بولغان سانسكرىت تىلى، پارس تىلى، رۇس تىلى قاتارلىق تىللاردىن ئۆز تىل سوستاۋىغا نۇرغۇنلىغان سۆزلەملەرنى قوبۇل قىلغان.

چەت تىلدىن سۆز قوبۇل قىلىش مۇئەييەن مەجبۇرىيەت ۋە تەقەززالىق ئاستىدا بولغان ئىكەن، بىر تىلدىكى چەتتىن كىرگەن ئۆزلەشمە سۆزلەرنىڭ سان سالمىقى مەڭگۈ بىر قېلىپتا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇيغۇر تىلىغا چەت تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن ئىلگىرىلا باشلانغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئۆزلەشمە



سۆزلەرنىڭ تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشىمىغان نىسبەت ۋە ئوخشىمىغان دەرىجە بىلەن مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقانلىقى بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ. ئالايلۇق، بۈيۈك ئالىم يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ 13 مىڭ 290 مىسرا شېئىردىن تەركىب تاپقان ئۆلمەس ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك»تە جەمئىي 68 مىڭ سۆزلەم بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چەت تىلدىن كىرگەن سۆزلەر پەقەت تۆت يۈز نەچچىلا ئىدى.[1] بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرچىغا چەت تىلدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئەھۋالىغا مىسال بولالايدۇ. ئەمدى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا سوستاۋىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئەھۋالنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. 1985 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» گە تۈپ سۆز ۋە ياسالما سۆز بولۇپ جەمئىي 30 مىڭ سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە چەت تىللاردىن كىرگەن تۈپ سۆزدىنلا 5030 بار. بۇ لۇغەتتىكى ئومۇمىي سۆزلەمنىڭ 16% نى تەشكىل قىلىدۇ. مەزكۇر 5030 دانە چەتتىن كىرگەن ئۆزلەشمە سۆزنىڭ 3255 ى ئەرەبچە ۋە پارسچىدىن كىرگەن سۆزلەر بولۇپ، بۇ پۈتكۈل چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ 65% ىنى تەشكىل قىلىدۇ. رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر 1499 بولۇپ، ئومۇمىي ئۆزلەشمە سۆزلەرنىڭ 30% ىنى تەشكىل قىلىدۇ. خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر 270 بولۇپ، ئومۇمىي ئۆزلەشمە سۆزلەرنىڭ 5% ىنى تەشكىل قىلىدۇ.[2]

① جاۋ مىڭمىڭ: «ئۇيغۇر تىلىغا چەت تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر» 23 - بەت. مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى 1988 - يىلى باستۇرغان ماي باسما نۇسخا.

② رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا: «باشقا تىللاردىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆزلەر توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 1989 - يىللىق 6 - سان.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئومۇمىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، چەت تىللاردىن سۆز قو-
بۇل قىلىش مىللەتلەر ئارا مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىدۇ، ئالاقىنى
راۋاجلاندۇرىدۇ. تىلشۇناسلىقنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن
هالدا، ئەقىلگە مۇۋاپىق ئېنىق پرىنسىپ ئاساسىدا قوبۇل
قىلىنغان سۆزلەر قوبۇل قىلغۇچى مىللەتنىڭ تىلىنى بېيىت-
تىدۇ، ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. تىل قانۇنىيىتىگە خىلاپ
هالدا، قالايمىقان سۆز قوبۇل قىلىش قوبۇل قىلغۇچى مىللەت-
نىڭ تىل سوستاۋىنى بۇزىدۇ، مىللىي هېسسىياتىنى زەخىملەن-
دۈرىدۇ. بىر مىللەت تىلىغا چەت تىللاردىن سۆز قوبۇل قى-
لىشتا، سۆز قوبۇل قىلغۇچى مىللەتنىڭ زىيالىيلىرى، خۇ-
سۇسەن تەرجىمانلىرى، شائىر - يازغۇچىلىرى، سەنئەتچىلىرى
ۋە ئوقۇتقۇچىلىرى هەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

بىر مىللەتنىڭ تىل تارىخى ئەمەلىيەتتە، شۇ مىللەتنىڭ
بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىس-
مى. بىر مىللەت تىلىدىكى چەت تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنى
ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش شۇ مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت
تەرەققىياتى جەريانىنى بىلىش ۋە تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا
بولمايدىغان بىر تەرەپتۇر.

بىز بۇ بابتا، تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر تىلىغا چەت تىللار-
دىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ هەرقايسى تۈرلىرى بويىچە
هەممىسىنى ئەمەس، بەلكى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نىس-
بەتەن ئېنىق پەرقلەندۈرگىلى بولىدىغان، بىرقەدەر ئاساسلىق
ۋە مۇھىم دەپ قارالغانلىرىنى «خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆز-
لەر»، «ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر»، «پارس تىلىدىن
كىرگەن سۆزلەر» ۋە «رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا ياۋروپا تىل-
لىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر» دېگەن تەرتىپ بويىچە،
قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.



## §1. ئۇيغۇر تىلىغا خەنزۇ تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر

ئۇيغۇرلاردا، خەنزۇ تىلىدىن سۆز قوبۇل قىلىش ئۇزاق تا-
رىخقا ئىگە. ئالايلۇق، ئۇيغۇرلار مىلادىيە 7 -، 9 - ئەسىرلەردە
قوللانغان تۈرك - رونىك يېزىقىدا يېزىلغان يادىكارلىقلارغا
مۇراجەت قىلىدىغان بولساق، خېلى بىر قىسىم ئەمەل ناملىرى
ۋە بۇددا دىنىغا دائىر سۆزلەرنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى بويىچە قو-
بۇل قىلىنىپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى بايقايمىز. مەسىلەن:

| ئۆزلەشمە قوللىنىلغىنى | مەنىسى | خەنزۇچىسى |
|---|---|---|
| سانگۇن | گېنېرال | 将军 |
| تۇتۇق | مەنسەپ نامى | 都督 |
| بۇشى | سادىغا | 布施 |
| لۇئۇ | ئەجدىها | 龙 |
| ساۋشاڭ | خىنايا مەزھىپى | 小乘 |
| سۇي | گۇناھ، جىنايەت | 罪 |
| قونچۇي | مەلىكە | 公主 |

(«هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، III قىسىم (ماي باسما)، مەر-
كىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى 1981 - يىلى باستۇرغان نۇسخا)

يۇقىرىقى سۆزلەرنىڭ بەزىلىرىدىن ياسالما سۆزلەر هاسىل
قىلىنىپ ئىستېمال قىلىنغان. بۇ هال مەزكۇر سۆزلەرنىڭ
ئۆز زامانىسىدا ئۇيغۇر تىلىغا چوڭقۇر ئۆزلىشىپ، كەڭ ئىستې-
مال قىلىنغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. مەسىلەن، بۇشىلىغ (سادىغىغا
موھتاج بولغان)، بۇشچى (تىلەمچى، سادىغا ئالغۇچى) دېگەنلەر-
گە ئوخشاش. («قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، 104 - بەت)

بەزى تەتقىقاتچىلار بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي تۈزگەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە تەخمىنەن 240 چە خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆز بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان. (جاۋ مىڭمىڭ: «ئۇيغۇرچىغا چەت تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر»)

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىشلەنگەن «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»، شۇنداقلا چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىشلەنگەن «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» قاتارلىق نوپۇزلۇق مەنبەلەردىمۇ بىر بۆلەك خەنزۇچە تۇرمۇش ئاتالغۇلىرىنىڭ ئۇيغۇرچىغا كىرىپ ئۆزلەشكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن:

| ئۆزلەشكىنى | ئەسلىي خەنزۇچىسى |
| --- | --- |
| بەندىڭ | 板凳 |
| چاي | 茶 |
| خەي | 鞋 |
| ساڭزا | 馓子 |
| مانتۇ | 馒头 |
| پۇڭ | 分 |

چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلاردىمۇ خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر دائىم دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

| ئۆزلەشكەن شەكلى | ئەسلىي خەنزۇچىسى |
| --- | --- |
| غاڭزا | 烟袋杆子 |
| جاڭزا | 庄子 |
| يامبۇ | 元宝 |
| يالا (ya:la) | 押 |
| پالا (pa:la) | 罚 |
| يامۇل | 衙门 |



| | |
| --- | --- |
| چاڭزا، چەڭزە | 窗子 |
| خوخەنزە | 好汉子 |
| مەڭ | 斑 |
| مەڭز | 面子 |
| ئىنجۇ | 珍珠 |
| جەڭ | 战 |
| يەڭلىغ (دەك ـ تەك، مەنىسىدە) | 样 |
| توڭلا ـ | 冻 |
| لويى، لوياخۇن (لويى + ئاخۇن) | 老爷 |

مىسال: «ئىنساپ بارمۇ لوياخۇن» ياكى «لوياخۇندا ئىنساب يوق.» (ماقال)

| | |
| --- | --- |
| كىمسان | 金线 |

مىسال: تاج ئىلە كىسۋەتكە تەرتىپ ئەيلابان،
باری كىمسان بىرلە تەزھىب ئەيلابان.

يېشىمى: تاج ۋە ھەممە يېرى ئالتۇن يىپ بىلەن بېزەلگەن كىيىملىرىنى رۇسلاپ.

يەنە خەلق قوشاقلىرىدا مۇنداق كەلگەن:
يامۇلنىڭ ياغاچلارى ئەگىز قارىغاي چەڭزە،
يامۇلنى تەشىپ قاچقان سادىر ئۆزى خوخەنزە.
ـــ «سادىر پالۋان قوشاقلىرى»دىن.

**1. خەنزۇچە سۆزلەرنىڭ ئۆزلىشىش جەريانى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى**

بەزى تىلشۇناسلار خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرچىدا ئۆزلىشىش جەريانىنى ۋاقىت جەھەتتىن مۇنداق چوڭ ئىككى دەۋرگە بۆلۈپ چۈشەندۈرىدۇ:

بىرىنچى، يىپەك يولى ئېچىلغاندىن تارتىپ تاكى جوڭخۇا

خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان ئۇزاق بىر تارىخىي دەۋر. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇ خەلقىنىڭ مۇناسىۋىتى تەدرىجىي ھالدا زىچلىشىپ، ئۆزئارا قويۇق باردى - كەلدى قىلىشىشتىن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ۋە بىللە ياشاش دەرىجىسىگە يېتىپ يەتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، ئۇيغۇرلار خەنزۇ خەلقىدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندى. بۇ خىل ئۆگىنىش تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ تىلىدىن مۇناسىۋەتلىك سۆز - ئىبارىلەرنى قوبۇل قىلىشقا تەقەززا قىلدى.

ئىككىنچى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەۋر. بۇ دەۋردە، كومپارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ ئارىسىدا قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەت بەرپا قىلىندى. مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتى بۇ ئىككى مىللەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىدا يېپيېڭى بىر دەۋر ئاچتى. جاھان پەن - تېخنىكىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتى، خۇسۇسەن نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشى ئىككى مىللەتنىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاقىسىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈردى. ئالايلۇق، ماركسىزم كىلاسسىكلىرى، شۇنداقلا سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، پەلسەپە، تارىخ ۋە تىل - ئەدەبىياتقا دائىر تۈرلۈك قىممەتلىك ئەسەرلەر خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنىدىغان بولدى. نەتىجىدە، ئۇيغۇر زىيالىيلىرى خەنزۇ تىلىدىن ئاز بولمىغان ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى ئۆگەنگەندىن باشقا، نۇرغۇنلىغان سۆز - ئىبارىلەرنى بىۋاستە قوبۇل قىلىپ ئامما ئارىسىدا ئومۇملاشتۇردى.

خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىنىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەرنى ئۇقۇم دائىرىسى بويىچە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن.

1) يېمەك - ئىچمەك ئاتالغۇلىرى: گاڭپەن، لەڭپۇڭ، جو-



تاڭ، بوسو، ساڭزا، تاڭگازا، خاسىڭ، گازىر، دۇفۇ...

2) ئوتياش - چۆنەك ئاتالغۇلىرى: سەي، لازا، چەيزە، چىڭسەي، جۇسەي، لاڭخا، جاڭدۇ، خاڭگا، بەسەي...

3) قول ھۈنەر ئاتالغۇلىرى: ئەندۈۋا، ۋادو، چەيدو، جاۋەن، جوتو، جامبۇ، سەيپۇڭ، چەنزە...

4) ئۆلچەم ئاتالغۇلىرى: كوي، مو، جىڭ، موچەن، پۇڭ، تەڭپۇڭ...

5) سىياسىي ئاتالغۇلار: لۇشيەن، فاڭجېن، گومىنداڭ، سەنمىنجۇيى ...

6) ھەربىي ئاتالغۇلار: جاڭجۈن (كونا)، سەنمۇ، سەنمۇبۇ، سەنمۇجاڭ، جىتۇەنجۈن، جۇڭشياۋ، شاڭۋېي، شاڭشياۋ، شاڭجياڭ...

7) مەمۇرىيەت ئاتالغۇلىرى: دۇبەن، شەنگەن، شاڭيو، شويى، بوجاڭ (كونا)، گۇڭشې، دادۈي...

## 2. خەنزۇ تىلىدىن ئۆزلەشكەن سۆزلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئۇيغۇرچىغا خەنزۇ تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر ئۆزىگە خاس بولغان بەزى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى خەنزۇ تىلى ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇلاردىكى مۇھىم ئالاھىدىلىك دەپ تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، باش بوغۇمى بىرلا تاق يۈنمۇ (سوزۇق تاۋۇش) ياكى قوشما يۈنمۇدىن تۈزۈلگەن خەنزۇچە سۆزلەر ئۇيغۇرچىغا باش بوغۇمى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق بولغان سۆزلەر بولۇپ ئۆزلەشكەن. بۇ خىل سۆزلەرنىڭ باش بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش ئادەتتە خەنزۇچىدىكىگە ئوخشاشلا ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن، داچەن (da:chen)، خوچاڭ (ho:chang)، پوتەي (po:tey)، شۆيۈەن (shue:yuan)، فۇداۋ

(fu:dao)، داشۆ (da:shue)، بوسو (bo:so)، دوممله (do:mile) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئىككىنچى، خەنزۇچىدا سۆزلەرنىڭ كەينىدە كېلىپ ئۇرغۇسىز تاۋۇش (轻声) ئوقۇلىدىغان «子» (zi) خېتى ئۇيغۇرچىغا قوبۇل قىلىنىش جەريانىدا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنىيىتى بويىچە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، ئالدىدىكى سۆزنىڭ سوزۇق تاۋۇشىغا ماس ھالدا «زا» ياكى «زە» گە ئۆزگىرىپ كەتكەن. شۇڭا ئۇيغۇرچىدىكى ئاخىرقى بوغۇمى «زا» ياكى «زە» بولغان ئۆزلەشمە سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىگە بىر قاراشتىلا ئېتىمولوگىيەسى خەنزۇچە بولغان سۆز دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، باڭگازا، تاڭگازا، ساڭزا، جاڭزا، ياڭزا، چەيزە، چەنزە، مەلەڭزە (جانلىق تىلدا) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئۈچىنچى، خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن پېئىل سۆزلەر ئادەتتە ئارقىسىغا «ـ لا / ـ لە»، «ـ دا / ـ دە» ياكى «سا / سە» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق، ئۇيغۇرچە پېئىل سۆزلەرگە ئايلىنىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، خەنزۇچىدىن كىرگەن پېئىل سۆزلەر ئۇيغۇرچىدا بىۋاستە «ماق / مەك» قوشۇمچىسى ئارقىلىق پېئىل سۆزگە ئايلىنالمايدۇ. مەسىلەن:

توڭ (冻) + لا (سەن توڭلىدىڭمۇ؟)
يا (押) + لا (دۈشمەننى يالاپ ماڭماق)
پا (罚) + لا (گۇناھكارنى پالىماق)
دەڭ (店) + سە (ئۇ خالتىنى دەڭسەپ كۆردى)
خاڭ (夯) + دا (يەر خاڭدىماق)

تۆتىنچى، ئاخىرقى بوغۇمى «ao, iao, ua, ian, iang, uan, üan, üe» قاتارلىق قوشما يۈنمۇدىن تەركىب تاپقان خەنزۇچە سۆزلەر ئۇيغۇرچىدا «ـ ئاۋ، ـ ياۋ، ـ ۋا، ـ يەن، ـ ياڭ، ـ ۋەن، ـ ۋ-



ەن، ـ ئۆ» قىلىپ يېزىلىدۇ. ئاخىرقى بوغۇمدا كەلگەن مەزكۇر تاۋۇشلار ئادەتتە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسلىق ئۇرغۇنى ئاخىرقى بوغۇمغا چۈشۈرۈپ تەلەپپۇز قىلىش قائىدىسى بويىچە، ئۇرغۇ چۈشۈرۈلگەن (ئۇرغۇلانغان) ھالدا قىسقا سوزۇق تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بىراق، بۇلارغا تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان چاغدا، مەزكۇر بوغۇمدىكى «ـ ئا، ـ ئە» تاۋۇشلىرى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭكىگە ئوخشاش «ئې، ئى» گە ئۆزگەرمەيدۇلا ئەمەس، بەلكى يەنە تۈپ سۆز ھالىتىدە تۇرغاندا قىسقا سوزۇق تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ئاخىرقى بوغۇم ئەمدىلىكتە، ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

فۇداۋ فۇداۋى (fuda:wi)
فاگاۋ فاگاۋى (faga:wi)
سۇلياۋ سۇلياۋى (sulya:wi)

## §2. ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەب تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر

ئۇيغۇر تىلىغا چەت تىللاردىن كىرگەن ئۆزلەشمە سۆزلەرنىڭ ئىچىدە ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ نىسبىتى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. بۇ تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

مەلۇمكى، تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ياشىغان رايونلارغا ئىسلام دىنى كىرگەندىن كېيىن، ئاساسلىق مائارىپ ئىشلىرى ئاساسەن ئەرەب تىلى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. جەمئىيەتتە، ئەرەبچە ئوقۇش پۈتتۈرگەن زىيالىيلار تەدرىجىي كۆپەيدى. ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر ئەرەب تىلىدا يېزىلسا، بەكرەك ئەتىۋارلىنىدىغان بولدى. مەسچىت ـ مەدرىسە-



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لەردە، ھەمىشە بايان قىلىنىپ تۇرىدىغان دىنىي ئەمرىمەرۇپلار
ئېتىقاد يۈزىسىدىن كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا سىڭىسە، مەزكۇر ئەمە-
رىمەرۇپلار ئىپادىلەنگەن سۆز - ئاتالغۇلار ئۆگىنىش، ئۆزلەش-
تۈرۈش تەقەززاسىدىن كىشىلەرنىڭ تىلىغا سىڭىشكە باشلىـ-
دى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇيغۇر تىلىدا ئىسلام دى-
نى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئائىت يېڭى ئۇقۇملار ئەرەبچە ئا-
تىلىدىغان بولدى. مەشھۇر شەرقشۇناس فېڭ جياشېڭ ئەپەندى
مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «خۇددى ئۆز زامانىسىدا لاتىن تىلى
پۈتكۈل ياۋروپاغا ئورتاق تىل بولغىنىدەك، ئەرەب تىلى مۇ-
سۇلمان شەرق ئەللىرى ئۈچۈن بىر قانچە ئەسىرگىچە خەلق-
ئارالىق پەننىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلغان ئىدى».① مۇ-
شۇنداق شارائىتتا، يېڭى ئۇقۇم، يېڭى چۈشەنچىلەرنى ئىپادى-
لەيدىغان سۆز - ئاتالغۇلار ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىنىش بىـ-
لەنلا قالماستىن، ئەسلىدىن بار بولغان نۇرغۇن ئەنئەنىۋى ئا-
تالغۇلارمۇ ئەرەبچە ئاتالغۇلار بىلەن ئالماشتۇرۇلدى ياكى پارال-
لېل قىلىپ قوللىنىلىدىغان بولدى.
XV ئەسىرگە كەلگەندە، ئاتايى، لۇتفىي، سەككاكىي ۋە ئە-
لىشىر نەۋائى قاتارلىق بۈيۈك يازغۇچى - شائىرلار ئۆز دەۋرى-
دىكى خېلى بىر بۆلەك ئەرەب - پارس تىللىرىغا ئەسىر بول-
غان، ساددا قىزغىنلىقتىن كاللىسى قىزىپ قالغان زامانداش-
لىرى كۆچەپ تەرغىب قىلغان «تۈركىي تىل خۇددى تىكەنلىك-
كە ئوخشايدۇ، تۈركىي تىل بىلەن شېئىر يازغىلى بولمايدۇ»
دەيدىغان پىكىر ئېقىمىغا قارشى قەتئىي كۆرەش قىلغان ۋە
ئۆزلىرى باشلامچى بولۇپ تۈركىي تىل بىلەن ئالەمشۇمۇل ئە-
سەرلەرنى يېزىپ، بۇ تىلنى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلـ-
دۇرغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئەسەرلىرىدە

① جاۋ مىڭمىڭ: «ئۇيغۇرچىغا چەت تىللاردىن كىرگەن سۆز-
لەر»، 18 - بەت.



ئەرەبچە ئاملالارنى كۆپلەپ قوللىنىشتىن خالىي بولالمىدى.
نەتىجىدە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سوستاۋىدا، خۇسۇسەن لېكسىكا
قىسمىدا زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، فونېتىكا ۋە گىراماتىكا
جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا راۋاجلانغان، لېك-
سىكا جەھەتتە ئەرەب - پارس تىلى ئامىللىرىنى ئۆزىگە كۆپلەپ
ئۆزلەشتۈرگەن ئەدەبىي تىل - چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئومۇم-
يۈزلۈك شەكىللەندى ۋە ۋايىغا يەتتى. پەقەت تىل نۇقتىسىدىن
ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىل — يېزىق تارىخىدا ئالتە ئە-
سىردىن ئارتۇق ۋاقىتنى ئىگىلىگەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى
دەۋرىنى ئەمەلىيەتتە، ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى تەسى-
رىدىن ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىنغان ئەرەبچە سۆزلەرنى ۋە
تۈرلۈك ئىسلامچە تەركىبلەرنى تاللاش، شاللاش ۋە ئۆزلەشتۈ-
رۈش دەۋرى بولغانىدى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

**1. ئەرەب تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى**

ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر
لېكسىكىنىڭ ھەممە تەركىبلىرىنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
ئۇلارنىڭ ئاڭلىتىدىغان ئۇقۇم دائىرىسى بويىچە ئومۇملاشتۇ-
رۇپ، تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:
1) دىنىي ئاتالغۇلار: ئاللاھ، رەسۇلۇللاھ، مالائىكە، جەن-
نەت، ئەۋلىيا، شەرىئەت، قۇرئان، ھەدىس، ساھابە، مۇشرىك،
جىن، دىن، كاپىر، قىيامەت، تەيەممۇم، غۇسل، ئىبادەت،
مەسچىت، سەجدە، رۇكۇ، رەكئەت، سالات، ھەج، ھاجى، ھارام،
باتىل...
2) مەدەنىيەت - مائارىپ ئاتالغۇلىرى: مەدەنىيەت، ئىلىم،
ئالىم، ئالەم، دۇنيا، پەن، تەھسىل، مۇتالىئە، مەدرىسە، مۇددە-
رىس، مەكتەپ، دەپتەر، قەلەم، كىتاب، مۇئەللىم، دارىلمۇئەل-

لىمىن، مەدەنىي، مۇتەپەككۇر...

3) ھاكىمىيەت، سىياسەت ۋە قانۇنغا دائىر سۆزلەر: جىنايەت، مۇپەتتىش، مەھكىمە، ۋىلايەت، ناھىيە، ۋالىي، ھاكىم، كادىر، دۆلەت، ۋەتەن، مەملىكەت، دىيار، قەتل، قاتىل، ۋەزىر، قارار، قانۇن، تەشۋىقات، تەشكىلات، تەرغىبات، شىركەت، جەمئىيەت، نىزام، ئىنتىزام...

4) ئەدەبىياتقا دائىر سۆز ـ ئاتالغۇلار: بەدىئىي، ئەدەبىي، شېئىر، نەزم، نەزمە، ماقالە، ھېكايە، قاپىيە، مىسرا، بېيىت، غەزەل، قەسىدە، رۇبائىي، مۇھتەمىلات، مۇسەددەس، مۇخەممەس، مۇرەببە، ئەسەر، لەتىپە، قىتئە...

5) فولكلور ئاتالغۇلىرى ۋە ئەدەپ ـ قائىدە سۆزلىرى: تەزىيە، دەپنە، نەزىر، ئىسقات، سەدىقە، پەتە، خەتنە، زىيارەت، دۇئا، تاۋاپ، سەيلە، بىسمىللاھ، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئەلھەمدۇلىللاھ، ماشائاللا، ئىنشائاللا، ئەلھۆكمۇلىللا، ئەستەغپۇرۇللا، ئەپۇ، رەھمەت، خەير...

6) ھۈنەر ـ كەسىپ ئاتالغۇلىرى: قاسساپ، باققال، سەرراپ، ھاممام، كاسىپ، رەسسام، نەققاش، رەممال، ھاممال، ھەتتار، مۇنەججىم...

7) ياردەمچى سۆزلەر: ئەمما، لېكىن، ۋە، لازىم، ھەم، ھەتتا، دائىر، ئائىت، ئىبارەت، ھالا، ۋەھاكازا...

8) سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار: «ـ ئە، ـ ئى»: شائىرە، مۇئەللىمە، مەلىكە (ئايال پادىشاھ)؛ كاشغەرىي، ياركەندى، نەۋايى؛ ئىنسانىي (ئىنسانلىق)، ئەبەدىي (مەڭگۈلۈك)، خۇسۇسىي (شەخسكە تەئەللۇق..).

9) ماقال ۋە ئىدىيوملار (ئايرىم سۆزلەر كېيىن قوشۇلغان): ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام (مەنىسى: زۆرۈر ئىشنى ئالدىن



قىلىش، قۇرۇق گەپنى كېيىن قىلىش)؛ ئىلاھائامىنغا بەرمەك. (مەنىسى: بىكارغا بەرمەك)

## 2. ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرچىدا ئۆزلىشىش دائىرىسى كەڭ ۋە چوڭقۇر بولۇپ، ئۇن ئەسىردىن كۆپرەك ئەمەلىي ئىستېمال جەريانىدا ئېتىمولوگىيەسى ئەرەبچە بولغان نۇرغۇنلىغان سۆزلەر ئۆزلىشىپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي سۆزلۈك سوستاۋىغا قوشۇلۇپ كەتكەن. مەسىلەن:

ۋەتەن، دۆلەت، مەملىكەت، دۇنيا، ئالەم، ئادەم، ئايال، سالامەت، ئامان، ئادالەت، ئىشق، مۇھەببەت، ئىناق، ئىتتىپاق...

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، مۇتلەق كۆپ سانلىق ئەرەب تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر ئۆزلىرىگە خاس بولغان تۈزۈلۈش ۋە تەلەپپۇز قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق ئەنئەنىۋى ساپ ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئومۇمەن قىلغاندا، ئۇيغۇرچىغا ئۆزلەشكەن ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكلىرى دەپ تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، «فائىل»شەكلىدىكى سۆزلەر تەركىبىدىكى «ئا» تاۋۇشى ئەرەب تىلىنىڭ ئۆزىدە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا، ئۇيغۇرچىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئۇزۇن سوزۇقلۇق شەكلىنى ساقلاپ قالغان. شۇڭا، بۇ خىلدىكى سۆزلەرگە بىر قاراشتىلا ئەرەبچىدىن ئۆزلەشكەن سۆز دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

ئالىم، زالىم، قادىر، كادىر، زاھىر، سادىر، نادىر، سالىم، تاھىر، ئاخىر، داخىل، جاھىل، شائىر، ناتىق، پازىل، پاسىل، ناسىر، مايىل، سائىل، شاكىر، ماھىر، نائىل...



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىستېمال قىـ-
لىنىۋاتقان «تەفەئئۇل، مەفئۇل، تەفئىل، فەئئال، فەئىل، (فەـ-
ئىلە)، مەفئەل» قاتارلىق شەكىللەردىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىـ-
سىنى ئەرەبچىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر دەپ ھۆكۈم
قىلسا، يېڭىلىش كېلىپ چىقمايدۇ. مەسىلەن:

تەئەججۇپ، تەپەككۇر، تەبەسسۇم، تەلەپپۇز، تەشەككۇر،
تەكەللۇپ، تەكەللۇم (تەكەللۇمىسىنى كەلتۈرمەك)، تەسەددۇق،
تەسەۋۋۇپ، تەسەۋۋۇر، تەئەللۇق، تەنەپپۇس، تەۋەللۇت، تەكەبـ-
بۇر، تەخەللۇس، تەقەددۇس، تەيەممۇم؛ مەھسۇل، مەمنۇن،
مەزكۇر، مەقبۇل، مەنزۇر، مەشغۇل، مەخسۇس، مەزلۇم، مەزـ-
مۇن، مەلئۇن، مەھكۇم؛ تەستىق، تەسلىم، تەشكىل، تەرغىب،
تەركىب، تەمكىن، تەكبىر، تەسكىن، تەمسىل، تەشۋىق، تەتقىق،
تەخمىن؛ نەققاش، رەسسام، كاززاپ (ئەسلى كەززاب)، مەككار،
قەللاب، دەججال، ئەللام؛ كەرىمە، سەلىمە، جەرىمە، ھەلىمە، جەـ-
مىلە، ئەزىزە، ھەبىبە؛ مەشئەل، مەقسەت، مەزھەپ، مەستەر،
مەسلەك، مەشرەپ، مەكتەپ، مەنسەپ، مەھرەم، مەھشەر...

ئۈچىنچى، ئاخىرقى بوغۇمى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق
بولغان يېپىق بوغۇملۇق ئەرەبچە سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيـ-
غۇر تىلىدا ئەنئەنىۋى ئۇرغۇ قائىدىسى، شۇنداقلا بوغۇم ئاخىـ-
رىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشنى ئېنىق تەلەپپۇز قىلىش يۈزىسىدىن
ئادەتتە قىسقا سوزۇق تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بىراق، بۇ
خىلدىكى سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندىن كېـ-
يىن، ئەسلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق ھالىتى تەلەپپۇزدا
ئەسلىگە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئىقتىساد — ئىقتىسادى (iqtisa:di)، ئىقتىسادىم
ئىمكان — ئىمكانىم (imka:nim)، ئىمكانىڭ
ئېتىقاد — ئېتىقادىڭ (etiqa:ding)، ئېتىقادى
ئىستىقبال — ئىستىقبالىم (istiqba:lim)، ئىستىقبالى



ئاخىرقى بوغۇمى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بولغان ئوچۇق
بوغۇملۇق ئەرەبچە سۆزلەر ئادەتتە، خۇسۇسەن قوشۇمچىلار
ئۇلانغاندا، ئەرەبچىدىكىسى بىلەن ئوخشاش ئۇزۇن سوزۇق تاـ-
ۋۇشلۇق تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

دۇنيا — دۇنياسى (dunya:si)، دۇنيادا (dunya:da)
مەنبە — مەنبەسى (menbe:si)، مەنبەدىن (menbe:din)
قەلئە — قەلئەسى (qel'e:si)، (قەلئەدىكى (qel'e:diki)

تۆتىنچى، ئەسلى «فەئالەت» شەكلىدە بولۇپ، ئۇيغۇرچىغا
«فائالەت / پائالەت» شەكلىدە ئۆزلەشكەن ئەرەبچە سۆزلەر تەرـ-
كىبىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش «ئا» (ئىككىنچى بوغۇمدا)
ئۇيغۇرچىدىمۇ ئوخشاشلا ئۇزۇن سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.
مەسىلەن:

كاپالەت، شاپائەت، مالامەت، كاساپەت، ئالامەت، پاساھەت،
ساداقەت، ئادالەت، نادامەت، جاھالەت، قاباھەت، قانائەت، جاراـ-
ھەت، سالامەت، ئامانەت، داۋامەت، كارامەت...

بەشىنچى، ئەسلىدە «مۇفائەلە» شەكلىدە بولۇپ، ئۇيغۇرـ-
چىغا «مۇفائىلە / مۇپائىلە» شەكلىدە ئۆزلەشكەن ئەرەبچە
سۆزلەرمۇ ئۆز تەركىبىدىكى «ئا» ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشنى ئەيـ-
نەن ساقلاپ قالغان. مەسىلەن:

مۇنازىرە، مۇھاكىمە، مۇئامىلە، مۇزاكىرە، مۇقابىلە، مۇـ-
شائىرە، مۇسابىقە، مۇداخىلە، مۇداپىئە، مۇبالىغە...

ئالتىنچى، ئەسلىدە تەركىبىدىكى ساكىنلىق «ئەيىن» ۋە
«ھەمزە» ھەرپلىرى ئۇزۇك تاۋۇش «ئ» تەلەپپۇز قىلىنىدىغان
خېلى بىر بۆلەك ئەرەبچە سۆزلەر ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال
جەريانىدا، تەركىبىدىكى مەزكۇر ئۇزۇك تاۋۇش «ئ»نى تەلەپـ-
پۇزدا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بولۇپ ئۆزلەشكەن. نەتىجىدە، ئۇـ-
زۇك تاۋۇش چۈشۈپ قالغان بوغۇمدىكى قىسقا سوزۇق تاۋۇش
ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشقا ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ ھال گەرچە ساپ

ئۇيغۇرچە سۆزلەر تەركىبىدىكى «ھ، ي، ر»تاۋۇشلىرى چۈشۈپ قالغاندىن كېيىنكى ئەھۋالغا ئوخشىسىمۇ، ئەرەبچە سۆزلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ يەنىلا بىر خىل ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەرەبچىدە | ئۈزلەشكىنى |
| --- | --- |
| تەئتىل | تەتىل (te:til) |
| تەئخىر | تەخىر (te:xir) |
| تەئمىن | تەمىن (te:min) |
| ئېئتىبار | ئېتىبار (e:tibar) |
| نېئمەت | نېمەت (ne:met) |

يەتتىنچى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان ئاخىرقى بوغۇمى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق ئوچۇق بوغۇمدىن تەركىب تاپقان سۆزلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەرەبچىدىن كىرىپ ئۈزلەشكەن ئۈزلەشمە سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەلۋىدا: (elwida)، ناۋا: (nawa)، ھاۋا: (hawa)، نىدا: (nida)، بىنا: (bina)، جۇلا: (jula)، ئەلا (e:la)...

سەككىزىنچى، ئەرەبچىدىن كىرگەن ئۈزلەشمە سۆزلەرنىڭ پېئىل شەكلى كۆپىنچە «بول ـ»، «قىل ـ» «ئەيلە ـ» قاتارلىق ياردەمچى پېئىللارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن:

دىققەت قىل ـ، بىنا قىل ـ، ئىقتىساد قىل ـ، ئىمكان قىل ـ، ئىزھار قىل ـ، تەپەككۇر قىل ـ، ئىنتىزار بول ـ، ھەزەر ئەيلە ـ، ناۋا ئەيلە ـ، نىدا ئەيلە ـ ...

يۇقىرىقىلار ئۇيغۇرچىغا ئۈزلەشكەن ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ تىپىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىر قەدەر مۇھىملىرى ھېسابلىنىدۇ.



## 3§. پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر

ئۇيغۇر قەدىمىي يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىدىن قارىغاندا، ئەسلى كېلىش مەنبەسى پارسچە دەپ قارىلىۋاتقان «كەنت، پەرىشتە» قاتارلىق سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىغا ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىلا قوبۇل قىلىنغان. مەسىلەن، قەشقەر ئۆز زامانىسىدا «كاشغار، كاشغەر» دېگەن نامدىن باشقا، «پايتەخت» مەنىسىدە «ئوردۇكەنت» دەپمۇ ئاتالغان. «پەرىشتە» سۆزى قەدىمكى يادىكارلىقلاردا «فەرىشتى» شەكلىدىمۇ ئۇچرايدۇ. ئالىملار مەزكۇر «كەنت» (كەند)، «پەرىشتە» (فەرشتى) قاتارلىق سۆزلەرنى «ئۇيغۇر تىلىغا (ئىران تىللىرى تۇركۇمىگە مەنسۇپ بولغان) سوغدى تىلى ئارقىلىق كىرگەن بولۇشى مۇمكىن.» چۈنكى، «قەدىمكى زاماندا، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپلىرىدە ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ياشىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىلى، مەسىلەن، قەدىمكى خوتەن تىلى، قەدىمكى كۇچا، قاراشەھەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى تاجىك تىلى قاتارلىقلار ئۇيغۇر تىلى قاتارلىق تۈركىي تىللارغا تەسىر كۆرسەتكەن» دەپ قارايدۇ. (ۋېي سۈيىي تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، III قىسىم، 64 ـ بەت، ماي باسما، 1981 ـ يىلى)

ئومۇمەن قىلغاندا، ئۇيغۇر تىلىغا پارس تىلىدىن سۆز قوبۇل قىلىشنىڭ سەۋەبى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشىنى مۇنداق ئىككى تەرەپتىن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

بىرىنچى، زىچ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش، بىللە ياشاش، ھەمماكانلىق ۋە مۇشۇنداق تەبىئىي مۇھىتداشلىق تۈپەيلىدىن، شۇنداقلا تۇرمۇش تەقەززاسىدىن ئۆزئارا سۆز ـ ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشقان. بۈيۈك شائىر، تىل ئۇستىسى ئەمىر نىزامىددىن



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەلىشىر ئىبنى غىياسىددىن نەۋايى ئۆزىنىڭ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين (ئىككى تىل توغرىلىق مۇھاكىمە)»ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئىككى تايىفە (يەئنى تۈركىيلەر ۋە پارسىيلار) نىڭ يىگىتى ۋە قەرىسى بەلكى ئۇلۇقدىن كىچىك بارىسى ئاراسىدا ئىختىلات ئەلەس سەۋىييەدۇر. ھەر مىقداركى، بۇ بىرىنىڭ ئۇل بىرى بىلە ئامىزىش ۋە گۇفتۇگۇزارى بار؛ ئۇل بىرىنىڭ ھەم بۇ بىر بىلە ھەمانچە تەكەللۇمۇگۇفتارى بار.»① (يېشىمى: تۈركىيلەر بىلەن پارسىيلار مەيلى ياشلار، قېرىلار، چوڭلار ياكى كىچىكلەر بولسۇن ئوخشاشلا ئارىلىشىپ ياشايدۇ. ئۇ بۇنىڭ بىلەن ئۆزئارا ئالاقىلىشىدۇ، بۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۆزئارا گەپلىشىدۇ). دېمەك، بۇ بايانلار تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ پارس تىللىق خەلقلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياشاش دەرىجىسىنىڭ ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنىڭ قانچىلىك يېقىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، ئۇيغۇر تىلىدىكى پارسچىدىن ئۆزلەشكەن سۆزلەر ئەمەلىيەتتە ئاشۇ خىل تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ تەبىئىي مەھسۇلىدۇر.

ئىككىنچى، ئوتتۇرا ئەسىرلەردە، پارس سەلتەنەتىنىڭ روناق تېپىشى، شۇ سەۋەبتىن پارس تىللىق كاتتا شائىر ـ يازغۇچىلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا چىقىشى، پارس ئەدەبىياتىنىڭ بەرق ئۇرۇپ گۈللىنىشى ـ مانا بۇلار پارس تىللىق خەلقلەر، بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ ياشاۋاتقان تۈركىي تىللىق خەلقلەر جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي تىلىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. نەتىجىدە، ئۆزئارا سۆز ـ ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشقان.

ئۇلۇغ ئەلىشىر نەۋايى ئەرەب ـ پارس تىللىرىنىڭ ئۆز زامانىسىدا ئاشۇنداق مۇتىۋەر تىللار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ،

① «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» 7 ـ، 61 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى. (نەشرگە تەييارلىغۇچى: خ • تۆمۈر، ئا • پولات)



خۇسۇسەن ئەدەبىياتتا تۈركىي تىللارغا نىسبەتەن ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا چىقىۋېلىشى ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ مۇنداق دەيدۇ: «يەنە شۇنداق بىر قانۇنىيەت باركى، ھۆكۈمرانلىق ئەرەب خەلىپىلىرى ۋە سۇلتانلىرىنىڭ قولىدا بولغان چاغدا، ئەدەبىيات ئەرەب تىلى بىلەن راۋاج تېپىپ، ھەسەن سابىت (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام زامانىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئەرەب شائىرى) تەك، لاقىت (ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئەرەب شائىرى) تەك تىل ماھىرلىرى ۋە يېتۈك شائىرلار مەيدانغا كېلىپ، ئۆز تىللىرى بىلەن نەزم ئىپادىسىنى ۋايىغا يەتكۈزدى... پارس ھۆكۈمرانلىرى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، پەن ئۇستازى فىردەۋسىي، زامانىنىڭ نادىرى شەيخ نىزامى گەنجىۋىي ۋە ھىندى سېھىرگەرى مىر خۇسرەۋ دېھلەۋىي، ئەسىرنىڭ يېگانىسى خوجاھافىز شىرازىيدەك پارسىگۇي (پارس تىللىق) شائىرلار مەيدانغا چىقتى».① نەۋايىنىڭ قاردىشچە، بىر مىللەتتە ئۆز تالانتى ئارقىلىق بارلىق دەۋر ئەھلىنى قايىل قىلغۇدەك شائىر ياكى يازغۇچى، ئۆز سۈپىتى ۋە قىممىتى بىلەن ھەممە شائىر ۋە يازغۇچىلارنى تەسلىم قىلالىغۇدەك شاھ ئەسەرنىڭ بولماسلىقى شۇ مىللەت تىلىنىڭ ئاقىۋەتتە باشقا مىللەتلەر تىللىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەسىرى ئاستىغا چۈشۈپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھالبۇكى، تىل ئالىملىرى ۋە تارىخچىلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، فىردەۋسىي، نىزامى گەنجىۋىي، خوجا ھافىز شىرازىي قاتارلىق پارس شائىرلىرى ئۆز زامانىسىدا ئۆزلىرىنىڭ مول ئەمگەك نەتىجىلىرى ئارقىلىق پارس خەلقىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشاۋاتقان تۈركىي خەلقلەرنىمۇ قايىل ۋە ئۆزىگە رام قىلىۋالغان. دۇرۇس، ئەسلىدە پارس شائىرلىرىنىڭ نەتىجىلىك ۋە ئەھمىيەتلىك ئەمگەكلىرى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنى قايىل

① «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»، 44 ـ، 45 ـ، 46 ـ بەتلەر.

قىلسا ۋە بۇ خىل قايىللىق مەزكۇر شائىرلارغا بولغان ئېھتىرام ۋە ئەزىزلەشنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، بۇ ھېچقانداق بىر ئەجەبلىنەرلىك ئىش بولمىغان بولاتتى، ئەلۋەتتە. بىراق، بۇ خىل قايىللىق كېيىنچە خېلى بىر بۆلەك ئاسان ھاياجانلىنىدىغان تۈركىي تىللىق شائىرلارنىڭ ئېڭىدا، تەدرىجىي ھالدا پارس تىلىغا بولغان چوقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، فىردەۋسىي قاتارلىق پارس شائىرلىرىنىڭ ئاشۇنداق گۈزەل ئەسەرلەرنى يارىتالىشى پارس تىلىنىڭ پاساھەتلىك بولغانلىقىنىڭ سەمەرىسى ئىمىش! شۇڭا، ئۇلار تەپتارتماستىن «پارسىي شەكەرەست» (پارس تىلى شېكەر تىل) دېگەن كۆلكىلىك شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆز ئانا تىلىنى تاشلاپ، پارس تىلى بىلەن شېئىر ۋە ئەسەر يېزىشقا تۇتۇنغان. بۇ كېيىنچە كۆپ ساندىكى تۈركىي تىللىق شائىرلار ئۈچۈن بىر مودا، بىر خىل ئادەت بولۇپ قالغان، ھەتتا ئەلىشىر نەۋايىمۇ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى شېئىر - نەزمىلىرىنى پارس تىلىدا يازغان.[1] دەرۋەقە، بۇ خىل ۋەزىيەتكە كېيىنچە يەنىلا ئەلىشىر نەۋايى بالدۇر ئويغىنىپ، پارسچە سۆزلەش ۋە يېزىشنى مودا قىلىۋالغان ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ «ھىراتنى ئېشەكلىك ئايلىنىپ يۈرىدىغان ئەلىشىر» (يەنى ئەلىشىر سەھرايى) دەپ مەسخىرە قىلىشلىرىغا پىسەنت قىلماي، ئۆز ئانا تىلىدا ئەسەر ئىجاد قىلىپ، ئاخىرىدا ئالەمشۇمۇل نەتىجىلىرى بىلەن، پارس تىللىق خەلقلەرنىمۇ ئۆزىگە ئالغان پۈتكۈل شەرق ئەللىرى خەلقىنى قايىل قىلىش ئارقىلىق خاتىمە بەرگەن.

دېمەك، پارسچە سۆز - ئاتالغۇلار ئۇيغۇر تىلىغا پارس ئەدەبىياتىنىڭ ۋاستىسى بىلەنمۇ كىرىپ ئۆزلەشكەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى شىنجاڭنىڭ مەدرىسە - مەكتەپلىرىدە، ئەدەبىيات دەرسى ئۈچۈن «نەۋايى» (يەنى

① «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»، 28 - بەتلەر.



نەۋايى ئەسەرلىرى) ئوقۇتۇلغاندىن باشقا، «خوجا ھافىز» (خوجا ھافىز شىرازىي ئەسەرلىرى)مۇ ئۆگىتىلەتتى. مانا بۇنىڭدىن، پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر مائارىپىغا بولغان تەسىرىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ۋە نەقەدەر ئۇزاق مۇددەت بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، يۇقىرىقىدەك مۇھىم ئىككى سەۋەب ئارقىسىدا، پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كۆپ مىقداردا سۆز - ئاتالغۇ قوبۇل قىلىنغان.

## 1. پارس تىلىدىن ئۆزلەشكەن سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى

ئۇيغۇر تىلىغا پارس تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى كونكرېت ئۇقۇمنى ۋە شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە پېئىلدىن باشقا بارلىق سۆز تۈركۈمىگە تەئەللۇق سۆزلەر تېپىلىدۇ دېيىش مۇمكىن. مەسىلەن:

نان، ئاش، ئاسمان، باھار (ئىسىم)؛ بەلەن، ناچار، كىچىك (سۈپەت)، دانە، چارەك (مىقدار)، پاھ، ئاپىرىن (ئىملىق)، خۇد (خۇدۇم - ئۆزۈم)، ھەممە (ئالماش)، دەرھال، ھەمىشە، ھامان، گاھى، قەھرىمانانە (رەۋىش)، بەلكى، كى، ھەم، دەرۋەقە، ۋەھالەنكى، تاكى، چۈنكى (باغلىغۇچى)، قاھ - قاھ (تەقلىد سۆز)، يەك، دۇ، سە، چاھار، پەنج (سان...)

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر بۆلەك سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ۋە سۆز ئالدى قوشۇمچىلىرىمۇ پارس تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن. ئالايلۇق:

با: با مەسلىھەت (مەسلىھەتلىك)

بەت: (ئەسلىي بەد) بەتقىلىق، بەتنىيەت، بەتتام، بەتنام...

بى: بىمەنە، بىمەززە، بىگۇناھ، بىنومۇس، بىھايا، بىھېساب...

پەرەس: (ئەسلىي پەرەست) بۇتپەرەس، ئاتەشپەرەس، ئاپ-

تاپپەرەس...

پۇرۇش: كىتابپۇرۇش، دورىپۇرۇش، ۋاپۇرۇش، كىسپۇرۇش...

باز: (ۋاز) كىتابباز، قىمارۋاز، كەپتەرۋاز، ئىشقۋاز...

پەز: ئاشپەز، سامسىپەز، مانتىپەز...

خان: كىتابخان، ساھىبخان...

خانا: (ئەسلى خانە) كىتابخانا، ئاشخانا، چايخانا، ئىشخانا، دوختۇرخانا، ئوتۇنخانا...

خور: چايخور، جازانىخور، پارىخور، ئادەمخور، جىلىخور...

دان: سۇدان، چايدان، كۈلدان، ئوقدان، شامدان...

زار: گۈلزار، دەرەخزار، ئۈزۈمزار، چىمەنزار، پاختىزار...

پەرۋەر: ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر...

شۇناس: تىلشۇناس، تارىخشۇناس، ئۇيغۇرشۇناس...

كار: سەنئەتكار، بىناكار، پاختىكار...

گەر: دەۋاگەر، سودىگەر، زەرگەر، ئىغۋاگەر...

گۇي: دۇئاگۇي، پارسىگۇي، تۈركىيگۇي...

گاھ: ئارامگاھ، جەڭگاھ، سەيلىگاھ، ھېيتگاھ، پەگاھ...

كەش: ھارۋىكەش، جاپاكەش، كىراكەش، قەلەمكەش...

كەم: كەمدىدار، كەمسۇخەن، كەمقۇۋۋەت، كەمئەقىل...

نامە: گۇۋاھنامە، تەقدىرنامە، جەڭنامە، يىلنامە، سالنامە...

ھەم: ھەمسۆھبەت، ھەمپىكىر، ھەمداستىخان، ھەمدەم...

داش: مەسلەكداش، يولداش، خىزمەتداش، سىرداش...

ئىستان: گۈلىستان، قەبرىستان...

ۋەن: (ئەسلى بان) باغۋەن، سارايۋەن، دەرۋازىۋەن...

تىراش: (ئەسلى تەراش) ھەيكەلتىراش، ساتىراش...

ساز: قۇلۇپساز، تۇنىكىساز، ماشىنىساز...

دەر: دەرگۇمان، دەرۋەقە، دەرھەقىقەت، دەرھال، دەرمەھەل.

مەن: (ئەسلى مەند) دۆلەتمەن، بىلەرمەن، دەردمەن، سۆز-



مەن، باقىمەندە...

پارس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنى ئاڭلىتىدىغان ئۇقۇم دائىرىسى بويىچە تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە ئايرىپ كۆرستىشكىمۇ بولىدۇ:

1) دىنىي ئاتالغۇلار: خۇدا، ناماز، جايناماز، گۇناھ، دوزاخ، ناماز بامداد، ناماز پېشىن، نامازدىگەر (ناماز ئەسىر) نامازشام، خۇپتەن...

2) سىياسىي ئاتالغۇلار: سەردار، رەھبەر، جاھانگىر، دۆلەتمەن، نامرات...

3) يېمەك - ئىچمەك سۆزلىرى: نان، گىردە، مېۋە، نەشپۈت، خورما، جۇلاب، گۇلاب...

4) ھۈنەر - كەسىپ ئاتالغۇلىرى: ساتىراش، مىسكەر، زەرگەر، موزدۇز، چۆپگەز، رەندە، بۇرەندە، زەخمەك، خەرەك، كامانچە...

5) بەدەن ئەزالىرى ئاتالغۇلىرى: گەردەن، پېشانە، لەۋ...

6) مۇزىكا ئاتالغۇلىرى: سازەندە، ئاھاڭ، ئاۋاز، دۇتار، ساتار، خۇشتار، سۇناي، كاناي، نەي...

7) ئۆي - سەرەمجان ئاتالغۇلىرى: ئاپتۇۋا، چىلاپچا، قوشۇق، گەردۇن چىنە، جانان چىنە، پىيالە، پەردە...

8) كۈن ناملىرى: يەكشەنبە، دۈشەنبە، سەيشەنبە، چارشەنبە (چەھار شەنبە)، پەيشەنبە (پەنجشەنبە)، شەنبە، ھەپتە، مىنەپتە...

9) ئورۇن - جاي ئاتالغۇلىرى: پايتەخت، لەڭگەر، پەگاھ، ئەۋرەز، كارخانا، مويكا (مويگاھ)، گۆرىستان، دالان...

دەرۋەقە، تارىختا ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر پارس تىللىق خەلقلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىش، بىللە ياشاش، ئۆزئارا مەدەنىيەت ئۆگىنىش جەريانىدا، پارسلارمۇ ئۇيغۇر تىلىدىن نۇرغۇن سۆزلەرنى قوبۇل قىلغان. ئالاي-

لۇق، ئەلىشىر نەۋايى ئۆزىنىڭ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق ئەسىرىدە: «سۆز - ئىبارە يارىتىشتا تۈركىيلەر پارسىلاردىن ئىلگىرى تۇرىدۇ»، شۇڭا، پارسلار ھەتتا «قايماغ (قايماق)، قاتلامە (قاتلىما)، بۇلاماغ (بۇلىماق)، قۇيماغ (قۇيماق)، ئۇماچ، كۆمەچ، تالقان قاتارلىق يېمەك - ئىچمەك ناملىرىنىمۇ تۈركىيچە ئاتايدۇ.» (يۇقىرىقى ئەسەر، 7 -، 23 - بەتلەر) دەپ كۆرسەتكەن. مانا بۇ باياندىن تۈركىي تىللىق خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار بىلەن پارس تىللىق خەلقلەر ئارىسىدىكى سۆز قوبۇل قىلىشنىڭ ئۆزئارا بولغانلىقىنى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى پارسچىدىن ئۆزلەشكەن سۆزلەرنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى ئۆزئارا ئۆگىنىش جەريانىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## 2. پارس تىلىدىن ئۆزلەشكەن سۆزلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى

پارس تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەردىن نۇرغۇنلىرى، خۇسۇسەن كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئائىت ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدىغان خېلى بىر بۆلەك ئاتالغۇلار تەدرىجىي ھالدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندىغا قوشۇلۇپ كەتكەن. مەسىلەن:

نان، ئاش، گەپ، پۇل، گۆش، دوست، بۇرادەر، رەخت،دەرەخ، ئاسمان، زېمىن...

بەزى سۆزلەرنى (مەسىلەن، «مەن»، «ئۇ» دېگەنلەرگە ئوخشاش) زادى كىم؟ كىمدىن قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ، كېسىپ بىر نەرسە دېيىشمۇ قىيىن. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان پارسچىدىن ئۆزلەشكەن سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى ئەنئەنىۋى ساپ ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. ئۇلاردىكى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ مۇھىملىرى دەپ تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن:



بىرىنچى، پارسچىدىكى تەڭسىز بىرىكمىلەردە ئېنىقلانغۇچى سۆز ئالدىدا، ئېنىقلىغۇچى سۆز كەينىدە كېلىدۇ. ئۇيغۇرچىغا ئۆزلىشىپ كەتكەن پارسچە تەڭسىز بىرىكمىلەر (ئىزافەتلەر) نىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاشۇ خىل بىرىكمە قۇرۇلۇشىنى ئەينەن ساقلاپ قالغان، بىز مۇشۇ ئالاھىدىلىككە قاراپ ئۇلارنى پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر دەپ ئايرىيمىز. مەسىلەن:

خەلقىئالەم، رويى زېمىن (يەر يۈزى)، پەيلى شەيتان، ئەھلى مۆمىن، ھاجى ئەكبەر، زامانى ئاۋۋال، نەپسى شەيتان، تەركىدۇنيا، لەۋزى ھالال، ۋاقتى مۆرىت، ئىسمى شېرىپ، قۇرئانى كەرىم، ھاجى ھەرەم، ئەمرىمەرۇپ، روزى رامىزان (رامىزان كۈنى)، دۇئايى بەد (يامان تىلەك، قارغىش)...

ئىككىنچى، «با، باز، بەت (بەد)، بى، پەرەس، پۇرۇش، پەز، پەرۋەر، خان، خانا، خور، دان، تىراش، دار، داش، زار، ساز، شۇناس، كار، گەر، گاھ، گوي، كەش، كەم، نامە، نەما، دەر، مەن، ھەم، ۋەن، ئىستان» قاتارلىق سۆز ياسىغۇچى ۋە تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار بىلەن كەلگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئادەتتە پارسچىدىن ئۆزلەشكەن سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، «ئىستان، نەما، شۇناس، دار، زار، كار، گاھ» قاتارلىق قوشۇمچىلار ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ پارس تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، مەزكۇر قوشۇمچىلار ئاخىرقى بوغۇم بولۇپ كەلگەن سۆزلەرگە تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلغاندا، ساپ ئۇيغۇرچە سۆزلەردىكىدەك «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ «ئې، ئى» لارغا ئۆزگىرىش ھادىسىسى يۈز بەرمەيدۇ، ئاخىرقى بوغۇمدىكى «ئا» تاۋۇشى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۆزبېكىستان - ئۆزبېكىستانى (ozbekista:ni)، گۈلىستان - گۈلىستانى، رەھنەما - رەھنەماسى، مىللەتشۇناس -

مىللەتشۇناسى، چىمەنزار ـ چىمەنزارىمىز، ئىجادكار ـ ئىـ
جادكارلىقلار، سەردار ـ سەردارى، زىيارەتگاھ ـ زىيارەتگاھى...
تۆتىنچى، بىر بوغۇملۇق سۆزلەردە، ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش-
نىڭ ئارىسىغا ھېچقانداق بىر سوزۇق تاۋۇش قوشۇلمىغان
ھالدا بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كېلىشى پارسچە سۆزلەرگە خاس
يەنە بىر ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:
رەخت، دوست، دەرد، بەند، قەنت، كەنت، پەند، مەرد...
بەشىنچى، «ـ ئانە (a:ne)» قوشۇمچىسى بىلەن ھال رە-
ۋىشلىرى ھاسىل قىلىش پارس تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ،
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلىۋاتقان مەزكۇر قو-
شۇمچىلىق سۆزلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پارسچە ئۆزلەشمە
سۆزلەر سانىلىدۇ. مەسىلەن:
مەردانە، داھىيانە، دوستانە، غالىبانە، قەھرىمانە، تەكەب-
بۇرانە، غەييۇرانە، ئاقىلانە، ئادىلانە، ئەزىزانە، غەرىبانە...
بىراق، پارس تىلىغا خاس بولغان بۇ ئالاھىدىلىك ساپ
ئۇيغۇرچە سۆزلەرگە تەتبىقلىنىپ كەتكەن ئەھۋالمۇ ئۇچرايدۇ.
مەسىلەن:
باتۇرانە جەڭ قىلماق، يۈزتۇرانە سۆزلەشمەك دېگەنلەرگە
ئوخشاش.
ئۇنىڭدىن باشقا، بەزى تۈپ سۆزلەرنىڭ باش ھەرپىگە، بە-
زى ياسالما ۋە بىرىكمە سۆزلەرنىڭ باش سۆزىگە قاراپمۇ پارس-
چە ئۆزلەشمە سۆزلەرنى ئايرىۋېلىشقا بولىدۇ. ئالايلۇق، «گ»
ھەرپى بىلەن باشلانغان تۈپ سۆزلەرنىڭ ئىچىدە، خۇسۇسەن
كۈندىلىك تۇرمۇشقا دائىر سۆزلەرنىڭ خېلى كۆپچىلىكى پارس
تىلىدىن كىرگەن سۆزلەردۇر. مەسىلەن، گەپ، گۈل، گىل،
گىياھ، گەدەن، گەجگە، گىرداپ، گەردىش، گۆھەر، گۇلاپ،
گۆش، گۇرزا، گۇم، گۇۋاھ، گۇناھ، گۇندا، گېزەندە، گىرى،
گىردە، گىرىم، گىلاس، گۆدەك دېگەنلەرگە ئوخشاش. «سەر»



كەلىمىسى باش سۆز بولغان بىرىكمە سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ-
چىلىكىمۇ پارس تىلىدىن ئۆزلەشكەن سۆزلەر بولۇپ چىقىدۇ.
مەسىلەن، سەردار، سەركەردە، سەرخىل، سەرمايە، سەرسان،
سەرگەردان، سەركاتىپ، سەركار، سەركەش، سەرگەز، سەرگۇ-
زەشت، سەرۋەر، سەرلەۋھە، سەرخۇش، سەرپاي، سەرپۇش دې-
گەنلەرگە ئوخشاش.

## §4. رۇس تىلىدىن ۋە باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەر

بەزى تىلشۇناسلار، ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلىدىن سۆز ـ
ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلان-
غان، خۇسۇسەن، چاررۇسىيە جۇڭگونىڭ ئىلى رايونىنى بىر
مەزگىل بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر تىلى بىلەن رۇس تى-
لىنىڭ بىۋاستە ئۇچرىشىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن، ئاندىن،
ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 10 ـ 20 ـ يىللىرى سابىق سوۋېت ئىت-
تىپاقىدىن بىر بۆلەك رۇسلار شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىغا
كۆچۈپ كېلىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان.
بۇ ھال ئۇيغۇرچىدا رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ كۆپىي-
ىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، دەپ قارايدۇ.[1]
ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىل-
لىرى، خۇسۇسەن، ئۆز ۋاقتىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دۇبە-
نى شېڭ شىسەي ئىلغارلىق قىياپىتىگە كىرىۋالغان مەزگىل-
لەردە، شىنجاڭ بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسى-
ۋىتى تولىمۇ يېقىن بولۇپ، ئۆزئارا سودا ـ تىجارەت ئالاقىسى-

① ۋېي سۈيىي تۈزگەن كونسپېكت: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تى-
لى» 3 ـ قىسىم، 70 ـ بەت.

دىن باشقا، مەدەنىيەت ئالاقىسىمۇ تازا راۋاجلانغانىدى. بۇ مەزگىللەردە، ئۇيغۇرلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان زىيالىيلار مەيدانغا كەلدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە، ئۇيغۇرچە گېزىت - ژۇرناللار سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىنى كۆپلەپ تەشۋىق قىلاتتى. مانا شۇ چاغ، شۇ شارائىتتا، ئۇيغۇر تىلىغا كوممۇنىزم، سوتسىيالىزم، پرولېتارىيات ئىنقىلابىغا ئائىت سىياسىي ئاتالغۇلار كۆپلەپ قوبۇل قىلىنغان ئىدى.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىنى رۇس تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا سۆز قوبۇل قىلىش تازا ۋايىغا يەتكەن يىللار دېيىش مۇمكىن. شۇ مەزگىلدە، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا، جۈملىدىن شىنجاڭدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۆگىنىش، رۇس تىلى ئۆگىنىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن ئىدى. شۇ چاغلاردا، زىيالىيلار ئۆزلىرىنىڭ گەپ - سۆزلىرى ئارىسىغا بىرنەچچە ئېغىز رۇسچە ئاتالغۇنى ئارىلاشتۇرۇپ دېيىشنى پەخىرلىنەرلىك ئىش بىلەتتى. تەرجىمانلار بولسا، ئۆز تەرجىمىلىرىدە رۇسچە ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىشنى بەجايىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنى قوبۇل قىلغاندەك ئەزىز ئىش چاغلايتتى. مانا مۇشۇنداق سىياسىي ۋەزىيەت ياراتقان سىياسىي قىزغىنلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا سوستاۋىغا تۈركۈم - تۈركۈملەپ رۇسچە (ياكى رۇسچىلاشقان ياۋروپا تىللىرىچە) سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈۋەتكەن. مانا بۇ رۇسچىدىن ئۇيغۇرچىغا سۆز - ئاتالغۇ قوبۇل قىلىشنىڭ جەريانى ۋە سەۋەبلىرىنىڭ ئىخچام بايانى.

**1. ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى**

ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلىدىن ۋە باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەر زامانىۋى پەن - تېخنىكا ئاتالغۇلىرى بىلەن ماركسىزملىق سىياسىي ئاتالغۇلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلىدۇ.



ئۇلارنى كونكرېت مەزمۇنى ۋە ئۇقۇم دائىرىسى بويىچە تۈرلەرگە ئايرىغاندا، مۇھىملىرى دەپ تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

1) ئومۇمىي پەن - تېخنىكا ئاتالغۇلىرى: فىزىكا، خىمىيە، مېدىتسىنا، بىيوخىمىيە، ئالگېبرا، لوگىكا، ئاسترونومىيە، ئاناتومىيە، گېئومېترىيە، گېئولوگىيە، گېنېتىكا، كېگتوگراف، گېئوفىزىكا، گېئودېزىيە، گىنېكولوگىيە...

2) تېبابەت ئاتالغۇلىرى: ئاكۇشېر، ئاكۇشېركا، ئامبۇلاتورىيە، ساناتورىيە، رېتسېپ، مىكروب، مىكروسكوب، ئوپېراتسىيە، ۋراچ، لابوراتورىيە، پىناندوسكوپ، دىياگنوز، فىلدشېر، ئاتپوسكا، سانتاركا...

3) مۇزىكا ۋە سەنئەت ئاتالغۇلىرى: ئاككورد، ئاككوردىيون، پائۇزا، ئوركېستىر، دېكوراتسىيە، ئارتىس، ئارتىسكا، رېپېتېتسىيە، رېژىسسور، دراما، دراماتورگ، تىراگېدىيە، كومېدىيە، كىنو، فىلىم، دىرىژور، ئوپېراتور، گارموشكا، گارمون، ئىسكىرىپكا...

4) ئەدەبىياتقا دائىر سۆزلەر: ئابزاس، ئىپىزوت، ئاپتور، پېرسوناژ، دىيالوگ، رېتورىك، سۇژېت، پوئېما، پوۋېست، رومان، لىرىك، لىرىكا، ئىپىك، دىداكتىك، پىروزا، پوئىزىيە...

5) تىلشۇناسلىققا دائىر سۆزلەر: تېكىست، كونتېكىست، ئىنتوناتسىيە، سىنتاكسىس، مورفولوگىيە، گىرامماتىكا، سېمانتىكا، فىرازىيولوگىيە، سېماسئولوگىيە، ئىستىلىستىكا، ئېتىمولوگىيە، فونېتىكا، لېكسىكا...

6) تەنتەربىيە ئاتالغۇلىرى: گىمناستىكا، دىسكا، تورنىك، پۇتبول، ۋالىبول، ۋاسكېتبول، بوكسىر، شتانكا، چېمپىيون، ۋارتا، ئوسەي، كورنى، بىك، خوپىبىك، ئاتلېتىكا...

7) ئۆلچەم ئاتالغۇلىرى: مېتىر، سانتىمېتىر، دېتسىمېتىر، كىلومېتىر، كىلوگىرام، گىرام، توننا، گېكتار، ئابىيوم،

ماسسا، پېرىمېتىر، كىۋادرات، كۇب، كۇبمېتىر، كىۋادرات كىلومېتىر...

8) ئۇنۋان ئاتالغۇلىرى: ئاكادېمىك، پىروفېسسور، دوتسېنت، لېكتور، باكلاۋر، ماگىستىر، خىمىك، مورفولوگ، لېكسىكولوگ، گېئولوگ، مارشال، ئادمىرال، پولكوۋنىك، ئادۋوكات، ئاديۇتانت...

9) ھەربىي تۈزۈلمە ۋە قورال - ياراغ ئاتالغۇلىرى: باتالىيون، پولك، دىۋىزىيە، ئارمىيە، شتاب، ئاكوپ، مانېۋر، تاكتىكا، گارنىزون، ئىستراتېگىيە، بومبا، راكېتا، پىلىموت، تانكا، برونېۋىك، برىگادا، بومباردىمان، پارتىزان، ئاتاكا، كاتيۇشا، كارابىن...

10) مەمۇرىي ئورگان نامىلىرى: كوپېراتىپ، كوممۇنا، كولخوز، ئوبكوم، رايكوم، ۋىلكوم، پارتكوم، ئاپتونوم رايون، ئوبلاست...

11) ئاي نامىلىرى: يانۋار، فېۋرال، مارت، ئاپرېل، ماي، ئىيۇن، ئىيۇل، ئاۋغۇست، سېنتەبىر، ئۆكتەبىر، نويابىر، دېكابىر...

12) كۈندىلىك تۇرمۇشقا دائىر ئاتالغۇلار: كورۇشكا، بېلەت، كىنىشكا، كارتۇچكا، ۋېچىركا، ۋارىنا، كاپۇستا، كاستۇرۇلكا، بولكا، گاز، لامپا، لامپۇچكا، توك، ۋېلىسىپىت، موتوسىكلىت...

13) سىياسىي ئاتالغۇلار: كوممۇنىزم، سوتسىيالىزم، ئىدېئالىزم، ماتېرىيالىزم، دوگماتىزم، ئوپپورتونىزم، ئاتېئىزم، ئىدېئولوگىيە، ئاكتىپ، پاسسىپ، ئاۋانگارت، ئابستراكت، فاشىست...

ئۇنىڭدىن باشقا رۇس تىلى ۋاستىسى بىلەن باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرنىمۇ ئايرىپ كۆرسەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن:



رۇس تىلى ئارقىلىق كىرگەن ئىتالىيانچە سۆزلەر: بېنزىن، گېزىت، كونسېرت، تىياتىر، پومىدور...

گرېك تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر: گىراماتىكا، پېداگوگ، پېداگوگىكا، پاراللېل، تالانت، كافېدرا، تاكتىكا، مېتىر، ئىدىيە، نېفىت...

گېرمان تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر: راكېتا، كىران، فرونت، تانسا...

ئىنگلىز تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر: پىئونېر، دوللار، تانكا، پۇتبول...

فرانسۇز تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر: كاستۇم، سېكرېتار، شەپكە، بوتۇلكا، مارشال، مىنىستىر، بانكا...

ئادەتتە، ئېتىمولوگىيە لۇغەتلىرى ۋە ئىزاھلىق لۇغەتلەر چەت تىللاردىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى ئېنىق، توغرا ئايرىپ كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ شۇ سۆزلەرنىڭ ئەسلىي مىللەت تىلىدىكى ئاساسلىق مەنىسىنى بىلىش، شۇنداقلا باشقا مىللەت تىلىغا ئۆزلىشىش جەريانىدىكى سېمانتىكىلىق، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى تولۇق چۈشىنىشكە پايدىلىق، ئەلۋەتتە.

## 2. رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلىۋاتقان رۇس تىلىدىن ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرمۇ بەزى تىپىك ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق ئۆز تىلىمىزنىڭ يات تىلدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ. ئۇلاردىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىكلەرنىڭ مۇھىملىرى دەپ تۆۋەندىكى تۆت تەرەپنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر سۆز تۈركۈمى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھەممىسى دېگۈ-

دەك ئىسىملاردۇر. بىراق، خېلى بىر بۆلەك ئىسىملار كونكرېت ئەھۋالدا، ياۋروپا تىللىرىنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆزلىرىنىڭ سۈپەت شەكلىنى ھاسىل قىلغان ھالدىمۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئىسىم شەكلى | سۈپەت شەكلى |
| --- | --- |
| كوممۇنىست | كوممۇنىستىك (پارتىيە) |
| ئىدېئالىست | ئىدېئالىستىك (قاراش) |
| گۇمانىست | گۇمانىستىك (چۈشەنچە) |
| فونېتىكا | فونېتىك (شەكىل) |
| گىراماتىكا | گىراماتىك (مەنە) |

ئىككىنچى، بىزدە، رۇس تىلىدىن ۋە باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى ئىپادىلەشتە، مەزكۇر سۆزلەرنىڭ ئاشۇ «ئەسلىي تىلدىكى يېزىلىشى ئاساس قىلىنىدۇ» دەيدىغان بىر پىرىنسىپ بار. شۇڭا، بۇ خىل سۆزلەر ئۇيغۇرچە يېزىلىشىدا ئاسما چېكىتلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن، تەلەپپۇز قىلىنىشتا بولسا، ئۇيغۇرچە فونېتىك قائىدىگە پەقەت ماس كەلمەيدىغانلىقى ۋە ئېغىزغا بىئەپلىكى بىلەنمۇ ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئېلېمېنت، فونېتىكا، ئېنېرگېتىكا، ئېنسىكلوپېدىيە، ئىدېئولوگىيە، ئىدېئالىزم، ئىدىيوم، فرازېئولوگىيە، ئېكۋىۋالېنت، ئېكتورىئال دېگەنلەرگە ئوخشاش...

ئەمەلىيەتتە، خۇددى ئەرەبچىدىكى «جەفا، سەفا، فەنا» دېگەن سۆزلەر ھازىرقى ئۇيغۇرچىدا «جاپا، ساپا، پانا» تەلەپپۇز قىلىنغاندەك، يۇقىرىدىكى ياۋروپالىقلارنىڭ سۆزلىرىمۇ ئادەتتە «ئىلمىنت، پونتىكا، ئىدىلوگىيە، ئىدىيوم، پىرازىلوگىيە...» دەپ تەلەپپۇز قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى، مۇشۇنداق تەلەپپۇز قىلىش ئۇيغۇرچە تەلەپپۇز قىلىش قائىدىسىگە نىسبەتەن



ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئەگەر بىز ياخشى تەتقىق قىلىپ، رۇس تىلىدىن ۋە باشقا ياۋروپا تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرنىمۇ ئۇيغۇر تىلى تەلەپپۇزىدىكى ئۆزلەشكىنى بويىچە يازىدىغان قىلساق، كەم دېگەندىمۇ ئۆزلەشمە سۆز ـ ئاتالغۇلاردىكى ئاسما چېكىت ئاۋارىچىلىقىدىن قۇتۇلىمىز، شۇنداقلا بۇ خىل سۆزلەرنى لۇغەتكە قارىمىغۇچە يازغىلى بولمايدىغان پاسسىپ ھالەتنىمۇ ئۆزگەرتەلەيمىز. بۇ ــ تىلشۇناسلىرىمىزنىڭ ئەمەلىيەتكە چۆككەن ھالدا تەتقىق قىلىپ بېقىشىغا ئەرزىيدۇ.

ئۈچىنچى، رۇس تىلىدىن كىرگەن «ـ ئىست، ـ ئىزم، ـ لوگ، ـ ئولوگ، ـ ئولوگىيە، ـ كا، ـ ئىك، ـ تور، ـ ئانت» قاتارلىق سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئۇيغۇرچىدىمۇ ئاشۇ ئۆزلەشمە سۆزلەر دائىرىسىدە سۆز ياساش قابىلىيىتىنى ساقلاپ قالغان. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقىدەك قوشۇمچىلىق سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئادەتتە رۇسچىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەردۇر. مەسىلەن، ماركس ــ ماركىست ــ ماركسىزم؛ سوتسىيال ــ سوتسىيالىست ــ سوتسىيالىزم؛ ئىدېئال ــ ئىدېئالىست ــ ئىدېئالىزم؛ ئاكوشېر ــ ئاكوشېركا؛ ئارتىس ــ ئارتىسكا؛ مورفولوگ، مورفولوگىيە، لېكسىكولوگ، لېكسىكولوگىيە، سېماسىئولوگ، سېماسىئولوگىيە؛ ئوپېراتور، دىرېكتور، دىكتور، دىكتاتور، ئېكسپىلاتاتور؛ ئاسپىرانت، پراكتىكانت، لابورانت، خىمىك، فىزىك، ئاكادېمىك... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

تۆتىنچى، ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلىۋاتقان رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر ئىچىدە تۈپ سۆزلەر، ياسالما سۆزلەردىن باشقا، ئېنىقلاش ـ ئېنىقلىنىش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭسىز بىرىكمە سۆزلەرمۇ بار. بۇ خىل تەڭسىز بىرىكمىلەر ئۆزلىرىنىڭ رۇس تىلىدىكى بىرىكمە قۇرۇلمىسىنى ئەينەن ساقلاپ قالغاچقا، بىر قاراشتىلا ئۆزىنىڭ چەتتىن كىرگەن سۆز ئىكەنلىكىد-



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، بىيوخىمىيە (يەنى «بىيو» ئىنقىلغۇچى، «خىمىيە» ئىنقىلانغۇچى)، گېئوخىمىيە، گېئوفىزىكا، گىدرو بىيولوگىيە، گىدرو ئېلېكتىر، سوتسىيال دېموكرات... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

بىز يۇقىرىدا، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇر تىلى بىلەن بىر تىل سىستېمىسىغا كىرمەيدىغان چەت تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر ئۈستىدە يۈزەكى توختىلىپ ئۆتتۇق. چەت تىلدىن سۆز قوبۇل قىلىش تىل تەرەققىياتى جەريانىدىكى نورمال هادىسە. چەت تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىنىڭ مۇهىم بىر تەركىبىي قىسمى. شۇنداق ئىكەن، بۇ سۆزلەرنىڭ تىل ئىستېمالىمىزدىكى ئۇنۇمىنى هەقىقىي رەۋىشتە ئۈستۈرۈش ئۈچۈن، بۇ ساھەدىكى ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتنى ئەستايىدىل ۋە چوڭقۇر ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم.



# يەتتىنچى باب لۇغەتچىلىك ۋە لېكسكولوگىيە

تىلشۇناسلىق ئاتالغۇلىرى بابىدا، لۇغەتچىلىك يەنە «لۇغەتشۇناسلىق» ياكى «لېكسىكوگرافىيە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ بابتا، بىز ئۇيغۇر لۇغەتچىلىكىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە لۇغەتچىلىك بىلەن لېكسكولوگىيەنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە نۇقتىلىق توختىلىمىز.

## §1. ئۇيغۇر تىلى لۇغەتچىلىكىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

ئۇيغۇرلار قەدىمىي ۋە مەدەنىيەتلىك مىللەتلەردىن بولۇش سۈپىتى بىلەن لۇغەتچىلىك ساھەسىدىمۇ ئۆچمەس ئەمگەكلىرى ئارقىلىق مەملىكىتىمىز ۋە دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە تۆھپە قوشقان. بىز ئۇيغۇر لۇغەتچىلىكى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، ئالدى بىلەن خاقانىيە دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» («تۈركىي تىللار دىۋانى»، مىلادىيە 1075 ـ يىلى تۈزۈلگەن) ناملىق، 300 گە يېقىن ماقال ـ تەمسىل، 242 كۇپلېت شېئىرىي پارچە، 8000 گە يېقىن سۆزلەم ئىزاھلانغان چوڭ ھەجىملىك لۇغەت كىتابىنى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالىمىز. «مەھمۇد كاشغەرىي ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر، بولۇپمۇ قاراخانىيلار جەمئىيىتىنىڭ قىياپىتىنى لۇغەتشۇناسلىق بىلەن تەسۋىرلەپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›نى

ئېنسىكلوپېدىيە دېيىشمۇ مۇبالىغە بولمايدۇ».[1] مەزكۇر قامۇس
تارىختىن بۇيان، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ قە-
دىمكى تىلىنى، قەدىمكى تارىخىنى ۋە جۇغراپىيەسىنى ئۆگى-
نىش، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك،
كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتىدىن تارتىپ، تاكى يېزا ئىگىلىك،
قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك، دورىگەرلىك، مېتالچىلىق، بىناكار-
لىق، ھەربىي ئىشلار تېخنىكىسى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئىتى قا-
تارلىقلارغىچە بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشلىرىنى چۈشى-
نىش ۋە تەتقىق قىلىشتا تەڭدىشى يوق ھۆججەت ۋە كىلاسسىك
شاھ ئەسەر بولۇپ كەلمەكتە. چاغاتاي خانلىقىنىڭ دەسلەپكى
دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن ئاتاقلىق تىلشۇناس جەمال قارشى تۈز-
گەن «سۇراھ لۇغىتى» مۇ ئۇيغۇر كىلاسسىك لۇغەتچىلىكىدىكى
مۇھىم ئەمگەكلەردىن سانىلىدۇ. ئالىم جەمال قارشى مىلادىيە
1230 ـ 1231 ـ يىللىرى ئۆز زامانىسىدىكى چاغاتاي خانلى-
قىنىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدىغان ئالمىلىق شەھىرىدە (ھا-
زىرقى ئىلى ئەتراپى) تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئۆ-
مەر، بوۋىسىنىڭ ئىسمى خالىد بولۇپ، ئىسىم ـ فامىلىسىنىڭ
تولۇق ئاتىلىشى ئەبۇلفازىل جەمالۇددىن مۇھەممەد ئىبنى ئۆ-
مەر ئىبنى خالىد ئىدى (بەزى مەنبەلەردە ئۇنىڭ«فازىلنىڭ
دادىسى» مەنىسىدىكى «ئەبۇلفازىل» دېگەن ھۆرمەت ئىسمى «ئە-
بۇلفەزلى» دەپمۇ ئۇچرايدۇ). ئۇ ئىلىم دۇنياسىدا «جەمال قار-
شى» دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇر بولغان. «قارشى» ئۇنىڭ تە-
خەللۇسى بولۇپ، بۇ سۆزنى مەھمۇد كاشغەرىي «خان ئوردىسى»
دەپ ئىزاھلايدۇ.[2] جەمال قارشى بالىلىق ۋە ياشلىق چاغلىرىدا،

[1] «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، كىرىش سۆز، 26 ـ بەت. 1981 ـ يىل مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى.

[2] «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 552 ـ بەت.



شۇ دەۋرنىڭ ئۆلىمالىرىدىن ئەرەب تىلى بويىچە بىلىم ئالغان.
قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئىخلاس بىلەن مۇتالىئە قىلىپ، زامانى-
سىدا تونۇلغان مۆرەتتەب قارى (خەتمىدىن ئۆتكەن قارى)
لاردىن بولۇپ يېتىشكەن. كېيىن، ئۇ ئوردىغا خاس مۇئەللىم-
لىككە تەكلىپ قىلىنغان. بەزى ئالىملار «قارشى» دېگەن تە-
خەللۇس ئۇ ئوردىدا ئىشلەپ يۈرگەن چاغلاردا، باشقىلار تەرە-
پىدىن قويۇلغان لەقەم ئىدى دەپ كۆرسىتىدۇ. جەمال قارشى
مىلادىيە 1263 ـ 1264 ـ يىللىرى ئالمىلىق شەھىرىدىن
قەشقەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە بۇ يەردە ئىلىم تەھسىل
قىلغان. شۇ جەرياندا، ئۇ قەشقەرنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى ساچىد-
يە مەدرىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا، لۇغەتشۇناس جەۋھەرى تۈزگەن
«تاجۇللۇغەت ۋە سىھاھۇلئەرەبىييە» (تىلنىڭ تاجى ۋە ئەرەبچى-
نىڭ تاكامۇللىقى) ناملىق تۆت توملۇق لۇغەتنى ئۇچرىتىپ،
ئۇنى مۇتالىئە قىلغان. كېيىن، مەزكۇر لۇغەتنى يۇغۇرۇپ
«ئەسسۇراھۇ فىللۇغەت» (تىلدىكى روشەنلىك) ماۋزۇلۇق
ئىزاھلىق لۇغەتنى تۈزۈپ چىققان. ئىلىم ئەھلى ئارىسىدا،
جەۋھەرىينىڭ لۇغىتى قىسقارتىلىپ «ئەسسىھاھ» ياكى «سى-
ھاھ» («تاكامۇللاشقان، مۇكەممەل، تولۇق» مەنىسىدە) دەپ ئا-
تالغىنىغا ئوخشاش، جەمال قارشىنىڭ مەزكۇر لۇغىتىمۇ قىس-
قارتىلىپ «ئەسسۇراھ»، «سۇراھ» («ئېنىق، ئوچۇق؛ پاك، غۇ-
بارسىز» مەنىلىرىدە) ياكى «سۇراھ لۇغىتى» دېگەن نام بىلەن
مەشھۇر بولغان. ئالىملار بۇ لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈش جەريانى ھەق-
قىدە، جەمال قارشىنىڭ: «مەن قەشقەر شەھىرىنىڭ مەشھۇر
مەدرىسەلىرىدىن ساچىيە مەدرىسەسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن تۆت
جىلدلىق «سىھاھ» لۇغىتىنى ئېلىپ كۆرۈپ، ئۇنى يۇغۇرۇپ
تۈزۈپ، «سۇراھ» دەپ نام بەردىم. بۇنى ھىجرىيە 681 ـ يىلى
(مىلادىيە 1282 ـ يىلى) يېزىپ تاماملىدىم» دېگەن سۆزىنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قەيت قىلىنىشىدۇ.[1] جەمال قارشى مىلادىيە 1302 ـ 1303 ـ يىللىرى ئەرەب تىلىدا «سۇراھ لۇغىتى، گە ئىلاۋە» («ئىلاۋە» سۆزى ئەرەبچىدە «قوشۇمچە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) ناملىق بىر ئەسەر ئېلان قىلغان. مەزكۇر ئەسەرنىڭ (يەنى «سۇراھ لۇغىتى، گە ئىلاۋە» نىڭ) تەتقىقاتى ئۇستىدە ئىزدەنگەن ئالىملار، بۇنىڭدا قاراخانىيلار سۇلالىسىگە دائىر ئەھۋاللار، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەزىرلىرىنىڭ تارىخىدىن تەرمىلەر، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى شەھەرلەر ۋە ئۇ جايلاردا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئەھۋالى، شۇنداقلا ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلمىي ھايات پائالىيىتىگە دائىر ئەھۋاللار قاتارلىقلارنىڭ بايان قىلىنغانلىقىنى شەرھلەيدۇ.[2] بۇ ھال «سۇراھ لۇغىتى»نىڭمۇ قامۇس خاراكتېرلىك كاتتا ئەسەرلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

14 ـ ئەسىردە تۈزۈلگەن «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى «高唱馆杂字» تۇرپان، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ تېخى ئىسلام دىنىنى ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلمىغان ئاشۇ زامانلاردا ئىشلەتكەن سۆز ـ ئىبارىلىرىنى ئەينەن خاتىرىلىگەن مۇھىم لۇغەت ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن كىتابتىكى سۆز ـ ئىبارىلەر مەزمۇن ئورامىغا قاراپ، «ئاسمان قىسمى، يەر قىسمى، ۋاقىت قىسمى، جاندارلار قىسمى، كىشىلەر قىسمى، ئوردا قىسمى ...» دېگەن ماۋزۇلار ئاستىدا ئون يەتتە بابقا بۆلۈنگەن. «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» جۇڭگونىڭ مىڭ سۇلالىسى (1368 — 1644 ـ يىللار) دەۋرىدە تۈزۈلگەن سېلىشتۇرما لۇغەت. ئۇنىڭدا، ئۇيغۇرچە سۆزلەر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان. «ئىدىقۇت

① «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى»، 1 ـ قىسىم، 216 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىل نەشرى.

② «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988 ـ يىللىق 4 ـ سان، 127 ـ بەت.



مەھكىمىسى سۆزلۈكى» نىڭ بىرقانچە خىل نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ، سۆزلەرنى ئۆزئارا تولۇقلاپ رەتلەپ جەمئىي مىڭ سۆزلۈك لۇغەت قىلىپ، 1984 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان پىروفېسسور خۇ جېنخۇا ۋە خۇاڭ رۇنخۇا ئەپەندىلەر «سۆزلۈك» نىڭ تۈزۈلۈش جەريانى ھەققىدە توختالغىنىدا: «مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭۋۇ 15 ـ يىلى (مىلادىيە 1382 ـ يىلى) خەنلىنيۈەندىكى ئوردا مۇئەللىمى خو يۈەنجى (火源洁) بىلەن مۇھەررىر ماشايىخ (马沙亦黑) پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ‹خەنزۇ تىلى بىلەن باشقا تىللارنىڭ سېلىشتۇرما سۆزلۈكى›نى تۈزۈشكە كىرىشكەن» دەپ يازىدۇ.[1] ھالبۇكى، بۇ باياننى «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» ناملىق بۇ لۇغەتنىڭ مۇئەللىپلىرى ۋە ئۇنىڭ تۈزۈلگەن ۋاقتى ھەققىدىكى كونكرېت مەلۇمات دېيىشكىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»نىڭ ھازىر بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قول يازما نۇسخىسىغىمۇ «خەنزۇ تىلى بىلەن باشقا تىللارنىڭ سېلىشتۇرما سۆزلۈكى» دەپ باش ماۋزۇ قويۇلغان.

«ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»نىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن نۇسخىلىرى خېلى كۆپ بولۇپ، يالغۇز بېيجىڭ شەھىرىدىلا ئىككى ئورۇندا تۆت نۇسخا ساقلانماقتا. ئۇنىڭ بىرى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەئەللۇق قول يازما نۇسخىسى بولۇپ، بۇ نۇسخىغا «خەنزۇ تىلى بىلەن باشقا تىللارنىڭ سېلىشتۇرما سۆزلۈكى. ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان.[2] ئۇنىڭدا جەمئىي 940 دانە سۆز ـ ئىبارە ئىزاھلانغان؛ ئىككىنچىسى، چىڭ سۇلالىسى

① «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»، 14 ـ، 15 ـ بەتلەر. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى.

② «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى»، 17 ـ بەت.

دەۋردە چىقىرىلغان ياغاچ باسما نۇسخا بولۇپ، ئۇنىڭغا «ئىدىقۇت مەھكىمە تەرجىمە كىتابى» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان. بۇ نۇسخىمۇ هازىر بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئۇنىڭدا 716 سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسى ئىزاهلانغان؛ ئۇچىنچىسى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چىقىرىلغان يازما نۇسخا بولۇپ، ئۇنىڭغا «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان. بۇ نۇسخىمۇ بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. بۇنىڭدىمۇ ئوخشاشلا 716 سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسى ئىزاهلانغان؛ تۆتىنچىسى، «ياپونىيە كىتابلار خەزىنىسى»نىڭ سىنىك نۇسخىسى (晒兰本) بولۇپ، ئۇ هازىر مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. ئۇنىڭدا، ئاران 208 سۆز ئىزاهلانغان. «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» XIV ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلىنى، خۇسۇسەن ئەينى زاماندىكى تۇرپان ۋە قۇمۇل شېۋىسىنى تەتقىق قىلىشتا، تولىمۇ مۇهىم ئەهمىيەتكە ۋە يۇقىرى قىممەتكە ئىگە لۇغەتتۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا، 15 ـ ئەسىردە، يەنى 1438 ـ يىلى تالىي ئىمانى (بەزى مەنبەلەردە ‹تالى هىراتىي› دەپمۇ ئۇچرايدۇ) تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «بەدايىئۇل لۇغەت» (تىلنىڭ بەدىئىيلىكى) ناملىق بىر لۇغەت تۈزۈلگەن. 16 ـ ئەسىردە، ئىلىم ئەهلى تەرىپىدىن كېيىنچە «ئابۇشقا لۇغىتى» («ئابۇشقا» سۆزى كۆپىنچە «قېرى، مويسىپىت» مەنىسىدە ئىزاهلىنىدۇ) دەپ ئاتالغان «چاغاتاي تۈركچىسى لۇغىتى» دۇنياغا كەلگەن. بۇ لۇغەت 1868 ـ يىلى ۋېلىيامىنوۋ زېرنوۋنىڭ تەييارلىشىدا نەشر قىلدۇرۇلغان. 17 ـ ئەسىردە، «لەتائىفۇل لۇغەت» (تىلدىكى گۈزەللىكلەر) ناملىق لۇغەت مەيدانغا كەلگەن. پارسچە سۆزلەرنى تۈركىيچە ئىزاهلاپ چۈشەندۈرگەن بۇ لۇغەتنىڭ ئاپتورى



نامەلۇم، ھەجمى 552 بەتلىك بولۇپ، ئۇ مىلادىيە 1695 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، ئۆز زامانىسىدىكى ئەردەۋىل شەھىرى (بۇگۈنكى ئاقسۇ) دە تۈزۈلگەن.

18 ـ ئەسىردە دۇنياغا كەلگەن «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» (五体清文词典) ئۇيغۇر تىلى تارىخى ۋە لۇغەتچىلىكىدىمۇ مۇهىم ئورۇن تۇتىدىغان نادىر ئەسەر هېسابلىنىدۇ. مەزكۇر لۇغەت 18 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا بېيجىڭدا تۈزۈلگەن. لۇغەتنىڭ قول يازمىسى ئالتە جىلد، ئوتتۇز ئالتە دەپتەر، جەمئىي 4973 بەتلىك بولۇپ، 18 مىڭ 600 سۆز، سۆز بىرىكمىسى ۋە ماقال ـ تەمسىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ مانجۇ، زاڭزۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرى بويىچە ئىشلەنگەن سېلىشتۇرما لۇغەت بولۇپ، مانجۇ تىلى قالغان تۆت تىلغا تەرجىمە قىلىنغان. لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈش قۇرۇلمىسى ئۆزىگە خاس ئالاهىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە بېرىلمىگەن، بەلكى مۇئەييەن تېماتىكا بويىچە، يەنى سۆزلەر ئىپادىلىگەن ئۇقۇم، چۈشەنچىلەر بويىچە تۈركۈم ۋە بۆلەكلەرگە بۆلۈپ تۈزۈلگەن. كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، بىراق مۇئەييەن چۈشەنچە ئومۇمىيلىقىنى هاسىل قىلالايدىغان سۆزلەر «سەر جەمئىي» دېگەن نام ئاستىغا (مەسىلەن، ئاسماننىڭ سەر جەمئىي، يەرنىڭ سەر جەمئىي دېگەندەك)، «سەر جەمئىي»نى تەشكىل قىلىدىغان سۆزلەر توپى بولسا، «قىسىم» دېگەن نام ئاستىغا، مەسىلەن، «كىشىنىڭ سەر جەمئىي» دېگەن باش بۆلەكنىڭ ئاستىدا، «كىشى مەزهىپىنىڭ قىسمى، دوست ـ يارنىڭ قىسمى، قېرى ـ ياشنىڭ قىسمى...» دېگەنلەرگە ئوخشاش قىسىمنى تەشكىل قىلىدىغان سۆزلەر يەنە مۇئەييەن كىچىك بۆلەكلەر ئاستىغا جۈغلانغان بولۇپ، پۈتكۈل لۇغەت جەمئىي



www.uyghurkitap.com

52 سەر جەمئى، 302 قىسىم، 522 بۆلەكتىن تەركىب تاپقان. لۇغەتنىڭ مەزمۇنى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان باي لېكسىكا بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا خەلقنىڭ ئەينى زاماندىكى كونكرېت تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان جانلىق تىل ئامىللىرى، خۇسۇسەن ھۈنەر - كەسىپ ئاتالغۇلىرىغا ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن. مەزكۇر لۇغەتنىڭ قول يازمىسى 1957 - يىلى بېيجىڭدا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن فوتو مېخانىكا يولى بىلەن سۈرەتكە ئېلىنىپ، چوڭ ئۈچ توم قىلىپ نەشر قىلىنغان.

«بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىكى، خۇسۇسەن 17 - 18 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا بايلىقىنى، ئۇنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن ئۆزگىچىلىكلىرىنى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىغا نىسبەتەن ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىش، ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە پايدىلىنىشتا تېپىلغۇسىز مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ.

19 - ئەسىرگە كەلگەندە، تۈركىي تىللىق خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلى لۇغەتچىلىكى سان - سالماق جەھەتتىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا يەنە بىر قەدەم تەرەققىي قىلغان دېيىش مۇمكىن. بۇ مەزگىلدە تۈزۈلگەن لۇغەتلەرنىڭ مۇھىملىرىدىن، 1825 - يىلى فەيزۇللاھخان تۈزۈپ كالكۇتتا شەھىرىدە نەشر قىلدۇرغان «چاغاتاي ئۇيغۇرچە - پارسچە لۇغەت»، 1870 - يىلى پاۋست كۇرتىيىلى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «چاغاتاي ئۇيغۇرچە - پارسچە لۇغەت»، 1881 - يىلى شەيخ سۇلايمان بۇخارىي تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان «چاغاتاي تۈركچىسى لۇغىتى» قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ لۇغەتلەردە، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەينى زاماندىكى لېكسىكا بايلىقى ۋە مورفولوگىيە-



لىك ئۆزگىچىلىكلىرى قاتارلىقلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر تىلى لۇغەتچىلىكى 1949 - يىلىدىن باشلاپ، خۇسۇسەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. شۇ چاغدىن تارتىپ تاكى 70 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، دۆلىتىمىزدە نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت لۇغەتلەرنىڭ مۇھىملىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

بۇرھان شەھىدى تۈزگەن «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە - رۇسچە لۇغەت». بۇ ئۇيغۇر تىلى ئاساس قىلىنىپ ئىشلەنگەن ئەڭ دەسلەپكى كۆپ تىللىق لۇغەت ھېسابلىنىدۇ. (12 مىڭ سۆزلۈك، 1953 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان).

«خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە قىسقىچە لۇغەت». (112 مىڭ سۆزلۈك، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى لۇغەت تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزۈپ 1963 - يىلى نەشر قىلدۇرغان).

«ئىملا سۆزلۈكى». (1800 سۆزلۈك، سابىق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى 1966 - يىلى تۈزۈپ باستۇرغان).

«خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە قىسقىچە لۇغەت». (5452 سۆز ۋە 141 سۆز گۇرۇپپىسى كىرگۈزۈلگەن، 1976 - يىلى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تۈزۈپ نەشر قىلغان).

«ئۇيغۇرچە ئىملا سۆزلۈكى». (8000 دىن ئوشۇق سۆز كىرگۈزۈلگەن. سابىق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى تۈزگەن، 1976 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان).

«خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت». (47 مىڭ سۆز، سۆز بىرىكمىسى ۋە ئىدىيوم كىرگۈزۈلگەن، سابىق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزىق ئۆزگەرتىش كومىتېتى، ئاپتونوم

رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىشىپ ئىشلەپ، 1979 - يىلى نەشر قىلدۇرغان).

ئېلىمىزدە يولغا قويۇلغان «ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش» سىياسىتى باشقا ساھەلەرگە ئوخشاشلا ئۇيغۇر تىلى لۇغەتچىلىكىنىڭ يېڭى باھارىنى ئېلىپ كەلدى. 80 - يىللاردىن بۇيانقى قىسقىغىنا ئون نەچچە يىل ئىچىدە، «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت» (30 مىڭ سۆزلۈك، 1982 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان)، «سىياسىي ئىقتىساد لۇغىتى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى)، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق فىرازىيولوگىيەلىك بىرىكمىلەر لۇغىتى» (رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا تۈزگەن، 1700 دىن ئارتۇق تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى، ئىدىيوم، ماقال - تەمسىل ئىزاھلانغان. 1984 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان)، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» (30 مىڭدىن ئارتۇق سۆز كىرگۈزۈلگەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تۈزگەن. 1985 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان)، «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى» (غۇلام غوپۇرى تۈزگەن، تۆت مىڭغا يېقىن شېۋە سۆزلىرى ئىزاھلانغان، 1986 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان)، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك» (غۇلام غوپۇرى، خوجا ئەخمەت يۇنۇس، مۇھەممەتتۇرسۇن ئىبراھىملار تۈزگەن، 15 مىڭچە سۆز ئىزاھلانغان، 1986 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان)، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» (ئابلىمىت ئەھەت، دىلدار مەمتىمىنلەر تۈزگەن، 12 مىڭدىن ئارتۇق سۆز ئىزاھلانغان، 1989 - يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەش-



رىياتى نەشر قىلغان)، «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت» (ئىككى توم، 70 مىڭ سۆزلۈك ئىزاھلانغان، 1989 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان)، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەلەپپۇز لۇغىتى» (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تۈزگەن، 1989 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان)، «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە جۈپلەنمە سۆزلەر لۇغىتى» (ماشىنگرىن تۈزگەن، 1989 - يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان)، بۇلاردىن باشقا يەنە، فىزىكا لۇغىتى، ماتېماتىكا لۇغىتى، تېبابەتچىلىك لۇغىتى، ئورمانچىلىق لۇغىتى، نېفىت لۇغىتى، خىمىيە لۇغىتى، تەنتەربىيە لۇغىتى، بىيولوگىيە لۇغىتى، ئېلېكتىر تېخنىكىسى لۇغىتى، سودا لۇغىتى قاتارلىق كۆپلىگەن سېلىشتۇرما كەسپىي لۇغەتلەرمۇ مەيدانغا كېلىپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىز ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسە قوشتى.

20 - ئەسىردىن بۇيان چەت ئەللەردىمۇ ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت لۇغەتلەر خېلى كۆپ نەشر قىلىنغان. ئالايلۇق، 1939 - يىلى رۇس تىلشۇناسلىرىدىن ن. ئا. باسكاكوف بىلەن ۋ. م. ناسلوف تەرىپىدىن تۈزۈلگەن 12 مىڭ سۆزلۈك «ئۇيغۇرچە - رۇسچە لۇغەت» نەشر قىلدۇرۇلغان. 1955 - يىلى قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن 21 مىڭ سۆزلۈك «رۇسچە - ئۇيغۇرچە لۇغەت» نەشردىن چىققان. 1960 - يىلى ئەمىر نەجىب تۈزگەن 33 مىڭ سۆزلۈك «ئۇيغۇرچە - رۇسچە لۇغەت» مەيدانغا كەلگەن؛ 1961 - يىلى قازاقىستاندا ش. كېبىرووف قاتارلىقلار تەھرىرلىكىدە تۈزۈلگەن 16 مىڭ سۆزلۈك «ئۇيغۇرچە - رۇسچە لۇغەت» نەشر قىلىنغان[1] ۋە باشقىلار.

① «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» 165 - بەت، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1985 - يىل.

بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئومۇمىي سۆز بايلىقىنى توپلاش ۋە ئۇنى ئىزاھلاپ يېشىش، ھەربىر سۆزنىڭ ئەتراپلىق مەنىلىرىنى، فونېتىكىلىق، گىراماتىكىلىق، ئىستىلىستىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى تەپسىلىي شەرھلەپ كۆرسىتىش نىشانلانغان چوڭ تىپتىكى لۇغەت «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» نى تۈزۈپ چىقىشقا تۇتۇش قىلىنىپ، دەسلەپكى غەلىبىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئومۇمىيۈزلۈك كەڭ ئىستېمال قىلىنىۋاتقان 60 مىڭدىن ئارتۇق تۈپ سۆز، ياسالما سۆز، قاتما سۆز ۋە تۇراقلىق بىرىكمىلەر ئۆز تىلىدا بىر قەدەر تەپسىلىي ئىزاھلانغان بۇ لۇغەتنىڭ تۆت تومى 1990 - يىلىدىن باشلاپ ئارقا - ئارقىدىن نەشردىن چىقتى. (ھازىر مەزكۇر لۇغەتنىڭ جەمئىي ئالتە تومى تولۇق نەشردىن چىقىپ بولغاندىن تاشقىرى، ئۇنىڭ زور بىر تومغا مۇجەسسەملەنگەن ئىخچام شەكلىمۇ ئىلىم ئەھلى بىلەن يۈز كۆرۈشتى — ت) بۇ — ئۇيغۇر تىلى لۇغەتچىلىكىنىڭ يۇقىرى ۋە يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

بىراق، لۇغەتچىلىك، خۇسۇسەن لۇغەتچىلىك نەزەرىيە تەتقىقاتى بىزدە تېخى بىر ئاجىز ھالقا بولۇپ تۇرماقتا. گەرچە ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت كۆپلىگەن لۇغەتلەر ئىشلەنگەن بولسىمۇ، مىللەتلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەمگەكلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىزنىڭ قىلغانلىرىمىز مەيلى سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن بولسۇن نىسبەتەن ئارقىدا تۇرىدۇ. بۇ ھال بىزدىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋە ئىشلەپ، ئۇيغۇر تىلى لۇغەتچىلىكىنى زامانىنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇشنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى تەتقىقاتىنى مۇناسىپ ھالدا يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلماقتا.



## §2. لۇغەتچىلىك بىلەن لېكسىكا تەتقىقاتىنىڭ مۇناسىۋىتى

كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، لۇغەتچىلىك لېكسىكولوگىيە ئىلمىغا تەۋە تارماق پەن ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، لۇغەتچىلىك بىلەن لېكسىكا تەتقىقاتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت شۇنچىلىك زىچكى، لۇغەتچىلىك لېكسىكا تەتقىقاتىنىڭ كونكرېت ۋە جانلىق ئىپادىسى، ئىلمىي ۋە سۈپەتلىك ئىشلەنگەن لۇغەتلەر بولسا، لېكسىكا تەتقىقاتىنىڭ ئەمەلىي مەھسۇلى ۋە يىرىك مېۋىسى سانىلىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، لۇغەتچىلىك بىلەن لېكسىكا تەتقىقاتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەردىن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن:

1) لېكسىكا تەتقىقاتى لۇغەتچىلىكنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرىدۇ.

مەلۇمكى، تىل بىر مىللەتنىڭ بارلىق ئەزاسى ئۈچۈن ئورتاق قورال. كىشىلەر مۇشۇ قورالغا تايىنىپ، بىر - بىرى بىلەن ئالاقىلىشىدۇ، بىر - بىرىنى چۈشىنىدۇ. شۇڭا تىلنى توغرا چۈشىنىش، توغرا قوللىنىش ئىنتايىن مۇھىم. بىر مىللەتنىڭ تىلى شۇ مىللەتنىڭ بىر ئەزاسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، پۈتمەس - تۈگىمەس خەزىنە ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، بىر تىلنىڭ ئومۇمىي بايلىقىنى پۈتۈنلەي بىلىدىغان ۋە تولۇق ئىگىلەپ بولغان بىرەر شەخسنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھەرقانداق بىر تىلدا، ئۇنىڭ ھەممە ئەزالىرى ئۈچۈن ئورتاق بولغان سۆزلەردىن باشقا، كونىرىغان سۆزلەر، تارىخىي سۆزلەر، مەلۇم بىر بۆلەك ئەزالار ئۈچۈنلا خاس بولغان ئىستىلىستىكىلىق فورمىلار، قېلىپلاشمىغان يېڭى تەركىبلەر بولىدۇ. بۇ ھال ئوقۇش - ئوقۇتۇش، كى-

نو ـ تىياتىر، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، ئاخباراتچىلىق ـ نەشىرد-
ياتچىلىق، سودا ـ تىجارەت قاتارلىق ساھەلەردە، ئىجتىمائىي
ھاياتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدا، شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ
كۈندىلىك ئالاقىلىرىدە نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈ-
رىدۇ. بۇ قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ، ئالاقىنى راۋانلاشتۇ-
رۇش ئۈچۈن، تىلنىڭ سۆز بايلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھەر
بىر سۆزنىڭ ئۇقۇم دائىرىسىنى ۋە ئىشلىتىلىش ئالاھىدىلىك-
لىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر قورالغا ھاجەت
چۈشىدۇ. بۇ قورال ـــ لۇغەتتۇر. ۋەھالەنكى، ھەرقانداق بىر
لۇغەت (مەيلى ئۇ يەك تىللىق، قوش تىللىق ياكى كۆپ تىللىق
لۇغەت بولسۇن) ئاددىي ھالدىكى سۆزلەرنىڭ تىزىمىسى ياكى ئا-
تالغۇلار توپلىمى ئەمەس، بەلكى ئۇقۇملار دەستۇرى ۋە مەنىلەر
خەزىنىسى بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، ئۇ ئۆزىنىڭ
قورallıq بۇرچىنى ئادا قىلالايدۇ. ھالبۇكى، لۇغەتلەرنىڭ سە-
ۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، لۇغەتچىلىك ساھەسىنى ھەقىقىي روناق
تاپقۇزۇشتا، لېكسىكا تەتقىقاتى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.
چۈنكى، لېكسىكولوگىيە تىلنىڭ ماتېرىيالى بولغان سۆزلەرنى
تۈر ـ تۈرى، خىل ـ خىلى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم تەتقىق قى-
لىدۇ. ئۇ سۆزلەردىكى ئومۇمىي قانۇنىيەتلەرنىمۇ، ئايرىم ئالا-
ھىدىلىكلەرنىمۇ تولۇق يورۇتىدۇ. قىسقىسى، لېكسىكولوگىيە
تەتقىقاتى لۇغەتچىلىكنى ھەقىقىي سۈپەت كاپالىتى بىلەن تە-
مىن ئېتىدۇ.

2) لۇغەتچىلىك تىلنىڭ ئۆلچەملىك دەرىجىسىنى ئاشۇرى-
دۇ، سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرىدۇ.

لۇغەت ـــ قورال كىتاب. ئۇ تىل ـ يېزىقلىق خەلقلەر تە-
رىپىدىن ئورتاق قوللىنىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، لۇ-
غەت ئەمەلىيەتتە، شۇ تىللىق خەلقنىڭ سۆز ئىشلىتىش نور-
مىلىرىنى كۆرسىتىدىغان مىزاندۇر. تىلنىڭ ئۆلچەملىك دەرى-



جىسىنى ئۆستۈرۈش ـــ يەنى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇ-
رۇش، سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش
لېكسىكولوگىيەنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ھېسابلىنىدۇ. مۇنداق-
چە قىلىپ ئېيتقاندا، تىلىمىزدىكى سۆزلەر ئۈستىدە لېكسى-
كىلىق تەھلىل ئېلىپ بېرىش، تۈرلۈك تەركىبلەرنى ئۆز
دائىرىسى بويىچە تەتقىق قىلىش قاتارلىقلاردىن مەقسەت تىل
ماتېرىياللىرىمىزنى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىز ئۈچۈن ياخشى
خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. بىزنى مۇشۇ مۇددىئاغا يەت-
كۈزۈشتە لۇغەتلەر ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ. ئالايلۇق، يېقىن-
قى يىللاردىن بۇيانقى پەن تەتقىقاتى نۇرغۇن يېڭى شەيئىلەرنى
بارلىققا كەلتۈردى. بۇ يېڭى شەيئىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئۇقۇم
ۋە ناملارنى تەبىئىيكى شۇ شەيئىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن
خەلقنىڭ تىلىدىن بىزنىڭ تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىشقا توغرا
كەلدى. مانا شۇ چاغدا بىزنىڭ تەرجىمانلىرىمىز، بىزنىڭ تىل-
چىلىرىمىز لېكسىكولوگىيە ئىلمىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە،
مەزكۇر شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ياسايدۇ،
تەقلىد قىلىدۇ ياكى ئارىيەت ئالىدۇ، مەيلى قانداق بولسۇن،
چەت تىلدىن كىرگەن بىر يېڭى ئۇقۇم بىزنىڭ ئۆز تىلىمىزدا
ئىپادىلىنىدىغان چاغدا، ھە دېگەندىلا بىر خىل تەركىب ياكى
بىرخىل سۆز بىلەنلا ئادا بولۇپ كېتىشى تەس، ھەتتا قايسى
سۆزنى قانداق قوللىنىش توغرىسىدا مۇنازىرە بولۇپ قېلىشى-
مۇ تەبىئىي. مانا مۇشۇنداق پەيتتە، لۇغەت ئۆزىنىڭ كۈچىنى
ۋە رولىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئۇ مۇئەييەن يېڭى ئۇقۇملارنى
ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى بېكىتمە قىلىپ ئۆز قوينىغا ئالىدۇ.
نەتىجىدە، لۇغەت بېتىدىن ئورۇن ئالغان سۆز مۇنازىرىسىز
ھالدا ھەممە ئادەم تەرىپىدىن ئورتاق قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇ
بولىدۇ، ئەلۋەتتە. دېمەك، لۇغەت تىلدىكى ئۆلچەمسىزلىكنى
تۈگىتىدىغان، ئاتالغۇ قالايمىقانچىلىقىنى ئاخىرقى ھېسابتا

يوقىتىدىغان، تىلنىڭ گۈزەللىكى، ئاممىباپلىقى ۋە راۋانلىقىنى ئۇنۇملۇك كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان قورالدۇر.

3) لۇغەتچىلىك لېكسىكا تەتقىقاتىنى ئالغا سۈرىدۇ.

ياخشى تۈزۈلگەن لۇغەتلەر، خۇسۇسەن سۈپەتلىك ئىشلەنگەن ئىزاھلىق لۇغەتلەر تىلنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى چۈشەندۈرىدىغان كىتاب بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ تىلدىكى سۆز خەزىنىسىنىڭ ئومۇمىيىتىنى كۆرسىتىدىغان ئەينەكتۇر. يەنى ئۇنىڭدا ھازىر ئىستېمال قىلىنىۋاتقان، بۈگۈنكى تىل ئالاقە ئىشلىرىمىزنىڭ ھاجىتىدىن چىقىدىغان سۆزلەرلا ئەمەس، بەلكى كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسىدە ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان، كونا زامانىنى تەسۋىرلەشكە مۇناسىپ كېلىدىغان كونىرىغان سۆزلەر، تارىخىي سۆزلەرمۇ بولىدۇ. بۇ خىل سۆزلەر تىلنىڭ لېكسىكىلىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى چۈشىنىشتە ۋە چۈشەندۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئالايلۇق، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 1 - توم (مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىل نەشرى) نىڭ 224 - بېتىدە مۇنداق سۆزلەر بار: «ئەپشان (ئىسىم، پارسچىدىن كىرگەن، يېزىق تىلىدا قوللىنىلىدۇ :) ئەپكار: پىكىر، پىكىرلەر؛ ئەپكار ئامما: جامائەت پىكرى. ئەمدى، بىز مەزكۇر لۇغەتتىكى كۆرسەتمە بويىچە ئەرەبچە ۋە پارسچە لۇغەتلەرگە قارىساق، ھازىرقى تىلىمىزدىكى «ئەپشان» سۆزىنىڭ پارسچىدا «ئەفشان» ئىكەنلىكىنى، «ئەپكار» سۆزىنىڭ بولسا، ئەرەبچىدە «ئەفكار» تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىنى بىلىمىز. شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىدە، بىز ئەرەب - پارسچىدىن تىلىمىزغا كىرگەن سۆزلەر تەركىبىدىكى «ف» تاۋۇشىنىڭ ئۆزلىشىش جەريانىدا، ئومۇمەن «پ» تاۋۇشىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت ئاددىي، ئەمما ئەھمىيەتلىك بولغان بىر ئەھۋالنى چۈشىنىۋالىمىز. ئاندىن، «نۇر ئەفشان» دېگەن



سۆزنىڭ «نۇر چاچقۇچى» دېگەنلىك بولىدىغانلىقىغا قاراپ، يەركەندىكى «زەرەپشان (يەنى زەر ئەفشان) دەرياسى»نىڭ «ئالتۇن چاچار دەريا» دېگەن بولىدىغانلىقىنى ۋە بۇ نامنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە قويۇلغان نام ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىمىز. ئاندىن «ئەپكار ئامما» دېگەن سۆزنىڭ «جامائەت پىكرى» دېگەن بولىدىغانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئەسلىي چاغاتاي ئۇيغۇرچە ئىزافەت سۆز بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدىكى تەلەپپۇز شەكلى «ئەفكارى ئاممە» ئىكەنلىكىنى، ئۇزاق يىللىق ئىستېمال جەريانىدا، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ «ف» تاۋۇشىنىڭ «پ» غا ئايلىنىپ كەتكىنىدىن باشقا، ئىزافەت قوشۇمچىسى «- ى» نىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى، «ئاممە»دىكى «ئە» تاۋۇشىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇيغۇرچە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىگە بويسۇنۇپ «ئا»غا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىتنى كۆرۈۋالالايمىز.

قىسقىسى، خۇددى لېكسىكولوگىيە تەتقىقاتى لۇغەتچىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئالغا سۈرۈپ، لۇغەتلەرنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىنىگە ئوخشاش، لۇغەتچىلىكمۇ ئۆز نۆۋىتىدە لېكسىكا تەتقىقاتىنى كۈچلۈك پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

## §3. لۇغەتنىڭ تۈرلىرى ۋە لۇغەت تۈزۈش ئۇسۇلى

### 1. لۇغەتنىڭ تۈرلىرى

لۇغەتلەر ئادەتتە «تىل لۇغىتى» (语文词典) ۋە «خاس پەن لۇغىتى» (专科词典) دېگەن چوڭ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. خاس پەن لۇغىتى بىلەن تىل لۇغىتى روشەن پەرقلىنىدۇ. بۇلاردىكى تۈپكى پەرق شۇكى، تىل لۇغىتى ئادەتتە كىتابخانىنى

پەقەت سۆز مەنىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. خاس پەن لۇغىتى بولسا، مۇئەييەن پەنگە ئائىت بولغان بىلىم بىلەن تەمىنلەيدۇ. تىل لۇغىتى ئادەتتە، بىر ياكى بىر قانچە مىللەتنىڭ تىلىدىكى لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل چۈشەندۈرۈش دائىرىسىدىلا چەكلىنىدۇ. خاس پەن لۇغىتى بولسا، بىلىم ئۇقۇمى جەھەتتە، زور دەرىجىدىكى ئومۇمىيلىققا ۋە خەلقئارالىققا ئىگە بولىدۇ. تىل لۇغىتى ئۆزىنىڭ جەملىگەن سۆز بايلىقىغا قاراپ، «چوڭ لۇغەت، ئوتتۇرا لۇغەت ۋە قىسقىچە لۇغەت» دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. خاس پەن لۇغىتى بولسا، ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلىم تارماقلىرىغا قاراپ، «قامۇس تىپىدىكى لۇغەتلەر» (百科全书)، «گۇمانىتار پەنلەر لۇغىتى» (人文学科词典)، «ئىجتىمائىي پەنلەر لۇغەتلىرى» (社会科学词典)، «ئىنسانىيەت تارىخىغا ئائىت پەنلەر لۇغەتلىرى» (人类历史的学科词典)، «ئاساسىي پەنلەر ۋە ئەمەلىي پەنلەر تىپىدىكى لۇغەت» قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. تىل لۇغىتى ئۆز تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ تاللىنىش دائىرىسىگە قاراپ، «شېۋە لۇغىتى، ئادەت سۆزلىرى لۇغىتى، چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر لۇغىتى، تارىخىي سۆزلەر لۇغىتى، كونا سۆزلەر لۇغىتى، يېڭى سۆزلەر لۇغىتى، قەدىمكى تىل لۇغىتى، ياردەمچى سۆزلەر لۇغىتى، قىسقارتىلما سۆزلەر لۇغىتى، تۇراقلىق بىرىكمىلەر لۇغىتى، ماقال - تەمسىللەر لۇغىتى، كىلاسسىك ئەسەرلەر لۇغىتى» قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. تىل لۇغىتى يەنە ئۆز تەركىبىدە ھەل قىلىنىدىغان مەسىلىنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ «ئىزاھلىق لۇغەت، سېلىشتۇرما لۇغەت، تەلەپپۇز لۇغىتى، سېمانتىكا لۇغىتى، گىراماتىكا لۇغىتى، ئىملا لۇغىتى، ئەدەبىي تىل لۇغىتى، جانلىق تىل لۇغىتى، يەككە تىللىق لۇغەت، قوش تىللىق لۇغەت ۋە كۆپ تىللىق لۇغەت» قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.



ئادەتتە، ئىشلەنگەن لۇغەتلەرنىڭ تۈرى ۋە سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى، لۇغەتچىلىك سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەنلىكى بىرەر دۆلەت ياكى بىرەر مىللەتنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەينەك ھېسابلىنىدۇ. لۇغەتچىلىك ئەمەلىيەتتە، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر قۇرۇلۇشتۇر. لۇغەتچىلىك ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش لېكسىكولوگىيە بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىقاتنى ياخشى يولغا قويۇشقا موھتاج بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە خاس لۇغەتشۇناسلىققا دائىر تەتقىقاتنى مەركەزلىك رەۋىشتە كۈچەيتىشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ.

## 2. لۇغەت تۈزۈش ئۇسۇلى

لۇغەتشۇناسلىق — تۈزۈلگۈسى لۇغەتنىڭ تۈرى ۋە خاراكتېرىگە قاراپ قايسى دائىرىدە سۆز تاللاش، سۆزلەرنى قانداق پرىنسىپلار ئاساسىدا ئىزاھلاش، لۇغەتنى نېمە مۇددىئا بىلەن تۈزۈش قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان بىر پەن. لۇغەتلەر مەزكۇر لۇغەتشۇناسلىقنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان قائىدىلىرىگە ئاساسەن تۈزۈلىدۇ ۋە شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن ئۇ مۇناسىپ ھالدىكى قورال كىتاب بولالايدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، لۇغەت تۈزۈش ئۇسۇلىنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1) سۆز توپلاش

سۆز توپلاش دېگىنىمىز تۈزۈلگۈسى لۇغەتنىڭ خاراكتېرى ۋە كونكرېت تەلىپىگە ئاساسەن، لۇغەتتە كۆرسىتىشكە تېگىشلىك سۆزلەرنى يىغىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بىزنىڭ تۈزمەكچى بولغان لۇغىتىمىز نېفىتچىلىك ۋە نېفىتچىلىك تېخنىكىسىغا ئائىت لۇغەت بولسا، بىز گېئولوگىيە ۋە نېفىتچىلىك ئىلمىغا دائىر كىتاب - ژۇرناللاردىن سۆز يىغىشىمىز مۇھ-

كىن، نېفىتچىلىك ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى تېخنىك ۋە
ئىشچىلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن سۆز توپ-
لىشىمىز مۇمكىن. ئەگەر بىزنىڭ تۈزمەكچى بولغان لۇغىتىد-
مىز يېزا ئىگىلىك ئىشلىرى لۇغىتى بولسا، بىز يېزا ئىگىلىك
ئىلمىغا دائىر كىتابلاردىن، ژۇرناللاردىن سۆز تاللاپ يىغىشىد-
مىزمۇ مۇمكىن، شۇنداقلا تېرىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇ-
غۇللانغۇچى دېھقانلار ۋە يېزا ئىگىلىك تېخنىكلىرىنىڭ ئېغىد-
زىدىن سۆز توپلىشىمىز مۇمكىن. دېمەك، سۆز توپلاش خۇددى
ھەسەل ھەرىسىنىڭ گۈل چېچىكىنى يىغقىنىغا ئوخشاش جاپالىق
ئەمگەك. ئالايلۇق، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نى تۈ-
زۈش ئۈچۈن لۇغەت ئاپتورلىرى ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا
نەشر قىلىنغان گېزىت - ژۇرنال، ئەدەبىي، پەننىي، ئىلمىي
كىتابلار، ئاممىباب ئەسەرلەر، دەرسلىكلەر، پارتىيە، ھۆكۈمەت
ئورگانلىرىنىڭ ھۆججەتلىرى ۋە بىر قىسىم تەرجىمە ئەسەرلەر
بولۇپ، جەمئىي 400 دىن ئارتۇق كىتاب - ماتېرىياللاردىن
500 مىڭدىن ئارتۇق جۈملە كارتوچكىسى تەييارلىغان ۋە
ئۇلاردىن 60 مىڭغا يېقىن سۆز تاللىغان. ئۇلار يەنە ھازىرقى
زامان ئۇيغۇر يېزىق تىلىدا ئانچە ئۇچرىمايدىغان، ئەمما خەلق-
نىڭ جانلىق تىلىدا كۆپ ئىستېمال قىلىنىدىغان، ھاياتىي
كۈچكە ئىگە سۆزلەرنى توپلاش مەقسىتىدە 1980 - يىلى ۋە
1982 - يىلى شەرقىي شىنجاڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ رايو-
نىدا ئىككى قېتىم تىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.
دېمەك، سۆز توپلاش لۇغەت تۈزۈشنىڭ تەييارلىق باسقۇ-
چى، شۇنداقلا لۇغەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلى ھېسابلىنىدۇ.

2) تىزىش

تىزىش دېگىنىمىز لۇغەتكە كىرگۈزۈلگۈسى سۆزلەرنى
مۇئەييەن تەرتىپتە رەتلەشنى كۆرسىتىدۇ. سۆزلەرنى رەتلەپ
تىزىشتىن مەقسەت پايدىلىنىشقا قولايلىق قىلىشتىن ئىبا-



رەت، ئەلۋەتتە. لۇغەتتىكى سۆزلەرنى تۈرلۈكچە قىلىپ تىزىش
مۇمكىن. ئادەتتە كۆپ قوللىنىلىدىغان ئىلمىيرەك ئۇسۇل ئېب-
لىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىش ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

3) ترانسكرىپسىيە قىلىش

ترانسكرىپسىيە قىلىش (转写) لۇغەتتە ئىزاھلىنىدىغان
سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇشىنى، يەنى تەلەپپۇز قىلىنىشىنى يېزىپ
كۆرسىتىش دېمەكتۇر. فونېمىلىق يېزىق سىستېمىسىغا ئىگە
تىل (مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلى) لۇغەتلىرىدە، ئادەتتە ئەگەر مەز-
كۇر لۇغەت مەخسۇس تەلەپپۇز لۇغىتى بولمىسىلا، سۆزلەرگە
ئومۇمىيۈزلۈك ترانسكرىپسىيە بېرىشنىڭ ئانچە زۆرۈرىيىتى
يوق. چۈنكى، مۇنداق تىللاردا سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى
يېزىقتا ھەرپلەر ئارقىلىق خاتىرىلەنگىنى بىلەن ئوخشاش ياكى
ئاساسەن ئوخشاش بولىدۇ. بىراق، يېزىلىشى بىلەن ئوقۇلۇ-
شىدا پەرق بار تىللاردا (مەسىلەن، ئىنگلىز تىلى) ياكى يېزىق
شەكلى ئارقىلىقلا سۆزنىڭ ئوقۇلۇشىنى تولۇق كۆرسىتىپ
بەرگىلى بولمايدىغان تىللاردا (مەسىلەن، خەنزۇ تىلى)
ترانسكرىپسىيە بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر.
ئۇيغۇرچە سۆزلەرنى باشقا مىللەتلەر تىلىدا ئىزاھلايدىغان
قوش تىللىق ۋە كۆپ تىللىق لۇغەتلەردىلا ئەمەس، ئىزاھلىق
لۇغەتلەردىمۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆز-
لەر، خۇسۇسەن يېزىلىش شەكلى ئارقىلىق تەلەپپۇز پەرقىنى
كۆرۈۋالغىلى بولمايدىغان شەكىلداش سۆزلەر ترانسكرىپسىيە
قىلىپ كۆرسىتىلىشى لازىم. ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تا-
ۋۇشلارنىڭ سوزۇلۇش چېكى جەھەتتىن «ئۇزۇن سوزۇق تا-
ۋۇش» ۋە «قىسقا سوزۇق تاۋۇش» دېگەن ئىككى تۈركۈمگە بۆ-
لۈنىدىغانلىقىنى ئىلمىي ئاساستا شەرھلەيدىغان كۆز قاراشنىڭ
قوبۇل قىلىنىشى ۋە ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ خىل شە-
كىلداش سۆزلەرنىڭ بىر قىسمى لۇغەتلىرىمىزدە ترانسكرىپ-

سىيه قىلىپ كۆرسىتىلدى. بۇ ناھايىتى ياخشى ئەھۋال، مەسىلەن، ئاچا (سۈپەت): بىر گەۋدىدىن ئاجرىلىپ چىققان، بۆلۈنگەن: ئاچا ياغاچ، ئاچا قۇيرۇق، ئاچا يول؛ ئاچا (ئا:چا، ئىسىم:) بىر تۇغقان قېرىنداشلار ئىچىدىكى ئۆزىدىن چوڭ ئايال تۇغقان: پاتەمخان ئاچا، گۆھەرنىساخان ئاچا: ئارا (ئىسىم): ئىككى نەرسە ياكى ئىككى نۇقتا ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپە، ئارىلىق؛ ئارا (ئا:را) (ئىسىم): دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان، تۆمۈر ياكى ياغاچتىن ياسالغان چىشلىق سايمان؛ ئۈچ چىشلىق ئارا، بەش چىشلىق ئارا: پاشا (ئىسىم) (پارسچە): ھاشارات، يېتىلگىنىنىڭ تېنى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن، گەۋدىسىدە بىر جۈپ قانات ۋە ئۈچ جۈپ ئۇزۇن، ئىنچىكە پۇتلىرى بولىدۇ، پاشا (پا:شا) (ئىسىم): بۇرۇنقى چاغلاردا تۈركىيە، مىسىر قاتارلىق مەملىكەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىي ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋان نامى. («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، I توم، 642 ـ بەت) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئۇنىڭدىن باشقا، «باشقا كەلگەن ئاپەت» مەنىسىدىكى «بالا» سۆزى بىلەن «پەرزەنت» مەنىسىدىكى «بالا»؛ «بېرىش» (给) مەنىسىدىكى «ئاتا» سۆزى بىلەن «دادا» مەنىسىدىكى «ئاتا» قاتارلىق سۆزلەرمۇ لۇغەتلىرىمىزدە ترانسكرىپسىيە قىلىنىپ، مەزكۇر سۆزلەرنىڭ ئاياغ بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەلەپپۇزىدىكى پەرقمۇ ئېنىق كۆرسىتىلىشى لازىم.

4) ئىزاھلاش

ئىزاھلاش دېگىنىمىز لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن ھەر بىر سۆزنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش، سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرىنى (ئەينەن مەنىسىنىمۇ، كۆچمە مەنىسىنىمۇ) يېشىپ كۆرسىتىش دېگەنلىكتۇر. سۆزلەرنى سۆز بىلەن ئىزاھلاشتىن باشقا، ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك سۈرەت ياكى ئىسخې-



مىلارنى قىستۇرۇشقىمۇ بولىدۇ.

ئىزاھلاش تۈزۈلگۈسى لۇغەتنىڭ سەۋىيەسىگە، سۈپىتىگە ۋە پايدىلىنىش ئۈنۈمىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئەمگەك. ئىزاھلاش ئىخچام، ئەمما ئېنىق سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىشى لازىم.

5) مىسال كەلتۈرۈش

مىسال كەلتۈرۈش ـــ لۇغەتلەردە كەم بولسا بولمايدىغان بىر مەزمۇن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، مەيلى ئۆز تىلدىكى ئىزاھلىق لۇغەت بولسۇن ياكى بىر تىلنى ئىككىنچى بىر تىلغا چۈشەندۈرىدىغان قوش تىللىق ياكى كۆپ تىللىق لۇغەت بولسۇن، ئەمەلىي مىسالسىز سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىزاھلاشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. مىسال كەلتۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتى شۇ دەرىجىدىكى، بەزى ھاللاردا، سۆزلەرنىڭ ئىزاھى ئارقىلىق ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل سۆز بىلەن يېشىپ كۆرسىتىپ بەرگىلى بولمايدىغان ئىنچىكە تەرەپلەرنىمۇ كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىزاھ سۆزى بىلەن سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى بىۋاستە كۆرسىتىپ بەرسە، كەلتۈرۈلگەن مىساللار مەزكۇر ئىزاھلانغان سۆزنىڭ ئەمەلىي ئىستېمالدىكى ئىشلىتىلىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ، كىتابخاننىڭ ئۇنىڭغا بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

بەزى سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ بولىدۇ ۋە بەزى سۆزلەرنىڭ نىسبەتەن تارراق بولىدۇ؛ بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىسى، خۇسۇسەن كۆچمە مەنىسى كۆپرەك بولىدۇ ۋە بەزىلىرىنىڭ ئازراق بولىدۇ؛ لۇغەتلەردە ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ، ھاياتىي كۈچى زور بولغان سۆزلەرگە، كۆپ مەنىلىك سۆزلەرگە مىسال كەلتۈرۈشتە، ئالاھىدە ئېتىبار ۋە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مول، كېلىش مەنبەسى ئېنىق، ئاساسى كۈچلۈك، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە مىساللار لۇغەتنىڭ قىممىتىنى ۋە ئىنا-

ۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.
6) ئاچقۇچ بېرىش
بىر قەدەر مۇكەممەل تۈزۈلگەن لۇغەتلەردە، ھامان بىر ئاچ-
قۇچ بېرىلىدۇ. ئاچقۇچ دېگىنىمىز لۇغەتتىكى سۆزلەردىن تېز،
دەل ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش يوللىرى ھەققىدە بېرىلىدىغان
كۆرسەتمىدىن ئىبارەت. ئاچقۇچ كىتابخانغا ئۇ ئىزدىگەن سۆزنىڭ
مەزكۇر لۇغەتتە بار ياكى يوقلۇقىنى، بولسا قايسى بۆلۈم، قاي-
چىنچى بەتتە ئىكەنلىكىنى بىر قاراشتىلا كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
ئەلۋەتتە، لۇغەت تۈزۈشنىڭ ئۇسۇلىنى يۇقىرىقىدىنلا ئى-
بارەت دېگىلى بولمايدۇ. تۈزۈلگۈسى لۇغەتنىڭ تۈرى، خاراك-
تېرى، ھەجىم لايىھەسىگە قاراپ، يەنە ئۇنىڭدىن باشقىمۇ ئۇ-
سۇل ۋە يوللارنى قوللىنىشقىمۇ بولىدۇ. مەيلى قانداق بولسۇن،
لۇغەتچىلىك بىر پەن بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ بۇ پەن بىلەن
شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ تىلشۇناسلىق بىلىمىگە، خۇسۇسەن لېك-
سىكولوگىيە ۋە لۇغەتشۇناسلىق بىلىمىگە پىششىق، ئىشتا ئەس-
تايىدىل، زېرىكمەس ـ تېرىكمەس بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.
بىز مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇ-
رۇش ئىشلىرىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشۇش ئۈچۈن، لۇغەتچى-
لىكتىن ئىبارەت بۇ ساھەدىمۇ ئەھمىيەتلىك ئەمگەكلەرنى قى-
لىشىمىز، ھەر خىل شەكىل، ھەر خىل مەزمۇن ۋە ھەر خىل
تىلدىكى يۇقىرى سەۋىيەلىك لۇغەتلەرنى كۆپلەپ تۈزۈپ چى-
قىشىمىز، ئېھتىياجلىق لۇغەتلەرنىلا ئەمەس، بەلكى ئوكيانۇس،
قامۇسلارنىمۇ ئىشلەپ چىقىشىمىز لازىم.



# سەككىزىنچى باب ئېتىمولوگىيە ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى

## 1§. ئېتىمولوگىيە ھەققىدە چۈشەنچە

تىلشۇناسلىقتا، سۆزلەرنىڭ يېزىلىش ۋە تەلەپپۇز قىلى-
نىش شەكلى ۋە مەنىسىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تەتقىق قىلى-
دىغان پەن «ئېتىمولوگىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ھازىرقى
زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا، «كۆزنى يوغان ئېچىپ، چەكچە-
يىپ قارىماق» دەپ ئىزاھلىنىۋاتقان («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھ-
لىق لۇغىتى» 1 ـ توم، 156 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى،
1990 ـ يىل نەشرى) «ئالايماق» سۆزىنىڭ ئەسلىي شەكلى
«ئالارماق» بولۇپ، مەنىسى «ئالا بولماق» دېگەن بولاتتى. دې-
مەك، «ئالارماق» سۆزى «ئالايماق» كەلىمىسىنىڭ ئېتىمولوگى-
يەسى بولىدۇ.
ئېتىمولوگىيە پېنى تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق-
نىڭ لېكسىكولوگىيە تېپىدىكى پەن قاتارىغا كىرىدۇ. ئىلمىي
يۈسۈندىكى ئېتىمولوگىيە تەتقىقاتى تىلشۇناسلىقنىڭ ئىلمىي
قانۇنىيەتلىرى ۋە كۆرسەتمىلىرىگە ئاساسەن، مۇئەييەن بىر
سۆزنىڭ ئەينى زاماندا مەزكۇر سۆزنى ئىشلەتكۈچى مىللەتنىڭ
تىلىدىن باشقا، شۇ تىل بىلەن قېرىنداش بولغان ئىككىنچى
ياكى ئۈچىنچى بىر تىلدىكى شەكلى ۋە مەنىسىنى يىپ ئۇچى
قىلغان ھالدا ئىزدىنىش قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا شۇ سۆزنىڭ
ھەممە تىل ئەھلىنى قايىل قىلىدىغان ئىپتىدائىي ۋە ئەڭ

دەسلەپكى مەنىسىنى تېپىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر
سۆزنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەنىسى-
نى شۇ تىلدىكى كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئې-
نىقلاپ چىقىشمۇ ئېتىمولوگىيە پېنىنىڭ ئىلمىي ۋە توپ
ئۇسلۇبى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇنداق
مىساللار بار:

212. تەڭرىزدىن چىقارماسا يىنچۇ كىشى،
كەرەك يىنچۇ بولسۇن كەرەك ساي تاشى.
(بېشىمى: دېڭىزدىن چىقارمىسا ئۈنچە كىشى،
قالۇر پەرقسىز ئۈنچە ساي تېشى.)

بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، 11 ـ ئەسىردە يېزىلغان مەزكۇر
ئەسەردىكى «تەڭىز، يىنچۇ، كەرەك» سۆزلىرى ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىدىكى «دېڭىز، ئۈنچە، كېرەك» كەلىمىلىرىنىڭ ئىپ-
تىدائىي شەكلى، يەنى ئېتىمولوگىيەسى ھېسابلىنىدۇ.

ئېتىمولوگىيە پېنى بىر تىلدىكى ئەنئەنىۋى سۆزلەرنى،
يەنى ئەسلىدىن شۇ تىلنىڭ ئۆزىگىلا خاس سۆزلەرنىلا ئەمەس،
بەلكى مەزكۇر تىلغا باشقا چەت تىللاردىن كىرىپ ئۆزلەشكەن
سۆزلەرنىمۇ ئۆزىنىڭ مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.
چۈنكى، بىر تىلغا چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ كېلىش مەن-
بەسىنى ئېنىقلاش زۆرۈرىيىتى شۇ تىلنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان
سۆزلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئېنىقلاش زۆرۈرىيىتىدىن
كۈچلۈكرەك بولىدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا
«تەكەببۇر»، «مۇتەكەببۇر» دېگەن ئىككى سۆز بار. بۇ سۆزلەر
«تەكەببۇرلۇق قىلماق»، «مۇتەكەببۇرلۇق قىلماق» شەكىللىرى-
دە ئىشلىتىلىدۇ. قىزىق يېرى شۇكى، «ئۇ ئادەم تەكەببۇرلۇق
قىلدى» دېسىمۇ، «ئۇ ئادەم مۇتەكەببۇرلۇق قىلدى» دېسىمۇ
ئوخشاشلا «ئۇ ئادەم چوڭچىلىق قىلدى» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇ-
رىدۇ. ھالبۇكى، «تەكەببۇرلۇق» سۆزى بىلەن «مۇتەكەببۇرلۇق»



سۆزىنىڭ مەنىسى نېمە ئۈچۈن ئوخشىشىدۇ؟ مەزكۇر ئىككى
تەركىبنى شەكىل جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرغان «مۇ ـ»نىڭ
ئەھمىيىتى نېمە؟ مەنىسىچۇ؟ مانا بۇلارنى تىل ئەھلىنىڭ بىل-
گۈسى كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنىڭغا پەقەت ئېتىمولوگىيە پېنى
قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلەيدۇ.

ئېتىمولوگىيە پېنى بىر تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ قې-
رىنداش مىللەتلەر تىللىرىنىڭ سۆزلۈك سوستاۋىدىكى ئوخ-
شاش تەركىبلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۈستىدىمۇ، تىل جە-
ھەتتە قېرىنداشلىقى بولمىغان مىللەتلەر تىلى لېكسىكىسى-
دىكى ئوخشاش ئامىللارنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۈستىدىمۇ،
ھەتتا شەيئىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئاتىلىشى (ئىسىملىنىشى، نام
قويۇلۇشى) ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش، ئىسىم ـناملارنىڭ
مەيدانغا كېلىش سەۋەبلىرى قاتارلىقلار ئۈستىدىمۇ ئىزدىنىش
قىلىدۇ، تەتقىقات يۈرگۈزىدۇ.

ئىنسانلار قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپلا ئىسىم ـ ناملارنىڭ
كېلىپ چىقىشى، مىللەتلەر تىلىدىكى لېكسىكا جەھەتتىكى
ئوخشاش تەركىبلەر قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تەتقىقات
يۈرگۈزۈپ كەلمەكتە. ئالايلۇق، قەدىمىي يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن
ھېراكلىت (赫拉克利特، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 530 ـ
470 ـ يىللار) شەيئىلەرنىڭ ئىسمى بىلەن مەزكۇر شەيئىنىڭ
يارىلىشى ئوتتۇرىسىدا تەبىئىي باغلىنىش بار دېگەن قاراشنى
ئوتتۇرىغا قويغان. دېموكرىت (德谟克利特، مىلادىيەدىن بۇ-
رۇنقى 460 ـ 370 ـ يىللار) بولسا، شەيئىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ
ئاتىلىشى (يەنى ئىسىملىنىشى) ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق تەبى-
ئىي باغلىنىش يوق، ئۇ پەقەت ئادەتنىڭ مەھسۇلى، خالاس دەپ
قارىغان. مانا بۇلار شەيئىلەرنىڭ مۇئەييەن بىر ئىسىم بىلەن
ئاتىلىشى ۋە بۇ سۆزلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۈستىدىكى ئىپ-



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىدائىي ئىزدىنىشلەردۇر. («جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيەسى» تىل ۋە يېزىق قىسمى، 41 ـ بەت)

18 ـ ئەسىردىن بۇرۇن ياۋروپالىقلار خىرىستىيان دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى ئىنجىلنىڭ تەلىماتىغا بولغان چوقۇنۇش ھېسسىياتى بىلەن ھىبرىۋ (Hebrew) تىلى (希伯来语) نى «پۈتكۈل ياۋروپا تىللىرىنىڭ ئانىسى» دەپ قارايتتى. 1786 ـ يىلى ئەنگلىيە تىلشۇناسى ۋىليام جونس (W.琼斯) سانسكرىت تىلىنىڭ ئىنگلىز تىلى قاتارلىق ياۋروپا تىللىرى بىلەن مەلۇم جەھەتتە ئوخشاشلىقلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا دانىيە تىلشۇناسى راسمۇس كىرىستىيان راسك (R.K.拉斯克) بىلەن گېرمانىيە تىلشۇناسى فرانز بوب (F.博普) ئىككىيلەن «ھازىرقى زامان ئىنگلىز تىلى، فرانسۇز تىلى، گېرمان تىلى، دانىيە تىلى، ئىسلاندىيە تىلى، رۇس تىلى، ئىتالىيان تىلى ۋە قەدىمكى لاتىن تىلى، يۇنان تىلى، ھەتتا قەدىمكى سانسكرىت تىلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مەنبەداش تىللاردۇر» دېگەن قاراشنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، ياۋروپادا تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى تېخىمۇ قىزىپ كەتكەن. ئۇلار قەدىمىي ھىندى ـ ياۋروپا تىلى سىستېمىسى نەزەرىيەسى بويىچە، ئىپتىدائىي ھىندى ـ ياۋروپا تىلى سىستېمىسىنىڭ فونېتىكا سىستېمىسىنى ئىلمىي يوسۇندا قۇراشتۇرۇپ چىققان. مەسىلەن: «ئون» دېگەن سانىنى بىلدۈرىدىغان سۆز سانسكرىت تىلىدا «dasa» دېيىلسە، لاتىن تىلىدا «dece»، گېرمان تىلىدا «zehn»، ئىنگلىز تىلىدا بولسا، «ten» دېيىلىدۇ. ئالىملار مۇشۇ تىل پاكىتلىرى ئارقىلىق مەزكۇر سۆزنىڭ ياۋروپادىكى باشقا بارلىق مىللەت تىللىرىغا ئورتاق بولغان ئىپتىدائىي شەكلىنى «dekem» دەپ



تەسەۋۋۇر قىلغان.[1]

يېقىندا مىسىر ئەينۇش شەمس (عين الشمس: قۇياش بۇلىقى) ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىنگلىز تىلى گىرامماتىكىسىنى تەتقىق قىلىدىغان ئايال ئالىمى داھىيە ئابدۇلئەزىز ئىنگلىز تىلىدا، «ئەرەب تىلى ــ گېرمان، ئىنگلىز ۋە ھىندى تىللىرىنىڭ ئانىسى» ناملىق 285 بەتلىك بىر كىتاب نەشر قىلدۇرغان. ئۇ بۇ كىتابىدا، ئۆزىنىڭ ئون يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ توپلىغان مول تىل پاكىتلىرى ئارقىلىق ساكسون تىلى (撒克逊) يەنى ھازىرقى زامان ئىنگلىز تىلىنى شەكىللەندۈرگەن تىل ۋە لاتىن تىلىنىڭ ئەسلىدە ئۆلچەملىك ئەرەب تىلىدىن شاخلىنىپ شەكىللەنگەن بۆلۈنمە تىللار (派生语) ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان. ئۇنىڭ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىتلىق تەتقىقاتىچە، ساكسون تىلىدىكى پېئىل سۆزلەرنىڭ 80 پىرسەنتى، لاتىن تىلىدىكى پېئىل سۆزلەرنىڭ 75 پىرسەنتى قەدىمكى ئەرەبچىدىن كەلگەن ئىكەن.[2]

مەملىكىتىمىز ئېتىمولوگىيە پېنى ئۈستىدە ئەڭ بۇرۇن تەتقىقات ئېلىپ بارغان دۆلەتلەردىن سانىلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ خەن سۇلالىسى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 222 ـ يىلدىن مىلادىيە 206 ـ يىلغىچە) دەۋرىدىلا، مەخسۇس ئېتىمولوگىيە پېنىگە بېغىشلانغان يىرىك ئەسەرلەر مەيدانغا چىققان. ئالايلۇق ليۇشى (刘熙) نىڭ «ئىسىملار ھەققىدە شەرھ» (释名)، شۈي شېن (许慎) نىڭ «سۆزلەرنى ئىزاھلاش» (说文解字) دېگەن كىتابلىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دېگەن ئۇلۇغ ئەسىرىدە، سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرىنى

① «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيەسى»، تىل ۋە يېزىق قىسمى، 42 ـ بەت.

② «ئەرەب دۇنياسى» ژۇرنىلى، 1990 ـ يىللىق 4 ـ سان.

ئىزاھلاپ كۆرسەتكەندىن باشقا، شۇ سۆزلەرنىڭ قانداق ياسالغانلىقىنى ۋە قايسى سۆزدىن كەلگەنلىكىنىمۇ پاكىت بىلەن كۆرسىتىپ ماڭغان. مەسىلەن، «ئۆگسۈز» دېگەن سۆزگە «ئۆكسۈز، يېتىم، تەمتىرەپ قالغان ئادەم» دەپ ئىزاھ بەرگەندىن باشقا، بۇ سۆزنىڭ ئەقىل ۋە ئۇقۇم مەنىسىدىكى «ئۆگ» دېگەن يىلتىزدىن كەلگەنلىكىنىمۇ كۆرسەتكەن. يەنە «سېلىنچا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «يازىم» سۆزى «يايدى» دېگەن مەنىدىكى «يازتى» سۆزىگە «م» قوشۇلۇپ ياسالغان؛ «ئۆلۈك» سۆزى «ئۆلدى» سۆزىگە «ك» قوشۇلۇپ ياسالغان؛ «بىر تىلىم قوغۇن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «بىر پىچىم قوغۇن» ئىبارىسىدىكى «پىچىم» سۆزى «كەستى» مەنىدىكى «پىچدى» سۆزىگە «ـ م» قوشۇلۇپ ياسالغان دەپ كۆرسەتكەن ۋە باشقىلار. كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، مەھمۇد كاشغەرىي بۇ يەردە ئۇيغۇر تىلىدىكى خېلى بىر بۆلەك ئىسىملارنىڭ پېئىللاردىن ياسالغان ياسالما سۆز ئىكەنلىكىنى شەرھلىگەن. ئەمەلىيەتتە، «تۈركىي تىللار دىۋانى» تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى زامان تىللىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، تەڭدىشى يوق ئېتىمولوگىيە لۇغىتى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.

## §2. ئېتىمولوگىيەنىڭ لېكسىكولوگىيە تەتقىقاتىدىكى رولى

ئېتىمولوگىيە مەخسۇس سۆزلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. بىراق، لېكسىكولوگىيە تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدىغان تۈرلۈك شەكىلدىكى سۆزلەر، خۇسۇسەن تۈرلۈك شەكىلدىكى سېمانتىكىلىق تەركىبلەر (مەسىلەن: شەكىلداش سۆزلەر، ئاھاڭداش سۆزلەر، كۆپ مەنىلىك سۆزلەر...) ۋە سېمانتىكىلىق ھادىسىلەر (مەسىلەن: سۆزلەردىكى مەنە ـ



ئۇقۇم كۆچۈش ھادىسىسى، بىر مەنىلىك سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلىك سۆزلەرگە ئايلىنىشى...) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھامان ئاشۇ سۆزلەر ۋە تەركىبلەرنىڭ شەكىللىنىش جەريانى، ئۇچۇق قىلىپ ئېيتقاندا، كېلىش مەنبەسىنى ئېنىقلاشقا موھتاج. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئېتىمولوگىيە پېنى لېكسىكولوگىيە تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان بىر پەن ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بىر تىل. ئۇ ئۆز تارىخىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىنى ئاچقان. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ تارىختىن بۇيان بىرقانچە خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىشى، تۈرلۈك مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىشى ۋە ئۇلارنىڭ تارىختا تۇتقان ئورنى قاتارلىقلار تىلىمىزدا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ كەلگەن. شۇڭا بىزنىڭ ھازىرقى تىلىمىزدا 7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەردىكى مەڭگۇ تاشلاردا خاتىرىلەنگەن، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن، خاقانىيە دەۋرىدە مەھمۇد كاشغەرىي توپلاپ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىگە كىرگۈزگەن ساپ ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن باشقا، خەنزۇ تىلىدىن، ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىن ۋە رۇس قاتارلىق ياۋروپا تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەرمۇ بار. ساپ ئۇيغۇرچە سۆزلەر ئۇزاق تارىخىي جەريانلىق ئىستېمال داۋامىدا نۇرغۇنلىغان فونېتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، كېلىش مەنبەسى خىلمۇخىل بولغان ئۆزلەشمە سۆزلەرمۇ مەيلى فونېتىكا جەھەتتىن، مەيلى لېكسىكا جەھەتتىن بولسۇن، ئاز بولمىغان ئۆزگىرىشلەر ۋە ئۆزگىچىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن، تىلىمىزنىڭ لېكسىكا سوستاۋىدا ئوخشىمىغان دەرىجە-



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىكى مۇرەككەپ ئامىللار بارلىققا كەلگەن. ئېتىمولوگىيە پېنى
تىلىمىز لېكسىكىسىدىكى ئاشۇ خىل مۇرەككەپلىكلەرنى سۆز-
لەرنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئەسلىي مەنىسىنى كۆرسىتىش
يولى بىلەن ئاسانلاشتۇرىدۇ. روشەنكى، بۇ تىلىمىزنىڭ ئۇ-
نۇمدارلىقىنى ئاشۇرۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى تېگىشلىك
رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇشتا، ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم ئەھە-
مىيەتكە ئىگە. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلى بويى-
چە ئېتىمولوگىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ رېئال
ئەھمىيىتى مۇنۇ جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

1) سۆزلەردىكى ئۇقۇم ئېنىقسىزلىقىنى ئوچۇقلاپ، ئالا-
قىنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ
ئومۇمىي سۆزلۈك تەركىبىدىلا ئەمەس، بەلكى ئاساسىي سۆز-
لۈك تەركىبىدىمۇ روشەن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلگەن. بۇ
خىل ئۆزگىرىشلەر ئاساسىي سۆزلۈككە تەئەللۇق بەزى سۆز-
لەرنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى جەھەتتىمۇ، مەنە ئىپادىلىشى جە-
ھەتتىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: «ئالا بولماق» مەنىسىدىكى
«ئالارماق» سۆزىنىڭ بۈگۈنكى ئىستېمالىمىزدىكى «ئالايماق»قا
ئۆزگىرىپ كەتكىنىگە ئوخشاش.

مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا، بىر جەنۇبلۇق ئوقۇغۇچى
بىر شىماللىق ئوقۇغۇچى بىلەن ئەھۋاللىشىپ ئولتۇرۇپ، گەپ
ئارىسىدا «مەن مانچىنچى يىلى ئۆرۈك ئالايغان چاغدا تۇغۇلغا-
نىكەنمەن» دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئىككىسى گەپ تالىشىپ
قاپتۇ. شىماللىق بالا: «ئۆرۈك دېگەنمۇ ئالىيامدۇ؟» دەپتۇ. جە-
نۇبلۇق بالا: «بىزنىڭ يۇرتتا مۇشۇنداق دەيمىز» دەپتۇ. بىر
ئوبدان سىردىشىش دەتالاشقا ئۆزگىرىپ كېتىپ، شىماللىق
بالا دەرھال لۇغەتنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىكى «ئالايماق — كۆزىنى
يوغان ئېچىپ چەكچىيىپ قارىماق دېگەن بولىدۇ» دېگەن گەپ-



نى كۆرسىتىپ، جەنۇبلۇق بالىنى مات قىلىپتۇ. ئەگەر شۇ
چاغدا، «ئالايماق» سۆزىنىڭ ئەسلىدە «ئاقارماق، قىزارماق،
كۆكەرمەك» دېگەن سۆزلەر قاتارىدا «ئالارماق» تەلەپپۇز قىلى-
نىدىغان سۆز ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئەسلىي مەنىسىنىڭ دەل
ھېلىقى جەنۇبلۇق بالا ئېيتقاندەك «ئالا بولماق» دېگەن بولىدى-
غانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىر لۇغەت (يەنى ئېتىمولوگىيە لۇ-
غىتى) بولغان بولسىيدى، ھېلىقى جەنۇبلۇق بالا گاڭگىراش ۋە
خىجىللىق ئىچىدە لېۋىنى چىشلىمىگەن بولاتتى. ئۇنىڭدىن
باشقا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىدا
«تەكلىماكانمۇ ياكى تەكتى ماكانمۇ؟»، «‹قارا تۇرك› دەپ ئاتاش
توغرىمۇ؟»، «‹غازاڭ پەسلى› مۇ ياكى ‹خازان پەسلى› مۇ؟»،
«‹ساما يولى› مۇ ياكى ‹سامان يولى› مۇ؟»، «‹ساھىبخان› مۇ يا-
كى ‹ساھىبخانا› مۇ؟» دېگەندەك ئاتالغۇ مۇنازىرىلىرى بولدى.
ئېتىمولوگىيە ئىلمى مانا مۇشۇنداق مۇنازىرىلەردە ئۆز ئالاھى-
دىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئېنىقسىزلىقلارنى تۈگىتەلەيدۇ.

2) سۆزلەردىكى فونېتىكىلىق ھادىسىلەرنى توغرا شەرھ-
لەشكە ئاساس ۋە پاكىت كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانى سۆزلەردە بەلگىلىك
فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ، بۇ تەبىئىي
ئەھۋال. بىراق، بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر ھەرگىزمۇ خالىغانچە
ياكى ھېچقانداق بىر ئاساسسىز يۈز بەرمەيدۇ. بەلكى شۇ تىل-
نىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بويىچە شەكىللەنگەن مۇئەييەن
قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بولىدۇ. ئالايلۇق، ھا-
زىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى «ئۇل» دېگەن سۆزنى
جانلىق تىلدا نۇرغۇن كىشىلەر «ھۇل» دەيدۇ. (مەسىلەن، بىنا-
نىڭ ھۇلى، قۇرۇلۇشقا ھۇل باسماق، دېگەنلەرگە ئوخشاش)
زادى نېمە ئۈچۈن بۇ سۆزنى لۇغەتلەردە «ھۇل ئەمەس، ئۇل»
دەپ ئالاھىدە ئىزاھلاپ تۇرساقمۇ («ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئە-

دەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى»، 629 ـ بەت)، كىشىلەر يەنىلا «ھۇل» دەيدۇ؟ ئېتىمولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىساق، ھازىرقى تىلىمىزدىكى «ھارماق، ھەسەل، ھۆرمەك، ھېيت» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرلىرىدە «ئارماق، ئەسەل، ئۆرمەك، ئەيد» تەلەپپۇز قىلىندىغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن: ئەر ئاردى: ئادەم ھاردى. («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 292 ـ بەت)؛ ئىت ئۆردى: ئىت ھۆردى. («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 222 ـ بەت)؛ لۇتۇف قىل شىرىن لەبىڭدىن بىر ئەسەل يەڭلىغ خىتاب: شېرىن لېۋىڭنى ئىشقا سېلىپ، ھەسەلدەك بىر ئېغىز سۆز قىلىپ قويغىن. («چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى»، 140 ـ بەت، 1986 ـ يىل قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى)؛ ئەيد ئاقشامى نەززارەدە كۆردى قاشىڭ مەگەر، گەردۇن ئەتەكى ئەسرۇ ياشۇردى ھىلالىنى: ئاسمان ھېيت ھارپىسى كەچتە سېنىڭ قېشىڭنى كۆرۈپلا (خىجىل بولغانلىقتىن) ئۆزىنىڭ ھىلال (ئورغاق ئاي) نى ئېتىكى بىلەن مەھكەم يوشۇرۇۋالدى. («ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، 212 ـ بەت، 1980 ـ يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى ). دېمەك، يۇقىرىقى پاكىتلار «ئ» ئۇزۇك تاۋۇشىنىڭ مۇئەييەن تىل شارائىتىدا «ھ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىشىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەنئەنىۋى فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، «نومۇس» مەنىسىدىكى «ئار» سۆزىنىڭ جانلىق تىلدا ھامان «ھار» تەلەپپۇز قىلىنىشى، ھەتتا بۇ سۆزنىڭ ئەدەبىي تىلدىمۇ ئۆزىنىڭ «ھار كەلمەك، ھار ئالماق» دېگەن شەكىللىرىنى («ئىملا لۇغىتى»، 590 ـ بەت) ھاسىل قىلغانلىقىنى، شۇنداقلا ئەسلىدىكى «ئەرەق»، «ئەرەبە» سۆزلىرىنىڭ ھازىرقى «ھاراق»، «ھارۋا» تەلەپپۇزىدىكى سۆزگە ئايلانغانلىقى قاتارلىقلارمۇ يۇقىرىقى قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا بولغان.



ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار مەسىلىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى فونېتىكا تەتقىقاتىدىكى بۆسۈش خاراكتېرلىك تەتقىقات مېۋىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەسىلىمۇ ئېتىمولوگىيىلىك پاكىتلار ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئالايلۇق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «سورۇماق» (So:rumak)، «سۆرىمەك» (so:rimek)، «ئۆرۈمەك» (o:rimek)، «چۆگىلىمەك» (qo:gilimek)، «ئامۇت» (a:mut)، «ئەگۈز» (e:gü z) قاتارلىق ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق سۆزلەر قەدىمكى دەۋرلەردە «ساۋۇرماق»، «سۆدرەمەك»، «ئەۋرۈمەك» «چۆرگەلەمەك»، «ئارمۇت»، «ئەرگۈز» شەكلىدە ئىدى. مەسىلەن: «ساۋرۇر كۆككە ۋۇجۇدۇم تۇپراغىن رەم ئەيلابان» (ۋۇجۇدۇم توپىسىنى ئاسمانغا ئېتىپ سورۇۋېتىدۇ. تەجەللى: «قارا ھەققىدە قەسىدە»، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى»، 137 ـ بەت)؛ «بىرى دەپ سۆدرەلى خۇسرەۋغە تەگىرۇ، بىرى دېپ ئەلتالى باشىنى ئايرۇ» (بىرى ئۇدۇل خىسراۋنىڭ ئالدىغا سۆرەيلى دېسە، يەنە بىرى بېشىنى كېسىپ ئەپكەتەيلى دەيتتى. نەۋايى: «فەرھاد ۋە شېرىن»)؛ ئەرگىز سۇۋ: ئەگىز سۇيى: ئارمۇت («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 128 ـ 129 ـ بەتلەر) دېگەنلەرگە ئوخشاش. دېمەك، بۇ پاكىتلار ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، ھازىرقى تىلىمىزدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان ساپ ئۇيغۇرچە سۆزلەردىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا، مۇئەييەن ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ (مەسىلەن، «ۋ، د، ر» تاۋۇشلىرىغا ئوخشاش) تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قېلىشى ئارقىلىق شەكىللەنگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار قىسمەن جەھەتتە، مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغىمۇ ئىگە. شۇڭا ئۇلارنى قىسقا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ۋارىيانتى دېيىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن:



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

| قىسقا سوزۇق تاۋۇش | ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش |
| --- | --- |
| خادا (خادا تاش) | خا:دا (خا:دا تۇتماق) |
| موما (مومىسىنى كۆرسەتمەك) | مو:ما (مو:ماڭنى يەپ كەل) |
| سانا (چۇجىنى سانىماق) | سانا: (سا:نا دەملەپ ئىچمەك) |
| ئاتا (ئاتا ‹دادا› بولماق) | ئاتا: (ئا:تا قىلماق يەنى بەرمەك) |

دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ قىسمەن جەھەتتە مەنە پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە ئىدى. مەسىلەن: ئا:ت (a:t — ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق) لەقەم، ئۇنۋان؛ بەگ ئاڭار ئا:ت بەردى (بەگ ئۇنىڭغا ئۇنۋان بەردى)؛ ئات (at — قىسقا سوزۇق تاۋۇشلۇق): ئالا ئات (斑马) مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز دىۋانىدا، ئۇزۇن سوزۇق «ئا» نى ئىككى ئەلىف ھەرپى بىلەن، قىسقا سوزۇق «ئا»نى بولسا، بىرلا ئەلىف ھەرپى بىلەن ئىپادىلىگەن (قاراڭ: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 107 ـ، 110 ـ، 111 ـ بەتلەر) ھالبۇكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش نەزەرىيەسى مانا مۇشۇنداق كۈچلۈك ئېتىمولوگىيەلىك پاكىت ئاساسىغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا، تىل ئەھلى تەرىپىدىن بارغانسېرى ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشمەكتە.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى يىگىرمە بەشىنچى ئۈزۈك تاۋۇش «ئ» مەسىلىسىمۇ ئۇزاق مۇددەتلىك ئېتىمولوگىيەلىك ئىزدىنىش ئارقىلىق توپلانغان رەت قىلغۇسىز پاكىتلار ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

مەلۇمكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يىگىرمە تۆت ئۈزۈك تاۋۇش بار. بىراق، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، يىگىرمە بەش ئۈزۈك تاۋۇش بار. مەزكۇر يىگىرمە بەشىنچى ئۈزۈك تاۋۇش «ئ» ئۈزۈك تاۋۇشى بولۇپ، ئۇ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا «ئەين»، «ھەمزە» ۋە «ئەلىف» تىن ئىبارەت ئۈچ ھەرپىنىڭ ساكىنلىق



شەكلى بىلەن ئىپادىلەنگەن. («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، خەنزۇچە 1991 ـ يىللىق 1 ـ سان 87 ـ بەت)

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئ» ئۈزۈك تاۋۇشى مەسىلىسى ھەرگىزمۇ يەڭگىللىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلە ئەمەس. ئۇ ئالدى بىلەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان يۈزلىگەن كىلاسسىك ئەسەرلەرنى كۆرۈش، ئۆگىنىش، ئۇنىڭدىن مەزكۇر «ئ» ئۈزۈك تاۋۇشلۇق سۆزلەرنى توپلاش، ئاندىن بۇ سۆزلەرنى ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆزلەشمە شەكىللىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر قارى ۋە موللاملىرىنىڭ تىلىدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان تىرىك شەكىللىرى ئارقىلىق ئىسپاتلاش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەڭ مۇھىمى بۇ مەسىلە ئېتىمولوگىيەلىك تەتقىقات ئارقىلىق ھەممىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشىغا ئېرىشكەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس فونېتىكىلىق قانۇنىيىتى ئارقىلىق ئىسپاتلاشتىن ئۆتكەن.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر تىلىدا بەزى تىل تاۋۇشلىرى مۇئەييەن تىل شارائىتىدا تەلەپپۇزدا چۈشۈپ قالىدىغان ۋە مەزكۇر تاۋۇش چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، ئۇ ئەسلىدە تەۋە بولغان بوغۇمدىكى قىسقا سوزۇق تاۋۇش ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشقا ئايلىنىپ كېتىدىغان بىر قانۇنىيەت بار. مەسىلەن:

| ئەسلىدە | ھازىر |
| --- | --- |
| ئۆتكەرمە | ئۆتكە:مە (otke:me) |
| كارناي | كا:ناي (ka:nay) |
| مەيسە | مە:سە (me:se) |
| مەنزۇر | مە:زۇر (me:zur) |
| گەردەن | گە:دەن (ge:den) |

| | |
|---|---|
| ئەھمەد | ئە:مەت (e:met) |
| سەھۋەن | سە:ۋەن (se:wen) |

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە، ئەرەبچىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر تەركىبىدىكى ساكىنلىق (يەنى ئۇزۇك تاۋۇش بەلگىلىك) «ئەين»، «ھەمزە» ۋە «ئەلىف» ھەرپلىرى ئۇزۇك تاۋۇش «ئ» (بۇ تاۋۇش خەلقئارا تاۋۇش بەلگىلىرىدە «:» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ) تەلەپپۇز قىلىنىپ ئىشلىتىلگەن. ئىستېمال جەريانىدا، بۇ تاۋۇش كېيىنچە تەلەپپۇزغا بىئەپ بولغانلىقى سەۋەبلىك ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە نۇتۇقتا چۈشۈرۈپ قويۇلىدىغان بولغان. ئۇ ئۆز زامانىسىدا تەلەپپۇز قىلىنغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇ ئەسلىدە تەۋە بولغان بوغۇمدىكى قىسقا سوزۇق تاۋۇش، مەزكۇر ئۇزۇك تاۋۇش چۈشۈپ قالغانلىق بەدىلىگە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشقا ئايلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن:

| چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا | ھازىرقى تىلىمىزدا |
|---|---|
| تەئتىل (te:til) | تە:تىل (te:til) |
| تەئسىر (te:sir) | تە:سىر (te:sir) |
| تەئخىر (te:hir) | تە:خىر (te:hir) |
| تەئنە (te:ne) | تە:نە (te:ne) |
| يەئنى (ye:ni) | يە:نى (ye:ni) |
| بەئزى (be:zi) | بە:زى (be:zi) |
| مەئلۇم (me:lum) | مە:لۇم (me:lum) |
| كەئبە (ke:be) | كە:بە (ke:be) |
| شوئلە (xo:le) | شو:لا (xo:la) |
| مەئنا (me:na) | مە:نە (me:ne) |



| | |
|---|---|
| مۆئجىزە (mo:jize) | مۆجىزە (mo:jize) |
| نېئمەت (ne?met) | نې:مەت (ni:met) |

قىسقىسى، ئېتىمولوگىيە ئىلمى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر جەھەتتىنمۇ پاكىتلىق ۋە كىشىنى قايىل قىلارلىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

3) سېمانتىكىلىق تەركىبلەرنى ئەتراپلىق ئىزاھلاشقا ياردەم بېرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى شەكىلداش سۆزلەر، ئاھاڭداش سۆزلەر ۋە مەنىداش سۆزلەر قاتارلىق سېمانتىكىلىق تەركىبلەر ھەققىدە ئەتراپلىق چۈشەنچە بېرىش ئۈچۈن ئېتىمولوگىيەلىك ئىزدىنىش تولىمۇ مۇھىم.

بىرىنچىدىن، شەكىلداش سۆزلەردە. تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش بولۇش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن شەكىلداش سۆزلەر ئېتىمولوگىيەلىك ئىسپاتقا موھتاج بولىدۇ. مەسىلەن: «پەرزەنت» مەنىسىدىكى «بالا» بىلەن «ئاپەت» مەنىسىدىكى «با:لا» (ba:la) نى ئالساق، ئالدىنقىسى ئەسلىدىن بار بولغان ساپ ئۇيغۇرچە سۆز، كېيىنكىسى بولسا، ئەرەب تىلىدىكى «بەلائ» سۆزىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ئۇزاق زامان ئىستېمال قىلىنىشى جەريانىدا، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساپ بۈگۈنكى «با:لا» سۆزى بولۇپ شەكىللەنگەن. يەنە مەسىلەن، «ئاش ـ تاماق» تىكى «تاماق» بىلەن بىر خىل دېھقانچىلىق سايمىنى بولغان «تا:ماق» (ta:mak) نى ئالساق، مەزكۇر ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق «تا:ماق» ئەسلىدە «تارماق» شەكلىدە بولۇپ، ئىستېمال جەريانىدا باش بوغۇم تەركىبىدىكى «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىش نەتىجىسىدە، بۈگۈنكى شەكلىدە تۇراقلىشىپ قالغان. «چاپان ياماش» تىكى «ياماش» سۆزى بىلەن «تاغقا ياماش» تىكى «يا:ماش» (ya:mash) شەكىلداش سۆزلە-



www.uyghurkitap.com

رىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىمۇ «تاماق» شەكىلداش سۆزلىرىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، «تاغقا ياماش» سۆزى ئەسلىدە «تاغقا يارماش» شەكىلدە ئىدى.

ئىككىنچىدىن، ئېتىمولوگىيەلىك ئىزدىنىش ئارقىلىق چەت تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش سەۋەبى بىلەن شەكىللىنىپ قالغان ئاھاڭداش سۆزلەرنى ئېنىقلاپ چىقىش مۇمكىن. مەسىلەن، «قان - قېرىنداش»تىكى «قېرىنداش» بىلەن «قەلەم - قېرىنداش»تىكى «قېرىنداش» نى ئالساق، ئالدىنقىسى ساپ ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، ئۇز ۋاقتىدا «قارىنداش» تەلەپپۇز قىلىناتتى؛ كېيىنكىسى بولسا، ئەسلىدە «كارانداش» تەلەپپۇز قىلىنىدىغان رۇسچە سۆز ئىدى. ئۇزاق يىللىق ئىستېمال ئەمەلىيىتى بۇلارنى بۈگۈنكى ئوخشاش تەلەپپۇزلۇق «قېرىنداش» سۆزلىرىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن. ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدە، «قاشا» (篱笆) مەنىسىدە ئىشلىتىلىدىغان «چىت» سۆزى بار ئىدى، كېيىن پارس تىلىدىن «گۈللۈك رەخت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «چىت» سۆزى قوبۇل قىلىنغان؛ ئۇيغۇرچىدا ئەسلىدە «گىرۋەك، چېگرا» مەنىلىرىدە قوللىنىلىدىغان «چەك» سۆزى بار ئىدى، كېيىن رۇس تىلىدىن «پۇل ھۆججىتى» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «چەك» سۆزى قوبۇل قىلىنغان؛ خەنزۇچىدىكى «بەن» (板) سۆزى ئۇيغۇرچىغا قوبۇل قىلىنىپ، «تىلما ياغاچ» مەنىسىنى ئۇقتۇرىدىغان «پەن» سۆزى بارلىققا كەلگەن. (مەسىلەن، پەن تىلماق، پەن زاۋۇتى دېگەنلەرگە ئوخشاش)، ئەرەبچىدە «خاس كەسىپ؛ ئىلىم» مەنىسىدە يۈرىدىغان «فەنن» سۆزى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرچىغا ئۆزلىشىش جەريانىدا «پەن» تەلەپپۇزىدا مۇقىملاشقان، نەتىجىدە، ئۇلار ئۆزئارا ئاھاڭداش سۆزلەرنى ھاسىل قىلغان.

ئۈچىنچىدىن، چەت تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان ئۆزلەشمە سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرچىدا ئەسلىدىن بار بولغان سۆزلەر بىلەن



پاراللېل ئىشلىتىلىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن مەنىداش سۆزلەرنى ئىزاھلاشتا ئېتىمولوگىيە ئىلمى ئەسقاتىدۇ. مەسىلەن، «كۈچ، قۇۋۋەت، قۇدرەت، ماغدۇر، مادار» مەنىداش سۆزلىرىنى ئالساق، «كۈچ» ئەسلىدىن ئۇيغۇرچىدا بار بولغان سۆز بولۇپ، قالغانلىرى ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىنغان. بۇ ئۆزلەشمە سۆزلەر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە «قۇۋۋەت، قۇدرەت، مەقدۇر، مەدار» تەلەپپۇزىدا ئىستېمال قىلىنغان.

دېمەك، ئېتىمولوگىيە ئىلمى يۇقىرىقىدەك سۆزلەرنىڭ قاچان، قايسى ئەسەردە، قانداق تەلەپپۇز بىلەن ئىشلىتىلگەنلىكلىرىدىن تارتىپ ئېنىق پاكىتلىق شەرھلەپ بېرەلەيدۇ.

4) سۆزلەردىكى سېمانتىكىلىق ھادىسىلەرنىڭ تەپسىلاتىنى ئېنىق قىلىپ يورۇتۇپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر مەنىلىك سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلىك سۆزلەرگە ئايلىنىپ قېلىشى ۋە سۆزلەردىكى مەنە كۆچۈش قاتارلىق سېمانتىكىلىق ھادىسىلەر ئېتىمولوگىيەلىك تەتقىقات ئارقىلىق قانائەتلىنەرلىك چۈشەنچىگە ئىگە قىلىنىدۇ. چۈنكى، سۆزلەرنىڭ مەنىسى بىر نەچچە كۈنلۈك قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستېمال ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ھامان خىلمۇخىل ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ. بەزى سۆزلەر مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىغا ئايرىم سۆزلەرنىڭ شۇ سۆزلەر بىلەن ھەمىشە بىللە قوللىنىلىشى سەۋەب بولسا، يەنە بەزى سۆزلەر مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىگە ئۇلارنىڭ زامان، ماكان تۈپەيلى چەتتىن قوبۇل قىلىنغان ئۆزلەشمە سۆزلەر بىلەن پاراللېل قوللىنىلىشى سەۋەب بولىدۇ، ۋەھاكازالار. ئادەتتە ئىشلىتىلىش چاستوتىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان سۆزلەرنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى ۋە ئەسلىي مەنىسى ھەققىدە پاكىتلىق ۋە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولغا-

دىلا، ئاندىن ئۇ سۆزلەرنىڭ ئۇزاق ئىستېمال ئەمەلىيىتى جەر-
يانىدا، زادى قايسىسى قايسى خىل سەۋەب بىلەن قانچىلىك
ئۆزگىرىش قىلغانلىقىنى ۋە بۇنىڭدىكى ئومۇمىيەتلىك قانۇنى-
يەتلەرنىڭ نېمىلىكىنى تولۇقى بىلەن ئېگىلىگىلى بولىدۇ.
ئېتىمولوگىيەلىك تەتقىقات ئارقىلىق سۆزلەردىكى سې-
مانتىكىلىق ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرۈشتە، ساپ ئۇيغۇرچە
سۆزلەردىن باشقا، قېرىنداش مىللەتلەر ۋە تارىختا ئۇيغۇرلار
بىلەن نىسبەتەن قويۇق ئارىلىشىپ كەلگەن مىللەتلەر تىللى-
رىدىكى ئۆزئارا ئورتاق قوللىنىلىدىغان بولۇپ كەتكەن سۆز-
لەردىكى مەنە ئۆزگىرىش ئەھۋاللىرىغىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بې-
رىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، بىرىنچىدىن، سېمانتىكىدىكى
ئورتاق قانۇنىيەتلەر ھەققىدىكى تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرغىلى
بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان
سېمانتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇلار-
نىڭ ھەممىسى لېكسىكولوگىيە تەتقىقاتى ئۈچۈن پايدىلىق.
5) لۇغەتچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە لۇ-
غەتلەرنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە شەرت ھازىرلايدۇ.
ئەگەر بىر لۇغەتتە، سۆزلەرنىڭ ئىزاھاتى كەمتۈك بولۇپ
قالسا، ئېنىقسىزلىقلار شۇ پېتىچىلا قويۇپ قويۇلسا، ئۇنىڭ
لۇغەتلىك قىممىتى ۋە ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. شۇڭا
لۇغەتلەردە، خۇسۇسەن ئىزاھلىق لۇغەتلەردە، سۆزلەرنىڭ مە-
نىسى ئەتراپلىق، مىساللىق، تولۇق ئىزاھلىنىدۇ. بۇ خىل لۇ-
غەتلەردە، ئادەتتە سۆزلەرنىڭ ئۇدۇل مەنىسىلا ئەمەس، بەلكى
كۆچمە مەنىسىمۇ؛ يەككە مەنىسىلا ئەمەس، بەلكى يەنە باشقا
سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كەلگەن چاغدىكى قوشما مەنىسىمۇ؛
ھازىرقى مەنىسىلا ئەمەس، بەلكى بۇرۇنقى كونا مەنىسىمۇ يې-
زىلىشى، ئىزاھلىنىشى كېرەك بولىدۇ. سۆزلەرنىڭ كونا مە-
نىسىنى پاكىتلىق قىلىپ توغرا ئىزاھلاش ئېتىمولوگىيەلىك



ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق ھەل بولىدۇ.
ئىزاھلىق لۇغەتلەردىلا ئەمەس، بەلكى قوش تىللىق لۇغەت
ياكى باشقا كىچىك تىپتىكى لۇغەتلەردىمۇ ئىشلىتىلىش چاس-
توتىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان بەزى سۆزلەرنىڭ كونا مە-
نىسى «كونا» دېگەن ئىزاھ بىلەن بىرگە كۆرسىتىپ قويۇلسا،
كىتابخانلارنىڭ بەزىبىر ئېنىقسىزلىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋې-
لىشىغا ياردىمى بولىدۇ. ئالايلۇق، «كوي» سۆزى «ئۇيغۇرچە ـ
خەنزۇچە لۇغەت» (1982 ـ يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەش-
رى) تە «想，想法，意图» دەپلا ئىزاھلانغان. دەرۋەقە
«كوي» سۆزىنىڭ ھازىرقى تىلىمىزدىكى ئاساسلىق مەنىسى
ئاشۇلار. بىراق، «كوچا ـ كوي» دېگەن جۈپلەنمە سۆزگە كەل-
گەندە، («ئىملا لۇغىتى»، 481 ـ بەت) نۇرغۇن كىتابخانلار «بۇ
يەردىكى ‹كوي› نىڭ مەنىسى نېمە؟» دەپ ئاڭقىرالماي قالىدۇ.
ئەگەر بىز لۇغەتتىكى «كوي» سۆزىنىڭ ئىزاھلىرى قاتارىغا
«ئەسلىي» ياكى «كونا» دېگەن ئىزاھ بىلەن ئۇنىڭ «كوچا، يول»
دېگەن مەنىسىنىمۇ بىرگە بېرىۋەتسەك، بۇ يەردىكى ئېنىقسىز-
لىق پۈتۈنلەي ئايدىڭلىشىدۇ. چۈنكى، مەزكۇر «كوي» دېگەن
سۆزنىڭ ئېپتىدائىي مەنىسى «كوچا، يول» دېگەن بولاتتى. كې-
يىنكى چاغلاردا بۇ سۆز «ئۆي» سۆزى بىلەن قاپىيە قىلىنىپ،
«مەن نېمە ئۆيدا، سەن نېمە كويدا» شەكلىدە كۆپ ئىشلىتىلىش
سەۋەبىدىن (گەرچە بۇ تۇراقلىق ئىبارىنىڭ ئەسلىي مەنىسى
«مەن نېمىنى ئويلاۋاتىمەن، سەن نېمە يوللاردا قايسى سەنەمگە
دەسسەپ يۈرىسەن» دېگەن بولسىمۇ) بارا ـ بارا مەنە كۆچۈش
ھادىسىسى يۈز بېرىپ، «كوي» مۇ «ئوي» مەنىسىنى ئاڭلىتى-
دىغان بولۇپ قالغان. ئەمەلىيەتتە، «كويىنى قىلماق» دېگەن
سۆز ھازىرقى چاغدا «يولىنى قىلماق» دېگەن ئۇقۇمنىمۇ ئاڭ-
لىتىدۇ. دېمەك، «كوچا ـ كوي» دېگەن سۆز خۇددى «كۆچ ـ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قۇۋۋەت»، «ئەقىل ـ پاراسەت» سۆزلىرىگە ئوخشاشلا تەڭ مەندلىك ئىككى سۆزنىڭ تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان جۈپلەنمە سۆز ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، لۇغەتلىرىمىزدە ئۇدۇل مەنىسى ئىزاھلانمايۋاتقان «كۆرەك تۇماق»، «كۆرەك جۇۋا»دىكى «كۆرەك» سۆزى، «قەي قىلماق»تىكى «قەي» سۆزى ۋە «مابەينى» سۆزى قاتارلىقلارنىڭ ئەسلىي ئۆز مەنىسىنىمۇ ئېتىمولوگىيە ئىلمى ئارقىلىق ئېنىقلاپ چىقىش مۇمكىن. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، مەزكۇر سۆزلەرنىڭ كۆندىلىك ئالاقىدىكى ئۇقۇمچانلىقى تېخىمۇ ئاشىدۇ.

6) ئىسىمشۇناسلىق تەتقىقاتىنى ئېلىپ بېرىشقا پايدىلىق.

مەيلى ئادەم ئىسىمشۇناسلىقى بولسۇن ياكى يەر ـ جاي نامشۇناسلىقى بولسۇن، ئۇنىڭغا ئېتىمولوگىيە تەتقىقاتى ماسلاشقاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ ياخشى نەتىجىسىنى نامايان قىلالايدۇ. ئىسىمشۇناسلىقتا تەتقىق قىلىنىدىغان تەرەپلەر ناھايىتى نۇرغۇن بولسىمۇ، ئاشۇ ئىسىم ـ ناملار ئىپادىلەنگەن سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىنى ئېنىقلاش ھامان ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئالايلۇق، ھازىرقى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا «ئايىم، تۇرسۇن، توختى، تىلەك، ئاتىخان، بابىخان، يۇلتۇز، سامساق، ئىگەمبەردى، تىلىۋالدى، سېتىۋالدى،...» قاتارلىق ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىملار، شۇنداقلا «ئامان، سالامەت، قۇربان، كامىل، كامال، جامال، قادىر، نادىر، مۇرات، پەرىزات...» قاتارلىق مەنە جەھەتتىمۇ تولۇق ئۆزلىشىپ كەتكەن ئەرەب ـ پارسچە ئىسىملاردىن باشقا، مەيلى ئىسىم ئىگىسىگە بولسۇن، مەيلى باشقىلارغا بولسۇن مەنىسى چۈشىنىكسىز بولغان ئىسىملار خېلى كۆپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈرلۈك رايون، تۈرلۈك شېۋىلەردىكى تەلەپپۇز ئالاھىدىلىكلىرى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىدىن بە-



زى ئىسىملار كۆپ ۋارىيانتلىق بولۇپ كەتكەن ئەھۋاللارمۇ بار. مەسىلەن، «خەمىت، ھەمىت، ئابلىمىت»، «ئەھمەد، ئەخمەت، ئەمەت»، «مامۇت، مەھمۇت، مەخمۇت»، «مۇھەممەد، مۇھەممەت، مەمەت، مۇخەممەت، مەخەت»، «نېمەت، نامەت» دېگەنلەرگە ئوخشاش مەنىسى نىسبەتەن چۈشىنىكسىز كۆرۈلۈۋاتقان ئىسىملارنىڭ مەنىسىنى ئېنىقلاپ، قوللانغۇچىلارغا بىلدۈرۈش لازىم.

ئۇنىڭدىن باشقا، مەنىسى ھەممە ئادەمگە چۈشىنىشلىك بولغان ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىملار ئۈستىدىمۇ ئېتىمولوگىيەلىك ئىزدىنىش قىلىش مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن: «سامساق» دېگەن ئىسىمنى ئالساق، بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى ئۆزىنىڭ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين» ناملىق ئەسىرىدە، بۇ سۆز ئېتىمولوگىيەسىنىڭ «ساپساق» بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن (شۇ ناملىق ئەسەر، 77 ـ بەت، 1989 ـ يىل مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى). ھازىرقى ۋاقىتتا، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا بالا تۇغۇلۇپ ئىسىم قويغۇچە بولغان ئارىلىقتا، مەزكۇر پەرزەنتكە «سامساق» دەپ ۋاقىتلىق ئات قويۇپ قويۇش ئادىتى بار. بۇ ـــ ئېتىقادتىكى ياراتقۇچىدىن «بۇ بالام چاچراپ كەتمىگەي، ساپساق چوڭ بولۇپ قاتارغا قوشۇلغاي» دەپ تىلەشنى بىلدۈرىدىغانلىقى ئېنىق. ئەمدى، بىزدە «سامساق» ئاتىلىدىغان بىر ئوتياش بار. مەزكۇر ئوتياش ئىسمى بىلەن ئادەم ئىسمى قىلىپ قوللىنىلىۋاتقان «سامساق» ئوتتۇرىسىدا قانداق باغلىنىش بار؟ ئادەمنىڭ ئىسمى ئوتياشنىڭ نامىدىن كەلگەنمۇ ياكى ئوتياشنىڭ نامى ئادەم ئىسمىغا تەقلىد قىلىنغانمۇ؟ ياكى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئارىيەت ئېلىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، «سامساق» ئاتىلىدىغان ئوتياشنىڭ ئادەتتە ئىچى تىلىم ـ تىلىم ئايرىم، پوستىنىڭ سىرتىدىن بولسا، ساپساق بىر گەۋدە

بولۇپ تۇرىدىغانلىقىغا قاراپ ئاشۇنداق «سامساق» (يەنى ساپساق) دەپ نام قويۇلغانمۇ؟ بۇ ھەقتىمۇ ئىزدىنىش كېرەك.

## §3. ئېتىمولوگىيە تەتقىقاتىنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرى

ئېتىمولوگىيە تەتقىقاتى سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ، ئىسىم - ناملارنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكلى ۋە ئەڭ ئىپتىدائىي مەنىسىنى ئېنىقلايدىغان ئەمگەك بولغاچقا، ئۇ بۇ ساھەدە ئىزدەنگۈچىلەردىن قەدىمىي تىل ماتېرىياللىرى ۋە قەدىمىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قويىنىدا جاپالىق ئىزدىنىشنى ۋە ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىزنىڭچە، ئېتىمولوگىيە تەتقىقاتى بويىچە ياخشى ئۈنۈم قازىنىش كەم دېگەندىمۇ تۆۋەندىكىدەك ئىككى تەرەپنى ئۆزىگە مۇھىم شەرت قىلىدۇ:

بىرىنچى، ئىلمىي يوسۇندا ئىش كۆرۈپ، تەتقىقات خۇلاسىسىنى كۈچلۈك ئىلمىي ئاساسقا ئىگە قىلىش لازىم.

ھەرقانداق بىر سۆز - ئاتالغۇنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئېنىقلاش جەزمەن ئېتىمولوگىيە ئىلمىنىڭ ۋە تىلشۇناسلىقنىڭ نەزەرىيە، ئۇسلۇب جەھەتتىكى خاس قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشى، بۇ ئىشتا ئىلمىي ئاساسى يوق تەسەۋۋۇر ۋە توقۇلمىگەپلەرگە ئورۇن بېرىلمەسلىكى لازىم. ئېتىمولوگىيەلىك ئىزدىنىشتىن چىقىرىلغان خۇلاسىلار بولسا، جەزمەن ھەر تەرەپلىمىلىك ۋە كۈچلۈك ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولۇشى لازىم. ئىلمىي ئاساسى بولمىغان يەكۈننىڭ قايىل قىلىش كۈچى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى يولداشلار ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاز بولمىغان خاس ئاتالغۇلار، يەر - جاي ناملىرى، ھەتتا



بەزى ئىدىيوم، ماقال - تەمسىل قاتارلىقلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۆز يەكۈنلىرىنى ئېلان قىلىشتى. بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ناھايىتى ياخشى. بىراق، قىسمەنلىرىدە، كۆرۈنەرلىك كەمچىلىكلەرمۇ يوق ئەمەس. ئالايلۇق، بەزى يولداشلار مەخسۇس ماقالە يېزىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى «سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ، ئۇسما كېتىدۇ قاش قالىدۇ» دېگەن تەمسىلنى خەنزۇچىدىكى «水落石出» دىن كەلگەن؛ «چۈجىنى كۈزدە سانا»، «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس» دېگەن خەلق ماقاللىنى، شۇنىڭدەك «پىتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالماق» دېگەن تەمسىلنى رۇسچىدىن قوبۇل قىلىنغان دېگەن يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويىدى. («维吾尔语习语的文化背景分析» «ئۇيغۇر تىلىدىكى ئادەت سۆزلەرنىڭ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە تەھلىل»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 1989 - يىللىق 2 - سان) بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى خەنزۇچىدىكى «水落石出» بىلەن ئۇيغۇرچىدىكى «سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ»نىڭ جۈملە قۇرۇلۇش جەھەتتىمۇ، ئومۇمىي مەنە جەھەتتىمۇ بىر - بىرىگە ئاز - تولا ئوخشىشىپ قالىدىغانلىقىنى، رۇسچىدىمۇ «بۆرىگە چېقىپ كەتتى دەپ خورۇم چاپاننى مەشكە سېلىۋېتىپتۇ» دېگەن تەمسىل ۋە «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس»، «چۈجىنى كۈزدە ساناڭلار» دېگەن ماقاللارنىڭ بارلىقىنى ئۆز يەكۈنىنىڭ بىردىنبىر ئاساسى قىلىپ قويىدۇ. بىزنىڭچە، يۇقىرىدىكى يەكۈننىڭ كۆرسەتكەن ئاساسىنى ھەرگىزمۇ ئىلمىي ئاساس دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىلىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئىپادىلىنىش جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى ئىنسانلارنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇر جەھەتتىكى ئورتاقلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر. باشقا - باشقا مىللەتلەرگە تەئەللۇق بولغان تۈرلۈك ئىرقتىكى ئىنسانلار ئوخشاش ھاۋادا نەپەسلىنىپ، ئوخشاش سۇنى ئىستېمال قىلىپ، ئوخشاش بىر يەرشا-



www.uyghurkitap.com

رىدا ياشايدۇ. ئۇلار ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن تەپەككۇر جەھەتتىكى تۈپكى ئورتاقلىققا ئىگە. شۇڭا، ئۇلار ئۆز تىلى بىلەن تۈرلۈك ئۇقۇملارنى ئىپادە قىلغاندا، تەپەككۇر جەھەتتىكى ئوخشاشلىق تۈپەيلى سۆز - ئىبارىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى، ئاڭلىتىدىغان مەنە جەھەتلىرىدىن بىر - بىرىگە ئوخشىشىدىغان بولۇپ قېلىشى پۈتۈنلەي تەبىئىي ئەھۋال. مەسىلەن:

| ئۇيغۇرچە | خەنزۇچە | ئەرەبچە | پارسچە |
|---|---|---|---|
| باش | 头 | رەئىس | سەر |
| باشچى | 头人 | رەئىس | سەردار |

بۇ مىسالدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئۇيغۇردىمۇ، خەنزۇدىمۇ، ئەرەبتىمۇ، پارستىمۇ «باش» بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ «باش»نىغا ئوخشاش ئورۇن ۋە رولغا ئىگە ئادەمنى بىردەكلا «باشلىق» سۆزى بىلەن ئاتىغان. ھالبۇكى، بۇ خىل ئىپادىلەشنى (سۆز ئىشلىتىشنى) بىرى يەنە بىرىدىن ئۆگىنىۋالغان دېيىش توغرا ئەمەس.

ئىككىنچى، پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش، پاكىت ئاساسىدا يەكۈن چىقىرىش لازىم.

ئەدەبىي تىلدا، «پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دېيىلسە، جانلىق تىلدا، «پاكىت ئالدىدا پىلمۇ يەل قويۇۋېتىپتۇ» دېگەن گەپ بار. پاكىت ئېتىمولوگىيە ئىلمىنىڭ قېنى ھەم جېنى. ئەگەر بىز ھازىرقى تىلىمىزدىكى بىرەر سۆز ياكى ئاتالغۇنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۈچۈن بىر سۆزنى كۆرسىتىدىكەنمىز، بىز بۇ سۆزنىڭ قەدىمكى زامانغا خاس قايسى ئەسەردە قانداق ئىشلىتىلگەنلىكىنى مىسال بىلەن ئىزاھلىشىمىز لازىم. شۇنداقلا، بىر سۆزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا شەكىللەنگەن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشى ھەققىدە يە-



كۈن چىقارغان ۋاقتىمىزدا، ئۇنى شۇ تىلنىڭ فونېتىكىسىغا خاس قانۇنىيەتلەر بىلەن ئاساسلىشىمىز ۋە ئىسپاتلىشىمىز لازىم. ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىكەنمىز، چىقارغان يەكۈنىمىز ھامان پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. ئالايلۇق، كۇچا رايونىدا «قىزىل قاغا مىڭ ئۆيى» (kizil kaga, 千佛洞) ۋە «قىزىل قاغا تۇرى» (يەنى kizilkaga, 烽火台) دەپ ئاتىلىدىغان، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئىككى ئاسارئەتىقە ئورنى بار. بەزى تىلشۇناسلار مەزكۇر جاي ناملىرىدىكى «قىزىل قاغا» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە ئىزدىنىپ، مەزكۇر سۆز «قىز قالغان» دېگەن سۆزنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشىدىن شەكىللەنگەن، يەنى مەزكۇر خاس ئاتالغۇ «قىزىل قاغا»نىڭ ئېتىمولوگىيەسى «قىز قالغان» دېگەن سۆزدىن ئىبارەت دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار قەدىمي كۇچا (كۇسەن) خانلىقىغا دائىر بىر پادىشاھنىڭ ئۆز قىزىنى يىلاننىڭ چېقىۋېلىشىدىن ساقلاش ئۈچۈن، مەخسۇس بىر مۇنار ياسىتىپ، شۇ مۇنار ئۈستىدىكى خاس ئۆيدە باققانلىقى سۆزلىنىدىغان بىر رىۋايەتنى ئاساس قىلىپ، ھازىرقى «قىزىل قاغا تۇرى» ئاشۇ پادىشاھ ئۆز قىزىغا ياسىتىپ بەرگەن راۋاق بولۇشى مۇمكىن، دېگەن قىياستا بولغان. بىراق، كېيىن بۇ ھەقتە يېڭىدىن ئىزدەنگۈچىلەر بۈيۈك تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە «قارغۇي: تۇر، تاغنىڭ ئۈستىگە ياكى ئېگىز يەرگە مۇنار شەكلىدە ياسالغان تۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوت يېقىپ، دۈشمەننىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىلىدۇ، شۇنىڭغا قاراپ كىشىلەر تەييارلىق قىلىدۇ» («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 332 - بەت) دەپ بەرگەن مەلۇماتىغا ئاساسلىنىپ، ھازىرقى «قىزىل قاغا تۇرى» دىكى «قاغا» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى «قارغۇي ← قاغۇي ← قاغا» دەپ كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىت-

تا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق قانۇنىيىتى بويىچە ئېيتقاندىمۇ، «قىز» سۆزىنىڭ «قىزىل» بولۇپ قېلىشىنىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى شەرھلەپ، هازىرقى «قىزىل قاغا» سۆزىنى «قىز قالغان»دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن قاراشنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، خەنزۇچە 1989 ـ يىللىق 4 ـ سان، 30 ـ بەت)

دەرۋەقە، بىر ئاتالغۇنىڭ، خۇسۇسەن، يەر ـ جاي نامىلىرىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى هەققىدە ئېنىق هۆكۈم چىقىرىش تولىمۇ مۇشكۇل بىر ئىش. شۇ ۋەجدىن ئېيتقاندا، قىياسەن پىكىرلەرنى، ئېهتىماللىقلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇزاكىرە قىلىش، مۇنازىرىلىشىش نورمال ئەهۋال. بىراق، هەرقانداق بىر هۆكۈمنى ئىلمىي ئۇسلۇب ۋە قانۇنىيەتلىك مىساللار ئاساسىدا ئىسپاتلاپ چىقىشمۇ تامامەن مۇمكىن.

قىسقىسى، ئېتىمولوگىيە ئىلمى يالغۇز لېكسىكولوگىيە تەتقىقاتىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئارخېئولوگىيە، فولكلور قاتارلىق مەدەنىيەت ساهەلىرىدىمۇ مۇهىم رول ئوينايدىغان پەن. هالبۇكى، ئۇنى مەزكۇر پەن ئۆزى تەقەززا قىلىدىغان زۆرۈر شەرتلەر ئاساسىدا تەتقىق قىلغاندىلا، ئاندىن كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.



# توققۇزىنچى باب كىشى ئىسىملىرى ئىلمى ۋە لېكسىكولوگىيە

## §1. كىشى ئىسىملىرى ئىلمى هەققىدە چۈشەنچە

كىشى ئىسىملىرىنىڭ مەيدانغا كېلىش، تەرەققىي قىلىش ۋە ئەمەلىي ئىستېمال جەريانىدىكى قوللىنىلىش قائىدىلىرىنى، شۇنىڭدەك كىشى ئىسىملىرىنىڭ قۇرۇلما ئالاهىدىلىكى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئوينايدىغان رولى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن «كىشى ئىسىملىرى ئىلمى» دەپ ئاتىلىدۇ.

كىشى ئىسىملىرى ئەمەلىيەتتە بىر ئىنساننى ئىككىنچى بىر ئىنساندىن پەرقلەندۇرۇش زۆرۈرىيىتىدىن قويۇلغان نام، بەلگە بولۇپ، ئۇ كىشىلىك هاياتتا، خۇسۇسەن ئىجتىمائىي ئالاقىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇهىم رولغا ئىگە.

ئىنسانلار ئۆزىگە خاس بولغان يۈكسەك ئېڭى بىلەن باشقا مەخلۇقاتلاردىن پەرقلىنىدىغان بولغاچقا، كىشى ئىسىملىرىدا ئاشۇ يۈكسەك ئاڭ جىلۋە قىلىپ تۇرىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر ئادەم ئانا قورسىقىدىن چۈشۈپ بۇ ئالەمگە كۆز ئاچقان ۋاقىتتا، ئاتا ـ ئانىلار تەبىئىي هالدا ئۆزلىرىنىڭ ياخشى ئارزۇسى، گۈزەل ئارمىنى، بۈيۈك تىلىكى ۋە يۈكسەك ئۈمىدىنى ئىپادە قىلىدىغان سۆز ـ ئاتالغۇ بىلەن ئۇنىڭغا ئات (ئىسىم) قويىدۇ. بۇنى دۇنيا بويىچە كىشىلەرنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئىسىم قويۇش جەهەتتىكى ئەڭ ئەقەللىي ۋە ئەڭ تۈپكى ئورتاقلىقى دېيىشكە بولىدۇ. ئالايلۇق، خەنزۇلار ئۆز پەرزەنت-



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لىرىنىڭ دۇنيادا ئامان ـ ئېسەن ياشىشىنى تىلەپ «安宁»
(تىنچ)، «静生» (خاتىرجەم تۇرمۇش) دېگەندەك سۆزلەر بىلەن
ئات قويسا، ئۇيغۇرلارمۇ خۇددى شۇنداق تىلەك بىلەن، ئۆز با ـ
لىلىرىغا «ئامان، سالامەت، تۇرغۇن» دېگەندەك سۆزلەرنى ئى ـ
سىم قىلىپ قويىدۇ . ياپونلاردا «艾雄»، «虎»، «熊» دېگەنگە
ئوخشاش باتۇرلۇقنى؛ «美»، «彦»، «芳»، «秀»، «艳» دېگەنگە
ئوخشاش گۈزەللىكنى ؛ «良»، «喜»، «庆»، «嘉» دېگەندەك
ياخشىلىقنى؛ «龟»، «松» دېگەنلەرگە ئوخشاش ئۇزۇن ئۆمۈر
كۆرۈشنى ۋە «宏»، «浩»، «宽»، «俗» دېگەندەك ئەقىل ـ
پاراسەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر كىشى ئىسىملىرى قىلىپ
قوللىنىلسا، خەنزۇلاردىمۇ، ئۇيغۇرلاردىمۇ خۇددى يۇقىرىقىدەك
مەنىگە ئىگە سۆزلەر ئادەم ئىسىملىرى قىلىپ قوللىنىلىدۇ.
دۇنيادا ھېچقانداق بىر تارىخىي مەنبەدە «سەت»، «زالىم»، «ئۆل ـ
گۈر» دېگەندەك ئۇقۇمغا ئىگە سۆزلەر ئۆز ئاتا ـ ئانىسى تەرى ـ
پىدىن قويۇلغان ئادەم ئىسىملىرى قىلىپ قوللىنىلغانلىقى
كۆرۈلمەيدۇ. بۇ ئىنسانلاردىكى تەپەككۇر ئورتاقلىقىنىڭ كى ـ
شىلەرگە ئىسىم قويۇش مەسىلىسىدىكى جانلىق ئىنكاسىدۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىسىملىرىغا ئەجداد ـ
تىن ئەۋلادقا ئۆزگەرتمەي مۇقىم ئىشلىتىلىدىغان بىر ئىسىم ـ
نى فامىلە قىلىپ قوشۇپ قوللىنىشىمۇ دۇنيادىكى كۆپ سان ـ
لىق مىللەتلەر ئارا ئورتاقلىققا ئىگە. تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا،
ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى چاغلاردا فامىلە ئىشلىتىش ئادى ـ
تى بولمىغان. يەنى ئىنسانلارنىڭ فامىلە قوللىنىش ئادىتى
ئىسىم قويۇش ۋە قوللىنىش ئادىتىدىن خېلى زامانلار كېيىن
بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر مىللەتتە فامىلە قوللى ـ
نىش ھە دېگەندىلا ھەممە ئادەملەر ئۈچۈن ئورتاق ئادەت بولۇپ



كەتمىگەن، ئالايلۇق، قەدىمكي يۇناندا، ئاقسۆڭەكلەر ۋە يۇقىرى
تەبىقە كىشىلىرىنىڭلا فامىلىسى بولغان، قۇللاردا بولسا، يال ـ
غۇزلا ئىسىم بولۇپ، فامىلە بولمىغان. ئېلىمىزدىكى خەنزۇ
خەلقى ئارىسىدىمۇ فامىلە قوللىنىش جۇ سۇلالىسى (مىلادىيە ـ
دىن بۇرۇنقى 1066 ـ يىلىدىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 221 ـ
يىلىغىچە) دەۋرىدىن باشلانغان بولۇپ، شۇ زاماننىڭ ئۆزىدىمۇ
پەقەت ئاقسۆڭەكلەرنىڭ فامىلىسى بولغان، ئادەتتىكى ئاۋام
خەلقنىڭ فامىلىسى بولمىغان.① ئادەتتە، ئىنسانلارنىڭ مۇقىم
فامىلە قوللىنىش ئادىتى بىر مىللەت، بىر قوۋم خەلقى ئارى ـ
سىدا ئوخشاش ئىسىملىكلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى سەۋەبىدىن
كېلىپ چىققان ئوخشاش ئاتلىقلارنى ئۆزئارا پەرقلەندۈرۈش
تەقەززاسى، شۇنداقلا بىر نەسەبتىن كېلىپ چىققانلارنىڭ ئۆز
ئەجدادىنى ئەستە ساقلاش ئېستىكىنىڭ تۈرتكىسىدە شەكىل ـ
لەنگەن دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسىم ـ فامىلىلەرنىڭ تىزىلىش تەرتى ـ
پى، ئاتىلىشى، ئىسىم قىلىپ قوللىنىلىدىغان سۆزلەرنىڭ
خاسلىقىشى، ئىسىم ـ فامىلىدىن باشقا، ئەركىلەتمە ئىسىم،
لەقەم ۋە تەخەللۇس قوللىنىش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ دۇنيا ـ
دىكى ئوخشىمىغان ئىرق ۋە ئوخشىمىغان ئېتىقادتىكى ئىگە مىل ـ
لەتلەردە نىسپىي ئورتاقلىقلار مەۋجۇت.

مەسىلەن، ئىسىم ـ فامىلىلەرنىڭ تىزىلىش تەرتىپى
جەھەتتە: دۇنيادىكى بىر مۇنچە مىللەتلەردە، كىشىلەرنىڭ
ئىسمى باشتا، فامىلىسى بولسا ئاخىرىدا كېلىدۇ. بۇنىڭغا
ئىنگلىز، فىرانسۇز، گېرمان، ئىسپان، پورتۇگال، رۇس،

① «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيەسى»، تىل ـ يېزىق قىسمى، 327 ـ
بەت.

ئەرەب، تۈرك، لائوس، بىرما، تايلاند، ئالبان، ھىندى شۇنىڭدەك ھىندونېزىيەدىكى بىر قىسىم مىللەتلەر مىسال بولالايدۇ. يەنە بىر مۇنچە مىللەتلەردە بولسا، فامىلە باشتا، ئىسىم ئاخىرىدا كېلىدۇ. بۇنىڭغا، خەنزۇ، ياپون، چاۋشيەن، پولەك، بۇلغار، كېخمىر قاتارلىق مىللەتلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

فامىلە قىلىپ ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى جەھەتتە: بىر مۇنچىلىغان مىللەتلەردە فامىلە كۆپىنچە شۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزى ياكى ئەجدادىنىڭ تۇغۇلغان جايى، ئولتۇراقلاشقان ماكانى ياكى شۇلار كېلىپ چىققان قەبىلە نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن ئىبارەت بولىدۇ. مەسىلەن: ياپونلاردا كۆپ قوللىنىلىدىغان «田中» (تاناكا)، «三木» (مىكرى)، «佐佐木» (ساساكى) دېگەن فامىلىلەر ئەسلىدە يېزا ناملىرى ئىدى. ئىنگلىزلاردىكى «Needham» (نېيدھام)، «Washington» (ۋاشىڭتون) دېگەن فامىلىلەرمۇ ئۆز زامانىسىدىكى «نېيد قەبىلىسى» ۋە «ۋاشىڭ مەھەللىسى» دېگەن ناملاردىن كەلگەن.

بەزى مىللەتلەردە، مۇئەييەن ھۈنەر ياكى ئادەتتىكى كەسىپ ناملىرىنى فامىلە قىلىش ئادىتىمۇ ئورتاقلىققا ئىگە. مەسىلەن، گېرمانلاردا «Vinzer» (تەكچى، تال ئۆستۈرگۈچى)، «Coldsehmidt» (زەرگەر) دېگەندەك فامىلىلەر؛ ھونغۇرلاردا «Timar» (كۆنچى، تېرىچى)، «Halasz» (بېلىقچى)، «Juhasz» (پادىچى)، «Biro» (ئادۋوكات) دېگەنگە ئوخشاش فامىلىلەر؛ ياپونلاردا بولسا، «饲牛» (كالا باققۇچى)، «饲马» (يىلقىچى، ئات باققۇچى)، «饲猿» (مايمۇن باققۇچى) دېگەندەك فامىلىلەر؛ ئەرەبلەردىمۇ «ھەدداد» (تۆمۈرچى)، «نەججار» (ياغاچچى)، «نەققاش» دېگەندەك فامىلىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ.



ئىسىم قىلىپ قوللىنىلىدىغان سۆزلەرنىڭ خاسلىقى جەھەتتە: دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەردە ئادەم ئىسىملىرى قىلىپ قوللىنىلىدىغان سۆزلەر ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا، شۇ مىللەت تىلىنىڭ كۈندىلىك ئىستېمالىدا، ئادەتتىكى نۇتۇق ماقالىلاردا ئىشلىتىلمەيدىغان، پەقەت كىشى ئىسىملىرىدىلا ئىشلىتىلىدىغان خاس سۆزلەرگە ئايلىنىپ قالىدىغان ئورتاق ئەھۋالمۇ بار. ئۇنىڭدىن باشقا، كىشى ئىسىملىرى قىلىپ ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنىڭ ئۆزىمۇ ئەرلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىرى ئايرىم، ئاياللار ئىسىملىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىرى ئايرىم بولۇپ، ئاساسەن خاسلىشىپ قالىدۇ. بەزى مىللەتلەردە، كىشى ئىسىملىرى قىلىپ ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنىڭ تۈپى (يەنى سۆز ئۆزىكى) ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇلارغا مۇئەييەن قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ئەرلەر ئىسىملىرىغا خاسلىرى بىلەن ئاياللار ئىسىملىرىغا خاسلىرى ئايرىم - ئايرىم پەرقلەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، فىرانسۇزلاردا «ياك، پىيېر، لۇئى، يۇسۇف» دېگەندەك ئىسىملار ئەرلەرگە، «روسى، ئىرىنا، ئاننا، ژاننا، لۇئىس، يۇسۇفىن» قاتارلىق ئىسىملار ئاياللارغا خاس؛ گېرمانلاردا «يوھاننېس، ياكوب، پېتى» دېگەندەك ئىسىملار ئەرلەرگە، «ئېلسابى، ماگارىت» دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملار ئاياللارغا خاس؛ ھونغۇرلاردا «شاندۇر، ئىستىۋان، يانۇس، لايۇس، فېرىنس» دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملار ئەرلەرگە، «ئەۋا، ۋالېرىيە» دېگەندەك ئىسىملار ئاياللارغا خاس ئىسىملار ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا پورتۇگاللاردا ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئىسىملىرى ئەر - ئاياللىقنى بىلدۈرىدىغان سىيغا (يەنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

جىنس) قوشۇمچىسى «ئـو» (ئەرلەر ئۈچـۈن) ۋە «ئا» (ئاياللار ئۈچۈن) ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلىدۇ. ئەرەبلەردىمۇ ئاياللارنىڭ ئىسىملىرى ئومۇمەن ئاياللىق سىيغىسى «ـ ئە» نىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئەرلەر ئىسىملىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، سەلىم، ھەلىم، كەرىم، ھەمىد، خالىد، فاتىھ، ئەمىن (ئەرلەر ئىسىملىرى)، سەلىمە، ھەلىمە، كەرىمە، ھەمىدە، خالىدە، فاتىھە، ئەمىنە (ئاياللار ئىسىملىرى) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئىسىم ـ فامىلىلەرنى ئاتاش ئادىتى جەھەتتە: دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەر ئىسىم ـ فامىلىلەرنى قوللىنىشتا، رەسمىي سورۇنلاردا، زۆرۈرىيەت ۋە رەسمىيەت تۈپەيلىدىن ئىسىم ـ فامىلىنى ئۆز تەرتىپى بويىچە تولۇق ۋە ئېنىق ئاتاپ ئىشلەتكەندىن باشقا، ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئوبيېكت ۋە سورۇنغا قاراپ ئىسىم بىلەن فامىلىدىن بىرىنىلا قوللىنىشتەك ئورتاق ئادەتنىمۇ شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن، ئۇرۇق ـ تۇغقان ياكى دوستلار ئارا بىر ـ بىرىنى ئاتاشقا توغرا كەلگەندە، يېقىنلىقنى ياكى ئامراقلىقنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئىسىمنىڭ ئۆزىنىلا ياكى شۇ ئىسىمنىڭ ئەركىلەتمە شەكلىنى قوللىنىش؛ ناتونۇش ياكى يېڭىلا تونۇشقان كىشىلەر ئۆزئارا ئاتاشقا توغرا كەلگەندە، ھۆرمەت ياكى ئەدەپنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن قارشى تەرەپنىڭ ئىسمىنى ئەمەس، بەلكى فامىلىسىنى (مۇئەييەن تەكەللۇپ ياكى ھۆرمەت تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن قوشۇپ) ئاتاش قاتارلىقلار.

ئۇنىڭدىن باشقا، بىر قىسىم مىللەتلەردە، قوش تەركىب-



لىك ئىسىم، قوش تەركىبلىك فامىلە ئىشلىتىش، تۇرمۇشلۇق بولغان خوتۇن ـ قىزلار ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى فامىلىسىنى ئۆزگەرتىپ ئېرىنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىش، زىيالىيلار، خۇسۇسەن يازغۇچى ـ شائىرلار ئىسىم ـ فامىلىسىدىن باشقا، يەنە مەخسۇس بىر تەخەللۇس قوللىنىش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئورتاقلىقلار بار.

بىراق، دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ شەكىللەنگەن دەۋرى، دىنىي ئېتىقادى، تۇرمۇش ئادىتى، ماكانلاشقان جايى قاتارلىقلارنىڭ ئوخشاشماسلىقى تۈپەيلىدىن، كىشى ئىسىملىرىنىڭ تۈزۈلمە قۇرۇلۇشى، ئاتىلىش ئادىتى، قوللىنىش قائىدىلىرى جەھەتلەردە تۈرلۈك پەرقلەرمۇ بار. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مۇئەييەن بىر مىللەتكە مەنسۇپ كىشىلەر ئىسىملىرىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى شۇ مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتى، جۇغراپىيەلىك ماكانى، دىنىي ئېتىقادى، ئەخلاق قاراشلىرى، مىللىي پسىخىكىسى قاتارلىقلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان خاس ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىدە نامايان قىلغان بولىدۇ. ھالبۇكى، كىشى ئىسىملىرى ئىلمى ئەمەلىيەتتە، مانا شۇ خىل ئالاھىدىلىكلەرنى تەتقىقات ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرەلەيدىغانلىقى بىلەن كىشىلىك تۇرمۇشتا ۋە بىلىك سورۇنىدا ئىلمىي قىممەت ۋە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇنىڭدىن باشقا، كىشى ئىسىملىرى ئىلمى ئىنسانشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، فولكلور قاتارلىق پەنلەر تەتقىقاتى ئۈچۈنمۇ بەلگىلىك ھەسسە قوشىدىغان ئىلىم بولۇپلا قالماستىن، يەنە تىلشۇناسلىق، خۇسۇسەن لېكسىكولوگىيە تەتقىقاتىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان مۇھىم بىر ئىلىمدۇر.

## §2. كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى بىلەن لېكسىكولوگىيەنىڭ مۇناسىۋىتى

كىشى ئىسىملىرى ئىلمى ئادەم ئىسىملىرىنىڭ مەيدانغا كېلىش، تەرەققىي قىلىش ۋە ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. بىراق، كىشى ئىسىملىرى ھامان سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەركىب تاپىدىغان بولغاچقا، ئۇ توغرىسىدىكى تەتقىقات مۇقەررەر ھالدا لېكسىكولوگىيەلىك تەتقىقات ئارقىلىق نەتىجە بېرىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا لېكسىكا تەتقىقاتىدىن ئىبارەت دېيىشىمۇ بولىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، لېكسىكولوگىيە ئارقىلىق كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتىنى يورۇتۇش كەم دېگەندىمۇ تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى، كىشى ئىسىملىرى قىلىپ ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ قۇرۇلما شەكلى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈش.

مەلۇمكى، لېكسىكولوگىيە سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈش شەكلىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇلارنى تۈپ سۆز، ياسالما سۆز، بىرىكمە سۆز، جۈپلەنمە سۆز، تەكرارلانما سۆز، قاتما سۆز ۋە قىسقارتىلما سۆز دېگەندەك تۈرلەرگە ئايرىيدۇ. ئىسىمشۇناسلىق تەتقىقاتىمۇ لېكسىكولوگىيەنىڭ ئاشۇ خىل تەھلىل ئۇسۇلى ئارقىلىق كىشى ئىسىملىرىنىڭ قۇرۇلما شەكلى ئۈستىدە ئىنچىكە تەھلىل يۈرگۈزىدۇ.

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇنىڭدا تۈپ سۆزلۈك ئىسىملارمۇ (مەسىلەن، تۇر، نۇر)، ياسالما سۆزلۈك ئىسىملارمۇ (مەسىلەن،



تۇرغۇن، نۇرسىمان)، تەڭداش بىرىكمىلىك ئىسىملارمۇ (مەسىلەن، تۇرنىياز، نۇرگۈزەل)، تەڭسىز بىرىكمىلىك ئىسىملارمۇ (مەسىلەن، نۇرى مۇھەممەد «مۇھەممەدنىڭ نۇرى»)، يارى مۇھەممەد (مۇھەممەدنىڭ دوستى)، بىر تەركىبلىك ئىسىملارمۇ (مەسىلەن، مۇھەممەد)، قوش تەركىبلىك ئىسىملارمۇ (مەسىلەن، مۇھەممەدنىياز)، ھەتتا كۆپ تەركىبلىك ئىسىملارمۇ (مەسىلەن، مۇھەممەدتۇرسۇن ھاجى) بار.

ئۇنىڭدىن باشقا، دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرنىڭ كىشى ئىسىملىرىغا ئوخشاشلا ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىمۇ تۈرلۈك سورۇنلاردا مۇئەييەن ھېس - تۇيغۇ بىلەن ئاتاپ ئىشلىتىلىدىغان «ئەركىلەتمە شەكىل» ۋە «سەتلىمە شەكىل» دېگەن ئىككى خىل ئايرىم شەكىلگە ئىگە. شۇ تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئەركىلەتمە شەكلى بىلەن سەتلىمە شەكلىنى ھاسىل قىلىدىغان خاس قوشۇمچىلارمۇ بارلىققا كەلگەن.

يەنە، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى سوستاۋىدا، ئەر كىشى ئىسىملىرى بىلەن ئايال كىشى ئىسىملىرى ئاساسەن پەرقلىنىدۇ. ئەمما، بەزى ئىسىملار جىنس ئايرىماي ئەرلەرگىمۇ، ئاياللارغىمۇ قويۇپ ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، «نۇر» دېگەن ئىسىمنى ئالساق، ئۇ ئەرلەر ئىسمى بولۇشىمۇ، ئاياللار ئىسمى بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق، مەزكۇر «نۇر» دېگەن ئىسىم ئەرلەرگە قويۇلغاندا ئادەتتە «نۇرجان، نۇراخۇن (نۇر ئاخۇن)» دېيىلىدۇ. ئاياللارغا قويۇلغاندا بولسا، «نۇرقىز، نۇرگۈل، نۇرخان، نۇرنىسا» دەپ ئاتىلىدۇ. دېمەك، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، «جان، ئاخۇن، گۈل، خان، نىسا» دېگەن سۆزلەر ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئىسىملىرىنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرىدىغان بەلگە ياكى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئىسىملىرىنى ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، لېكسىكولوگىيەلىك قۇرۇلما تەھلىل ئۇسۇلى بو-



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يىچە كىشى ئىسىملىرىنىڭ قۇرۇلما شەكلىنى تەھلىل قىلىپ تەپسىلىي شەرھلەش ئوخشاشمىغان مىللەتلەرنىڭ ئىسىم قويۇش ۋە ئىسىملارنى ئاتاشتىكى ئۆزىگە خاس بولغان ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئىلمىي رەۋىشتە يورۇتۇپ بېرىشتە، ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىككىنچى، كىشى ئىسىملىرى سوستاۋىغا سېمانتىكىلىق تەھلىل يۈرگۈزۈش.

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، كىشى ئىسمى دېمەك، تېگى – تەكتىدىن ئېيتقاندا، بىر كىشىنى يەنە بىر كىشىدىن پەرقلەندۈرۈش بەلگىسىدىن ئىبارەت. ۋەھالەنكى، بۇ بەلگە ئۆزىگە خاس بولغان لېكسىكىلىق مەنىگە ئىگە بولۇش ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا شەيئىلەرنىڭ بەلگىسىدىن (مەسىلەن، ئېشەك – كالىلارنى بىر – بىرىدىن پەرقلەندۈرىدىغان نومۇر ياكى تامغا قاتارلىقلاردىن) تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ بەلگە قۇرۇق شەكىل ئەمەس، مۇئەييەن مەنىگە ئىگە سۆزلەردۇر.

كىشى ئىسىملىرى ئۈستىدە سېمانتىكىلىق تەھلىل يۈرگۈزۈش دېگىنىمىز، مەلۇم مىللەت كىشى ئىسىملىرى سوستاۋىدا، ئاشۇ ئادەملەرنىڭ ئىسمى قىلىپ ئىشلىتىلىۋاتقان سۆزلەرنىڭ مەنە دائىرىسىنى يورۇتۇپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئېتىقاد، ھاياتلىق شارائىتى، تۇرمۇش ئادىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزئارا پەرقلىرى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە دۇنيادىكى تۈرلۈك شەيئىلەرگە بولغان چۈشەنچىلىرىدە مۇئەييەن پەرقلەر بار. بۇ خىل پەرقلەر ئۇلار ئىشلەتكەن ياكى ئىشلىتىۋاتقان كىشى ئىسىملىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ. ئالايلۇق، بىپايان چۆل – جەزىرىلىك رايونلارنى ماكان قىلغان ئەرەبلەر ئۈچۈن تۆگە ئەڭ بىباھا جانىۋار ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ كىشى ئىسىملىرىدا «تۆگە، ئورۇق تۆگە، يۈك ئارتىلغان تۆگە» دېگەندەك مەنىگە ئىگە



سۆزلەر ئۇچرايدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ «تۆگە»دىن ئىبارەت بۇ ھايۋانغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ ئىنكاسى. ئۆز زامانىسىدا، گۈزەل يايلاقلاردا مال – چارۋا بېقىشنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق تۇرمۇش پائالىيىتى قىلغان قېرىنداش قازاق خەلقىنىڭ كىشى ئىسىملىرىدا «ئىتباي» دېگەن ئىسىملار ئۇچرايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆي – ۋارانلىرىنى ساقلاپ بېرىدىغان، قوي پادىلىرىنى بۆرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلايدىغان جانىۋار ئىتقا بولغان سۆيۈنۈشىنىڭ ئىپادىسى. خەنزۇ خەلقى ئۈچۈن ئەجدىھا، توڭگۇز قاتارلىق ھايۋانلار ناھايىتى مەھبۇن سانىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ كىشى ئىسىملىرىدا مەزكۇر ھايۋانلارنىڭ نامى ئۇچراپلا تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «توپا» مەنىسىدىكى «تۇراپ» (بەزى جايلاردا «تۇرۇپ» شەكلىگە ئۆزگىرىپ كەتكەن) ئاتلىق كىشى ئىسىملىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ توپا، تۇپراقنى ئەزىزلەش ئەقىدىسىدىن كەلگەن ۋە باشقىلار. دېمەك، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كىشى ئىسىملىرى سوستاۋى مەنە دائىرىسى جەھەتتە مۇئەييەن ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. كىشى ئىسىملىرى ئىلمى سېمانتىكىلىق تەھلىل ئارقىلىق ئاشۇ ئالاھىدىلىكلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم بىر تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، كىشى ئىسىملىرى قىلىپ ئىشلىتىلگەن سۆزلەر ئۈستىدە ئېتىمولوگىيەلىك ئىزدىنىش قىلىش.

خاس لۇغەت تەركىبى جەھەتتىن ئېيتقاندا، كىشى ئىسىملىرى قىلىپ ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ سوستاۋى نىسبەتەن مۇرەككەپ بولىدۇ. يەنى ئۇنىڭ تەركىبىدە، شۇ دەۋرنىڭ ئۆزىدە ئىشلىتىلىۋاتقان ۋە شۇ تىللىق خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولغان يېڭى سۆزلەر بىلەن مەزكۇر تىلنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندىغا تەئەللۇق ئاتالغۇلار بولغاندىن تاشقىرى، يەنە كونا سۆزلەر، كىشى ئىسىملىرىدىن باشقا ئادەتتىكى ئالاقە ئىشلىرىدا مۇتلەق ئىشلىتىلمەيدىغان تارىخىي

سۆزلەر ۋە چەتتىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرمۇ بولىدۇ. شۇڭا، كىشى ئىسىملىرى تەركىبىدىكى خېلى بىر بۆلەك سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلاش ئالدى بىلەن شۇ سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى شەرھلەش ئارقىلىق ھەل بولىدۇ.

ئادەتتە، كىشى ئىسىملىرى قىلىپ ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى شەرھلەش ئادەتتىكى سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى شەرھلەشكە قارىغاندا، نىسبەتەن قىيىن بولىدۇ. بۇ خىل قىيىنچىلىقنى ئاشۇ كىشى ئىسىملىرى قىلىپ ئىشلىتىلگەن سۆزلەردىلا بولىدىغان، ئادەتتىكى سۆز - ئاتالغۇلاردا كۆرۈلمەيدىغان خاس ئالاھىدىلىكلەر تۇغدۇرغان بولۇپ، ئېتىمولوگ بولغان كىشى مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىكلەرنى توغرا ۋە تولۇق ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن ئادەم ئىسىملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى توغرا كۆرسىتەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ سۆز مەنىسىنى توغرا ئىزاھلىيالايدۇ. ئالايلۇق، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا، قۇرئاندىن چىقىدىغان ئادەم ئىسىملىرى ئاساسىي گەۋدە بولغان ئەرەبچە ۋە پارسچە سۆزلەر مۇتلەق كۆپ سانلىقنى ئىگىلەپ كەلمەكتە. بىراق، مەسىلە شۇ يەردىكى، ئەسلىي كېلىش مەنبەسى ئەرەب - پارس تىللىرى بولغان بۇ سۆزلەر نەچچە ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزلەشتۇرۇشى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆز ئىچىدىكى شېۋە پەرقلىرى قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن ئەسلىدىكى بىر ئىسىم ئۆزىنىڭ بىرقانچە خىل ۋارىيانتىنى شەكىللەندۇرگەن ئەھۋال ئۇچراپلا تۇرىدۇ. مەسىلەن:

مۇھەممەد = مۇھەممەت، مەھەممەت، مەمەت، مەممەت؛

ئەھمەد =ئەھمەت، ئەخمەت، ئەمەت؛

ھەمىد =خەمىت، ھىمىت؛

ۋاھىد = ۋاھىت، ۋايىت، گايىت؛



مەھمۇد = مەھمۇت، مەخمۇت، مامۇت دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس بولغان كىشى ئىسىملىرىنى ئاتاش ئادىتى بولۇپ، بۇ خىل ئادەت تۈپەيلىدىن ئەسلىدىكى بىر ئىسىمنىڭ بىرقانچە خىل شەكلى بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن:

مامۇت = مامۇتۇم، مامۇتۇپ، مامۇتى، مامۇتۇق، مامۇق، مامۇتەك؛

خاجە = خوجا، غوجا، غوجى، غوجەك، غوجەش، غوجاق؛

ئۇبەيدۇللاھ = ئەبەيدۇللا، ئەبەيدۇل، ئەبەي دېگەنلەرگە ئوخشاش.

دېمەك، كىشى ئىسىملىرى قىلىپ ئىشلىتىلىۋاتقان سۆزلەرنىڭ ئۈستىدە، ئېتىمولوگىيەلىك ئىزدىنىش قىلىپ، مەزكۇر سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى توغرا شەرھلەش ئالدى بىلەن كىشى ئىسىملىرى ئىلمىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى پىششىق ئىگىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتىنى ئۇنۇملۇك ئېلىپ بېرىش، ئۇيغۇرلاردا كىشى ئىسىملىرى قىلىپ ئىشلىتىلىۋاتقان سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى توغرا شەرھلەش، سۆز مەنىلىرىنى توغرا ئىزاھلاش قاتارلىقلارمۇ ئالدى بىلەن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئىلمىدىكى ئۆزىگە خاس بولغان ئالاھىدىلىكلەرنى ئوبدان ئۆگىنىش ۋە ياخشى ئىگىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتمىسەك، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى كۆرسىتىش ۋە مەنىسىنى ئىزاھلاشتا خاتالىقلارغا يول قويۇشىمىز تۇرغانلا گەپ. ئالايلۇق، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ مەنە دائىرىسى جەھەتتە ئىزدەنگەن بەزى يولداشلار ئۇيغۇر ئايال كىشى ئىسىملىرىدا ئۇچرايدىغان «ھۆرۈلقا» دېگەن سۆزنى «ئېشەكنىڭ توقۇمى» دېگەن بولىدۇ، ئەر كىشى ئىسىملىرىدا قوللىنىلىدىغان «ئەختەم» دېگەن سۆزنى «بۇرۇنراق تۇغۇلغۇچى» دېگەن بولىدۇ دەپ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىزاھلىدى.[1] مېنىڭچە، بۇ مۇتلەق توغرا ئەمەس. چۈنكى، دۇنيادىكى ھەرقانداق مىللەت كىشى ئىسىملىرى ئادەتتە، شۇ مىللەت خەلقلىرى ئەجدادتىن ئەۋلادقا ئەقىدە قىلىپ كېلىۋاتقان مەنىۋى ئېتىقادىنى، ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك ئارزۇسىنى، ياخشى تىلەكلىرىنى، بۈيۈك ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئىجابىي مەنىلىك سۆزلەردىن تەشكىل تاپىدۇ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىمۇ شۇنداق، ئەلۋەتتە. بۇ كىشى ئىسىملىرى ئىلمىدىكى بىر ئەقەللىي ساۋات. ئەمدى، «ئېشەك» (گۆشى ھارام بولغانلىقى ئۈچۈن بولسا كېرەك) ئۇيغۇرلاردا ئانچە مەھبۇب ھايۋان سانالمايدۇ. شۇڭا، بىراۋ «ئېشەك» سۆزى بىلەن ئەيىبلىنىدۇكى، ھەرگىز ئۇنىڭ بىلەن مەدھىيەلەنمەيدۇ. ھالبۇكى، بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆز پەرزەنتىگە «ئېشەكنىڭ تۇقۇمى» دېگەن ئۇقۇمدا ئات قويۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، بىراۋنىڭ ئۆز بالىسىغا «بالدۇرراق تۈگىگۈچى» دېگەن مەنىدىكى سۆزنى ئىسىم قىلىپ قويۇشىنى تېخىمۇ ئەقىلگە سىغدۇرغىلى بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، «ھۆرۈلقا» بىلەن «ئەختەم» دېگەنلەر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن باشلاپ قوللىنىلىۋاتقان ئىسىملار كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. «ھۆرۈلقا» نىڭ ئېتىمولوگىيەسى «ھۆرلىقا» بولىدۇ. ئۇ «پەرىزات» مەنىسىدىكى «ھۆر» سۆزى بىلەن «ئۇچرىدىش، كۆرۈشۈش» مەنىسىدىكى «لىقا»دىن تۈزۈلگەن بىرىكمە ئىسىم بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «پەرىزات بىلەن ئۇچراشقان، گۈزەل، ساھىبجامال» دېگەن بولىدۇ. «ئەختەم» دېگەن ئىسىمغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئېتىمولوگىيەسى «ئەھەد ـ ئەخەت ـ ئەخەتەم ـ ئەختەم» بولىدۇ. بۇ يەردىكى «ـ ئەم / ـ م» بولسا، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئەركىلەتمە شەكلىنى ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر «ئەختەم» دېگەن ئىسىم-

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1991 ـ يىللىق 3 ـ سان، 110 ـ بەت.



نىڭ شەكلى، تەلەپپۇزى گەرچە ھازىرقى زامان ئەرەب تىلىدىكى «دەرھال تۈگەيدىغان، پات گۇم بولىدىغان» دېگەن مەنىدىكى سۆزگە ئوخشىشىپ قالغان بولسىمۇ، بىز ئۇنىڭغا مەنە بەرگەندە ئەرەبچە لۇغەتنى ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ تارىخىي پاكىتلىرىنى ئاساس قىلىمىز ۋە مەزكۇر سۆزنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدىكى «ئەھەد» دېگەن ئەسلىي شەكلى بويىچە ئۇنىڭغا «بىر، بىردىنبىر، مېنىڭ بىردىنبىرىم، يېگانەم» دېگەن بولىدۇ دەپ شەرھ بېرىمىز. بىز ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى ياخشى ئىگىلىسەك، ئۇيغۇر كىشى ئىسىمشۇناسلىقىنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىنى ياخشى ئۆگەنسەك، ئۇ ھالدا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئايال كىشى ئىسىملىرىدا قوللىنىلىۋاتقان «راھىلە، رامىلە، مەشۇرخان» دېگەن سۆزلەر مەنىسىنىڭ ھەرگىزمۇ بەزى يولداشلار ئىزاھلاپ كۆرسەتكەندەك «يۈك ئارتىلغان تۆگە، تۇل خوتۇن، ئۆلۈپ تىرىلگەن ئايال» دېگەن بولمايدىغانلىقىنى، بەلكى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «چىداملىق، مۇنەججىم (يەنى بىلگۈچى)، ئالاھىدە بېغىشلانغان» دېگەن بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىيالايمىز. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەر كىشى ئىسىملىرىدا ئىشلىتىلىۋاتقان «موللاق»، «مامۇق» دېگەن سۆزلەرنىڭ «موللاق ئاتماق»، «مامۇق ياستۇق» دېگەنلەردىكى «موللاق» ۋە «مامۇق» لار بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىكەنلىكىنى، ئايال كىشى ئىسىملىرىدىكى «مايمۇنە» سۆزى بىلەن «ئادەمسىمان مايمۇن» دىكى «مايمۇن»نىڭمۇ باشقا ـ باشقا سۆزلەر ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيمىز.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، كىشى ئىسىملىرى ئىلمى بىلەن لېكسىكولوگىيە ئىلمى بىر ـ بىرىگە تولىمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك. لېكسىكولوگىيە ئومۇمىيەتلىك نەزەرىيەلەر ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپسا، كىشى ئىسىملىرى ئىلمى كونكرېت

ئۆزىگە خاس بولغان ئالاھىدىلىكلەر بىلەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ھالبۇكى، كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى كىشى ئىسىمشۇناسلىقنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئالاھىدىلىكلىرىنى نەزەردە تۇتۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، تىلشۇناسلىق، خۇسۇسەن لېكسىكولوگىيە ئىلمى ئاساسىي قائىدىلىرىنىڭ نەزەرىيىۋى يېتەكچىلىكىدە ئىش يۇرگۈزگەندىلا ئاندىن ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ.

## 3§. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە بايان

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ كىشى ئىسىملىرى شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئەمەلىيەتتە، شۇ مىللەت ئومۇمىي مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدىغان ئەينەك بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا شۇ مىللەتنىڭ تارىختىكى دىنىي ئېتىقادى، ئۆزىگە خاس ئۆرپ ـ ئادىتى، دۇنيا قارىشى، ئەخلاق ئۆلچىمى، تۇرمۇش پەلسەپەسى قاتارلىقلارنى نامايان قىلىدىغان كونكرېت مەزمۇنلار جانلىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئالايلۇق، ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا شامان دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان ۋە مەزكۇر دىنلار باش بولغان مەدەنىي ھاياتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى بىلەن ئۇچراشقان. بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا ئاشۇ خىل تۈرلۈك دىنلار ۋە ئۇلار شەكىللەندۈرگەن ئەقىدە ھەمدە تۇرمۇش قاراشلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان دەۋر ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن ھالدا ئىپادىلىنىپ تۇر-



غانلىقىنى ئېنىق بايقايمىز.

چۈشىنىشكە ۋە چۈشەندۈرۈشكە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، بىز ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى «ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى» ۋە «ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى» دېگەن ئىككى چوڭ تۈركۈمگە بۆلىمىز.

### 1. ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى دېگىنىمىز ــ ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇنقى زامانلاردا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان كىشى ئىسىملىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر، شۇنداقلا شۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان بۇددا دىنى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرى بىلەن سانسكرىت تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئادەم ئىسىملىرى قىلىپ ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ قۇرۇلما شەكلى، مەنە دائىرىسى جەھەتلەردە، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان.

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەنە دائىرىسىنى تۆۋەندىكىدەك مەزمۇن ھالقىلىرى بويىچە ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسىتىش مۇمكىن:

1) دىنىي ئەقىدە مەزمۇن قىلىنغان سۆزلەر بىلەن قويۇلغان ئىسىملار. بۇ خىل ئىسىملار خېلى ئاممىۋىلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئومۇمەن كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنىنى ئەزىزلەش ئىستىكى ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، بۇرخان قۇلى (بۇرخان: بۇددا دىنى ئىلاھىنىڭ نامى)، تەڭرىدە بولمىش (تەڭرى ياراتقان)، تويىن (راھىب، بۇت قەلەندەرى)، تويۇن قۇلى، نوم قۇلى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

2) دىنىي ئېتىقادتا ئۇلۇغلىنىدىغان كونكرېت نەرسىلەر-



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نىڭ نامىدىن ئېلىپ قويۇلغان ئىسىملار. بۇ خىل ئىسىملاردا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئاشۇ ئىسىملار بىلدۈرگەن بۈيۈك نەرسىلەردەك ئۇلۇغلاش ئىستىكى ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن، كۈن (كۈنخان)، يۇلتۇز، ئاي، چولپان، تاغ (تاغخان)، تەڭىز (دېڭىز) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

3) باتۇرلۇق، جاسارەت ۋە كۈچ ئۇقۇمىغا سىمۋول قىلىنىدىغان ھايۋانلارنىڭ نامىنى ئادەمگە تەتبىقلاپ قويۇلغان ئىسىملار. بۇ خىل ئىسىملاردا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆسۈپ، باتۇر ئادەم بولۇشىنى تىلەش ئىستىكى جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، بۆكە (ئەجدىھا)، بۆرە، ئارسلان، قاپلان، بۇقا، بۇركۈت دېگەنلەرگە ئوخشاش.

بەزى ئالىملار ئۆز زامانىسىدا قوللىنىلغان بۇ خىل كىشى ئىسىملىرىنى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھايۋانلارنى ئۇلۇغلاش، ھايۋانلارغا چوقۇنۇش ئادىتى ۋە دۇنيا قارىشىنىڭ مەھسۇلى دەپمۇ چۈشەندۈرىدۇ.

4) ئەتىۋارلىق، قىممەت باھا نەرسىلەرنىڭ نامىدىن ئېلىپ قويۇلغان ئىسىملار. بۇ خىل ئىسىملاردا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە كۆيۈش ۋە ئۇلارنى ئەزىزلەش تۇيغۇسى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، كۈمۈش، ئالتۇن، تەمۇر (تۆمۇر) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

5) پەرزەنتلەرنىڭ ياخشى خۇلقلىق، گۈزەل رۇخسارلىق بولۇپ يېتىلىشىنى ئۈمىد قىلىش مەزمۇنىدىكى ئىسىملار. بۇ خىل ئىسىملاردا، شۇ زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ گۈزەل ئېستېتىك قاراشلىرى ۋە ئەخلاق ئۆلچەملىرى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئارىغ (پاكىز)، چەچەك (چېچەك)، يىدلاغ (خۇش پۇراق)، ياچاتقىر (ئۇياتچان، ھايالىق)، سىلىگ (مۇلايىم)، تۈزۈن (تۈز، مۇلايىم)، قۇتلۇغ (بەختلىك، بەختىيار) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

6) قەھرىمانلىقنى، بىلىملىكنى بىۋاستە بىلدۈرىدىغان



سۆزلەر بىلەن قويۇلغان ئىسىملار. مەسىلەن، ئالپ (قەھرىمان)، باتۇر، بىلگە (بىلىملىك، ئالىم) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

7) رەڭلەرنىڭ نامىدىن ئېلىپ قويۇلغان ئىسىملار. مەسىلەن، قىزىل (قىزىلخان)، سارىغ (سارىغخان)، ئاق (ئاقخان) دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئالىملار قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا بۇ خىل ئىسىملارنىڭ قوللىنىلىشىنى ئۆز زامانىسىدىكى رەڭلەرنى مۇقەددەس بىلىش قارىشىنىڭ مەھسۇلى دەپمۇ قارايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئىچىدە «چىشتانى، خايىماۋادى، دۇشتا، دراماگۇپتاكى، دكسانىپت، راچا يۇمى، راتناقار، راتناراشى، راتناقۇشپى، راتناۋاچىر، سارتاۋاكى، سارىپۇترى، ماخابالى، ماخادۋى، ماخارادى، ماخاساتۋى ...» دېگەنلەرگە ئوخشاش بۇددا نوملىرىدىن كەلگەن سانسكرىتچە ئىسىملارمۇ ئاز ئەمەس. بۇ خىل ئىسىملار ھەققىدە بىزنىڭ ھازىر قولىمىزدا بار ئۇيغۇرچە لۇغەتلەردە «خاس ئىسىم، كىشى ئىسمى» دەپ كۆرسەتمە بېرىلگەندىن باشقا، مەنەن ئىزاھ بېرىلمەيدۇ. ئەمدى، مۇشۇ خىلدىكى ئىسىملارنىمۇ تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەنىلىرىنى يېشىپ كۆرسىتىش ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئومۇمىي مەنە دائىرىسىنى يەنىمۇ ئىنچىكە شەرھلەشتە مۇئەييەن ئەھمىيەتكە ئىگە.

قۇرۇلما (تۈزۈلۈش) جەھەتتىن تەتقىق قىلغاندا، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى «بىر تەركىبلىك ئىسىملار، قوش تەركىبلىك ئىسىملار ۋە كۆپ تەركىبلىك ئىسىملار» دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

### بىرىنچى، بىر تەركىبلىك ئىسىملار

بىر تەركىبلىك ئىسىملار دېگىنىمىز، بىرلا سۆزدىن تۈزۈلگەن ئىسىملارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ياراق، قوچقار، تەرەك، ئۇتۇش دېگەنلەرگە ئوخشاش.

بىر تەركىبلىك ئىسىملارنى ئۆز ئىچىدىن يەنە «تۈپ سۆزلۈك كىشى ئىسىملىرى، ياسالما سۆزلۈك كىشى ئىسىملىرى ۋە تۈرلەنمە سۆزلۈك كىشى ئىسىملىرى» دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

تۈپ سۆزلۈك كىشى ئىسىملىرى: ئاي، چولپان، ئالىپ، ئارسلان، قاپلان...

ياسالما سۆزلۈك كىشى ئىسىملىرى: تۆرچى، ئىكىچى، تەمچى، ئۆمچى، قۇتلۇغ، يارۇق، يارۇغلۇ، قۇتاد، سوماچى، ئۆگۈردەي...

تۈرلەنمە سۆزلۈك كىشى ئىسىملىرى: تۆرمىش، ئۆدمىش، قاتمىش، يىغمىش، بەرمىش، توقتامىش، سانمىش، قۇتادمىش، ئۇدغۇرمىش، ئۆتەمىش، قۇرتۇلمىش، ئۆگمىش، ئۇتۇش، تۇتۇش، توقمىش...

ئىككىنچى، قوش تەركىبلىك ئىسىملار

مۇستەقىل مەنە ئاڭلىتىدىغان ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن كىشى ئىسىملىرى «قوش تەركىبلىك ئىسىملار» دەپ ئاتىلىدۇ (بۇنى بەزى تىلچىلار «قوش ئىسىملار» ياكى «قوشما ئىسىملار» دەپمۇ ئاتايدۇ.) مەسىلەن: ئاييۇلدۇز، ئايكۈن، نومقۇلى، ئەربۇقا، ئايسىلىگ، بايتەمۈر دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا قوللىنىلغان بۇ خىل قوش تەركىبلىك ئىسىملارنى ئۆز ئىچىدىكى قۇرۇلما ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ يەنە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

1) ئىككى ئىسىمنىڭ تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىكتۈرۈلۈشىدىن ھاسىل بولغان قوش تەركىبلىك ئىسىملار: كۈن تەڭرى، ئاي تەڭرى، ئاييۇلدۇز، ئايكۈن...

2) ئېنىقلاش ـ ئېنىقلىنىش ياكى بېقىنىش ـ بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدىكى ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن قوش تەر-



كىبلىك ئىسىملار: قۇتلۇق توڭا، قۇتلۇغ ئوغۇل، تەمۈر بۇقا، بۇيان قار (سائادەت قارى)، تويۇن قۇلى، نوم قۇلى، ئاي چەچەك، يەتمىش قارا، ئالتۇن قارا، قۇمۇت چەچەك، ئىش بۇغا، ئىش قارا، ئىناق قۇلى...

3) كۆپىنچە خان جەمەتىدىكىلەر، يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ئۆز بالىلىرىغا قويىدىغان، ئەلنى ئىدارە قىلىش ئارزۇسى نامايان قىلىنىدىغان ئىسىملار ۋە پادىشاھ ئەۋلادلىرىغىلا قوشۇپ ئېيتىلىدىغان «تەگىن»، «خان» قوشۇمچىلىرى بىلەن كەلگەن قوش تەركىبلىك ئىسىملار(:بۇ خىلدىكى ئىسىملار ئۆز زامانىسىدا مۇئەييەن خاسلىققا ئىگە بولغان) ئەل ئالمىش، ئەل قۇتادمىش، ئەل باسمىش، ئەل ئەتمىش، ئەل ئىنانچ (ئەل ئىشىنىدىغان)، ئەل ئاشمىش، ئەل ئەردەم (خەلقپەرۋەر)، ئەل تۇزمىش، ئەل يىغمىش؛ كۆل تەگىن، بۆرە تەگىن، بۇغراخان، بۆكەخان، توڭاخان ...

4) «شاد، يابغۇ، تارخان، تۇتۇق، ئىنال» قاتارلىق ئەمەل ـ مەنسەپ ناملىرى ئەسلىي ئىسىمنىڭ كەينىگە قوشۇلۇپ كېلىدىغان قوش تەركىبلىك ئىسىملار: ئاۋلۇچ تارخان، ئىت تارخان، ئاسان تۇتۇق، باسقاق ئىنال، تەربى ئىنال، قاساق يابغۇ، سارقۇي شاد، ئىسىگ تارخان، قارا باقشى، قامبۇغدۇ تۇتۇك، مەڭلىك سەنگۈن ...

5) قەبىلە ناملىرىنى ئادەم ئىسمى ئالدىغا قوشۇپ ئاتاش ئادىتى تۈپەيلىدىن ھاسىل بولغان قوش تەركىبلىك ئىسىملار: ئۇيغۇر ئۆتەمىش، ياغلاقار ئۇتۇش، قوغۇرسۇ بۇمىن... (بۇ يەردىكى «ئۇيغۇر، ياغلاقار، قوغۇرسۇ»لار قەبىلە نامى)

ئۈچىنچى، كۆپ تەركىبلىك ئىسىملار

كۆپ تەركىبلىك ئىسىملار دېگىنىمىز، ئىككىدىن ئارتۇق سۆزدىن تەركىب تاپقان كىشى ئىسىملىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، قۇتلۇق كۆل بىلگە، كۈن تەڭرىدە قۇت بولمىش، ئاي

تەڭرىدە قۇت بولمىش بىلگە دېگەنلەرگە ئوخشاش.

يازما ماتېرىياللار تەمىنلىگەن پاكىتلاردىن قارىغاندا، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى كۆپ تەركىبلىك كىشى ئىسىملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى قوش تەركىبلىك ئىسىملارنىڭ ئالدى ـ كەينىگە قەبىلە نامى، ئەمەل نامى، نەسەب نامى قاتارلىقلارنى قوشۇش ياكى ھەممە ئېتىراپ قىلغان ئۇنۋان، ھۆرمەت ناملىرىنى قوشۇپ ئاتاش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن: ئەل يىغمىش ئىنال، مىڭ تەمۇر تۇتۇق («ئىنال»، «تۇتۇق»لار مەنسەپ نامى)، قاپاغان تەگىن قاغان، تەڭرىدە بولمىش ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان («قاغان» خانلىق ھۆرمەت نامى)، بارغۇت ئەل قۇتادمىش، يابۇتقار ئەل ئەردەم («بارغۇت، يابۇتقار»لار قەبىلە نامى) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ قۇرۇلما شەكلىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كۆپ تەركىبلىك ئىسىملار نىسبەتەن ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلىدۇ، بىر تەركىبلىك ۋە قوش تەركىبلىك ئىسىملار بولسا، مۇتلەق كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ — قەدىمكى زامانلاردىمۇ كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئىخچام، قىسقىراق بولۇشى ھەممە ياقلايدىغان ئومۇمىي ئەھۋال ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ دەپ قارايمىز.

## 2. ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى

ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى دېگىنىمىز، ئۇيغۇرلاردا ئىسلام دىنىنى ئەڭ دەسلەپ قوبۇل قىلغان ئادەم — ئۇيغۇر قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ پادىشاھى ساتۇق بۇغراخان ئۆزىگە «ئابدۇلكەرىم» (يەنى كارامەتلىك ئاللاھنىڭ بەندىسى) دەپ مۇسۇلمانچە ئات قويغاندىن كېيىن («تارىمدىن تامچە»، 27 ـ بەت، 1990 ـ يىل مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى) بارلىققا كەلگەن ۋە قوللىنىلغان ئىسىملارنى كۆرسىتىدۇ.



مەلۇمكى، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارغا كىرگەندىن كېيىن، خۇددى باشقا فۇتۇھات (يەنى ئىسلام ئېچىلغان جايلار) غا ئوخشاشلا، ئالدى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئاڭ ـ ئىدېئولوگىيەسىدە يېپيېڭى بىر دۇنيا ئاچقان: ئىلگىرىكى كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى ۋە ئۆزى ياسىۋالغىلى بولىدىغان «بۇد»قا چوقۇنۇش ئەقىدىسى ئەمەلدىن قېلىپ، ئاددىي كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان، «بىرۇبار» (يەنى بىر ۋە بار) دەپ قارىلىدىغان ئىلاھ — ئاللاھقا چوقۇنۇش ئېتىقادى بارلىققا كەلگەن. ئىسلام چۈشەنچىسى بويىچە، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى (ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئەلچى كەلمەيدۇ دەپ قارىلىدىغان) مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭمۇ روھىي تايانچى، ئۇنىڭغا ئاسماندىن (ئاللاھ تەرىپىدىن) نازىل قىلىنغان (يەنى ۋەھىي ئارقىلىق چۈشۈرۈپ بېرىلگەن) دەپ قارىلىدىغان ئايەتلەر جۇغلانمىسى «قۇرئان» (يەنى بۈيۈك ئوقۇشلۇق) بولسا، ئۇلارنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى بولۇپ قالغان. ھاياتلىق ئالىمى، ياراتمىش ۋە يارالمىش ھەققىدىكى ھەرقانداق نوپۇزلۇق چۈشەنچىلەر ئەمدىلىكتە قۇرئان كەرىمنىڭ قۇرلىرىنى ئۆلچەم قىلىدىغان بولغان. قۇرئاندىكى ھەر بىر سۆزلەم «قۇرئاندا بار» بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئاجايىپ ئەزىزلىنىدىغان، قۇرئاندىن چىققان ئەرەبچە كىشى ئىسىملىرى، شۇنىڭدەك «ئاللاھنىڭ سۈپىتى» دەپ ئاتىلىدىغان سۈپەت سۆزلەر بولسا، ھەربىر مۇسۇلمان ئۈچۈن تالىشىپ ۋە ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدىغان مۇبارەك ئىسىملارغا ئايلانغان. بۇ خىل ئىسىملار ئەمەلىي ئىستېمال جەريانىدا، بۇرۇنقى بۇددا نوملىرىدىن چىققان سانسكرىتچە سۆزلۈك ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭلا ئەمەس، بەلكى تەدرىجىي ھالدا، مۇتلەق كۆپچىلىك ساپ ئۇيغۇرچە سۆزلۈك ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭمۇ ئورنىنى ئالغان.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قى-

لىدىغان مىللەت سانىلىدۇ. شۇڭا، هازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى سوستاۋىدا ئىسلامچە ئىسىملار كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. بىراق، هازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى ئىستېمالىدىكى ئىسلامچە ئىسىملار بىلەن ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان دەسلەپكى مەزگىل — خاقانىيە دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كۆپ ئەسىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە قوللىنىلغان ئىسلامچە ئىسىملار قۇرۇلما ۋە فونېتىكىلىق تەلەپپۇز جەھەتلەردە روشەن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا، بىز ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى «بۇرۇنقى ئىسلامچە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى» ۋە «هازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى» دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈپ شەرھلەيمىز.

### بىرىنچى، بۇرۇنقى ئىسلامچە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى

بۇرۇنقى ئىسلامچە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى دېگىنىمىز، خاقانىيە ئۇيغۇرلىرى ئىسلام دىنىغا كىرگەن IX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ تاكى XX ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا (يەنى خاقانىيە تىلى دەۋرى بىلەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە) ئىشلىتىلگەن ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەرەبچە هەرپلىك قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان يازما ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، بۇ مەزگىللەردە ئىشلىتىلگەن ئىسلامچە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئاساسەن ئەرەبچە ئىسىملارنىڭ كۆچۈرمىسى بولۇپ، هازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى قوللىنىۋاتقان ئىسلامچە ئىسىملاردىن مۇئەييەن ئالاهىدىلىكلەر بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بۇ پەرقلەر تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

1) ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىسىملاردىكى (ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا سىستېمىسى ئەينەن تەلەپپۇز قىلىشقا



ئىمكانسىز بولغان) «ئىتقى، ئىزغى، ئەين، سە، هە، زال، زات» قاتارلىق هەرپلەر ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۈزۈك تاۋۇشلار ئۇيغۇرچىدىكى مۇناسىپ ئۈزۈك تاۋۇشلار بويىچە تەلەپپۇز قىلىنغاننى هېسابقا ئالمىغاندا، «ف، د، ب، ه، ئ» قاتارلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ هەرقانداق بوغۇمىدا كېلىشىدىن قەتئىينەزەر ئەرەبچە ئىسىملاردىكى شەكلى بىلەن ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنىپ ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، محمد (مۇهەممەد)، محمود (مەهمۇد)، احمد (ئەهمەد)، سەمەد، فاتىهە، فاتىمە، فازىل، فەزىلەت، مۆئمىن، نېئمەتۇللاھ، مۆئجىزى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

2) ئەرەبچە ئىسىملار ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى قىلىپ قوللىنىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسى بويىچە ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلماي، مەزكۇر ئىسىملارنىڭ قۇرئاندىكى تەلەپپۇز شەكلى بىلەن ئوخشاش هالدا ئەينەن قوللىنىلغان. مەسىلەن: سەلىم، ئەمىن، كەرىم، دەۋلەت، نوئمان، هۇسەين، ئوبەيدۇللاھ، كەمال، جەمال، سەتتار، جەففار، بەهائۇددىن، زەهىرۇددىن، نۇرۇددىن، شەمسۇددىن، ئابدۇلهەمىد، سەيفۇددىن، قەمەرۇددىن، بەدرۇددىن، مۇنىرۇددىن دېگەنلەرگە ئوخشاش.

3) بۇرۇنقى ئىسلامچە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا، ئەرەب ئەنئەنىسى بويىچە، كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىسمى بىلەن ئاتا - بوۋىلار ئىسىملىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا «ئىبىن» ياكى «بىن» (بۇ تەركىب كېيىنچە ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلۇپ «بىن» شەكلىدە ئىشلىتىلگەن) سۆزى قوشۇلۇپ ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن: مەهمۇد ئىبنى هۇسەين ئىبنى مۇهەممەد ياكى مەهمۇد بىنى هۇسەين بىنى مۇهەممەد؛ ئەبۇ نەسىر مۇهەممەد ئىبنى تارخان ئىبنى ئۇزلۇق ياكى ئەبۇ نەسىر مۇهەممەد بىنى تارخان بىنى ئۇزلۇغ

دېگەنلەرگە ئوخشاش.

بۇ يەردە شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «ئىبن» دېگەن سۆز ئەرەبچىدە «ئوغۇل» دېگەن بولىدۇ. ئەرەبچىدە، «ا» (يەنى ئەلىف) ھەرپى «ھەرپى ئىللەت» (ئىللەتلىك ھەرپ) گۇرۇپپىسىغا تەئەللۇق بولۇپ، بىرىكمىلەردە كەلگەندە ئۇنى يازماي تاشلىۋەتسىمۇ بولىدۇ دەيدىغان قائىدە بار. شۇڭا، «ئەمىر» سۆزى قوش تەركىبلىك ئىسىملاردا كەلگەندە، كۆپىنچە «مىر» شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ (مەسىلەن، مىرسۇلتان، مىركامال، مىرئادىل دېگەنلەرگە ئوخشاش .) شۇ ۋەجىدىن، «ابن» (يەنى ئىبن) سۆزىدىكى «ا» (ئەلىف) ھەرپى ئىسىملار ئوتتۇرىسىدا كەلسە، يېزىقتا كۆپ ھاللاردا تاشلىۋېتىلىپ «بن» يېزىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا، سۆزلەرنى مۇنداق سوزۇق تاۋۇشسىز تەلەپپۇز قىلىش ئادىتى بولمىغاچقا، ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش ئوتتۇرىسىغا بىر «ئى» تاۋۇشى قوشۇلۇپ «بىن» قىلىپ ئىشلىتىلگەن. شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان «بىنى مۇھەممەد»، «بىنى ھەسەن» دېگەنلەر پارسچە ۋە چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىغا خاس ئىزافەت (يەنى تەڭسىز بىرىكمە)بولۇپ، مەنىسى «مۇھەممەدنىڭ ئوغلى»، «ھەسەننىڭ ئوغلى» دېگەن بولاتتى. بۇ يەردىكى مۇھىم بىر مەسىلە شۇكى، خۇددى ئەنئەنىۋى ساپ ئۇيغۇرچە سۆز بولغان «قاتىق»، «ئىسىغ»لار كېيىنكى چاغلاردا «قاتتىق»، «ئىسسىق» (يەنى يەنە بىر تاۋۇش تەكرار قوشۇلۇپ) تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولۇپ قالغاندەك، «بىن» سۆزىمۇ ئىزافەت ياسىغاندا، جانلىق تىلدا «بىنى» دېيىلمەي «بىننى» دېيىلىدىغان بولۇپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىراق، قارايدىغان بولساق، ھازىر كىلاسسىك ئەسەرلەردىكى «بىن» لىك ئىسىملار زامان ـ ماكان بىلەن ھېسابلاشماي، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا «بىننى» (يەنى بىر «ن» تاۋۇشى ئارتۇقچە قوشۇلۇپ) تىرانسكرىپسىيە قىلىنماقتا. بۇ ھال ئۇيغۇر



تىلىنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كەلسىمۇ، ئۆز زامانىسىدا ئەينەن قوبۇل قىلىنغان دەپ قارىلىۋاتقان ئەرەب ـ پارس تىلىنىڭ قائىدىسىگە خىلاپ كېلىدۇ. شۇڭا، كىلاسسىك ئەسەرلەردىكى «بىن» لىك كىشى ئىسىملىرىنى «بىننى» قىلماي، «ئىبنى» ياكى «بىنى» دەپ ئەينەن تىرانسكرىپسىيە قىلغان دۇرۇس دەپ قارايمىز. بۇ ئۆزى كىچىك مەسىلە بولسىمۇ تېكىستشۇناسلار ئەھمىيەت بېرىپ قويۇشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە.

4) خۇسۇسەن زىيالىيلار ئارىسىدا، ئەدەبىي لەقەم، يەنى تەخەللۇس قوللىنىش ئادىتى بولغان. تەخەللۇسلار ئادەتتە سۈپەت سۆزلەردىن ياكى ئەرەبچە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە «ئى» ئارقىلىق سۈپەتلەشتۈرۈلگەن ئىسىم سۆزلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، مەزكۇر تەخەللۇسلار شۇ كىشىنىڭ ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ ئېيتىلاتتى. مەسىلەن، ئەلىشىر نەۋايى (ناۋا قىلغۇچى ئەلىشىر)، مەھمۇد كاشغەرىي (قەشقەرلىك مەھمۇد)، مۇسا سايرامى (سايراملىق مۇسا)، ئوبەيدۇللا لۇتفىي (مەرھەمەتلىك ئوبەيدۇللاھ)، ھۇسەين سەبۇرىي (سەۋرچان ھۇسەين) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

5) يۇرت، جاي، ماكان ئىسمىنى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلغاندا، ئەرەب تىلىنىڭ قائىدىسى بويىچە، مەزكۇر جاي ـ ماكان ئىسمىنىڭ سۈپەتلەشتۈرۈلگەن شەكلىگە ئەرەبچىدىكى ئالاھىدە كۆرسىتىش بەلگىسى بولغان «ئەلىفلام» (يەنى «ال») نى قوشۇپ ئاتاش ئادىتى بولغان. مەسىلەن، ئەلفارابىي، ئەلخارەزمىي دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە شۇكى، ھازىر بەزى تىلچىلار مۇنداق ئىسىملارنى «ئەل فارابى»، «ئەل خارەزمى» قىلىپ تىرانسكرىپسىيە قىلىۋاتىدۇ. مۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، مۇنداق قىلىنسا، خۇددى «ئەلۋىدا» سۆزى

بەزىلەر تەرىپىدىن «خوش ئەمىسە كۆپچىلىك»، «خەير ئەمىسە، ۋەتەن» دېگەن بولىدۇ دەپ چۈشەندۈرگەندەك، «ئەلىفلام» دىكى «ئەل»، «ۋەتەن، خەلق» مەنىسىدىكى «ئەل» بىلەن ئارىلىشىپ كېتىپ، ئۇقۇم قالايمىقانچىلىقىنى تۇغدۇرىدۇ. بىلىش لازىمكى، «ئەلفارابىي»، «ئەلخارەزمىي»لاردىكى «ئەل» ھېچقانداق بىر سېمانتىكىلىق ياكى گىراماتىكىلىق مەنىگە ئىگە تەركىب ئەمەس، ئۇ پەقەت ئەرەبچىدىكى ئالاھىدە كۆرسىتىش بەلگىسى «ئەلفلام» نىڭ تەلەپپۇزلۇق شەكلى خالاس. شۇڭا، مەزكۇر ئىسىملار ئادەتتە، چاغاتاي ئۇيغۇرچىسى بويىچە «فارابىي»، «خارەزمىي» دېيىلىۋېرىدۇ.

6) خۇسۇسەن زىيالىيلار ئارىسىدا، ئەرەبلەرنىڭ ئادىتى بويىچە مەلۇم شەخسنىڭ بىۋاسىتە ئۆز ئىسمىنى ئەمەس، بەلكى شۇ كىشىنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا «ئاتا، دادا» مەنىسىدىكى «ئەبۇ» سۆزىنى قوشۇپ، «پالانىنىڭ دادىسى» دەپ ئاتاش ئادىتىمۇ بولغان. ئەرەبلەردە بۇ خىل ئاتاش ئوبيېكتقا بولغان ھۆرمەتنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، فارابىنىڭ ئۆز ئىسمى «مۇھەممەد» بولۇپ، باشقىلار تەرىپىدىن كۆپىنچە «ئەبۇ نەسىر» (يەنى نەسىرنىڭ دادىسى) دەپ ئاتالغان، پەقەت ئىسىم - فامىلىسىنى تولۇق ئاتاش زۆرۈرىيىتى بولغاندىلا، ئاندىن «ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد بىنى تارخان بىنى ئۇزلۇغ فارابىي» دەپ ئاتالغان.

7) دادىسىنىڭ ئىسمى بىلەن بىللە ئاتالغان ئىسىملارنى قوش تەركىبلىك ياكى كۆپ تەركىبلىك ئىسىملاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىسمى بىلەن دادىسىنىڭ ئىسمىنى «ئوغلى» سۆزى بىلەن باغلاش ئادىتىمۇ بولغان. مەسىلەن، ناسىرۇددىن بۇرھانۇددىن ئوغلى (يەنى بۇرھانۇددىننىڭ ئوغلى ناسىرۇددىن)، قۇببۇددىن شاھ ئوغلى ھۇسەين (يەنى قۇببۇددىن شاھنىڭ ئوغلى ھۇسەين) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

8) يۇقىرى تەبىقىدىكى كىشىلەر ئىسىملىرىنىڭ ئالدى -



كەينىگە ئەمەل - مەنسەپ، ئۇنۋان، ھۆرمەت ناملىرىنى، ئۇمۇمەن مەزكۇر شەخسنىڭ يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ كىشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان خاس سۆزلەرنى قوشۇپ ئاتاش ئادىتى بولغان. مەسىلەن، بابۇر شاھ، سۇلتان ساتۇق، ئەلىشىر بەگ، جەھانگىر مىرزا، ئەمىر ھەمزە، مەھمۇد ئىشان، سەئىدۇللاھ باي، فەزلۇددىن قازى، ئابدۇللاھ ئىمام، فازىل مۇئەززىن، ھەسەن خاتىب، ئەھمەد مىراب دېگەنلەرگە ئوخشاش.

9) ئۆز زامانىسىدا، ھۆرمەت يۈزىسىدىن كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ ئېيتىلىدىغان «خان، بەگ» سۆزلىرى بىلەن مەزكۇر سۆزلەرنىڭ ئەركىلەتمە شەكلى بولغان «خانىم، خەنىم، بەگىم»لار جىنس ئايرىمىسىغا قاراپ پەرقلىق ئىشلىتىلگەن، يەنى «خان»، «بەگ» سۆزلىرى ئاساسەن ئەرلەر ئىسىملىرىغا قوشۇلۇپ ئاتالغان، «خانىم، خەنىم، بەگىم» سۆزلىرى بولسا، خوتۇن - قىزلار ئىسىملىرىغا قوشۇلۇپ ئاتالغان. مەسىلەن، ئەھمەدخان، مەھمۇدخان، مەنسۇرخان، كەرىم بەگ، جەمال بەگ (ئەرلەر ئىسىملىرى)، قۇتلۇق بىگار خانىم، ئامانىسا خەنىم، خانزادە بەگىم، خەدىچە بەگىم،، فاتىمە سۇلتان بەگىم، رۇقىيە سۇلتان بەگىم (ئاياللار ئىسىملىرى) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

10) خەلق ئىچىدە مۆھتەرەم سانىلىدىغان مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئىسمى ئالدىغا كۆپىنچە «جاناب» مەنىسىدىكى «ھەزرەت» سۆزىنى قوشۇپ ئاتاش، شۇنداقلا ئىسىملارنىڭ كەينىگە شۇ كىشىلەرنى تەرىپلەش يۈزىسىدىن مۇئەييەن ئىبارە ياكى دۇئا (تىلەك) نى قوشۇپ ئاتاش ئادىتىمۇ بولغان. مەسىلەن، ھەزرەتى ھەكىم بەگ، ھەزرەتى ئافاق خاجە، ھەزرەتى ئاتايى، ھەزرەتى لۇتفىي، ھەزرەتى سەككاكىي، ئابدۇررەھمان نۇرۇلمىللەت ۋەددىن (يەنى مىللەت ۋە دىننىڭ نۇرى)، مۇسا جارۇللاھ (ئاللاھ ئەمرىنى جارى قىلغۇچى)، سەباھى نەۋۋەرە مەر -

قەدەھۇ نۇران (ئاللاھ ئۇنىڭ قەبرىسىنى نۇرغا پۈركىگەي)، جەلالۇددىن قەددەسەللاھۇ سىررەھۇ (ئاللاھ ئۇنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي)، نۇرۇددىن رەزىيالللاھ ئانھۇ (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي)، ئابدۇلقادىر رەھمەتۇللاھ ئەلەيھى (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) دېگەنلەرگە ئوخشاش. بۇ خىل ئىسىملار خەلق ئېغىزىدا ئۇزاق زامان ئىشلىتىلىش جەريانىدا، ئەسلىدە ھۆرمەت ۋە تىلەك مەنىسىدە قوشۇلغان «ھەزرەت، رەزىياللاھ ئانھۇ، قەددەسە سىررەھۇ، رەھمەتۇللاھ ئەلەيھى» قاتارلىق سۆز - ئىبارىلەر بارا - بارا شۇ كىشىلەر ئىسىملىرىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئەھۋاللارمۇ بار.

شۇ زاماندىكى ئۇيغۇرلاردا ئىسىملارنى بۇ خىل ئاتاش ئادىتى ئەرەبلەرنىڭ ئەۋلىيا - ئەنبىيا ۋە مەشھۇر دىنىي زاتلارنى «ئىبراھىم خەلىلۇللاھ (يەنى ئاللاھنىڭ سىردىشى ئىبراھىم)، مۇھەممەد ھەبىبۇللاھ (يەنى ئاللاھنىڭ دوستى مۇھەممەد)؛ ئەلى كەرىمۇللاھ (يەنى ئاللاھنىڭ كارامىتى ئەلىي)، ئەبۇبەكرى سىددىق (يەنى ساداقەتمەن ئەبۇ بەكرى)» دېگەندەك مۇئەييەن تەرىپ، سۈپەت بىلەن ئاتاش ئادىتىدىن كەلگەن.

يۇقىرىدا، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، قۇرئان كەرىمنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىلگەن ئىسلامچە ئىسىملارنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا قوللىنىلغان مۇھىم ۋە ئاساسلىق شەكىللىرىنى تونۇشتۇردۇق. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، گەرچە بۇ مەزگىللەردە ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىسىملار ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسىگە ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى كىشى ئىسىملىرىنى، خۇسۇسەن ساپ ئۇيغۇرچە سۆزلەر بىلەن قويۇلغان ئىسىملارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىستېمالىدىن پۈتۈنلەي چىقىرىپ



تاشلىغانمۇ ئەمەس. ئۇلار «تۇر، تۇران، تۇردى، توختى، تۇرسۇن، سېتىۋالدى، تىلىۋالدى، تىلەك، تىلەش، چوڭ، كىچىك، كەنجى، پالتا، سۇپۇرگە، چاۋار..» دېگەندەك ئىسىملارنى ئەينى بىلەن ئىزچىل ئىشلىتىپ كەلگەندىن باشقا، يۇقىرىقىدەك ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىملارنى ئىسلامىيەت تامغىسى بېسىلغان قوش تەركىبلىك ئىسىملارغا ئايلاندۇرۇپمۇ ئىشلەتكەن. مەسىلەن، مۇھەممەدتۇردى، مۇھەممەدتۇرسۇن، مۇھەممەدتوختى، روزىتوختى، ئاقنىياز دېگەنلەرگە ئوخشاش.

## ئىككىنچى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى دېگىنىمىز، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن كېيىن قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان، ئېغىزدا بىرقەدەر ئومۇملاشقان، 1953 - يىلى تۈزۈلگەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ تۇنجى ئېلىپبەسى ۋاستىسى بىلەن، يېزىقتا ئاساسەن مۇقىملاشقان ئىسىملارنى كۆرسىتىدۇ. سان - سالماق جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ تەركىبىدە ئىسلامىيەتنىڭ تامغىسى بېسىلغان ئىسلامچە ئىسىملار يەنىلا كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. «ئىسلامچە ئىسىم» دېگەن سۆز كەڭ ۋە تار ئىككى خىل مەنىگە ئىگە. تار مەنىدىن ئېيتقاندا، كېلىش مەنبەسى ئەرەبچە بولغان، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارلا ئىشلىتىپ كەلگەن ئىسىملارنى كۆرسىتىدۇ؛ كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ئىسىملارنىڭ ھەممىسى ئىسلامچە ئىسىملار بولۇپ، بۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار، «پەيغەمبەر» دەپ ئېتىراپ قىلىدىغانلار ۋە بەزى ئەھلى كىتابلار (زەبۇر، تەۋرات ۋە ئىنجىلنى مۇقەددەس كىتاب بىلىدىغانلار) نىڭ ئىسىملىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا ئۇچرايدىغان «داۋۇت،

ئەيسا، ياقۇپ، مۇسا، يۇنۇس، ئىسرائىل، ئىسھاق، ئىبراھىم، قەيسەر، زۇنۇن، يۇسۇپ» قاتارلىقلارنى «ئىسلامچە ئىسىملار ئەمەس» دېيىشنىڭ ئىلمىي ئاساسى يوق دەپ قارايمىز.

ئەرەب ـ پارسچە ئىسىملاردىن ئىستىئارە ئېلىش يولى بىلەن شەكىللەنگەن بۇرۇنقى ئىسلامچە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۆزلىشىپ، ئۆزىگە خاس فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىغا ئايلانغان. ئۇيغۇرلار قوللىنىۋاتقان ھازىرقى ئىسلامچە ئىسىملارنىڭ بۇرۇنقى ئىسلامچە ئىسىملاردىن فونېتىكىلىق تەلەپپۇزدىكى پەرقلىرى دەپ تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن:

1) ئۆز زامانىسىدا، ئەرەبچە شەكلى بىلەن ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىپ ئىشلىتىلگەن ئىككى بوغۇملۇق ئىسىملار ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسى ئاساسىدا ئۆزگەرتىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسىگە ئۇيغۇن شەكلىنى ھاسىل قىلغان. مەلۇمكى، ئۇيغۇرچىدا سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئورنى بويىچە ماسلىشىدۇ، يەنى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشقا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش، تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشقا تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش ماسلىشىپ كېلىدۇ. ئەگەر چەت تىلدىن كىرگەن سۆزلەردە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇشۇ قائىدىسىگە مۇخالىپ كېلىدىغان ئەھۋال بولسا، ئۇلار ھامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدىسى بويىچە ئۆزگەرتىلىپ، مۇناسىپ شەكىلگە كەلتۈرۈلىدۇ. ھالبۇكى، ئەرەبچىدىن كىرگەن كىشى ئىسىملىرىمۇ مۇشۇ جەرياننى بېشىدىن كەچۈرۈپ، سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ ماسلىشىشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئىسىملار ئۇيغۇرچىدا ئاساسلىق ئۇرغۇ چۈشىدىغان ئاخىرقى بوغۇم ئاساسىدا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تەلەپپۇزىغا



مۇۋاپىق كېلىدىغان شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن، مەسىلەن:

| بۇرۇن | ھازىر |
|---|---|
| ئەلى | ئېلى |
| سەلىم | سېلىم |
| ئەمىر | ئىمىر |
| رەھىم | رېھىم |
| كەرىم | كېرىم |
| جەلىل | جېلىل |
| ئەمىن | ئىمىن |
| ھەمىد | ھىمىت |

دېمەك، يۇقىرىقىدەك ئىسىملاردا ئۇرغۇ چۈشكەن بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش تار سوزۇق «ئى» تاۋۇشى بولغاچقا، باش بوغۇمدىكى تىل ئالدى سوزۇق «ئە» تاۋۇشى مۇناسىپ ھالدا «ئې» ياكى «ئى» گە ئۆزگەرتىلگەن. يەنە مەسىلەن:

| بۇرۇن | ھازىر |
|---|---|
| كەمال | كامال |
| جەمال | جامال |
| ئەمان | ئامان |
| جەففار | جاپپار |
| قەھھار | قاھار |
| سەتتار | ساتتار |
| سەبۇر | سوپۇر |
| غەفۇر | غوپۇر |

دېمەك، بۇلاردا ئۇرغۇ چۈشكەن بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشى بولغاچقا، باش بوغۇمدىكى تىل ئالدى سوزۇق «ئە» تاۋۇشى ئۆزگەرتىلىپ «ئا»، «ئو» تاۋۇشلىرى شەكلىدە تۇراقلاشقان.

2) ئەرەبچىدىكى «ئەلىفلام» بىلەن كەلگەن نۇرغۇن ساندىكى ئىزافەتلىك ئىسىملارمۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس فونېتىكىلىق قائىدىسى ئاساسىدا ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان. بۇ خىل ئىسىملار كۆپ بوغۇملۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزىلىرىدە ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش ئاساسلىق ئۇرغۇ چۈشىدىغان ئەڭ ئاخىرقى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشقا ماسلاشتۇرۇلغان، تەكرارلىنىدىغان تاۋۇش تاشلىۋېتىلگەن. مەسىلەن:

| بۇرۇن | ھازىر |
|---|---|
| سەيفۇددىن | سەيپىدىن |
| بەدرۇددىن | بەدرىدىن |
| نەسرۇددىن | نەسرىدىن |
| سەدرۇددىن | سەدرىدىن |
| شەمسۇددىن | شەمسىدىن، شەمشىدىن |
| رەئوف | رائوپ، راۋۇپ |

بەزىلىرىدە، ئاخىرقى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش ئىككىنچى بوغۇمدىكى ئۇرغۇ چۈشىدىغان بوغۇم سوزۇق تاۋۇشىغا ماسلاشتۇرۇلغان، تەكرارلىنىدىغان تاۋۇش تاشلىۋېتىلگەن. مەسىلەن:

| بۇرۇن | ھازىر |
|---|---|
| بەھائۇددىن | باھاۋۇدۇن، باۋۇدۇن |
| زىيائۇددىن | زىياۋۇدۇن |



| بۇرۇن | ھازىر |
|---|---|
| زەھىرۇددىن | زورىدۇن، زوردۇن |
| نۇرۇددىن | نۇردۇن |

مۇتلەق كۆپ سانلىق ئىسىملاردا، «ئەلىفلام» تۈپەيلىدىن ئەسلىدە قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىنغان «ل» تاۋۇشى تاشلىۋېتىلگەن. مەسىلەن:

| بۇرۇن | ھازىر |
|---|---|
| ئابدۇلقادىر | ئابدۇقادىر |
| ئابدۇلقەييۇم | ئابدۇقەيۇم |
| ئابدۇلقەھھار | ئابدۇقاھار |
| ئابدۇلغەفۇر | ئابدۇغوپۇر |
| ئابدۇلكەرىم | ئابدۇكېرىم |

بۇ خىل ئىسىملارنىڭ بەزىلىرىدە، فونېتىكىلىق يۇغۇرۇلۇش ھادىسىسى يۈز بېرىپ، ئەسلىدىكى تەلەپپۇز شەكلى بىلەن خېلى چوڭ پەرقلىنىدىغان ئىسىملار بولۇپ شەكىللەنگەن. مەسىلەن:

| بۇرۇن | ھازىر |
|---|---|
| ئابدۇلھەمىد | ئابلىمىت |
| ئابدۇلھەفىز | ئابلىپىز |
| ئابدۇلئەزىز | ئابلىز |
| ئابدۇلئەھەد | ئابلەھەت، ئابلەت |
| ئابدۇلھەق | ئابلەق، ئابلاق |
| ئابدۇلھەي | ئابلەي |

3) بەزى ئىسىملارنىڭ باش بوغۇمىدا مۇستەقىل بوغۇم بولۇپ كەلگەن «ئا، ئە، ئو» سوزۇق تاۋۇشلىرى ئۆزگىرىپ «ھا،

ھە، ھو» شەكلىدە تۇراقلىشىپ قالغان. مەسىلەن:

| بۇرۇن | ھازىر |
|---|---|
| ئاۋاز | ھاۋاز |
| ئەسەل | ھەسەل |
| ئوشۇر | ھوشۇر |

4) كىشى ئىسىملىرى تەركىبىدە كەلگەن «ئ» ئۈزۈك تاۋۇشى «ي» ئۈزۈك تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن ياكى چۈشۈپ قالغان. «ئ» ئۈزۈك تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان بوغۇم مەزكۇر تاۋۇشنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇمغا ئايلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن:

| بۇرۇن | ھازىر |
|---|---|
| سەئدۇللاھ | سەيدۇللاھ («ئ» تاۋۇشى «ي»گە ئۆزگەرگەن) |
| نوئمان | نامان (ئالدىنقى «ئا» ئۇزۇن سوزۇق) |
| نىئمەتۇللاھ | نىمەتۇللاھ («ئې» ئۇزۇن سوزۇق) |
| مۆئمىن | مۆمىن («ئۆ» ئۇزۇن سوزۇق) |
| يەئقۇب | ياقۇپ («ئا» ئۇزۇن سوزۇق) |

5) بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن «د» تاۋۇشى ئومۇمەن «ت» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن. مەسىلەن:

| بۇرۇن | ھازىر |
|---|---|
| مۇھەممەد | مۇھەممەت |
| سەمەد | سەمەت |



| | |
|---|---|
| داۋۇد | داۋۇت |
| ۋاھىد | ۋاھىت |

6) «ب» تاۋۇشى بەزى ئىسىملاردا «پ» ياكى «ۋ» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن، بەزىلىرىدە بولسا، ئەينەن ساقلىنىپ قالغان. نەتىجىدە، ئەسلىدىكى بىر ئىسىم ئىككى خىل تەلەپپۇز، ئىككى خىل شەكىل بىلەن ئوخشاشمىغان ئادەم ئىسىملىرى بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان بولۇپمۇ قالغان. مەسىلەن:

| بۇرۇن | ھازىر |
|---|---|
| ئابىد | ئابىت، ئاۋۇت |
| سابىت | ساۋۇت، سابىت |
| سابىر | ساۋۇر، سابىر |
| تالىب | تالىپ |
| غالىب | غالىپ |
| رەجەب | رەجەپ |
| قابىل | قاۋۇل |

7) «ھ» تاۋۇشى بەزى ئىسىملاردا ئەينەن ساقلىنىپ قالغاندىن باشقا، يەنە خېلى بىر بۆلەك ئىسىملاردا «خ» ياكى «ي» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن ياكى چۈشۈپ قالغان. نەتىجىدە، بىر ئىسىمنىڭ بىرقانچە خىل ۋارىيانتى مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن:

| بۇرۇن | ھازىر |
|---|---|
| ئەھەد | ئەخەت، ئەھەت |
| ئەھمەد | ئەھمەت، ئەخمەت، ئەمەت |
| ھەمىد | ھىمىت، خەمىت،يىمىت |



www.uyghurkitap.com

| | |
|---|---|
| ھەلىم | ھېلىم، خەلىم |
| مەھمۇد | مەھمۇت، مەخمۇت، مامۇت |
| زاھىد | زاھىت، زايىت |

8) «ف» تاۋۇشى كىشى ئىسىملىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك «پ» تاۋۇشىغا ئۆزگەرتىپ قوللىنىلىدىغان بولغان. مەسىلەن:

| بۇرۇن | ھازىر |
|---|---|
| فاتىمە | پاتىمە |
| فاتىھە | پاتە (پاتەم، پاتىگۈل) |
| مۇستەفا | مۇستاپا |
| فەيزۇللاھ | پەيزۇللاھ |
| فەزىلەت | پەزىلەت |
| رەفقەت | رەپقەت |
| فەرىدە | پەرىدە |
| زەفەر | زەپەر |
| سەفەر | سەپەر |

9) بەزى رايونلاردا ئومۇملاشقان قوش تەركىبلىك ئىسىملار ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال ئەمەلىيىتى داۋامىدا، كىشىلەر تەرىپىدىن بۇ خىل ئىسىمنىڭ ئۇزۇن، تەلەپپۇزغا بىئەپلىكى، شۇنداقلا بىر ئادەمنى ئۇنداق ئىككى ئىسىم بىلەن ئاتاشنىڭ ھېچبىر ئەھمىيەتسىزلىكى ھېس قىلىنغاچقا، بارا-بارا بىر تەركىبتىكى ئىسىملارنىڭ بوغۇمى قىسقارتىلىپ ئاتىلىدىغان بولغان. مەسىلەن:

| بۇرۇن | كېيىن |
|---|---|
| مۇھەممەد روزى | مەتروزى |



| | |
|---|---|
| مۇھەممەد سالىھ | مەتسالى |
| مۇھەممەد تۇرسۇن | مەتتۇرسۇن |
| مۇھەممەد ياسىن | مەتياسىن |
| خاجە ئەھمەد | غوجامەت، غوجەمەت، غوجىمەت |
| مۇھەممەد قۇربان | مەتقۇربان |
| روزىمۇھەممەد | روزىمەت |

10) پارسچە ئىزافەتلىك ئىسىملاردىمۇ بوغۇم ئىخچاملاش ھادىسىسى يۈز بەرگەن. مەسىلەن:

| بۇرۇن | كېيىن |
|---|---|
| يارى مۇھەممەد ← | يارمۇھەممەت، يارمەمەت، يارمەممەت، يارمەت |
| نۇرى مۇھەممەد ← | نۇرمۇھەممەت، نۇرمەممەت، نۇرمەمەت، نۇرمەت |
| شىرى مۇھەممەد ← | شىر مۇھەممەد، شىرمەممەت، شىرمەمەت، شىرمەت |

### 3. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ مەنە دائىرىسى

دۇنيادىكى ھەرقانداق مىللەت كىشى ئىسىملىرىغا ئوخشاشلا، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىمۇ مۇئەييەن مەنىگە ئىگە. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى ئاڭلىتىدىغان مەنە دائىرىسى بويىچە تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

1) ئەنئەنىۋى دىنىي ئېتىقاد تۈپەيلىدىن، ئەجدادلار ئىبادەت قىلىپ كەلگەن مەنىۋى مەبۇد «ئاللاھ»غا بولغان چوقۇنۇش تۇيغۇسىدىن چىقىپ قويۇلغان ئىسىملار ۋە شۇ خىلدىكى ئىسىملارغا تەقلىد قىلىش ياكى ئۇلارنى ئاڭلىق - ئاڭسىز ھالدا دوراش بىلەن قويۇلغان ئىسىملار.

بۇ تۈردىكى ئىسىملارغا ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى ئىشلىتىۋاتقان «ئابد» بىلەن باشلانغان ئىسىملار بىلەن «ئاللاھ» بىلەن ئاخىرلاشقان بىرىكمە ئىسىملار كىرىدۇ. مەسىلەن: ھەمدۇللاھ (ئاللاھنى ماختىغۇچى)، ھەبىبۇللاھ (ئاللانىڭ دوستى)، نېمەتۇللاھ (ئاللاھنىڭ نېمىتى)، سەيپۇللاھ (ئاللانىڭ قىلىچى)، ئابدۇسېلىم، ئابدۇقادىر، ئابدۇراخمان، ئابدۇقەيۇم دېگەنلەرگە ئوخشاش.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئادەتتە «سېلىم، قادىر، راخمان، قەيۇم» دېگەنلەر ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ياكى ئىسىملىرى بولۇپ، تۈپ ئۇقۇم جەھەتتە يەنىلا «ئاللاھ» دېگەن بولىدۇ؛ «ئابد» («ئا» قىسقا سوزۇق) بولسا، «قۇل، بەندە» دېگەن بولىدۇ، شۇڭا يۇقىرىدىكى «ئابد» بىلەن باشلانغان ئىسىملارنىڭ ھەممىسى «ئاللاھنىڭ قۇلى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. بىراق، مەن مۇشۇ چۈشەنچىدە بىرئاز بىر تەرەپلىمىلىك، كەمتۈكلۈك بار دەپ قارايمەن. چۈنكى، ئەرەبچىدىكى «ئابد» دېگەن سۆزنىڭ «قۇل» دېگەندىن باشقا، «ئادەم، ئىنسان» دېگەن مەنىسىمۇ بار («ئەرەبچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»، 809 ـ بەت، 1978 ـ يىل سودا نەشرىياتى نەشرى). شۇڭا، ئابدۇسېلىم (ئابدۇسەلىم)، ئابدۇقادىر (ئابدۇلقادىر)، ئابدۇراخمان (ئابدۇرراھمان)، ئابدۇقەيۇم (ئابدۇلقەييۇم)، دېگەن ئىسىملارنى «سالامەت ئادەم، قۇدرەتلىك ئىنسان، رەھىم ـ شەپقەتلىك ئادەم، ئۆلمەس ئىنسان» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ دەپ چۈشەندۈرسىمۇ بولىدۇ.

2) ئەجدادلار ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىنى ئۇلۇغلاش تۇيغۇسى بىلەن قويۇلغان ئىسىملار.

بۇنىڭغا ئادەتتە «ئىسلام دىنى» دېگەن ئۇقۇمنى يورۇتۇپ كېلىدىغان «دىن» سۆزى بىلەن ئاياغلاشقان بىرىكمە ئىسىملار كىرىدۇ. مەسىلەن: نۇردۇن (يەنى نۇرۇددىن ــ ئىسلام دىنىنىڭ



نۇرى)، مۇنىردىن (يەنى مۇنىرۇددىن ــ دىنىنىڭ يورۇتقۇچىسى)، مۆيدىن (مۇئىددىن ــ دىنىنىڭ قوللىغۇچىسى)، بەدرىدىن (بەدرۇددىن ــ دىنىنىڭ تولۇن ئېيى)، ھىلالىدىن (ھىلالۇددىن ــ دىنىنىڭ ئورغاق ئېيى)، قەمەردىن (قەمەرۇددىن ــ دىنىنىڭ ئېيى)، شەمشىدىن (شەمسۇددىن ــ دىنىنىڭ قۇياشى)، سەيپىدىن (سەيفۇددىن ــ دىنىنىڭ قىلىچى) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

3) ئىسلام دىنىنىڭ ئىجادچىسى، ئىسلامىيەت چۈشەنچىسىچە، ئاللاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەلچىسى دەپ قارىلىدىغان مۇھەممەد پەيغەمبەرگە بولغان چوقۇنۇش تۇيغۇسى بىلەن قويۇلغان ئىسىملار.

بۇنىڭغا ئادەتتە تۆۋەندىكىلەر كىرىدۇ: (1) «مۇھەممەد» باش تەركىب قىلىنغان قوش تەركىبلىك ئىسىملار. مەسىلەن: مۇھەممەتتۇردى، مۇھەممەتتۇرغۇن، مۇھەممەتقاسىم، مۇھەممەتياسىن، مۇھەممەتكېرىم دېگەنلەرگە ئوخشاش. (2) «مۇھەممەد» ئاياغ تەركىب قىلىنغان قوش تەركىبلىك ئىسىملار. مەسىلەن: شاھمۇھەممەت، تاشمۇھەممەت، قۇلمۇھەممەت، يارمۇھەممەت دېگەنلەرگە ئوخشاش. (3) «مۇھەممەد» نىڭ قىسقارتىلمىسى بولغان «مەت» بىلەن كەلگەن قوش تەركىبلىك ئىسىملار. مەسىلەن: تۇرمەت، شىرمەت، نۇرمەت، مەتباقى، خوجىمەت، موللامەت، مەتسېلىم، مەتقارى، مەتقازى دېگەنلەرگە ئوخشاش. (4) «مۇھەممەد»نىڭ ۋارىيانتلىرى بولغان «مەممەت، مەمەت» قاتارلىقلار ۋە شۇلار بىلەن كەلگەن قوش تەركىبلىك ئىسىملار. مەسىلەن: مۇھەممەتئېلى، مەمەت ئېلى، مەمتىلى، مەمەتجان دېگەنلەرگە ئوخشاش.

4) قۇرئاندا نامى ئاتالغان پەيغەمبەرلەر (مەيلى ئىسلامنىڭ، خىرىستىيانىنىڭ ياكى يەھۇدىينىڭ)، ئىسلامىيەت تارىخىدىكى خەلىپىلەر (مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئىز باسارلىرى)، ئىماملار (دىنىي داھىيلار)، مەشھۇر غازىيلار (ئىسلام ئېچىش



www.uyghurkitap.com

يولىدا شىھىت بولغانلار)، ئاتاقلىق ھەربىي قوماندانلار، ئىسلام
رىۋايەتلىرىدىكى ئەۋلىيا ۋە ماشايىخلار قاتارلىقلارنى ئۇلۇغلاش
يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ ئىسىم، لەقەب، ئۇنۋانلىرىدىن ئارىيەت
ئېلىپ قويۇلغان ئىسىملار. مەسىلەن، ئەيسا (ئىيسا)، مەريەم،
مۇسا، داۋۇت، ياقۇپ، ئايۇپ، ئىدرىس، ئىلياس، ئىسھاق،
ئىسمائىل، ئىسرائىل، زېكرىيە (زەكەرىيا)، ئېلى (ئەلى)، خا-
لىد، نەبى، مۇستاپا، ھەمزە دېگەنلەرگە ئوخشاش. بۇ ئىسىملار-
نىڭ مەنىسى ئۇستىدە ئىزدەنگەن ئالىملار ئۇلارنى (يۇقىرىقى
تەرتىپ بويىچە) «ئاللاھنىڭ بايلىقى، ئاچچىق، بوۋاق، سۆيۈم-
لۈك دوست، ئاللاھ، تەھقىقلىگۈچى، ئۆگەنگۈچى، خۇدانىڭ
كۆچى، كۈمۈش، ئاللاھ ئاڭلىدى، ئاللاھ جەڭچىسى، ئاللاھ
ئەسلىگۈچى، ئەلا، مەڭگۈلۈك، پەيغەمبەر، تاللانغان، ئۆتكۈر»
دېگەن بولىدۇ دەپ ئىزاھلايدۇ. («ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ما-
قالىلىرى توپلىمى»، 39 ـ بەت.)

5) پەرزەنتىنىڭ جېنى چىڭ بولۇشىنى، ئۇزۇن ئۆمۈر
كۆرۈشىنى تىلەپ قويۇلغان ئىسىملار. مەسىلەن: ياشار، يەھيا
(ياشىسۇن)، تۇرسۇن، ئالماس، تۆمۈر، پولات، تۇرغان، تۇردى،
تۇرغۇن، سېلىم (سەلىم ــ ئامان، ساق، سالامەت)، تاش، قە-
يۇم (قەييۇم ــ ئەبەدىي) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

6) پەرزەنتىنىڭ شوخ، جەسۇر ۋە باتۇر ئادەم بولۇشىنى
تىلەش ئىستىكىدە قويۇلغان ئىسىملار. مەسىلەن: باتۇر (باھا-
دۇر)، شىرزات (يەنى شىرزادە ــ شىر بالىسى)، ئارسلان، ئە-
سەت (ئەسەد ــ شىر)، قادىر (قۇدرەتلىك)، خەنجەر، شەمشەر،
مەردان، جۇشقۇن، ئۇچقۇن، يالقۇن، كۈرەش، دولقۇن، ئۆر-
كەش، قاينام، شىر، يولۋاس، غالىپ، زەپەر (زەفەر ــ غالىپ)
دېگەنلەرگە ئوخشاش.

7) بالىنىڭ پاك، ئەخلاقلىق، گۈزەل، بەختلىك، مۇھەب-
بەتلىك ۋە ئىززەتلىك بولۇشىنى تىلەپ قويۇلغان ئىسىملار.



مەسىلەن: سالى (سالىھ ــ پاك)، تاھىر (پاكىز)، ئەسەت (ئەس-
ئەد ــ ئەڭ بەختىيار)، مەسئۇت (مەسئۇد ــ بەختلىك)، سائا-
دەت، بەختىيار، ھۆر، ھۆرلۇقا، پەرىزات، جەمىلە (گۈزەل)، زى-
با (زىلۋا بوي)، زەرىپە (زەرىفە ــ يېقىملىق)، گۈلزار، گۈل-
شەن، گۈلبوستان، دىلدار، دىلبەر، دىلرابا، ئاي، شەمس
(كۈن)، قەمەر (ئاي)، رەيھان، چېچەك، ئانار، كۈمۈش، ئالتۇن،
تىللا، شەپقەت، مېھرىبان، نادىر، نادىرە (ئاز ئۇچرايدىغان،
قىممەتلىك) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

8) پەرزەنتىنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتلىك، ئەقىللىق ئىنسان
بولۇشىنى تىلەپ قويۇلغان ئىسىملار. مەسىلەن: ئالىم، ئارىپ
(بىلگۈچى)، ئىرپان (ئىرفان ــ ئىلىم)، مەرىپەت (مەئرىفەت ــ
بىلىك)، مەرۇپ (مەئرۇف ــ بىلىم)، بىلگار (بىلىگ ئەر ــ
ئالىم)، بەسىر (ئالىم، كۆزى ئۆتكۈر)، ئۆتكۈر، تۇيغۇن، زەكى
(ئەقىللىق)، ئاقىل، ئاقىلە دېگەنلەرگە ئوخشاش.

9) بالا تۇغۇلغان ۋاقىتنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئاي ـ
كۈن ناملىرىدىن ئېلىپ قويۇلغان ئىسىملار. مەسىلەن: مۇ-
ھەررەم، رەجەپ، سەپەر، جۈمە، ئازنە، ئادىنە، («جۈمە» مەنىسى-
دىكى «ئازنە» نىڭ ئەسلىي ئاتىلىشى)، باھار، نورۇز (نەۋروز)،
روزى (روزا)، قۇربان، رامىزان، ھېيت دېگەنلەرگە ئوخشاش.

10) بالا تۇغۇلغان زاماندىكى سىياسىي ھەرىكەتلەرنى خا-
تىرىلەش يۈزىسىدىن قويۇلغان ئىسىملار. مەسىلەن: كومۇنار
(كامۇنار)، مەدەنىيەت، ئازاد دېگەنلەرگە ئوخشاش.

11) بالا تۇغۇلغان چاغدىكى كونكرېت مۇھىتقا، خۇسۇسەن
مەڭگۇ ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىك دەپ قارالغان بىرەر ئەھۋالغا
قاراپ قويۇلغان ئىسىملار. مەسىلەن: ئاسان (يەنى تۇغۇتى ئاسان
بولغان)، زەخمەت (يەنى تۇغۇتى تەس بولغان)، غېرىپ (يەنى ياقا
يۇرتتا ياكى سەپەر ئۇستىدە تۇغۇلۇپ قالغان)، يادىكار، يالغۇز
ياكى يالغۇزەك (يەنى تۇغۇتتا ئانىسى ياكى تۇغۇتتىن بۇرۇن ئا-

تىسى قازا قىلىپ كەتكەن) دېگەنلەرگە ئوخشاش. دەرۋەقە، يۇقىرىقىدەك ئىسىملارنىڭ مەنىسىنى جەزمەن ئاشۇ ئىسكوپكا ئىچىدە كۆرسىتىلگەندەك بىر خىل بولىدۇ دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

12) بالىنى كۆز تېگىشتىن، چاچراپ كېتىشتىن ساقلاش ئىستىكىدە قويۇلغان ئىسىملار. مەسىلەن: سېتىۋالدى، تىلىۋالدى، نىياز (يەنى ئاللاھقا ئاتالغان سەدىقە)، چاۋار، سۇپۇرگە، بوسۇغا، سامساق، پالتا، يانتاق، ئەخلەت دېگەنلەرگە ئوخشاش.

13) ئېتنىك نامىلارنى ئەتىۋارلاش يۈزىسىدىن قويۇلغان ئىسىملار. مەسىلەن: ئوغۇز، ئۇيغۇر، تۇرا، تۇران، قارلۇق دېگەنلەرگە ئوخشاش.

14) قەدىمكى قوش تەركىبلىك ئىسىملارنى ياكى شۇ ئۇسلۇبنى ساقلاپ قالغان ھالدا قويۇلغان ئىسىملار. مەسىلەن: يولبولدى، تويبولدى، ئىگەمبەردى، خۇدابەردى، خۇدۇيۇمبەردى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

15) بۇرۇنقى ئىسلامچە ئىسىملاردا قوللىنىلىپ، كۆپىنچە خاس يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئەمەل، ئۇنۋان، دىنىي مەنسەپ ۋە ھۆرمەت نامىلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن كەلگەن ئىسىملار. مەسىلەن: خان (خانگۈل، خانقىز)، پاشا (يەنى پادىشاھتىن كەلگەن)، سۇلتان، خەلپەت (يەنى «خەلىفە»دىن كەلگەن)، خوجا، قازى، مەخسۇم، تۆرە (تۆرىخان)، ھاجى، ئاخۇن (ئاخۇنجان، ئاخۇنباي، ئاخۇنەك)، بۈۋى (يەنى «بىبى» دىن كەلگەن.)

16) «ئانا، ئاتا، بوۋا» قاتارلىق قېرىنداشلىقنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن قويۇلغان ئىسىملار. مەسىلەن: ئانىخان (يەنى ئاناخان)، ئاتىخان، دادىخان، بوۋىخان (بابىخان)، ئاپىخان دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ مەنە دائىرىسىنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ، تېخىمۇ كەڭرى چۈشەندۈرۈشمۇ



مۇمكىن. بۇ يەردە، مۇھىم دەپ قارالغانلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسىتىش يۈزىسىدىن شۇنچىلىك بايان بېرىش بىلەن كۇپايىلەندۇق.

## 4§. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ قۇرۇلما تەركىبى

قۇرۇلما تەركىبى جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى خۇددى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىغا ئوخشاشلا «بىر تەركىبلىك، قوش تەركىبلىك ۋە كۆپ تەركىبلىك ئىسىملار» دېگەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) بىر تەركىبلىك ئىسىملار. خۇددى يۇقىرىدا تەبىر بەرگىنىمىزدەك پەقەت بىرلا سۆزدىن تەشكىل تاپقان، ھېچقانداق قوشۇمچە تەركىب قوشۇلمىغان ئىسىملار بىر تەركىبلىك ئىسىملار كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

شېرىن، نىگار، جۈرئەت، جاسارەت، زامان، خىزمەت، چوڭ،كىچىك، پولات، تۆمۈر ...

2) قوش تەركىبلىك ئىسىملار. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا تۆۋەندىكىدەك قوش تەركىبلىك ئىسىملار كۆپرەك ئۇچرايدۇ:

(1) تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن ياكى ئىككى ئىسىم تەڭداش مۇناسىۋەتتە قاتار تىزىلىپ كەلگەن قوش تەركىبلىك ئىسىملار. مەسىلەن:

داۋۇتنىياز، روزىباقى، توختىنىياز، تاشتۆمۈر، سۇلتانقادىر، خوجائەخمەت (خوجەخمەت)، تاشپولات، ھەيدەر ئېلى، ئېلىيار، مىرەخمەت (ئەمىر ئەخمەت)، مىرسۇلتان (ئەمىر سۇل-



www.uyghurkitap.com

تان)، مۇھەممەتتۇرغۇن، مۇھەممەتساۋۇت، مۇھەممەتتۇردى...

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا قوللىنىلىۋاتقان خىلى بىر بۆلەك قوش تەركىبلىك ئىسىملارنىڭ مۇئەييەن قاتار تەرتىپى بار بولۇپ، بۇ خىل ئىسىملارنى قويۇش ۋە ئاتاشتا ئاشۇ تەرتىپكە رىئايە قىلىنىدۇ. ئالايلۇق، مۇھەممەتتۇردى، مۇھەممەتتۇرغۇن، مىرسۇلتان، مىركامىل، مىرقادىر قاتارلىق ئىسىملارنى «تۇردىمۇھەممەت، تۇرغۇنمۇھەممەت، سۇلتان مىر، كامىل مىر، قادىر مىر» قىلىپ ئىشلىتىش ئادىتى يوق.

(2) تەڭسىز مۇناسىۋەتتىكى، يەنى ئېنىقلاش ـ ئېنىقلىنىش ياكى بېقىنىش ـ بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدىكى ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن قوش تەركىبلىك ئىسىملار. مەسىلەن:

گۈزەلنۇر (گۈزەل نۇر)، ئەلانۇر، نۇرئىمان، ئايجامال (ئاي جامال)، ئىگەمقۇل (يەنى ئىگەمنىڭ قۇلى)، خوجامقۇل (خوجامنىڭ قۇلى)، ئاقنىياز (ئاق نىياز)، توقنىياز (توق نىياز، توختىنىياز) دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئىشلىتىۋاتقان ئەرەبچە ـ پارسچە ئىزافەتلىك كىشى ئىسىملىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ تەڭسىز مۇناسىۋەتتىكى قوش تەركىبلىك ئىسىملار كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. مەسىلەن، ئابدۇسېلىم، ئابدۇرېھىم، زىياۋۇللاھ، زىياۋۇدۇن، نۇرمەمەت (نۇرى مۇھەممەد ــ مۇھەممەدنىڭ نۇرى...)

(3) چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدىكى سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان ئىسىملار. مەسىلەن:

دىلارا (دىل ئارا: دىلنى بېزىگۈچى، دىلنى زىننەتلىگۈچى)، دىلرەبا (دىلنى ئوۋلىغۇچى)، دىلدار (باتۇر، يۈرەكلىك)، نۇرسىمان (نۇرغا ئوخشايدىغان.)

(4) بىرىكمە خەۋەر شەكىللىك ۋە ئىگە ـ خەۋەر شەكىللىك ئىسىملار. مەسىلەن:



تويبولدى، يولبولدى، قەلبىنۇر (يەنى قەلبى نۇر)، قەلبىگۈل (قەلبى گۈل.)

(5) «جان، خان، ئاخۇن، گۈل، نىسا، ھاجى، بۇۋى، قىز، قارى، قازى، پاشا، زاھ، ھاكىم، غازى، ئاي» قاتارلىقلارنى ئۆزىگە قوشۇمچە تەركىب قىلغان قوش تەركىبلىك ئىسىملار. مەسىلەن:

تۇردىخان، تۇرسۇنقىز، تۇرسۇنئاي، توختىگۈل، نىيازخان، پالتاخۇن، ئايپاشا، مۇھەممەتجان، تۇرداجى، گۈلبۇۋى، نۇرغازى، كېرەم قارى، قازىھاجى، تۇرغۇنھاكىم ...

3) كۆپ تەركىبلىك ئىسىملار. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى سىستېمىسىدا گەرچە «تەڭرىدە بولمىش ئەل ئەتمىش قۇتلۇغ بىلگە» دېگەنگە ئوخشاش قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا خاس كۆپ تەركىبلىك ئىسىملار، شۇنىڭدەك «ئابدۇررەھمانھاجى رەھمەتۇللاھ ئەلەيھى» ياكى «ھەزرەتى يارى مۇھەممەد ئىشان قەددەسەللاھۇ سىررەھۇ» دېگەندەك بۇرۇنقى ئىسلامچە ئىسىملارغا خاس بولغان كۆپ تەركىبلىك ئاملىلار ئەمەلدىن قالغان بولسىمۇ، بىراق قوش تەركىبلىك ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا «جان، ھاجى، ئاخۇن، گۈل، خان، نىسا، ئاي» دېگەنگە ئوخشاش قوشۇمچە تەركىبلەرنى قوشۇپ ئاتاش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن كۆپ تەركىبلىك ئىسىملار ئۇچراپلا تۇرىدۇ. مەسىلەن:

مەمتىلاجى (يەنى مۇھەممەد ئەلىي ھاجى)، مەمتاۋلاخۇن (يەنى مۇھەممەد ئابدۇللاھ ئاخۇن)، نۇرمۇھەممەتجان، (نۇرى مۇھەممەد جان)، گۈلنىسايىم (يەنى گۈل نىسا ئايىم)، قەمبەرنىسايىم (يەنى قەمبەرنىسا ئايىم) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

سان ـ سالماق جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كۆپ تەركىبلىك ئىسىملار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى سىستېمىسىدا نىسبەتەن ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلىدۇ.

## §5. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەر كىشى ئىسىملىرى ۋە ئايال كىشى ئىسىملىرى

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە، گەرچە «بەختىيار، ئازات، مۇھەببەت، مۇنەۋۋەر، مۇھتەرەم، جامال، كەۋسەر» دېگەنگە ئوخشاش ئەرلەر ئىسمىمۇ، ئاياللار ئىسمىمۇ بولۇپ كېلىۋېرىدىغان ئورتاق تەركىبلەر بولسىمۇ، بىراق ئەر كىشى ئىسىملىرى بىلەن ئايال كىشى ئىسىملىرى ئومۇمەن پەرقلىنىدۇ.

### 1. ئەر كىشى ئىسىملىرى

1) ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قۇرئاندا چىقىدىغان پەيغەمبەرلەر ئىسىملىرى ئادەتتە پەقەت ئەرلەرگىلا قويۇپ ئىشلىتىلىدۇ. ئالايلۇق، مۇھەممەت، ئىبراھىم، ياقۇپ، داۋۇت، زەكەرىيا، يۇنۇس، يۇسۇپ، ئىيسا، ئىسمائىل، سۇلايمان قاتارلىق ئىسىملارنىڭ ئاياللارغا ئىسىم قىلىپ قويۇپ ئىشلىتىلگەنلىكى ئۇچرىمايدۇ (ئايرىم جايلاردا ئىشلىتىلىدىغان مۇسخان، يەنى مۇساخان دېگەندەك ئاياللار ئىسىملىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا.)

2) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا، «جان، ئاخۇن، ھاجى، شاھ، غازى، قازى، قارى» قاتارلىقلار قوشۇمچە تەركىب قىلىپ قوللىنىلغاندا، ئاساسەن ئەرلەر ئىسىملىرى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. مەسىلەن: تۇرسۇنھاجى، تۇردى ئاخۇن، ئوسمانجان، ئەخمەتشا دېگەنلەرگە ئوخشاش (بىراق، بەزى رايونلاردا، مەككە شەھىرىنى ھەج مەزگىلىدە تاۋاپ قىلىپ كەلگەن ئاياللارمۇ «ھاجى» سۆزىنى ئۆز ئىسمىغا قوشۇمچە تەركىب قىلىدۇ. مەسىلەن: رەيھانگۈلھاجىم، نۇرنىساھاجى دېگەنلەرگە ئوخشاش).

3) «ئابد، دىن، ئاللاھ، مۇھەممەت ياكى مەت» سۆزلىرى بىلەن كەلگەن قوش تەركىبلىك ئىسىملار ئادەتتە ئەرلەرگىلا خاس بولىدۇ. مەسىلەن، ئابدىلىم (ئابدۇلھەلىم)، مۇنىرىدىن، ئىنايىتۇللاھ، مەتقاسىم، شىرمەت، مۇھەممەتتوختى، پەخرىدىن (فەخرۇددىن) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

4) «ئابدۇگۈل» دېگەندەك قىسمەن ئىسىملارنى نەزەردىن ساقىت قىلغاندا، ئەرلەر ئىسىملىرىدا، «گۈل، ئاي» دېگەندەك سۆزلەر، شۇنىڭدەك گۈزەللىكنى، خۇشسەن جىسمانىي گۈزەللىكنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر ئىشلىتىلمەيدۇ.

5) كۈچ ـ قۇدرەتنى نامايان قىلىدىغان ئىسىملار ئومۇمەن ئەرلەرگىلا خاس. مەسىلەن: شىر، ئارسلان، باتۇر، قەھرىمان، قادىر، قۇدرەت ...

6) چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە، «خان» سۆزى ئومۇمەن ئەرلەر ئىسىملىرىغا، ئۇنىڭ I شەخس ئىگىلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن شەكلى بولغان «خانىم، خەنىم» سۆزلىرى بولسا، ئاياللار ئىسىملىرىغا قوشۇمچە تەركىب بولغانلىقى مەلۇم. مەسىلەن، يۇنۇسخان، ئابدۇرەشىتخان، قۇتلۇق نىگارخانىم، ئامانىساخەنىم دېگەنلەرگە ئوخشاش. بىراق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا، «خان» سۆزىنىڭ ئۆزىمۇ تەدرىجىي ھالدا ئاياللار ئىسمىغىلا خاس تەركىب، ھەتتا ئەرلەر ئىسىملىرى بىلەن ئاياللار ئىسمىنى پەرقلەندۈرىدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالماقتا. ئۆز زامانىسىدا، ھەمىشە ئەرلەر ئىسىملىرىغا قوشۇمچە تەركىب بولغان مەزكۇر «خان» سۆزى ھازىرقى پەقەت «دادىخان، بابىخان، ئاتىخان، ئابىخان» دېگەندەك قىسمەن ئەرلەر ئىسىملىرىدىلا قوللىنىلىدۇ.

## 2. ئايال كىشى ئىسىملىرى

1) ئۇيغۇر ئايال كىشى ئىسىملىرى ئادەتتە «خان» سۆزىنى ئۆزىگە قوشۇمچە تەركىب قىلىپ كېلىدۇ. بەزى ئىسىملاردا ئۇ ئىسىملەنگۈچىنىڭ ئايال كىشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بىردىنبىر ئامىل ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: توختىخان، تۇردىخان، تۇرسۇنخان، نۇرخان دېگەنلەرگە ئوخشاش.

2) ئاياللار ئىسىملىرى ئۆزلىرىگە قوشۇمچە تەركىب قىلىپ كەلگەن «گۈل، قىز، ئاي، پاشا» ۋە چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدىن كەلگەن «ئايال» مەنىسىدىكى «نىسا» سۆزلىرى ئارقىلىقمۇ ئەرلەر ئىسىملىرىدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: تۇرغۇنپاشا، تۇرسۇنئاي، تۇردىقىز، قەمبەرنىسا، قۇربانىنىسا، تۇرنىسا، ئالىمنىسا دېگەنلەرگە ئوخشاش.

3) قەلب، چىراي، تەق - تۇرق جەھەتتىكى گۈزەللىكنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئومۇمەن ئاياللار ئىسىملىرىدىلا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: دىلنۇر، دىليار، نۇرگۈزەل، سەنەۋەر (سەنۇبەر)، مېھراي، مېھرىگۈل، نۇرجامال، قەددىگۈل، گۈلەندەم (يەنى گۈل ئەندەم — خۇش پىچىم، غۇنچە بوي) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

4) ئاياللار ئىسىملىرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەن ئايال سىيغا بەلگىسى «- ئە / - يە»نى ئۆزلىرىگە قوشۇپ كېلىش بىلەنمۇ ئەرلەر ئىسىملىرىدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەرلەر | ئاياللار |
|---|---|
| ئابىت (يەنى ئابىد) | ئابىدە |
| كېرىم (كەرىم) | كەرىمە |
| رېھىم (رەھىم، رەخىم) | رەھىمە، رەخىمە |
| ھېمىت (ھەمىد) | ھەمىدە، ھىمىدە |
| ھېلىم (ھەلىم) | ھەلىمە، ھېلىمە |



| | |
|---|---|
| ھېكىم (ھەكىم) | ھەكىمە |
| لېتىپ (لەتىف) | لېتىپە، لەتىپە (لەتىپخان) |
| شېرىپ (شەرىف) | شەرىپە |
| قارى | قارىيە |
| شەۋقى | شەۋقىيە |

## §6. ئۇيغۇرلاردا كىشى ئىسىملىرىنى ئاتاش ئادىتى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان خاس ئالاھىدىلىكلەر

ئۇيغۇرلاردا كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىسمى ئالدىدا، دادىسىنىڭ ئىسمى كەينىدە ئاتىلىدۇ. بۇ رەسمىي سورۇنلاردا (مەسىلەن، ئەنگە ئېلىش، يوقلىما قىلىش، جەدۋەل تولدۇرۇش قاتارلىقلار)، شۇنداقلا زۆرۈرىيەت بولغاندا قوللىنىلىدىغان ئاتاش، يەنى رەسمىيەتلىك ئاتاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىراق كىشى ئىسىملىرى ئادەتتىكى سورۇنلاردا ئىختىيارىي ئاتاپ قوللىنىلغاندا، ھامان يەككە، يەنى ئۆز ئىسمىلا ئاتىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا كىشى ئىسىملىرىنى ئىختىيارىي ھالدا يەككە ئاتاشتا مۇئەييەن ئادەت بار. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز كىشى ئىسىملىرىنى ئاتاش ئادىتىنى يىغىنچاقلاپ مۇنداق بەش تەرەپتىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، توغرىدىن - توغرا ئاتاش ياكى تۈز ئاتاش. بۇ خىل ئاتاش كۆپىنچە مۇناسىۋىتى يېقىن بولغان تەڭتۇشلار ئارىسىدا ئىشلىتىلىدۇ. «تۈز ئاتاش» دېگىنىمىز، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ قوشۇمچىسىز (يەنى نۆللۈك) شەكلى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: ئەخمەت، سەمەت، تۇردى...

ئۇنىڭدىن باشقا، ئوتتۇرىدا ياش پەرقى مەۋجۇت بولسىمۇ،

بىر - بىرىنى ئۆز ۋە يېقىن كۆرۈش مۇھىتى ۋە شەرتى ھازىرلانغان ئەھۋالدىكى كىشىلەرمۇ بىر - بىرىنىڭ ئىسىملىرىنى تەكەللۇپسىز، تۈز ئاتاپ قوللىنىدۇ.

ئىككىنچى، ھۆرمەتلەپ ئاتاش. بۇ خىل ئاتاش ئادەتتە ئۆزئارا ياش پەرقى بار كىشىلەر ئارىسىدا قوللىنىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا، خۇسۇسەن ناتونۇش كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ھە دېگەندىلا بىر - بىرىنىڭ ئىسمىنى توغرىدىن - توغرا ئاتاش ئادىتى يوق. كىچىك ياشلىقلار چوڭ ياشلىقلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاشقا توغرا كەلگەندە، ئۆزلىرىنىڭ چوڭلارغا بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتى ۋە ئەدەپ تۇيغۇسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قارشى تەرەپ ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا جىنس ئايرىمىسىغا قاراپ، «ئاكا، ئاخۇن، ھەدە، ئاچا، ئايلا، تاغا، دادا، ئانا، چوڭ دادا، چوڭ ئانا» سۆزلىرىنى قوشۇپ ئاتايدۇ. مەسىلەن: تۇرسۇن ئاكا (تۇرسىنكا)، تۇرسۇن ئاخۇن (تۇسىناخۇن)، تۇرسۇن ئاخۇن ئاكا (تۇسىناخۇنكا)، سەلىمە ئاچا (سەلىماچا)، سەلىمە ھەدە (سەلىمەدە)، سەلىمە ئايلا (سەلىمايلا...) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

چوڭ ياشلىقلار كىچىك ياشلىقلارنىڭ ئىسمىنى ئاتىغاندا، ئۆزلىرىنىڭ كىچىك ياشلىقلارغا بولغان ئىززىتىنى ۋە ئەدەپ تۇيغۇسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قارشى تەرەپ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا جىنس ئايرىمىسىغا قاراپ «جان، ئۇكا، ئىنى، ئۇكام، ئىنىم، گۈل، سىڭلىم، بالام، قىزىم» سۆزلىرىنى قوشۇپ ئاتايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، «جان، خان» سۆزلىرىمۇ ھۆرمەتلەش ۋە ئىززەتلەش يۈزىسىدىن ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ ئېيتىلىدۇ. بىراق، كىچىكلەر چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ «جان، خان» بىلەن ئاتاشقا توغرا كەلگەندە، ئادەتتە مەزكۇر «جان، خان»لارنىڭ كەينىگە يەنە «ئاكا / ئاچا، ھەدە» سۆزلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: تۇرسۇنجان ئاكا (تۇرسۇنجىنىكا)، سەلىمەخان ئاچا، سەلىمەخان ھەدە (يېزىقتا)، سەلىمەخاچا، سەلىمەخانىدە



(ئېغىزدا) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ھازىرقى، «\ جان، ئاخۇن، خان، گۈل \» قاتارلىق سۆزلەرنى ھۆرمەت - ئىززەت يۈزىسىدىن ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ ئاتاش تۈرلۈك رايون ۋە تۈرلۈك مۇھىتتا پەرقلىق ئىشلىتىلىۋاتقانلىقىمۇ مەلۇم. ئالايلۇق، خېلى كۆپ رايونلاردا، خۇسۇسەن شەھەرلەردە «ئاخۇن» سۆزى چوڭ ياشلىقلارنىڭ كىچىك بالىلارنى ئاتىشىدا ئىشلىتىلمەيدۇ (يەنى بۇ ھالدا، «جان» سۆزىنى قوشۇپ ئاتاش ئومۇمىيراق.) بەزى رايونلاردا (مەسىلەن، ئاقسۇدا) «گۈل» سۆزى «بېشىدا تاز چاقىسى بار» دېگەن ئۇقۇمغىمۇ ئىما قىلىدىغان ئاتالغۇ بولغاچقا، ئادەتتە كىچىك قىزلارنىڭ ئىسمى ئاخىرىغىمۇ «خان» سۆزى قوشۇلۇپ ئىززەتلەش تۇيغۇسى ئىپادىلىنىدۇ. مۇتلەق كۆپچىلىك رايونلاردا، خۇسۇسەن شەھەرلەردە، قىزلارنىڭ ئىسمى ئاخىرىغا «خان» قوشۇلمايدۇ، بەلكى «قىز» ياكى «گۈل» سۆزى قوشۇلۇپ ئىززەتلىنىدۇ. ياشتا چوڭ (كەم دېگەندىمۇ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغان) ياكى ياشانغان ئاياللارنىڭ ئىسمى ئاخىرىغا بولسا، «خان» قوشۇلۇپ ھۆرمەت مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا ئىسىملەنگۈچى شۇغۇللىنىۋاتقان كەسىپ، ھۈنەر نامىنى ياكى شۇ شەخس ئېرىشكەن ئۇنۋان ۋە شۇ ئاساستىكى شەرەپ نامىلىرىنى قوشۇپ ئاتاشمۇ ھۆرمەتلەپ ئاتاش كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. بۇ خىل ئاتاش ئادەتتە ياش پەرقىنى شەرت قىلمايدۇ. مەسىلەن، ئەخمەت مۇئەللىم، قادىر دوختۇر، توختى تۆمۈرچى، سەلىمە ئىنژېنېر، دىلدار دىكتور دېگەنلەرگە ئوخشاش. مۇنداق نامىلارنىڭ بەزىلىرى ئىسىملارنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان ئادەتمۇ بار. مەسىلەن، شائىر لۇتپۇللا، رەسسام ئابدۇكېرىم، يازغۇچى ئەخەت، كومپوزىتور ئوبۇلھاشىم، پىروفېسسور خەمىت دېگەنلەرگە ئوخشاش.



ئۇيغۇر كىتاب بېكىتى www.uyghurkitap.com

زىيالىيلار تەبىقىسىگە خاس كىشىلەر ئادەتتە ھۆرمەتلىنىپ ئاتالسا، ئىسمىنىڭ كەينىگە «ئەپەندى، ئەپەندىم، خانىم» سۆزلىرىمۇ قوشۇلۇپ ئېيتىلىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا، «ئۇستا / ئۇستام» سۆزىنى ھۆرمەت مەنىسىدە ئىسىملارغا قوشۇپ ئاتاش ئادەتتە، قول ھۈنەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى كۆرسىتىش دائىرىسىدىلا چەكلىنىدۇ. ھۆرمەتلىدىم دەپ كۆرگەنلا ئادەمنى «ئۇستام» دەپ ئاتاش ئادىتى يوق.

ئۈچىنچى، ئەركىلىتىپ ئاتاش. بۇ ئاساسەن چوڭ ياشتىكىلەرنىڭ كىچىك ياشتىكىلەرنى، خۇسۇسەن باللارنى ئەزىزلەپ ئاتىشى بولۇپ، بۇنىڭغا يەنە ئامراقلىق، ئەركىلىتىش ۋە يېقىن كۆرۈش تۇيغۇسى مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ. ئەركىلىتىپ ئاتىغاندا، ئادەتتە ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا «ـ ئەم / ـ ئۇم / ـ ئىم / ـ ىم» شەكلىدىكى بىرىنچى شەخس ئىگىلىك (تەۋەلىك) قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەسلىدىكى ئىسىم | ئەركىلەتمە شەكلى |
|---|---|
| ئابدۇللاھ | ئابدۇللام |
| سەيدۇللا | سەيدۇللام |
| ھېيىت | ھېيتەم |
| ئەخەت | ئەخەتەم ـ ئەختەم |
| قادىر | قادىرەم، قادىرىم |
| ياسىن | ياسىنەم، ياسىنىم |
| ئامىنە | ئامىنەم |
| خەلىچە (ئەسلى «خەدىچە») | خەلىچەم، خەلچەم |
| پاتە («فاتىھە» ـ ئاچقۇچى) | پاتەم |
| غۇنچە | غۇنچەم |
| نۇر | نۇرۇم |



تۆتىنچى، سەتلەپ ئاتاش. سەتلەش، چۇشۇرۇش، كۆزگە ئىلماسلىق ياكى ياراتماسلىق قاتارلىق تۇيغۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بۇ خىل ئاتاش ئادەتتە ياش پەرقى ۋە جىنس ئايرىمىسىنى شەرت قىلمايدۇ. سەتلەپ ئاتىغاندا، ئومۇمەن ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا «ـ ئاق / ـ ئەق / ـ ئەك / ـ ئوق / ـ ك» شەكلىدىكى قوشۇمچە ياكى «ـ ئەش / ـ ئۇش / ـ ئىش / ش» شەكلىدىكى قوشۇمچە قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەسلىدىكى ئىسىم | سەتلىمە شەكلى |
|---|---|
| تۇر | تۇراق، تۇرەك، تۇرەش |
| نۇر | نۇراق، نۇرەك، نۇرەش |
| تۇردى | تۇردىش، تۇردۇش،تۇردەش |
| موللا | موللاق، موللەك، موللەش |
| مۇسا | مۇساق |
| خوجا | خوجاق، خوجەك، خوجەش |
| پاتە | پاتەك، پاتەش |
| سارە | سارەك، سارەش |
| پاتىمە | پاتىمەك، پاتىمەش |

بەشىنچى، قىسقارتىپ ئاتاش. كۆپ ئەسىرلىك ئىستېمال ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ئۇيغۇرلاردا تەلەپپۇزغا بىنائەن كېلىدىغان، ھازىر جاۋابلىقتا يارىمايدىغان كۆپ تەركىبلىك ۋە قوش تەركىبلىك ئىسىملارنى قىسقارتىپ بىر تەركىبلىك قىلىپ ئاتاشتەك بىر خىل خاس ئادەت شەكىللەنگەن. بۇ خىل قىسقارتىپ ئاتاش ئادىتى نەتىجىسىدە، ئەسلىدىكى بىر ئىسىم بىر قانچىگە بۆلۈنۈپ، مۇئەييەن شارائىتتا، ئايرىم ـ ئايرىم كىشى ئىسىملىرى بولۇپمۇ خىزمەت قىلغان. مەسىلەن:

| ئەسلىدىكى ئىسىم | قىسقارتما |
| --- | --- |
| ئۇبەيدۇللاھ | ئەبەيدۇل، ئەبەي |
| ئابدۇللاھ | ئابلا، ئابدۇل |
| سەيپۇللا | سەيپۇل، سەيپى |
| ئابدۇرۇسۇل | رۇسۇل |
| ئابدۇسوپۇر | سوپۇر |
| ئابدۇكېرىم | كېرىم |
| ئەبۇلقاسىم | ئوبۇل، قاسىم |
| ھەمدۇللاھ | ھەمدۇل |
| سەيدۇللاھ | سەيدۇل |

يۇقىرىقىدەك ئاتاش ئادەتلىرى ئىستېمال ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ سوستاۋىدا بەزى ئالاھىدىلىكلەرنىمۇ شەكىللەندۇرگەن. ئۇلارنىڭ مۇھىملىرى دەپ تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

1) ھۆرمەتلەپ ئاتاش ئادىتى ئاز بولمىغان بىر تەركىبلىك ئىسىملارنى تەدرىجىي ھالدا قوش تەركىبلىك ئىسىملارغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. مەسىلەن:

| ئەسلىدە | كېيىن |
| --- | --- |
| مۇھەممەد | مۇھەممەتجان |
| ئوسمان | ئوسمانجان |
| قەمەر | قەمەرگۇل، قەمەرنىسا |
| نورۇز | نورۇزاخۇن (نورۇز ئاخۇن) |
| سارە | سارىخان، سارىگۇل |
| زەيتۇن | زەيتۇنگۇل، زەيتۇنئاي |



2) ئەركىلىتىپ ئاتاش ئادىتى تۈپەيلىدىن، ئەسلىدىكى بىر تەركىبلىك ئىسىملارغا ئەركىلىتىش قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھاسىل بولۇپ، قېتىپ قالغان بىر قىسىم قاتما كىشى ئىسىملىرى مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن، غۇنچەم، نۇرۇم، ھېيتەم، ئەختەم، ئايىم، سىيتەم، پاتەم دېگەنلەرگە ئوخشاش.

3) سەتلەپ ئاتاش ئادىتى تۈپەيلىدىن ھاسىل بولغان خېلى بىر بۆلەك كىشى ئىسىملىرى ئىستېمال ئەمەلىيىتى جەريانىدا بارا - بارا ئۆزىدىكى سەتلەش مەنىسىنى يوقاتقان ياكى كىشىلەر تەرىپىدىن خۇسۇسەن ئوچۇق كۆڭۈل، چاقچاقچى، قوپال، سۆزگە قاش - كىرپىك چىقىرىپ تەكەللۇپ قىلىشنى بەك ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغان يېزا خەلقى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. نەتىجىدە، بۇ خىل ئىسىملار خۇددى ئىسىملارنىڭ ئەركىلەتمە شەكلىگە ئوخشاشلا ئىشلىتىلىۋېرىدىغان بولۇپ كەتكەن. مەسىلەن، ئوسمان موللەك، غوجەك خۇدابەردى، تۇراق داۋۇت، ئەمەت نۇراق، تۇرەك ناۋات دېگەنلەرگە ئوخشاش.

4) قىسقارتىپ ئاتاش ئادىتى سەۋەبىدىن، بىر قاراشقىلا ئېتىمولوگىيەسىنى كۆرسىتىپ بېرىش قىيىن بولغان بىر بۆلەك كىشى ئىسىملىرى شەكىللىنىپ، كىشىلەر ئىستېمالىغا سىڭىپ كەتكەن. مەسىلەن، سېتى («سېتىۋالدى»دىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن)؛ ئوبۇل («ئەبۇلھەسەن — ھەسەننىڭ دادىسى؛ ئەبۇلقاسىم — قاسىمنىڭ دادىسى» دېگەندەكلەرنى قىسقارتىپ ئاتاشتىن شەكىللىنىپ قالغان بولۇشى ئېھتىمال)؛ زىياۋۇل («زىيائۇللاھ، زىياۋۇللاھ، زىياۋۇلھەق — ئاللاھنىڭ نۇرى» دېگەنلەرنىڭ قىسقارتىلمىسى ھەر ھالدا)؛ نۇرمەت («نۇرى مۇھەممەد»نىڭ قىسقارتىلما شەكلى) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

5) ئۇيغۇرلارنىڭ كىشى ئىسىملىرىنى ئاتاشتىكى ئۆزىگە خاس ئادەتلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سوستاۋىدا ھەم كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ كېلەيدىغان ھەم كىشى ئىسىملىرىنىڭ ھۆرمەت - ئىززەت شەكلىنى ھاسىل قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان، شۇنداقلا كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ باشقا يېڭى بىر ئىسىم ياساش رولىنىمۇ ئوينايدىغان كۆپ ۋەزىپىلىك تەركىبلەرنى شەكىللەندۈرگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى بۇ خىل كۆپ ۋەزىپىلىك تەركىبلەرنىڭ مۇھىملىرى دەپ «ئاخۇن، جان، ھاجى، خان، قىز، نىسا، گۈل» سۆزلىرىنى كۆرسىتىش مۇمكىن. ئالايلۇق:

(1) ئەرلەرنى ھۆرمەتلەپ ئاتاشتا قوللىنىلىدىغان «ئاخۇن، ھاجى، جان» سۆزلىرى، كېيىنچە مۇستەقىل ھالدىلا ئەر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئۆزى ياكى ئاساسىي گەۋدىسى قىلىپمۇ ئىشلىتىلىدىغان بولغان. مەسىلەن، ھاجى ياقۇپ، ھاجى ئەخمەت، ھاجى نۇرھاجى (ئاستى سىزىلغانلار ئىسىملەنگۈچىنىڭ ئۆز ئىسمى)؛ ئاخۇنباي، ئاخۇنھاجى، جانباي، جاناخۇن (يەنى جان ئاخۇن) دېگەنلەرگە ئوخشاش. قىز - ئاياللارنى ھۆرمەتلەپ ئاتاشتا ئىشلىتىلىدىغان «خان، قىز، گۈل، نىسا» سۆزلىرى بولسا، قىز - ئاياللار ئىسمىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى قىلىپ ئىشلىتىلىدىغانمۇ بولغان. مەسىلەن: خانگۈل، خانقىز، گۈلخان، گۈلقىز، نىساخان، نىساگۈل» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

(2) «ئاخۇن، جان، ھاجى» سۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىستېمالدا، خۇسۇسەن يېزىق تىلى ئىستېمالىدا يېڭىدىن ئەر كىشى ئىسىملىرىنى ياسايدىغان قوشۇمچە بولۇپ خىزمەت قىلغانلىقى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەسلىدىكى ئىسىم | ياسالما ئىسىملار |
|---|---|
| ئەلى / ئېلى | ئېلىجان، ئېلاخۇن (ئېلى ئاخۇن) |
| مۇھەممەد | مۇھەممەتجان، مەمتاخۇن(مۇھەممەتئاخۇن) |
| ئوسمان | ئوسمانجان، ئوسمىناجى (ئوسمان ھاجى) |



روشەنكى، يېزىق تىلى ئىستېمالىدا، يۇقىرىدىكى «ئېلىجان، ئېلاخۇن»لارنى «ئېلى» دېگەن ئىسىم بىلەن، «ئوسمانجان، ئوسمىناجى» دېگەنلەرنى بولسا، «ئوسمان» دېگەن ئىسىم بىلەن بىر ئىسىم دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئەمەلىيەتتە «جان، ئاخۇن، ھاجى» قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئايرىم - ئايرىم ئىسىملار بولۇپ ئۆزلىشىپ كەتكەچكە، بىرى يەنە بىرىگە تەڭ قىلىنسا، ئىسىم ئىگىسى نارازى بولىدۇ، قوشۇلمايدۇ، ئەلۋەتتە.

شۇنىڭغا ئوخشاشلا، «گۈل، نىسا، قىز، خان» سۆزلىرىنىڭ ئايال ئىسىملىرىنى ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىمۇ ئېنىق. ئالايلۇق، «تۇر، نۇر، تۇردى، تۇرسۇن، توختى، نىياز» قاتارلىق ئىسىملار ئادەتتە ئەرلەرگە قويۇلىدۇ. بىراق، مەزكۇر ئىسىملارغا «خان، گۈل، قىز، نىسا» سۆزلىرى قوشۇلسا، ئۇلار خوتۇن - قىزلار ئىسىملىرىغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن: تۇرخان (تۇخان)، تۇردىخان، تۇرسۇنخان، تۇرسۇنگۈل، توختىخان، توختىقىز، توختىگۈل، نىيازگۈل، نىيازخان دېگەنلەرگە ئوخشاش.

«ئاخۇن، جان» سۆزلىرى ئېغىز تىلىدا ھەرقانداق ئەر كىشىنىڭ ئىسمى ئاخىرىغا قوشۇپ ئېيتىلىۋېرىدۇ. ئوخشاشلا «خان، قىز، نىسا، گۈل» سۆزلىرىمۇ ئېغىز تىلىدا (ياش پەرقىگە قاراپ) خوتۇن - قىزلار ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ ئېيتىلسا بولىدۇ. بۇ ھالدا بۇلار پەقەت ھۆرمەت، ئىززەت، ئەدەپ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ كىشى ئىسىملىرىنى يەككە ئاتىشىدا چوڭغا ھۆرمەت، كىچىككە ئىززەت، دوستقا مۇھەببەت، رەقىبكە نەپرەت تۇيغۇسى ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى

مۇشۇ خىل كىشى ئىسىملىرىنى يەككە ئىشلەتكەندە، ئىسىملەنگۈچىگە بولغان ھېس - تۇيغۇسىنى قوشۇپ ئاتاش ئادىتى ئاخىرىغا كېلىپ، كىشى ئىسىملىرىنىڭ قۇرۇلما تەركىبىدە يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك خاس ئۆزگىچىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەن.

## §7. ئۇيغۇرلاردا تەخەللۇس، لەقەم ۋە فامىلە قوللىنىش مەسىلىسى

### 1. تەخەللۇس

«تەخەللۇس» چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئەرەبچىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆز بولۇپ، ئۇ شۇ دەۋردە ئىشلىتىلگەن «لەقەب، مۇلەققەب» دېگەن سۆزلەر بىلەن بىرگە كىشىلەرنىڭ، خۇسۇسەن قەلەمكەشلەرنىڭ، زىيالىيلارنىڭ ئۆز ئىسىم - فامىلىسىدىن باشقا قويۇۋالغان قەلەم ئىسمىنى كۆرسىتىدىغان ئاتالغۇ بولۇپ خىزمەت قىلغان. شۇڭا، ئەلىشىر نەۋايى بەزى ئەسەرلىرىدە ئۆزىنى «ئەلىشىرۇل مۇتەخەللۇس بىننەۋائى (يەنى نەۋايى تەخەللۇسلۇق ئەلىشىر)» دەپ ئاتىسا («مەھبۇل قۇلۇب»)، يەنە بەزى ئەسەرلىرىدە «ئەلىشىرۇل مۇلەققەب بىننەۋائى (نەۋايى لەقەبلىك ئەلىشىر)» دەپ ئاتايدۇ («مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين».) ھېلىمۇ زىيالىيلار تىلىدا «تەخەللۇسى» دېگەن سۆزنى «ئەدەبىي لەقىبى» دەپ ئىشلىتىش ئادىتى بار.

ئىزدىنىپ قارايدىغان بولساق، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان تەخەللۇسلار ئومۇمەن قىلغاندا، تۆۋەندىكىدەك سۆزلەردىن تەشكىل تاپقانلىقىنى بايقايمىز:

بىرىنچى، ئىسىم سۆزلەردىن قويۇلغان تەخەللۇسلار. مەسىلەن، تەۋفىق (غالىبىيەت، مۇۋەپپەقىيەت)، قەلەندەر، گۇمنام، مەشرەپ، قايىنام ئۆركىشى، باغراش، كىروران، زۇلپىقار دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئىككىنچى، سۈپەت سۆزلەردىن قويۇلغان تەخەللۇسلار. مەسىلەن، لۇتفىي (مەرھەمەتلىك)، سەبۇرىي (سەۋرچان)، تەجەللىي (جۇلالىق)، سۇزۇك، يارقىن، شەۋقىي (تەشنا بولغان)، تەشنائىي، ساباھىي (سەھەرچى)، ئۆتكۈر دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئۈچىنچى، سۆز ئاخىرىغا «- ئى» قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق سۈپەتلەشتۈرۈلگەن يەر - جاي ناملىرىدىن قويۇلغان تەخەللۇسلار. مەسىلەن، كاشغەرىي (قەشقەرلىق)، فارابىي (فارابلىق)، خارەزمىي (خارەزملىك)، خوتەنىي (خوتەنلىك)، يېڭىسارىي (يېڭىسارلىق)، ياركەندىي (يەركەنلىك)، لەمجىنىي (لەمجىنلىك)، سايرامىي (سايراملىق)، ئارتۇجىي (ئارتۇشلۇق)، بەشكىرەمىي (بەشكېرەملىك) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

تۆتىنچى، سۈپەت ياكى سۈپەتداش سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا «- ئى» قوشۇمچىسىنى قوشۇش بىلەن ھاسىل قىلىنغان تەخەللۇسلار. مەسىلەن، زەلىلىي، جەلىلىي، غەرىبىي، كاتىبىي، كەرىمىي، ئەزىزىي دېگەنلەرگە ئوخشاش. مەزكۇر سۆزلەرنىڭ «- ئى» سىز شەكىللىرىنىڭ ئۆزى ئەسلىدە سۈپەت ياكى سۈپەتداش سۆزلەر بولۇپ، مەنىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا «ھەممىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان، ئۇلۇغ، غۇربەتچى، يازغۇچى، كارامەتلىك، ئەزىز» دېگەن بولىدۇ.

ھازىرغىچە، تەخەللۇس قوللىنىش گويا زىيالىيلار تەبىقىسىگىلا خاس ئالاھىدە ئىمتىياز بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ئاۋام خەلقلەر ئارىسىدا ئومۇملىشالمىغان. بۇ بىر تەرەپتىن كەڭ پۇقرالارنىڭ تەخەللۇس قويۇشقا ھاجىتى چۈشمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن تەخەللۇسنىڭ تەرەققىي قىلىپ «فامىلە» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلمىگەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## 2. لەقەم

«لەقەم» سۆزى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى «لەقەب» ئاتالغۇسىنىڭ جانلىق تىلدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش قىلىپ ئۆزلەشكەن شەكلىدۇر. مەزكۇر ئاتالغۇ ھازىر خەنزۇ تىلىدىكى «绰号, 外号» سۆزلىرىگە تەڭ قىلىپ ئىشلىتىلمەكتە.

«لەقەم» مۇ، «تەخەللۇس» مۇ ئوخشاشلا كىشىلەرگە ئۆز ئىسىم - فامىلىسىدىن باشقا قويۇلغان ئىككىنچى بىر ئاتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەزكۇر ئىككى ئاتالغۇنىڭ تۈپكى ئۇقۇم جەھەتتىكى ئورتاقلىقى. ئەمما، «تەخەللۇس» خاس زىيالىيلارنىڭ، خۇسۇسەن قەلەمكەشلەرنىڭ «قەلەم ئىسمى» (笔名) نى كۆرسىتىدۇ؛ «لەقەم» بولسا، ھەرقانداق ئادەمنىڭ (مەيلى ئۇ زىيالىي بولسۇن ياكى دېھقان) ئۆز ئىسىم - فامىلىسىدىن باشقا قويۇلغان نامنى كۆرسىتىدۇ. «تەخەللۇس» ئاشۇ تەخەللۇس ئىگىسىنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن قويۇلغان بولىدۇ. «لەقەم» بولسا، ئادەتتە باشقا كىشىلەر تەرىپىدىن قويۇلغان بولىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ كونكرېت ئۇقۇم جەھەتتىكى پەرقى. ئۇنىڭدىن باشقا، «لەقەم» ئۆزىنىڭ ئاممىۋى ئاساسىنىڭ كەڭ، ئۇقۇمچانلىقىنىڭ كونكرېت ۋە جانلىق بولۇشى بىلەنمۇ «تەخەللۇس»تىن پەرقلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان لەقەملەرنى مەنە دائىرىسى بويىچە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن:

1) شۇغۇللىنىۋاتقان ھۈنەر - كەسپىنىڭ نامىنى شۇ كىشىنىڭ ئىسمى بىلەن بىرگە ئاتاش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن لەقەملەر. مەسىلەن:

قاسساپ، باققال، تۆمۈرچى، ياغاچچى، ناۋاي (نانۋاي)، مانتىپەز، ھارۋىكەش، كارۋان (ياكى كارۋانچى)، بۆكۈن (ياكى بۆكەن — كونىچە نەزىر - نۈزرەت ئىشلىرىدا گۆش قاتارلىق نەرسىلەرنى تەقسىملىگۈچى).



2) كىشىلەرنىڭ چىراي شەكلى، تەق - تۇرقى، بەدەن ئەزالىرىدىكى دەرھال كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارغا قاراپ قويۇلغان لەقەملەر. مەسىلەن:

قارا، سېرىق، ساقال، بۇرۇت، كوسا، قاراقاش، ئۇزۇن (ياكى ئۇزۇنتۇرا)، توقماق (ياكى كالتەك: پاكار مەنىسىدە)، بۇرۇن (بۇرنى يوغان مەنىسىدە.)

3) كىشىلەرنىڭ مىجەز - خاراكتېرىگە قاراپ قويۇلغان لەقەملەر. مەسىلەن:

سەپرا، قىزىلمۇچ (ئاچچىقى يامان مەنىسىدە)، ياۋاش، ئالدىراڭغۇ، ئېغىر، مۆرىمەس، كاسكاس، مىس - مىس...

4) يەر - جاي ناملىرىدىن ئېلىپ قويۇلغان لەقەملەر. بۇنىڭدا ئادەتتە بىر يۇرتقا باشقا يۇرتتىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار بولسا، ئۇلارغا ئاشۇ كەلگەن ئەسلى يۇرتىنىڭ نامىنى لەقەم قىلىپ قويۇش ئەھۋالى كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

روزى خوتەن، مۇھەممەت يەركەن، ئوسمان ئوپال، ماناپ دولان...

5) ھايۋانات ياكى ئۇچار قاناتلار ناملىرىدىن ئېلىپ قويۇلغان لەقەملەر. بۇ خىل لەقەملەر ئارقىلىق ئادەتتە، لەقەملەنگۈچىنىڭ شۇ ھايۋان ياكى ئۇچار قاناتقا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بەلگىلىك بىر خۇسۇسىيىتى، مۇئەييەن ئالاھىدىلىكى مۇبالىغىلىك ھالدا ئىما قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەخەت بۆرە، مۇسا يولۋاس، سەمەت موزاي، قادىر توشقان، تۇردى پاشا، ئاينۇر ۋىتۋىلداق، ماينۇر تورغاي، تۇرسۇن قۇشقاچ، توختى توخۇ، مەمتىمىن قاغا، ۋاھىتجان تۆگە، كامال كالا، غېنى تۈلكە...

ئۇنىڭدىن باشقا پۈتكۈل بىر نەسەبنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە، لەقەملەرنىڭ ئاخىرىغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى «لار / لەر» نى قوشۇپ ئاتاشمۇ بىر قەدەر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئادەت. مەسىلەن:

كۆچەكلەر، كەنجەكلەر، دۆرەنلەر (يەنى دەۋر سۈرگەنلەر)، بۆكەنلەر...

ئۇيغۇرلاردا، بىر ئادەم ياكى بىر نەسەب كونكرېت بىر لەقەم بىلەن ئاتالغاندىن باشقا، بىر رايون، پۈتكۈل بىر يۇرت خەلقى ئورتاق بىر لەقەم بىلەن ئاتىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. مەسىلەن: تارانچىلار، كاۋىلار، جاھىللار، چوماقچىلار..

ئۇيغۇرلاردا، «لەقەمنى خىزىر ئەلەيھىسسالام قويىدۇ» دېيىدىغان بىر گەپ بار. بۇ سۆزدىن بىر ئادەمگە قويۇلغان لەقەم ئاشۇ لەقەملەنگۈچىنىڭ تەق ـ تۇرقى، مىجەز ـ خۇلقى، تىپىك ئالاھىدىلىكىنى ئوبرازلىق ۋە قايىل قىلارلىق ئىپادىلەپ بېرەلىسە، ئاندىن سىڭىدۇ ۋە ئومۇملىشالايدۇ، دېگەن مەنە چىقىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلاردا، خۇسۇسەن ئەرلەردە لەقەمسىز ئادەم يوق دېيىشمۇ بولىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا، لەقەملەنگۈچىنىڭ ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلغان لەقەملەر (مەيلى ئۇ ئۇچۇرۇش ياكى چۈشۈرۈش مەنىلىك بولسۇن) ئوخشاش ئىسىملىك كىشىلەرنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش رولىدىن باشقا، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا يۇمۇر ۋە چاقچاقا يىپ ئۇچى بولۇپ، ئولتۇرۇشنى قىزىتىش رولىنى ئويناپ كېلىۋاتقانلىقىمۇ ئەمەلىيەت. بىراق، قىسمەن لەقەملەردە، لەقەم ئارقىلىق ئوبيېكتنى چۈشۈرۈش، كەمسىتىش خاھىشى ئېغىرراق بولغاچقا، ئاشكارا سورۇنلاردا ۋە لەقەملەنگۈچىنىڭ ئالدىدا ئېيتىلمايدۇ. مۇنداق لەقەملەر ئەمەلىيەتتە، بىراۋنىڭ دۇمبىسىگە باشقىلار تەرىپىدىن تۇيدۇرماي يېزىپ قويۇلغان خەتكە ئوخشىشىدۇ، خالاس.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلاردا لەقەم قويۇش ۋە لەقەم ئىشلىتىش ئادىتى فامىلە قويۇش ۋە ئىشلىتىشكە قارىغاندا ئىستېمال دائىرىسى كەڭ، ئاممىۋى ئاساسى چوڭقۇر بولۇپ كەلمەكتە. ھازىرغىچە، ئۆز ئەجدادىنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسىغا ۋارىسلىق



قىلغانلار يوق دېيەرلىك. بىراق، ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ لەقەملىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئەۋلادلار مىڭلاپ، ئون مىڭلاپ تېپىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاشۇنداق خەلق ئىچىدە كەڭ دائىرىگە ئىگە بولۇپ كەتكەن لەقەملەرنى «ئەل ئىچىدىكى فامىلە» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ.

## 3. فامىلە

فامىلە ــ بىر ئائىلىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئورتاق قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولغان بىر جەمەت (家族) سىستېمىسىنىڭ نام بەلگىسى ياكى نەسەب نامى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار تا ھازىرغىچە فامىلە قوللىنىشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرالمىغان ياكى ئومۇمىيۈزلۈك فامىلە قوللىنىشنى يولغا قويمىغان مىللەتلەر قاتارىغا كىرىدۇ. چۈنكى، بىز ھازىر ئۆز ئىسمىمىزغا قوشۇپ ئېيتىپ (يېزىپ) كېلىۋاتقىنىمىز فامىلە ئەمەس، ئۇ پەقەت دادىمىزنىڭ ئىسمى. ئۇ پۈتكۈل بىر جەمەتنىڭ ئەمەس، بەلكى پەقەت بىر ئائىلىنىڭلا يېرىم بەلگىسى، خالاس.

بىراق، ئۇيغۇرلاردا ئەزەلدىن تارتىپ فامىلە ئۇقۇمى بولمىغانمۇ ئەمەس. بەزى ئالىملار قەدىمكى دەۋر ئۇيغۇرلىرىدا قەبىلە ناملىرىنى ئۆز ئىسىملىرىنىڭ ئالدىغا قوشۇپ ئاتاش ئادىتىنىڭ بولغانلىقىنى ۋە مەزكۇر قوشۇپ ئاتالغان قەبىلە ناملىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە فامىلە ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. مەسىلەن، قارلۇق ئەرۋۇز، بارغۇت كۈن، باسمىل سارىغ دېگەنلەرگە ئوخشاش (بۇ يەردىكى «قارلۇق، بارغۇت، باسمىل» دېگەنلەر قەبىلە نامى.) ئىسلامىيەتتىن كېيىن بولسا، يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ بولغان بەزى كىشىلەر مەخسۇس ئاتالغۇلارنى ئەجدادتىن ئەۋلادقىچە ئۆزگەرتمەي ئىزچىل ھالدا ئۆز ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ ئىشلەتكەن. ئالايلۇق،



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئافاق خوجا ئەۋلادلىرى «خوجا» سۆزىنى ئۆزلىرىنىڭ فامىلىسى ئورنىدا ئىشلەتكەن بولسا، قومۇل ۋاڭ جەمەتىدىكىلەر «غازىي» (ئىسلام غازاتچىسى) سۆزىنى ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىگە فامىلە قىلغان. مەسىلەن، مۇھەممەد شاھ غازىي (ئۆزى)، يارمۇھەممەد غازىي (دادىسى)، باقى غازىي (بوۋىسى)، ئىبراھىم غازىي (ئۇلۇغ بوۋىسى) دېگەنلەرگە ئوخشاش. («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1989 ـ يىللىق 2 ـ سان 11 ـ بەت) بىراق، بۇ پەقەت قىسمەنلىك بولۇپ، مۇتلەق كۆپچىلىك يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى، زىيالىيلار ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا فامىلە قوللىنىش ئومۇمىيۈزلۈك ئادەتكە ئايلانمىغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقان يېڭى ئەنئەنە بويىچە، ئۇيغۇرلاردىمۇ ئاتىسى ياكى بوۋىسىنىڭ ئىسمى ئاخىرىغا «ـ ئوۋ / ـ ئوپ» (‹ئوغلى› مەنىسىدە) ۋە «ـ ئوۋا» (‹قىزى› مەنىسىدە) قوشۇمچىلىرىنى قوشۇپ ئۇنى مۇقىم فامىلە قىلىش تەۋسىيە قىلىنغان ۋە بۇ تەشەببۇس ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە زىيالىيلار، سودىگەرلەر ۋە تەرەققىيپەرۋەر دىنىي زاتلار ئارىسىدا خېلىلا كەڭ ھىمايىگە ئېرىشىپ، ئومۇملىشىش تۈسىنى ئالغان. بىراق، كونكرېت نىزام، ئېنىق بېكىتمە بولمىغاچقا، كەڭ ئاما، خۇسۇسەن دېھقانلار ئاممىسى بۇ ئىشنىڭ سىرتىدا قالغان. نەتىجىدە ئۇ تەشەببۇس ئاخىرقى ھېسابتا ئەمەلگە ئاشمىغان.

1949 ـ يىلىدىن كېيىن، خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ھاياتىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا، خەلقنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ كەلدى. مۇشۇ سەۋەبتىن، خەلق ئارىسىدا مۇقىم فامىلە قوللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەشەببۇسى ۋە تەلىپى كۈنسېرى كۈچەيمەكتە.



نۇرغۇن كىشىلەر، خۇسۇسەن زىيالىيلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەتلىرىدىن دەپ تونۇلۇپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇنداق فامىلىسىز كېتىۋېرىشىنى بىر خىل نۇقسان ۋە كەمچىلىك دەپ ھېسابلىماقتا.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر كىشى ئىسىمشۇناسلىقى تەتقىقاتىمۇ يېڭى يۈكسىلىشلەرگە ئېرىشتى. بەزى تىلشۇناسلار، تەزكىرىچىلەر مەخسۇس ئىزدىنىپ، ئۇيغۇر ئىسىمشۇناسلىقىنىڭ تۈرلۈك ئەھۋاللىرى ھەققىدە نەتىجىلىك ئەمگەكلەرنى ئېلان قىلدى. شۇ جۈملىدىن، ئومۇمىيۈزلۈك مۇقىم فامىلە قوللىنىش مەسىلىسى ھەققىدىمۇ ياخشى تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ خىل تەكلىپلەر ئاساسەن مۇنداق ئىككى نۇقتىغا مەركەزلەشتى: بىرى، بىر ئائىلە، شۇنداقلا پۈتۈن جەمەتتىكىلەر مەسلىھەتلىشىپ بىر سۆزنى (مەيلى ئۇ ئادەم ئىسمى، تاغ ـ دەريا ئىسمى ياكى يەر ـ جاي نامى بولسۇن) ئۆزلىرىگە فامىلە قىلىپ بېكىتىش، يەنى بىر ئادەمنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى ئۇنىڭ ئۆز ئىسمى بىلەن فامىلىسىدىنلا تەركىب تاپقان بولۇش، يەنە بىرى بولسا، ئەرەبلەرنىڭ ئۈچ ئىسىم (يەنى ئەلئىسمۇس سۇلەسا) قوللىنىش ئادىتىنى قوبۇل قىلىش، يەنى بىر ئادەمنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى «ئۆزىنىڭ ئىسمى + دادىسىنىڭ ئىسمى + فامىلە»دىن تەركىب تاپقان بولۇش دېگەندىن ئىبارەت. ئىخچاملىق زۆرۈرىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىرىنچى تەكلىپ نىسبەتەن مۇۋاپىق، ئەلۋەتتە.

دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك فامىلە قوللىنىشنى يولغا قويۇش تەجرىبىسى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، بىر مىللەتتە ئومۇمىيۈزلۈك فامىلە قوللىنىش مۇئەييەن مەمۇرىي پەرمانسىز ئىشقا ئاشمايدۇ. ھالبۇكى، ئىسلاھات ئېلىپ كەلگەن مەدەنىيەت گۈللىنىشىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك فامىلە قوللىنىشتىن ئىبارەت بۇ زور ئىشى مۇناسـ

ۋەتىلىك ئورگانلىرىمىزنىڭ ئېنىق بېكىتمە چىقىرىشى بىلەن پات پۇرسەتتە ئەمەلگە ئاشقۇسى.

## §8. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە نۆۋەتتىكى يۈزلىنىش

ئۆز تەركىبىنىڭ لېكسىكا ۋە سېمانتىكا جەھەتتە نىسبەتەن مۇقىملىقى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، كىشى ئىسىملىرى قىلىپ قوللىنىلىدىغان سۆزلەر شۇ تىلنىڭ ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرىدۇ. كىشى ئىسىملىرى قىلىپ قوللىنىلىدىغان سۆزلەر ئادەتتە، سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى، ھاكىمىيەتنىڭ ئالمىشىشى تۈپەيلىدىن دەرھال ئۆزگىرىدىغان سىياسىي ئاتالغۇغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئەجدادتىن ئەۋلادقا ئەينەن يەتكۈزۈلگەن ياكى قىسمەن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش قىلغان، ئەمما مەنىسىنى يوقاتمىغان ھالدا قوللىنىلىدۇ. ھازىرقى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەركىبىدىكى «توختى، تۇردى، تۇرسۇن، تويبولدى، يولبولدى» دېگەندەك ئىسىملارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئەينەن ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقانلىقى، «مۇھەممەد» قاتارلىق ئىسلامچە ئىسىملارنىڭمۇ ئون ئەسىردىن بۇيان ئىزچىل ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

بىراق، كىشى ئىسىملىرى گەرچە كىشىلەرنىڭ سىياسىي قىياپىتىنى ئىپادىلەيدىغان سالاھىيەت نامى ئەمەس، بەلكى بىر ئادەمنى يەنە بىر ئادەمدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نام بەلگىسى بولسىمۇ، ئوخشىمىغان زامان، ئوخشىمىغان دەۋر ۋە بۇ دەۋرلەردىكى ئاڭ - ئەقىدىلەر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئومۇمىي سوستاۋىغا تەسىر كۆرسەتمەيمۇ قالمايدۇ. مۇنداقچە



قىلىپ ئېيتقاندا، كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىدە، شۇ مىللەت كىشىلىرى بېشىدىن كەچۈرگەن دەۋرلەر ۋە شۇ دەۋرلەردىكى سىياسەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئىزنالىرى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئالايلۇق، بۇددىزىم دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلاردا سانسكرىتچە ئىسىملارنىڭ كۆپ قوللىنىلغانلىقى، ئىسلامىيەتتىن بۇيانقى ئۇيغۇرلاردا بولسا، ئەرەبچىدىن، خۇسۇسەن قۇرئان كەرىمدىن كىرگەن ئىسىملارنىڭ كۆپ قوللىنىلىۋاتقانلىقىنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئەمدى، ئۇيغۇر جەمئىيىتى سوتسىيالىزم دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن بۇيانقى 50 نەچچە يىللىق ئەھۋاللارغا نەزەر سالىدىغان بولساق، يېڭى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭىغا ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىغا بولغان تەسىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ كىشى ئىسىملىرى سىستېمىسىدىمۇ زامانغا ماس ھالدىكى يېڭى يۈزلىنىشلەرنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋە كېلىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. بۇ خىل يېڭى يۈزلىنىشنى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، بۇرۇنقى زامانلاردا «بالىنى كۆز تېگىشتىن ساقلايدۇ، پەرزەنت چاچراپ كەتمەيدۇ، سالامەت چوڭ بولىدۇ» دېگەن كونا چۈشەنچە بويىچە قويۇلىدىغان «يانتاق، چاۋار، سۈپۈرگە، پالتا، بوسۇغا، ئەخلەت» دېگەندەك ئىسىملار تەدرىجىي ھالدا ئىستېمالدىن قالماقتا. ھازىر 30 ياشتىن تۆۋەن بولغان ياشلار، خۇسۇسەن شەھەر ياشلىرى ئىچىدە مۇنداق ئىسىملىكلەر يوق دېيەرلىك.

ئىككىنچى، ئىسىملارنىڭ ئىخچام بولۇشىنى ياقلاش ئومۇميۈزلۈك خاھىشقا ئايلانماقتا. ياشلاردا، خۇسۇسەن بالىلاردا قوش تەركىبلىك ۋە كۆپ تەركىبلىك ئىسىملار تەدرىجىي ئازايماقتا. خېلى كۆپ رايونلاردىكى شەھەر بالىلىرى ئىچىدىن «روزىمۇھەممەتھاجى» دېگەندەك ئۈچ ئادەمنىڭ ئىسمىنى بىر

ئۆزىگە قويۇۋالغان بالىلارنى تاپماق تەس.

ئۈچىنچى، قىزلار ئىسىملىرىدا گۈزەل، ئاڭلاشقا يېقىملىق بولۇشنى كۆزلەش ئاساسىي كەيپىياتقا ئايلىنىپ، ئەرلەر ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا «خان، گۈل، نىسا» سۆزلىرىنى قوشۇپلا خوتۇن ـ قىزلار ئىسىملىرىنى شەكىللەندۈرۈپ ئىشلىتىدىغان ئەنئەنە تەدرىجىي ھالدا ئاجىزلاشماقتا. ھازىرقى 20 ياشتىن تۆۋەن قىزلار، خۇسۇسەن شەھەر قىزلىرى ئىچىدە «تۇخان (تۇرخان)، تۇرسۇنخان، نىيازخان، قۇۋانخان (قۇربانخان)، توختىخان، تۇدىخان (تۇردىخان)» دېگەندەك ئىسىملىكلەر ناھايىتى ئاز دېيىشكە بولىدۇ.

تۆتىنچى، ئىسىملارنىڭ چۈشىنىشلىك بولۇشىنى ياقلاش بارغانسېرى ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانماقتا. كىشىلەر نېمە مەنە بېرىدىغانلىقىنى ئۆزلىرى ياخشى چۈشەنمەيدىغان سۆزلەرنى بالىلىرىغا ئىسىم قىلىپ قويۇشنى تازا راۋا كۆرمەيدىغان بولماقتا. «سەدىرىدىن، بەدىرىدىن، پەزلىدىن» دېگەندەك ئىسىملارنىڭ خۇسۇسەن بالىلار ئىسىملىرىدا كەم ئۇچرايدىغان بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

بەشىنچى، ساپ دىنىي ئۇنۋانلارنى ئىسىم قىلىپ قويۇش ئادىتى تەدرىجىي يوقالماقتا. مەسىلەن، ئىمام، موللا، خەلپەت، سوپى، قازى، قارى دېگەندەك ئىسىملارنىڭ بالىلاردا ئانچە كۆرۈلمەسلىكى بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ.

ئالتىنچى، ئەرەب ـ پارسچە ئىسىملارنى تاشلاپ، قەدىمكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىن ئېلىپ ئات قويۇش خاھىشى كۈچەيمەكتە. مەسىلەن، پانتەكىن، ئەرتەكىن، ئەلپەر (ئالپ ئەر) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

يۇقىرىقىلار قوللاشقا، تەرغىب قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئاكتىپ يۈزلىنىشلەر. ۋەھالەنكى، بەزى كىشىلەرنىڭ ئىسىم قوللىنىشىدا قىسمەن پاسسىپ يۈزلىنىشلەرمۇ بار. ئۇلارنىڭ مۇھىملىرى دەپ



تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كۇپايە:

بىرىنچى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەركىبىدە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان قوش تەركىبلىك ئىسىملاردىكى، ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئۇزۇن ھېس قىلىپ، ئاللىقاچان قىسقارتىۋەتكەن سۆزلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يەنە ئاشۇ ئاتام زامانىسىدىكى ئۇزۇن، سۆرەلمە شەكىلگە قايتۇرۇپ ئىشلىتىش. مەسىلەن:

| بۇرۇنقى قىسقارتما شەكلى | ھازىرقى شەكلى |
|---|---|
| مەتتۇرسۇن | مۇھەممەتتۇرسۇن |
| مەتتۇردى | مۇھەممەتتۇردى |
| مەتتوختى | مۇھەممەتتوختى |
| مەتروزى | مۇھەممەتروزى |
| مەمتىلى | مۇھەممەتئېلى |
| مەمتىمىن | مۇھەممەتئىمىن |

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاتا ـ بوۋىمىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغاندىن كېيىن، «تۇردى، توختى، تۇرسۇن»غا ئوخشاش ساپ ئۇيغۇرچە ئىسىملارنى تاشلىۋېتىشكە كۆزى قىيماي، ئۇلارنى يەنىلا ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. پەقەت ئۆزلىرىنىڭ «مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتى» بولغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈنلا مەزكۇر ئىسىملارنىڭ ئالدىغا «مۇھەممەد»نى قوشۇپ، قوش تەركىبلىك ئىسىم قىلىپ ئىشلەتكەنلىكى، مەزكۇر «مۇھەممەد» دېگەن ئىسىم ئاشۇ قوش تەركىبلىك ئىسىملاردا پەقەت بىر قوشۇمچە تەركىب (虚名) ئىدى، خالاس. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىستېمال ئەمەلىيىتى جەريانىدا، مۇنداق قوش تەركىبلىك ئىسىملارنىڭ ئۇزۇن بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغان چېغىدا، مەزكۇر قوش تەركىبلىك

ئىسىملاردىكى رەسمىي ئىسىم (真名) يەنى ئاساسىي تەركىبنى تولۇق ساقلاپ قېلىپ، قوشۇمچە تەركىب بولغان «مۇھەممەد»نى «مەت»كە قىسقارتىپ ئاتاشنى راۋا كۆرگەن. روشەنكى، بۇ ئەقىلگە سىغمىدىغان، ئاكتىپ بىر ئىجادىيەت بولغان. بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ ئۇنى كەينىگە قايتۇرۇپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويۇشىمىز ھېچقانداق بىر ئاقىللىقنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. بەلكى نۆۋەتتىكى ئىسىملارنى ئىمكان بار ئىخچام قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئومۇميۈزلۈك فامىلە قوللىنىشنى بالدۇرراق ئىشقا ئاشۇرۇش روھىغا خىلاپ كېلىدىغان تەتۈرلۈك، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر، زىيالىيلار باشلامچىلىق بىلەن ئۆز ئىسىملىرىدىكى قوشۇمچە تەركىبلەرنى ئاڭلىق ھالدا ئېلىپ تاشلىشى، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ زۆرۈر بولغان كىشى ئىسىملىرى ئىسلاھاتىغا ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ھەسسە قوشۇشى لازىم.

ئىككىنچى، ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى «ـ ئى» لەشتۈرۈش. مەسىلەن، قادىر نىيازىي، سەمەت ئەخمەتىي (ئەخمەدى)، تالىپ مۇھەممەتىي (مۇھەممەدىي)، كامىل نازىرىي، سادىر ھاۋازىي، ئەيسا نادىرىي، توختى قۇربانىي، تۇرسۇن دۆلەتىي، تۇراق يۇنۇسىي دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئۆز زامانىسىدا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىگە تەخەللۇس قىلىپ ئىشلەتكەن يەر ـ جاي ئىسىملىرىنى «ـ ئى» قوشۇمچىسى بىلەن سۈپەتلەشتۈرۈپ (مەسىلەن، ‹كاشغەرىي، خوتەنىي، تۇرپانىي› قىلىنىپ) قوللىنىش ئىلمىي ئىش بولۇپ، «ـ ئى» لەشتۈرۈلگەندىن كېيىنكى ئۇ ئىسىملار «قەشقەرلىك مەھمۇد، خوتەنلىك سايىت، تۇرپانلىق گايىت» دېگەندەك ئېنىق مەنىگە ئىگە ئىدى. ھازىرقى «توختى قۇربانى» دېگەندىكى «ـ ئى» قوشۇمچىسى نېمە ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ؟ زادى نېمە زۆرۈرىيەت بىلەن قوشۇلدى؟ ئاتىسىنىڭ ئىسمى «ـ ئى»لىك



بولغانلار «قەلەمكەش، زىيالىي، ئوقۇمۇشلۇق زات»لارنى كۆرسىتەمدۇ ـ يا؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، قاچان ۋە قانداق سالاھىيەتكە ئىگە بولغان كىشى ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى «ـ ئى» لەشتۈرسە بولىدۇ؟ مەلۇمكى، 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ، 40 ـ يىللىرىدا زىيالىيلارنىڭ «ئوۋ / ئوۋا» قوشۇمچىسىنى دادىسىنىڭ ئىسمىغا قوشۇپ ئاتاشنى مودا قىلىشى كەم دېگەندىمۇ مەزكۇر قوشۇمچىنىڭ «ئوغلى / قىزى» مەنىسىنى ئۇقتۇرىدىغانلىقىنى مەنبە قىلغان. ۋەھالەنكى، بۈگۈنكى ئادەم ئىسىملىرىنىڭ كەينىگە قوشۇۋېلىنىۋاتقان «ـ ئى» قوشۇمچىسىنىڭ ھېچقانداق بىر ئېنىق ئۇقۇمى ۋە كونكرېت مەنىسى يوق. شۇنداق ئىكەن، بۇ خىل بىھۇدە ئىشنى ۋاقتىدا تۈزەتكەن ياخشى دەپ قارايمىز.

قىسقىسى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئومۇمىي تەركىبى ئېنىق ھالدىكى دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىكى ياخشى، ئىلمىي يۈزلىنىشلەرنى قوللاش، راۋاجلاندۇرۇش لازىم. قىسمەن دەرىجىدىكى پاسسىپ، ئەھمىيەتسىز خاھىشلارنى بولسا ئاڭلىق ھالدا تۈزىتىش كېرەك.

ئومۇمەن، كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ـ جاي ناملىرى تەتقىقاتى ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭمۇ تەتقىقات ئوبيېكتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ماقالىدە، پەقەت لېكسىكولوگىيە ئىلمىنىڭ قائىدىلىرى ئاساسىدا، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان قۇرۇلما ئالاھىدىلىكلىرى ۋە مەنە دائىرىسىنى مەركىزىي نۇقتا قىلغان ھالدا ئومۇمىي بايان بېرىلدى. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتىدا قىلىنىشقا تېگىشلىك خىزمەتلەر ناھايىتى كۆپ. ئالايلۇق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى دائىرىسىدە زادى قانچىلىك ئىسىم ئىشلىتىلىۋاتىدۇ؟ بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭ (ئىشلىتىلىش چاستوتىسى ئەڭ يۇقىرى) ئىسىملار



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قايسلار؟ بۇنى تېخى ھېچكىم ئىستاتىستىكا قىلىپ كۆرگەن يوق. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ قېيىن تۇغقان ئاتالغۇلىرى، شىرەم تۇغقان ناملىرىنى قېزىش، تولۇقلاش، ئىلمىيلەشتۈرۈش، ھەممە ئادەمنى ئۆزىنىڭ ئائىلە ـ نەسەب شەجەرىسىنى سىزىپ كۆرسىتەلەيدىغان قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئەمگەكلەردىن سانىلىدۇ. قىسقىسى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى مۇھىم ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش. ھالبۇكى، بۇ جەھەتتە يەنىمۇ كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىشقا، ھەر تەرەپلىمىلىك ئىزدىنىشكە ئەرزىيدۇ.



# ئونىنچى باب ئىستىلىستىكا ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى

## 1§. ئىستىلىستىكا ھەققىدە چۈشەنچە

«ئىستىلىستىكا» دېگەن ئاتالغۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇ كېيىنكى چاغلاردا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئىزچىل ئىشلىتىلگەن «ئىلمي بەلاغەت» (تىل يېتۈكلىكى ئىلمى) بىلەن «ئىلمي فەساھەت» (تىل گۈزەللىكى ئىلمى) دېگەن ئاتالمىلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن خاس تىلشۇناسلىق ئاتالغۇسى بولۇپ قالغان.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئىستىلىستىكا» دېگەن بۇ سۆز ئومۇمەن قىلىغاندا كەڭ ۋە تار ئىككى خىل مەنىدە ئىشلىتىلمەكتە. كەڭ مەنىدە ئىشلىتىلگەندە، ئۇ «ئىستىلىستىكا ئىلمى» (修辞学) دېگەن ئۇقۇمنى، تار مەنىدە ئىشلىتىلگەندە بولسا ئىستىلىستىكىلىق پائالىيەت (修辞) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

مۇئەييەن بىر تىلدىكى مەۋجۇت تىل ماتېرىياللىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، شۇ تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن ـ ئىستىلىستىكا ئىلمى (ئادەتتە قىسقارتىلىپ، ‹ئىستىلىستىكا›) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىستىلىستىكىلىق پائالىيەت (يەنى ھەرىكەت) مەنىسىدە

يورىدىغان ئىستىلىستىكا ئادەتتە، «پاسسىپ ئىستىلىستىكا» (消极修辞) ياكى «ئادەتتىكى ئىستىلىستىكا» ۋە «ئاكتىپ ئىستىلىستىكا» (积极修辞) ياكى «ئالاھىدە ئىستىلىستىكا» دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بەزى تىلشۇناسلار ئىستىلىستىكىنىڭ بۇ ئىككى تۈرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەتبىقلىغاندا، ئىخچام ۋە چۈشىنىشلىك قىلىش يۈزىسىدىن ئادەتتىكى ئىستىلىستىكىنى «تۈزەش» (سۆز ـ جۈملىلەرنى تۈزەش) دەپ، ئالاھىدە ئىستىلىستىكىنى بولسا، «بېزەش» (سۆز ـ جۈملىلەرنى بېزەش) دەپمۇ ئاتايدۇ.

ئادەتتىكى ئىستىلىستىكا سۆز ـ جۈملىلەرنى شۇ تىلنىڭ گىراماتىكا ۋە ئىملا قائىدىسى ئاساسىدا تۈزەشنى ئۆزىگە ئاساسىي ئۆلچەم قىلىدۇ. ئادەتتىكى ئىستىلىستىكىدا، تىلنىڭ جەلپ قىلارلىق بولۇشى ئەمەس، بەلكى پىكىرنىڭ ھەم ئېنىق، ھەم توغرا ئىپادىلىنىشى، تىلنىڭ راۋان ۋە ئىخچام بولۇشى تۈپ نۇقتا قىلىنىدۇ. جۈملىلەردە پىكىرنى ئىپادىلەشكە قاتناشتۇرۇلغان سۆزلەرنىڭ ئەسلىي مەنىسى بويىچە ئىش كۆرۈلىدۇ، يەنى سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى نېمە بولسا، ئۇنىڭ كونتېكستتىكى مەنىسىمۇ شۇ بولىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، سۆزنىڭ ئىچى بىلەن تېشى بىردەك بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا، پەن ـ تېخنىكىغا ئائىت ئەسەرلەر، ئەمىر - پەرمان، يوليورۇق ۋە ھۆججەت خاراكتېرلىك ماقالىلاردا ئادەتتىكى ئىستىلىستىكا قوللىنىلىدۇ.

ئادەتتىكى ئىستىلىستىكا ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ۋاستىلەر «ئادەتتىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ مۇھىملىرى دەپ تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن:



بىرىنچى، سۆزلەرنى ئىملالىق يېزىش، گەپنى ئېنىق، روشەن تەلەپپۇزلۇق قىلىش.

سۆز ـ جۈملىلەرنى يازغاندا، ئىملا قائىدىسى بويىچە توغرا، چىرايلىق يېزىش لازىم. ئەگەر خەت سەت، خۇسۇسەن ئىملا خاتا بولۇپ قالسا، ئىپادىلىمەكچى بولغان پىكىر روشەن ئىپادىلەنمەيلا قالماستىن، بەلكى خاتا ئۇقۇم بېرىپ قويۇشى تۇرغانلا گەپ. ئالايلۇق، «ئەمدى، سىز قېلىڭ» دېگەن جۈملە «ئەمدى، سىز قىلىڭ» بولۇپ قالسا، «ئېلىۋېلىڭ» دېگەن سۆز «ئىلىۋېلىڭ»، «بىلىم» دېگەن سۆز «بېلىم» بولۇپ قالسا، روشەنكى باشقا ئۇقۇم ۋە چۈشەنچە بېرىپ قويىدۇ. سۆزلىگەندە، نۇتۇق روشەن ۋە توغرا تەلەپپۇزلۇق بولۇشى لازىم. دەرسخانا، مەجلىسخانا قاتارلىق رەسمىي سورۇنلاردا، رادىيو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق تەشۋىقات مەيدانلىرىدا ئۆلچەملىك ئەدەبىي تەلەپپۇز بويىچە سۆزلەش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاڭلىغۇچىلار نۇتۇقتىن تولۇق بەھرىمەن بولالايدۇ.

ئىككىنچى، تىنىش بەلگىلىرىنى توغرا قوللىنىش.

يېزىق ۋە نۇتۇقتا تىنىش، توختاش بەلگىلىرىنى توغرا قوللىنىشمۇ سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ توغرا ئىپادىلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان مۇھىم ۋاستە ھېسابلىنىدۇ. ئالايلۇق، «ئەخمەت ئەسكى ئادەم ئەمەس» دېگەن جۈملە «ئەخمەت ئەسكى، ئادەم ئەمەس» بولۇپ قالسا، پۈتۈنلەي ئەكسىچە ئۇقۇم ئاڭلىتىپ قويىدۇ. شۇڭا، ئادەتتىكى ئىستىلىستىكا گەپ ـ سۆزلەردە تىنىش، توختاش بەلگىلىرىنى توغرا ئىشلىتىشنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.

ئۈچىنچى، سۆزلەرنى دەل جايىغا قويۇپ ئىشلىتىش.

بۇ سۆزلەرنى گىراماتىكا تەلەپ قىلغان بويىچە جاي ـ جايىغا قويۇپ ئىشلىتىشنى، شۇنداقلا پىكىردە تەكىتلىمەكچى بولغان مۇھىم نۇقتا ۋە سۆز ئورامىنىڭ تەلىپى بويىچە، سۆز

تەرتىپىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالايلۇق، «ئوقۇتقۇچىلىق شەرەپلىك ئەمما جاپالىق خىزمەت» دېگەن جۈملە بىلەن «ئوقۇتقۇچىلىق جاپالىق ئەمما شەرەپلىك خىزمەت» دېگەن گەپ ئىنچىكە ئۇقۇم جەھەتتە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئالدىنقىسىدا «ئوقۇتقۇچىلىق جاپالىق خىزمەت» دېگەن ئۇقۇم ئاساسىي ئورۇندا تۇرسا، كېيىنكىسىدە «ئوقۇتقۇچىلىق شەرەپلىك خىزمەت» دېگەن ئۇقۇم نۇقتىلىق ئالغا سۈرۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، باش قۇردىن يېزىش، قۇر كۆچۈرۈش، مۇھىم نۇقتىلارنىڭ ئاستىغا تەكىتلەش بەلگىسى قويۇش قاتارلىقلارمۇ ئادەتتىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ.

ئالاھىدە ئىستىلىستىكا سۆز - جۈملىلەرنى شۇ تىلنىڭ گىراماتىكا ۋە ئىملا قائىدىسى بويىچە تۈزەپ، پىكىرنىڭ راۋان، توغرا بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرگەندىن باشقا، يەنە خاس (ئالاھىدە) ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، پىكىرنىڭ ئوبرازلىق، جانلىق، جەلپ قىلارلىق، تەسىرلىك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئالاھىدە ئىستىلىستىكا تىلنىڭ ئوبرازلىق، جانلىق، تەسىرلىك ۋە قىزىقارلىق بولۇشىنى ئۆزىگە ئۆلچەم قىلىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، سۆز - جۈملىدىكى تىلنىڭ جەلپ قىلارلىق، ئوبرازلىق ۋە تەسىرلىك بولۇش - بولماسلىقى ئادەتتىكى ئىستىلىستىكا بىلەن ئالاھىدە ئىستىلىستىكىنىڭ تۈپكى پەرقى ھېسابلىنىدۇ.

ئالاھىدە ئىستىلىستىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ۋاستىلەر «ئالاھىدە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىشلىتىلىدىغان ئوخشىتىش، مۇبالىغە قىلىش، ئىدىيوم ۋە ماقال - تەمسىللەردىن پايدىلىنىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئالاھىدە ئىستى-



لىستىكىلىق ۋاستىلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ. سۆزلەرنىڭ پەش - چېكىتلىرىنى ئۆز ئورنىغا قويۇش، تىنىش بەلگىلىرىنى توغرا ئىشلىتىش، سۆزلەرنى گىراماتىكا ۋە مەنتىقە تەلىپى بويىچە جاي - جايىغا قويۇپ ئىشلىتىش قاتارلىق ئادەتتىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ھامان ئىملا قائىدىسى ۋە گىراماتىكا قائىدىسى ئۇقۇمى بويىچە چۈشەندۈرۈلگەچكە، «ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر» دېگەندە ئادەتتە، ئالاھىدە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ (شۇڭا، تۆۋەندە بىزمۇ «ئالاھىدە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر» دېگەننى قىسقارتىپ، «ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر» دەپ ئالىمىز.)

ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئادەتتە، ئىپادىلەش رولى، قوللىنىش ئالاھىدىلىكى ۋە ئىشلىتىلىش پرىنسىپى قاتارلىق ئۈچ جەھەتتىن ئۆز ئىپادىسىنى نامايان قىلىدۇ. مەسىلەن، ئوخشىتىشتىن ئىبارەت ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىنى ئالساق، ئىپادىلەش رولى جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ قاتناشقان سۆز - جۈملە ئۇ بولمىغان سۆز - جۈملىگە قارىغاندا كونكرېتلىققا ۋە ئوبرازچانلىققا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، «گۈلدەك چىراي»، «سەدەپتەك چىش»، «غۇنچىدەك بوي» دېسەك بۇلاردا بوي، چىش ۋە چىرايىنىڭ گۈزەللىكى ئىپادىلەنگەن. بىراق، بۇ سۆزلەردە «بوي، چىش، چىراي» ئۆز نۆۋىتىدە «غۇنچە، سەدەپ، گۈل»گە ئوخشىتىلىش ئارقىلىق، ئىپادىلىنىمەكچى بولغان گۈزەللىك كونكرېتلىققا ۋە يارقىن ئوبرازغا ئىگە بولغان. بۇ مەزكۇر سۆزلەردىكى ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە — ئوخشىتىشنىڭ رولىدۇر.

قوللىنىش ئالاھىدىلىكىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئوخشىتىش ئادەتتە، ئوخشىتىلغۇچى، ئوخشىغۇچى ۋە «دەك / تەك، كەبى، بەجايىكى، خۇددى، گويا، گوياكى، مىسلى، مىسالى» قاتارلىق خاس ئوخشىتىش سۆز ۋە قوشۇمچىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ.

مەسىلەن، «مۇزدەك سۇ»، «سۇتتەك ئايدىڭ»، «ئەل بىلەن ئۆلۈم بەجايىكى توي»، «ئۇنىڭ لەۋلىرى مىسالى گىلاس، ئويناق كۆزلىرى گوياكى بۇلاق، كۈلكە ساداسى خۇددى بۇلبۇل نىداسى ئىدى» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئىشلىتىلىش پرىنسىپى جەھەتتىن، ئوخشىتىش جەزمەن مەنتىقىغە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. يەنى بىرىنچىدىن، ئوخشىتىلغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى شۇ كونتېكىستتا مەلۇم نۇقتا بويىچە جەزمەن ئوخشاشلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئوخشىتىش ئىمكان قەدەر كىشىلەر ئۈچۈن ئەڭ چۈشىنىشلىك، ئادەم بىر قاراپلا (ياكى ئاڭلاپلا) دەرھال ئېنىق ھېس قىلالايدىغان بولۇشى لازىم. مەسىلەن، «ئۇنىڭ ئۇياتچان يۈزلىرى ئانارنى، نېپىز لەۋلىرى بولسا گىلاسنى ئەسلىتەتتى» دېسەك بولىدۇ. بىراق، بۇ جۈملىنى «ئۇنىڭ ئۇياتچان يۈزلىرى گىلاسنى، نېپىز لەۋلىرى بولسا ئانارنى ئەسلىتەتتى» قىلىپ يازساق ياكى ئېيتساق، پىكىر مەنتىقىغە سىغمىغاچ، كىشىلەر ئۇنى قوبۇل قىلالمايدۇ.

«ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ھەرقانداق مىللەتنىڭ تىلىدا بولىدۇ. بىراق، ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ تىللىرىدا قوللىنىلىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ.[1]»

ئۇيغۇر تىلىمۇ ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرگە باي بولغان تىللاردىن سانىلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوخشىتىش، مۇبالىغە، سېلىشتۇرۇش، جانلاندۇرۇش، سىمۋول، قىسقارتىش، ئالماشتۇرۇش، چوڭقۇرلاشتۇرۇش، گەپلىشىش (دىيالوگ)، يانداشتۇرۇش، كۆچۈرۈش (مېتونومىيە)، ئۆستۈرۈش، سىلىقلاشتۇرۇش (ئېۋفېمىزم)، نەقىل كەلتۈرۈش،

① «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيەسى» (تىل - يېزىق قىسمى)، 433 - بەت.



تەكرارلاش، قاتار قىلىش، تەقلىد قىلىش، كىنايە قىلىش، يېپىشتۇرۇش، ئىستىئارە ئېلىش (مېتافورا)، رېتورىك سوراق، رېتورىك مۇراجىئەت قىلىش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىستىلىستىكا ئىلمى تىلدىكى مەۋجۇت تىل ماتېرىياللىرىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى يۈكسەلدۈرۈش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. ھالبۇكى، تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇش، تىلنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش تەبىئىي ھالدا شۇ تىلدىكى مەۋجۇت تىل ماتېرىياللىرىدىن ئۈنۈملۈك ۋە ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇڭا، بىز ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشىمىز، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى تەشكىل قىلغۇچى سۆزلۈكلەرنى ۋە تۇراقلىق تەركىبلەرنى لېكسىكولوگىيە قانۇنىيىتى بويىچە ياخشى ئۆگىنىشىمىز ۋە پىششىق ئىگىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئىستىلىستىكىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز.

## §2. لېكسىكولوگىيە بىلەن ئىستىلىستىكا ئىلمىنىڭ مۇناسىۋىتى

ئالدىنقى بايانلاردىن مەلۇم بولىدىكى، لېكسىكولوگىيە تىلدىكى سۆزلەرنى شەكلەن (تۈزۈلۈش جەھەتتىن) ۋە مەنەن (ئاڭلاتقان ئۇقۇم - مەنىسى جەھەتتىن) تۈرلەرگە ئايرىيدۇ، سۆزلەرنى چۈشەندۈرىدۇ. ئىستىلىستىكا ئىلمى بولسا، ئىستىلىستىكىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدىغان ئىستىلىستىكىلىق



www.uyghurkitap.com

ۋاستىلەر ئارقىلىق تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئۆستۈرۈش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. قارايدىغان بولساق، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر دېگەنلىرىمىزنىڭمۇ ئەمەلىيەتتە پەقەت لېكسىكولوگىيە ئىلمىلا ۋايىغا يەتكۈزۈپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان، ئىزاھلاپ كۆرسىتەلەيدىغان سۆزلۈكلەر ۋە لېكسىكىدىكى تۇراقلىق تەركىبلەردىن تەشكىل تاپقانلىقىنى كۆرىمىز. مانا بۇلار لېكسىكولوگىيە ئىلمى بىلەن ئىستىلىستىكا ئىلمىنىڭ ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە پەنلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

لېكسىكولوگىيە بىلەن ئىستىلىستىكا ئىلمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تەرەپتىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، ئىستىلىستىكا ئىلمى لېكسىكولوگىيەلىك تەتقىقاتنى ئۆزىگە كۈچلۈك ئۇل ۋە تەۋرەنمەس ئاساس قىلغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. چۈنكى، تىل ماتېرىياللىرى، يەنى سۆزلۈك ئىستىلىستىكىنىڭمۇ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ. ئوخشىتىش، مۇبالىغە، سېلىشتۇرۇش ۋە جانلاندۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر پەقەت سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى ئارقىلىقلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. مەسىلەن:

كەرەم بىر بىناتەگ، ئاڭار ھەلىم ئۇل ئول،
يا بوستانتەگ ئول ھەلىم، كەرەم ئال گۈل ئول.

(كەڭ قورساقلىق گويا بىر بىنا بولسا، مۇلايىملىق ئۇنىڭ ئۇلىدۇر، ياكى مۇلايىملىق گويا بىر بوستان بولسا، كەڭ قورساقلىق ئۇنىڭدىكى قىزىل گۈلدۇر.)[1] دېگەن شېئىرىي مىسرالارنى ئالساق، بۇنىڭدا، «كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇلايىملىق بىرى يەنە بىرىگە زىننەت بولىدىغان گۈزەل خىسلەتلەردۇر» دېگەن ئۇقۇم ئىپادىلەنگەن. بۇ يەردە، مەزكۇر ئۇقۇم ئۇ-

① «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، 46 ـ، 47 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى.



دۇللا ئىپادىلەنمەستىن، بەلكى ئىستىلىستىكىنىڭ مۇھىم ۋاستىلىرىدىن سانىلىدىغان ئوخشىتىش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەچكە، ئۇقۇم شۇنداق جانلىق، جەزىبىلىك ۋە پاساھەتلىك چىققان. بىراق، بۇ سۆز ـ جۈملىلەردىكى «كەرەم» (كەڭ قورساقلىق) «ھەلىم» (مۇلايىملىق)، «ئال گۈل» (قىزىل گۈل)، «ئۇل»، «بوستان»، «بىنا» قاتارلىق سۆزلەر لېكسىكا ۋە سېمانتىكا جەھەتتىن كىشىلەرگە بىر قاراشتىلا تونۇشلۇق ۋە چۈشىنىشلىك بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا بۇ جۈملىلەرنىڭ ئاشۇنداق پاساھەتلىك بولۇشى ئەسلا مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. دېمەك، سۆز ـ ئاتالغۇلار ئېنىق، ئۇقۇملۇق، روشەن مەزمۇنلۇق بولغاندىلا، ئاندىن ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ رولى تولۇق جارى بولىدۇ. شۇڭا، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تۈرلۈك مەنە ۋە تۈرلۈك تۈزۈلۈشكە ئىگە بولغان سۆز ـ ئاتالغۇلارنى ياخشى ئۆگىنىش كېرەك. «ئىستىلىستىكىنىڭ بىناسى لېكسىكولوگىيە ئارقىلىق ئۆرە تۇرىدۇ» دېگىنىمىز ئەنە شۇ.

ئىككىنچى، ئىستىلىستىكا ئىلمىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە لېكسىكولوگىيەنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر تىلنىڭ لېكسىكىسىنى (سۆزلۈك سوستاۋىنى) بېيىتىش رولىنىمۇ ئوينايدۇ.

ئىستىلىستىكىدىكى ئوخشىتىش، مۇبالىغە، سېلىشتۇرۇش، جانلاندۇرۇش ۋە قىسقارتىش قاتارلىق ۋاستىلەر يالغۇز ئىستىلىستىكىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ جانلىق، ئوبرازلىق ۋە پاساھەتلىك بولۇشىنى تەمىن ئېتىپلا قالماستىن، لېكسىكولوگىيەدە ئۇلار يەنە سۆز ياساش، سۆزلەرگە يېڭىدىن يېڭى ئۇقۇم ـ مەنىلەرنى يۈكلەش، سۆزلۈكلەرنى كۆپەيتىش قاتارلىق روللارنى ئويناپ، لېكسىكا سوستاۋىنىڭ كۈنسايىن تەرەققىي قىلىپ تۇرىدىغان تىل ئېھ-

تىياجىغا ماسلىشىپ مېڭىشىنى ئەمەلىي كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، بىز تۆۋەندە ئوخشىتىش، مۇبالىغە، قىسقارتىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىنىڭ لېكسىكولوگىيەدىكى رولى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

### 1. ئوخشىتىشنىڭ لېكسىكىدىكى رولى

لېكسىكولوگىيەلىك تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، ئوخشىتىش ۋاستىسى لېكسىكىدا تۆۋەندىكىدەك ئاكتىپ روللارنى ئوينايدۇ:

1) ئوخشىتىش ۋاستىسى ئارقىلىق لېكسىكىدا يېڭى سۆزلەر ۋە سۆز بىرىكمىلىرى بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، «باشچى، باشلىق؛ باش ماقالە، باش قۇر، باش يول، باش توخۇ، باش ئەتىياز» دېگەنگە ئوخشاش ياسالما سۆز ۋە بىرىكمە سۆزلەر شۇ خىل شەيئىلەرنىڭ مەلۇم جەھەتتىكى رولىنى ئادەمنىڭ بېشىغا ئوخشىتىش ئاساسىدا، كېيىنچە ياسالغان سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2) ئوخشىتىش ۋاستىسى ئارقىلىق لېكسىكىدىكى بىر مەنىلىك سۆزلەر كۆپ مەنىلىك سۆزلەرگە ئايلىنىدۇ. ئالايلۇق، «باش» سۆزى ئەسلىدە «ئادەم بەدىنىنىڭ بويۇندىن يۇقىرى، ھايۋان بەدىنىنىڭ بويىندىن ئالدىنقى قىسمى، يەنى كۆز، قۇلاق، ئېغىز، بۇرۇن قاتارلىق ئەزالىرى ئورۇنلاشقان قىسمى، كاللا» دېگەن بىرلا مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، كېيىنچە، ئاساسەن ئوخشىتىش ۋاستىسى ئارقىلىق ھازىرقى لۇغەتلىرىمىزدە ئىزاھلىنىۋاتقان 14 خىل مەنىگە ئىگە بولغان كۆپ مەنىلىك سۆزگە ئايلانغان (قاراڭ: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 1 ـ توم، 351 ـ 352 ـ بەتلەر).

3) ئوخشىتىش ۋاستىسى ئارقىلىق سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنىسى بارلىققا كېلىدۇ. كۆچمە مەنىگە ئىگە سۆزلەرنى تەھ-



لىل قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ كۆچمە مەنىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئوخشىتىش ۋاستىسىنىڭ رول ئوينىشى بىلەن بارلىققا كەلگەنلىكىنى تونۇپ يېتىمىز. مەسىلەن، «تۈلكە» سۆزىنىڭ «ھىيلىگەر» مەنىسى، «ئاغرىق» سۆزىنىڭ «روھىي ئازاب، دەرد ـ ئەلەم، ئازاب ـ ئوقۇبەت» مەنىسى، «ئاشىق» سۆزىنىڭ «بىرەر نەرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان، ئۇنىڭغا بېرىلگەن كىشى» دېگەن مەنىسى قاتارلىقلار مەزكۇر سۆزلەرنىڭ ئوخشىتىش ۋاستىسى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن كۆچمە مەنىلىرى ھېسابلىنىدۇ. (يۇقىرىقى ئەسەر، 111 ـ ، 113 ـ بەتلەر).

4) ئوخشىتىش ۋاستىسى ئارقىلىق ئىدىيوملار بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن، «يېلى چىقىپ كەتمەك»، «يۈزىنى داپتەك قىلماق»، «تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك»، «سۇغا چۈشكەن سوپۈندەك»، «بەز مارىغان مۈشۈكتەك»، «ئوتقا چۈشكەن قىلدەك»، «ئۈۋىسى بۇزۇلغان ھەرىدەك»... دېگەنگە ئوخشاش ئىدىيوملارنىڭ ھەممىسى ئوخشىتىش ۋاستىسى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن.

5) ئوخشىتىش ۋاستىسى ئارقىلىق تەمسىللەر بارلىققا كېلىدۇ. مۇلاھىزە قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ ئوخشىتىش ۋاستىسى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. مەسىلەن، «يىراق بولسا كىشىنىشەر، يېقىن تۇرسا چىشلىشەر»، «تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپتۇ»، «بۆرىنىڭ تەڭ ئورتاق، قاغىنىڭ دەرەخ بېشىدا»، «تاما ـ تاما كۆل بولار»، «موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

### 2. مۇبالىغىنىڭ لېكسىكىدىكى رولى

مۇبالىغە تىلدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ بىرى. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە، مۇبالىغە ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان بىر بۆلەك ئەرەبچە سۆزلەر ئۇيغۇر تى-



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لىغا ئەينەن ئۆزلەشكەن. مەسىلەن، «مەككار، دەججال، كاززاپ (كەززاب)، قەللاپ» دېگەنلەرگە ئوخشاش (يۇقىرىقىلار چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، «مەكر (مىكر)»، «دەجل (ئالداش)»، «كەزب (كۆز بوياش)»، «قەلب (ھىيلە قىلىش؛ ئۆزگەرتىش)» سۆزلىرىنىڭ مۇبالىغە شەكلى دېيىلىدۇ.) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، كەڭرى ئىستېمال قىلىنىۋاتقان خېلى بىر بۆلەك بىرىكمە سۆزلەرنىڭ، خۇسۇسەن ئىدىيومىلارنىڭ ئەمەلىيەتتە مۇبالىغە ۋاستىسى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەنلىكىنىمۇ بايقايمىز. مەسىلەن، «كۆزى تۆت بولۇپ كەتمەك»، «مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتمەك» (ياكى چوققىسىدىن بۇس چىقىپ كەتمەك)، «قىلىنى قىرىق يارماق»، «تېرىقنى تاۋۇز قىلماق»، «مىڭبىر جاپا»، «تاش يۈرەك»، «مۇز تەلەت» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

دېمەك، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن بولغان مۇبالىغىمۇ تىلدا سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى ياساش، ماقال-تەمسىل، ئىدىيوم قاتارلىق تۇراقلىق تەركىبلەرنى شەكىللەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

### 3. قىسقارتىشنىڭ لېكسىكىدىكى رولى

قىسقارتىشمۇ ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ۋاستىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ لېكسىكىدىكى ئاساسلىق رولى بىرىكمە سۆزلەر ئىچىدىكى مەلۇم بىر سۆزنى قىسقارتىۋېتىش يولى ئارقىلىق ئەسلىدىكى بىرىكمە سۆزنىڭ مەنىسىگە باراۋەر مەنە ئۇقتۇرىدىغان ئىخچام سۆزلەرنى ياساشتا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئايەم» سۆزى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە، دەسلەپ «ئەيد ئەييامى» شەكلىدە بولۇپ، ئۇ سۆزمۇسۆز مەنىسى بويىچە «ھېيت كۈنلىرى» ئۇقۇمىنى يورۇتۇپ ئىشلىتىلگەن. كېيىنچە، مەزكۇر بىرىكمە سۆزدىكى «ئەيد» (يەنى ھېيت) سۆزى



قىسقارتىۋېتىلىپ «ئەييام ئا:يەم» دېيىلسىمۇ يەنىلا ئاشۇ «ھېيت كۈنلىرى» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان يېڭى سۆز بولۇپ قالغان، ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىكى «روزا» سۆزىمۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە «روزى رەمەزان» شەكلىدە ئىشلىتىلىپ، «رامىزان كۈنى» دېگەن ئۇقۇمنى يورۇتاتتى. كېيىنچە، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى «رەمەزان» (يەنى رامىزان) سۆزىنى قىسقارتىۋېتىپ «روزى، روزا» دېيىلسىمۇ ئوخشاشلا «رامىزان كۈنلىرى» ئۇقۇمىنى ئاڭلىتىدىغان بولغان. ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىدىكى «سەي قورۇيدىغان، سېپى بار قازان» ئۇقۇمىنى يورۇتۇپ ئىشلىتىلىدىغان «ساپلىق» سۆزى ۋە «دۆت» مەنىسىدە ئىشلىتىلىدىغان «قاپاق» سۆزلىرىمۇ ئەسلىدىكى «ساپلىق قازان» ۋە «قاپاق باش» دېگەن بىرىكمە سۆزلەردىن قىسقارتىپ ياسالغان ۋە باشقىلار. دېمەك، ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسىدىكى قىسقارتىش ۋاستىسىمۇ لېكسىكا تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاكتىپ خىزمەت قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، سىمۋول، ئېۋفېمىزم (سىلىقلاشتۇرۇش)، كىنايە قىلىش، مېتافورا (ئىستىئارە ئېلىش) قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرمۇ ئىستېمال جەريانىدا، خاس مەنىلىك سۆزلەرنى ياساش، سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنىسىنى ھاسىل قىلىش، كۆپ مەنىلىك سۆزلەردە مەنە بۆلۈنۈش ھادىسىسىنى شەكىللەندۈرۈش قاتارلىق روللىرى لېكسىكا سوستاۋىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، لېكسىكا تەتقىقاتى بىلەن ئىستىلىستىكا تەتقىقاتى بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلانغان. لېكسىكا تەتقىقاتى ئىستىلىستىكا ئىلمىنى زۆرۈر ۋە مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىستىلىستىكا ئىلمىمۇ ئۆز سوستاۋىدىكى ۋاستىلىرى بىلەن لېكسىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشىدۇ. شۇنداق ئىكەن، بىز ئۇيغۇر تىلى لېك-

سكولوگىيەسىنى ئۆگىنىۋاتقان ۋە تەتقىق قىلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسىدىن ساۋات چىقىرىشقا ۋە ئۇنى ياخشى ئىگىلەشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

## §3. لېكسىكا تەتقىقاتى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسىدىكى رېئال مەسىلىلەرنى يورۇتۇش

ئىستىلىستىكا ئىلمى ئۆز ئالدىغا تەتقىقات دائىرىسى، ئۆزىگە خاس رولى ۋە ئۆزىگىلا تەئەللۇق خىزمەت ۋەزىپىسىگە ئىگە بىر پەن. بىراق، كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ لېكسىكولوگىيە ئىلمىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتلىرىدىن بىرى سانىلىدىغان تارماق پەنمۇ ھېسابلىنىدۇ. لېكسىكا تەتقىقاتى بىلەن ئىستىلىستىكا تەتقىقاتى بىر - بىرىنى ئالغا سۈرىدۇ، بىر - بىرىنىڭ تەتقىقات مېۋىلىرىنى تولۇقلايدۇ، تاۋلايدۇ، تاكامۇللاشتۇرىدۇ. بىراق، ئىستىلىستىكا ئىلمىنىڭمۇ ئاداققى ماتېرىيالى سۆز - ئىبارىلەر بولغىنى ئۈچۈن ئىستىلىستىكىدىكى تۈپكى مەسىلە ئاخىرقى ھېسابتا، لېكسىكا تەتقىقاتى ئارقىلىق ھەل بولىدۇ ۋە ۋايىغا يېتىدۇ.

لېكسىكا تەتقىقاتى ئارقىلىق ئىستىلىستىكا ئىلمىغا دائىر مەسىلىلەرنى يورۇتۇش تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) لېكسىكا تەتقىقاتى ئارقىلىق سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ ئەسلىي مەنىسى، ئىستېمال مەنىسى، كۆچمە مەنىسى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي يورۇتۇپ، ئۇلارنى ھەممە تىل ئەھلى تولۇق چۈشىنىدىغان ماتېرىيالغا ئايلاندۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئىستىلىستىكىدىكى سۆزلەرنى جايىدا ئىشلىتەلمەسلىك ئىللەتلىرىگە خاتىمە بېرىش.



بىر تىل ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ لۇغەت بايلىقى گوياكى غايەت زور خام ماتېرىياللار ئامبىرى بولۇپ، ئۇنىڭ دائىرىسى تولىمۇ كەڭ، ماتېرىيال سانى كۆپ، تەركىبى خىلمۇ خىل بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، شۇ تىللىق خەلق ئىچىدە، ئۆز تىلىنىڭ لۇغەت بايلىقىنى ياخشى بىلمەسلىك، ئۆز تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ تۈرلۈك مەنىلىرىنى تولۇق چۈشەنمەسلىك كەمچىلىكى ئەمەلىي تىل ئىستېمالى جەريانىدا، ئۇلارنىڭ تىلىدىكى ئۇقۇملارنى تازا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلىيەلمەسلىك، گەپ - سۆزلەرنى چولتا ياكى تاقتا - تۇقتا قىلىپ قويۇش قاتارلىق نۇقسانلارنى سادىر قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ. بارلىق تىل ئەھلىنىڭ ئالدى بىلەن يازغۇچى، شائىر، ئوقۇتقۇچى، سەنئەتچى، تەرجىمان قاتارلىقلارنىڭ سۆزلەرنى تولۇق چۈشىنىپ، ئۇجۇر - بۇجۇرىگىچە مۇكەممەل بىلىپ ئىشلىتىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى قىلىدىغان لېكسىكا تەتقىقاتى ئاخىرقى ھېسابتا، كىشىلەرنىڭ ئاشۇنداق سۆزلەرنى چۈشەنمىگەنلىكتىن ئۇقۇملارنى دەل، توغرا ۋە پاساھەتلىك ئىپادىلىيەلمەيدىغان كەمچىلىكلىرىنى تۈگىتىشكە ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن، ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى مىساللارغا قاراپ باقايلى (بۇ مىساللار «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسىدىن ساۋات» قاتارلىق كىتابلاردىن ئېلىندى):

(1) شۇ پەيتتە، ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتقان ئاتلىق كىشىنىڭ شەپىسى كۆرۈندى.

(2) ئەزالارنىڭ پىكرى بىلەن گۈرۈچ تېرىپ بېقىشنى پىلانلىدۇق، بۇرۇن بۇ يەرلەرگە ھېچكىم گۈرۈچ تېرىپ باقمىغاندى.

(3) بۈگۈن ھاۋا سۈتتەك ئوچۇق.

(4) قىيىنچىلىق، پېشكەللىككە ئۇچراپ، روھىم چۈشۈپ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەتكەن، بوشىشىپ قالغان چاغلىرىمدا، سىزنىڭ شۇ سۆزلىرىڭىز كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ.

(5) روھىي زېمىندە، مۇشۇنداق مەخلۇقلارمۇ بولىدىكەن ـ ھە؟

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، يۇقىرىقى مىساللاردىكى ئاستى سىزىپ قويۇلغان تەركىبلەر نۇقسانلىق تەركىبلەر ھېسابلىنىدۇ. ئالايلۇق، 1 ـ مىسالدىكى «شەپىسى كۆرۈندى» دېگەن سۆز توغرا بولمىغان. بۇ ئىستىلىستىكىلىق خاتالىقنى شۇ كىشىنىڭ «شەپە» دېگەن سۆزگە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ كەملىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇيغۇرچىدا «شەپە» سۆزى ئادەتتە «بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئاۋاز، سادا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا مەزكۇر سۆز خەنزۇچىدىكى «动向، 动静، 声息» دېگەن سۆزلەرگە تەڭ قىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئاياغ شەپىسى (脚步声) دېگەنلەرگە ئوخشاش. («ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»، 1982 ـ يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى) ھالبۇكى، «ئاۋاز، سادا»نى «كۆرۈندى» دېگىلى بولمايدۇ، ئۇنى پەقەت «ئاڭلاندى» دېيىشلا مەنتىقىغە سىغىدۇ.

2 ـ مىسالدىكى «گۇرۇچ تېرىماق» دېگەن سۆز ئەنئەنىۋى چۈشەنچىگە خىلاپ ھالدا قوللىنىلغان. چۈنكى، «گۇرۇچ» دېگەن سۆز ئۇيغۇرچىدا سوقۇش ياكى ئاقلاش ئارقىلىق پوستى ئېلىپ تاشلانغان شال دانچىسىنى كۆرسىتىدۇ. «شال» بىلەن «گۇرۇچ» ئېنىق بولغان ئۇقۇم پەرقىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بۇ يەردىكى «گۇرۇچ تېرىماق» دېگەن سۆزنى «شال تېرىماق» دەپ ئۆزگەرتكەندىلا ئاندىن توغرا بولىدۇ.

3 ـ مىسالدىكى ھاۋانىڭ ئوچۇقلۇقىنىڭ «سۈت»كە مىسال قىلىنىشى كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. چۈنكى، «سۈت» دېگەن ئاپئاق، سۇيۇق جىسىم. ھالبۇكى، خۇددى «ھاۋا ئاپئاق



ئوچۇق ئىدى» دېگىلى بولمىغىنىدەك، ھەرقانداق ئەھۋالدا «سۈتتەك ئوچۇق ھاۋا» دەپ سۈپەتلىگىلى، تەسۋىرلىگىلى بولمايدۇ. ئايدىڭ كېچىنى «سۈتتەك ئايدىڭ كېچە» دەپ تەسۋىرلەش ئادىتى بار. پەقەت مۇشۇنداق ھالدىلا ئوخشىتىلغۇچى بىلەن ئوخشىغۇچى مۇۋاپىق ۋە مۇناسىپ كەلگەن بولىدۇ.

4 ـ مىسالدىكى «سۆزلىرىڭىز كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ» دېگەن جۈملە داڭقان پۈتى بولۇپ قالغان. بۇنىڭدىكى مەسىلە «كۆز ئالدىغا كەلمەك» دېگەن سۆزگە بولغان چۈشەنچىنىڭ مۇجمەللىكىدىن كېلىپ چىققان. مەنتىق جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ، ئادەتتە مۇئەييەن شەكىلگە ئىگە بولغان مەنزىرە ياكى مەلۇم ھالەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش مۇمكىن. شۇڭا، يۇقىرىقى جۈملىنى «سۆزلىرىڭىز ئېسىمگە كېلىدۇ (ياكى چۈشىدۇ)» قىلىپ ئۆزگەرتكەندىلا، ئاندىن ئىستىلىستىكىلىق پاساھەت ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

5 ـ مىسالدىكى «روھىي زېمىن» دېگەن سۆز كىشىگە توغرا چۈشەنچە بېرەلمەيدۇ. مەزكۇر سۆز چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدىن كەلگەن ئىزافەت (تەڭسىز بىرىكمە) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچى سۆزى (ئېنىقلانغۇچىسى) «روي» (يەنى «رەڭگىروي»دىكى «روي»)، ئىككىنچى سۆزى (ئېنىقلانغۇچىسى) «زەمىن» بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى توغرا تەلەپپۇزى «رويى زەمىن» شەكلىدە ئىدى. كېيىنچە، قىسمەن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش قىلىپ «رويى زېمىن» شەكلىدە تۇراقلىشىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «يەر يۈزى» دېگەن بولىدۇ. دەرۋەقە، جانلىق تىلدا، «روھىم چۈشۈپ كەتتى» دېگەن سۆز بەزى جايلاردا، «رويىم چۈشۈپ كەتتى» دەپمۇ ئىشلىتىلىدۇ. شۇ خىل تەسىردىن بولسا كېرەك، مەزكۇر «رويى زېمىن» سۆزى خېلى تونۇشلۇق، داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ تىلىدىمۇ «روھىي زېمىن» شەكلىدە ئىشلىتىلمەكتە. بۇ قەتئىي تۈزىتىشكە تېگىشلىك.

دېمەك، سۆز - جۈملىلەردىكى ئىستىلىستىكىلىق نۇقسانلارنىڭ مەنبەسى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، سۆز - ئاتالغۇلارغا بولغان چۈشەنچىنىڭ ئېنىقسىزلىقىدىن بولىدۇ. شۇڭا، لېكسىكا تەتقىقاتى كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك سۆزلەملەرگە بولغان چۈشەنچە دائىرىسىنى كېڭەيتىش، بىلىش دەرىجىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئاخىرقى ھېسابتا، شۇ تىلنىڭ ئىستىلىستىكىلىق ئۇنۇمىگە كاپالەتلىك قىلىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ دەپ قارايمىز.

2) لېكسىكا تەتقىقاتى ئارقىلىق تەرجىمە تەسىرىدىن تىلدا پەيدا بولۇۋاتقان ئۇزۇن، سۆرەلمە سۆزلەرنى ئىخچام ھالەتكە كەلتۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن ئىستىلىستىكىدىكى «ئۇقۇملارنى ئىخچام سۆزلەر بىلەن راۋان ئىپادىلەش» مەقسىتىگە يېتىش.

تەرجىمە — ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئۇيغۇر تىلى لېكسىكا سوستاۋىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كېلىۋاتقان ساھە. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە، تىلىمىزدا ئىشلىتىلگەن ئەرەبچە - پارسچە سۆزلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئەمەلىيەتتە تەرجىمە ئارقىلىق ئۆزلەشكەن. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، خۇسۇسەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 50 نەچچە يىل مابەينىدە ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلىشىپ كەتكەن ئەسلىي ياۋروپا تىللىرىغا تەئەللۇق بولغان سۆزلەر ۋە ئاز بولمىغان خەنزۇچە سۆزلەرمۇ تەرجىمە ئارقىلىق كىرگەن. ياخشى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، چەت ئەل تىلىدىن سۆز قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىدا يېڭى سۆز - ئىبارىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئاساسەن مۇنداق ئىككى خىل يول بىلەن بولماقتا. ئۇنىڭ بىرى، چەت ئەل تىلىدىن سۆز - ئىبارىلەرنى بىۋاستە قوبۇل قىلىپ، ئەينى (تەلەپپۇز شەكلى) بىلەن ئىشلىتىش. يەنە بى-



رى، چەت ئەلچە سۆزنى مەزمۇنى بويىچە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق يېڭى سۆز - ئىبارە ھاسىل قىلىپ ئىشلىتىش. چەت ئەلچىدىن بىۋاستە قوبۇل قىلىپ، ئەينەن شەكىل بىلەن ئىشلىتىلىۋاتقان سۆزلەر ھەققىدە ئالدىنقى بابلاردا توختالدۇق. ئەمدى، تەرجىمە ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان يېڭى سۆز - ئىبارىلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇنىڭدىمۇ مەسىلە ئاز ئەمەس. ئۇنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىكى تەرجىمە ئارقىلىق ياسالغان سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ نىسبەتەن ئۇزۇن، سۆرەلمە بولۇپ قېلىشىدۇر. مەسىلەن:

| ئەسلىسى | تەرجىمىدە ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغىنى |
|---|---|
| 吸尘器 | چاڭ - توزان سۈمۈرۈش ماشىنىسى |
| 推土机 | توپا تۈرتۈش ماشىنىسى |
| 推子 | چاچ ئېلىش ماشىنىسى، |
| 计算机 | ھېسابلاش ماشىنىسى |
| 花布 | گۈللۈك رەخت |
| 稻草人 | شال پاخىلى ئادەم |

كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، يۇقىرىقى سۆزلەرنىڭ تەرجىمىسىدە، ئىپادىلەنگۈچى شەيئىنىڭ ئۆزىدىن كۆرە خەنزۇچىدىكى خەت بەكرەك ئېتىبارغا ئېلىنىپ، خەتمۇخەت تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغانلىقتىن، ئەڭ مۇھىمى ئۇيغۇرچىدىكى قورال - ئەسۋابلارنى ئىپادىلەيدىغان ئەنئەنىۋى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار مۇتلەق ھېسابقا ئېلىنمىغانلىقتىن، مەزكۇر سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرچىسى تولىمۇ ئۇزۇن ۋە سۆرەلمە بولۇپ قالغان. ئەمەلىيەتتە، يۇقىرىقى سۆزلەردىن «吸尘器» نى «توزان سۈمۈرگۈ»، «推子»نى «چاچ ئالغۇ»، «计算机»نى «ھېسابلىغۇ» دېيىش تامامەن مۇمكىن. كېيىنكى ئىككى سۆزنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولسا، ئۇنداق خەتمۇخەت تەرجىمە قىلىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. چۈنكى، ئۇيغۇرچىدا «花布» دېگەن سۆزگە دەلمۇدەل كېلىدىغان «چىت» ئاتالغۇسى، «稻草人» سۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان «قارانچۇق» سۆزى ئەسلىدىن بار.

خەتمۇخەت تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق سۆز ـ ئاتالغۇلارنى سۆرەلمىلەشتۇرۇۋېتىشنىڭ ئەڭ ئەجەللىك زىيىنى بىر تەرەپتىن، بۇ خىل سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئېغىز تىلىدا ئۆزلىشەلمەسلىكىگە سەۋەب بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن، يېزىق تىلىدا سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ بىھۇدە ئۇزۇن بولۇپ كېتىشى نەتىجىسىدىن بولىدىغان پاساھەتسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىستىلىستىكىسىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان بۇ خىل ئىللەتنىمۇ ئۇيغۇر تىلى سۆز بايلىقىغا بولغان تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئەنئەنىۋى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئارقىلىق ياسالغان سۆزلەرنىڭ تىل ئەمەلىيىتىدىكى نەتىجىلىرىنى كەڭ تەرجىمانلارغا ھەقىقىتى بىلەن تونۇتۇش ئارقىلىق تۈزەتكىلى بولىدۇ.

3) لېكسىكا تەتقىقاتى ئارقىلىق جۈملە قۇرۇلمىسى ۋە تۇرلۇك تەركىبلەردىكى بوشىشىش ھادىسىسىنى ئاڭلىق تۈگىتىپ، سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۇرۇش.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ جۈملە قۇرۇلمىسىنى تارىخىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش يالغۇز ئۇيغۇر تىلى سىنتاكسىسىنىڭ ۋەزىپىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسىنىڭمۇ مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىستىلىستىكا جۈملىلەرنى ئىمكان بار ئاز سۆز بىلەن تۈزۈپ، ئۇقۇملارنى ساز ئىپادىلەشنى تىلدىكى مۇھىم پاساھەت دەپ قارايدۇ.

تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقلىرى



بىلەن پۈتۈلگەن تاش ئابىدىلەر تېكىستلىرىدە، ئىدىقۇت دەۋرىگە ئائىت قول يازمىلاردا، قاراخانىيلار زامانىغا تەئەللۇق ئەسەرلەردە ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەمگەكلەردە، جۈملە قۇرۇلمىسىدىكى زىچلىقنىڭ مۇكەممەللىكتە ۋايىغا يەتكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز، ئۇ تېكىستلەردىكى جۈملىگە تالىق سۆزلەردىن بىرەرنىمۇ چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ دېسە مۇبالىغە بولمايدۇ.

دەۋر تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا سوستاۋى مىسلىسىز دەرىجىدە بېيىدى، سۆزلەملەر ئاۋۇدى، جۈملە شەكىللىرىمۇ خىلمۇخىللىشىپ، تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىمۇ كۆپ ئاشتى، بۇ ئەمەلىيەت. بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان بىر ئەھۋال شۇ بولماقتىكى، تىلىمىزنىڭ، خۇسۇسەن يېزىق تىلىنىڭ قۇرۇلمىسىدا روشەن ھالدىكى بوشىشىش ھادىسىسى پەيدا بولدى. بۇ يەردە بىز دەۋاتقان «بوشىشىش ھادىسىسى» جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىلىرى قۇرۇلمىسىدىكى زۆرۈر ۋە ھەقلىق رەۋىشتىكى بوغۇم سانى ياكى سۆز مىقدارىنى كۆپەيتىش ئەمەس، بەلكى ئاخىرقى ھېسابتا، بىر پۈتۈن مەنىنى تۇتۇقلۇققا ئېلىپ بارىدىغان بىھۇدە سەرپىيات ۋە سۆز ئىسراپچىلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مەلۇمكى، سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ ئىخچاملىقى ئۇقۇمنىڭ ئېنىق بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. بۇ يەردىكى ئىخچاملىق نوقۇل ھالدىكى «قىسقا»لىقتا ئەمەس، بەلكى زۆرۈر «زىچ»لىقتا قارىتىلغان. جۈملىدىكى سەرپىيات ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن، مەنە ئېنىق ئىپادىلىنىشى شەرت. شۇنداق ئىكەن، مەنىنى ئېنىق ئىپادىلىگىلى بولسىلا سۆز سەرپىياتىنى ئىمكانىقەدەر ئازايتىش، جۈملە قۇرۇلمىسىنىڭ زىچلىقىنى ئاشۇرۇش، ئەھمىيەتسىز، پايدىسىز بوشىشىش ھادىسىسىنى يو-

قىلىش لازىم. بىلىش كېرەككى، زىچلىق يېزىق تىلىنىڭ مۇھىم ئىستىلىستىكىلىق نورمىسى بولۇپ، ئۇ ئىپادىلىمەكچى بولغان مەزمۇننى جۈملىگە ئىمكانقەدەر ئىخچام قۇرۇلما بىلەن مۇجەسسەم قىلىشنى ئۆلچەم قىلىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلى جۈملە قۇرۇلمىسىدىكى بوشىشىش ھادىسىسىنىڭ ئالامەتلىرى دەپ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تەرەپنى كۆرستىش مۇمكىن:

(1) باشقا تىلدىكى سۆزلەرنى ئۇيغۇرچىغا خەتمۇخەت تەرجىمە قىلىش نەتىجىسىدە، جۈملە تەركىبىگە ئورۇنسىز تەركىبلەرنى قوشۇپ قويۇش. مەسىلەن، «مېنىڭ ساڭا قارىتا پىكرىم بار» (我对你有意见)، «بۇ ئىش ئۇنىڭغا نىسبەتەن پايدىلىق» (这件事对他有利) دېگەنلەرگە ئوخشاش. روشەنكى، بۇ جۈملىلەردىكى «قارىتا»، «نىسبەتەن» سۆزلىرى خەنزۇچىدىكى «对» سۆزىنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، بۇ يەردە زورمۇزور كىرگۈزۈپ قويۇلغان ئورۇنسىز تەركىبلەر ھېسابلىنىدۇ.

(2) تۇرغۇن سۆزلەرنى بىھۇدە ھالدا شۇ سۆزنىڭ ئىسىمداش شەكلىگە كىرگۈزۈپ ئىشلىتىش. بۇ ئادەتتە، تۇرغۇن سۆزلەرنى دەسلەپ پېئىللاشتۇرۇش، ئاندىن ئۇنىڭ ئىسىمداش شەكلىنى تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا، تۇرغۇن سۆزنىڭ ئۆزىگە بەزى تەركىبلەرنى قوشۇشقا توغرا كېلىدىغان بولغاچقا، سەرپ قىلىنغان بوغۇم سانى سۈنئىي ھالدا ئېشىپ كېتىپ، روشەن ھالدىكى بوشىشىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل بوشىشىش ھادىسىسى كۆپىنچە مۇنداق ئىككى خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، تۇرغۇن سۆزلەردىن ھاسىل قىلىنغان پېئىل ئۆزىگە ئىسىمداش قوشۇمچىسىنى قوشۇپ ئىشلىتىش. مەسىلەن، «سۆھبەتلىشىش ئورنى»، «خۇلاسىلاش ئۇسۇلى»، «نىكاھلىنىش ئەركىنلىكى»، «ھەرىكەتلىنىش نورمىسى» دېگەنلەرگە ئوخ-



شاش. روشەنكى، مەزكۇر بىرىكمىلەرنى «سۆھبەت ئورنى»، «خۇلاسە ئۇسۇلى»، «نىكاھ ئەركىنلىكى»، «ھەرىكەت نورمىسى» شەكلىدە، يەنى تۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئەسلى بويىچە ئىشلىتىش تامامەن مۇمكىن.

يەنە بىرى، تۇرغۇن سۆزلەرگە ھېچبىر زۆرۈرىيەت بولمىسىمۇ، ئىسىمداش سۆزلەرنى، خۇسۇسەن ياردەمچى پېئىللارنىڭ ئىسىمداش شەكلىنى قوشۇپ ئىشلىتىش. مەسىلەن، «ئالاقە قىلىش چارىسى»، «تىجارەت قىلىش ئورنى»، «سودا قىلىش ئۇسۇلى»، «زەربە بېرىش ئوبيېكتى» دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئەمەلىيەتتە، بۇ بىرىكمىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

(3) پېئىللارنىڭ ئاددىي ۋە ئېنىق دەرىجىدىكى شەكلىنى خەۋەر قىلىپ ئىشلەتسىمۇ بولىدىغان جۈملىلەردە، ئەتەي مەجھۇل شەكلىنى ئىشلىتىش. مەسىلەن، «شەھىرىمىزنىڭ سودا ئىشلىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى»، «ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى ئۆستۈرۈلدى» دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئەگەر كونتېكىست ئومۇمىي مەزمۇن ئورامىنىڭ زۆرۈر تەلىپى بولمىسىلا، بۇ جۈملىلەردىكى خەۋەرنى «تەرەققىي قىلدى، ئۆستى» دېيىش كۇپايە.

(4) ئۆزىدىنلا خەۋەر شەكلىنى ھاسىل قىلىپ ئىپادىلەشكە بولىدىغان پېئىللارنى دەسلەپ ئىسىمداش شەكلىگە كىرگۈزۈپ، ئاندىن ئۇنى جۈملىنىڭ تولدۇرغۇچىسى ئورنىغا ئۆتكۈزۈپ، قوللىنىش. مەسىلەن، «تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ باردى»، «ئۆكۈنۈش ھېس قىلدى»، «كۆزىتىش قىلدى»، «دەم ئېلىش قىلدى» دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئەمەلىيەتتە، مەزكۇر جۈملىلەرنى «تەرتىپكە سالدى، ئۆكۈندى، كۆزەتتى، دەم ئالدى» قىلىپ ئىشلەتسىمۇ، ئۇقۇم ئېنىقسىزلىقى كۆرۈلمەيدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

(5) سۆز ـ جۈملىلەرگە ئارتۇقچە تەركىبلەرنى قوشۇپ قويۇش. بۇ ئادەتتە، جۈملىدە مۇئەييەن بىر ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سۆز ئېيتىلىپ بولغان تۇرۇقلۇق شۇ سۆزنى ئىزاھلايدىغان ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئۇقۇمداش بولغان يەنە بىر سۆزنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا قوشۇپ قويۇشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «ئۇ شۇنچە يىراق ئارىلىقتا تۇرۇپمۇ، مېنى تونۇيالىدى» («ئارىلىق»سۆزى ئارتۇقچە)، «مەن ھېلىقى گەپنى شۇنچە پەس ئاۋازدا پىچىرلاپ دېسەممۇ، ئۇ ئاڭلاپ قاپتۇ» («پىچىرلاپ» سۆزى زىيادە) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

(6) جۈملىدە ئوخشاش مەنىلىك سۆز بىرىكمىلىرىنى بىھۇدە تەكرارلاش. بۇ ئادەتتە ئىپادىلىمەكچى بولغان ئۇقۇمنى كۈچەيتىش ياكى تولۇقلاش رولىغا ئىگە بولمىغان سۆزلەرنىمۇ ھېچبىر ئەھمىيەتسىز ھالدا تەكرارلاپ ئىشلىتىش ئىللىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ھەل قىلىشتا سالماق پوزىتسىيە تۇتۇش لازىم»، «شەيئىلەر ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ تۇرىدۇ» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئۇيغۇر تىلى جۈملە قۇرۇلمىسىدىكى بوشىشىش ھادىسىسىگە ياتىدىغان ئالامەتلەرنى يەنىمۇ تەپسىلىي قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. بىز بۇ يەردە قىسقىچە قىلىپ، شۇنچىلىك كۆرسىتىش بىلەن كۇپايىلەندۇق.

خۇلاسە قىلغاندا، جۈملە قۇرۇلمىسىدىكى بوشىشىش ھادىسىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلىۋاتقان تۈرلۈك ژانىردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە، سىياسىي ۋە ئىلمىي ماقالىلەردە ئوخشاشمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان پاسسىپ ھادىسە. تىلىمىزنىڭ پاساھىتىگە ئېغىر نۇقسان يەتكۈزىدىغان بۇ خىل ئىللەتنى تەدرىجىي ئازايتىش ۋە ئاخىرقى ھېسابتا تۈپتىن يوقىتىش ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىس-



تىلىستىكىسىنىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىسى. بىراق ئىستىلىستىكا تەتقىقاتىنىمۇ ئۆزىنىڭ مۇھىم ئوبيېكتلىرىدىن بىرى ھېسابلايدىغان ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى ئۆز تەتقىقاتىنى ئەمەلىيەتكە چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسىدا ساقلىنىۋاتقان بۇ خىل پاسسىپ ئامىللارنى تۈگىتىشكە ئەمەلىي ياردەم بېرەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقىمۇ رېئال مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا زور كۈچ قوشالايدۇ، ئەلۋەتتە. ھالبۇكى، بۇنداق بولۇشنى ئىستىلىستىكا ئىلمى بىلەن لېكسىكولوگىيەنىڭ ئورگانىك مۇناسىۋىتى بەلگىلىگەن دەپ قارايمىز.

# ئون بىرىنچى باب ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ سېمانتىكىلىق توپى

لېكسىكولوگىيەدە سۆزلەر «بىر مەنىلىك سۆزلەر»، «كۆپ مەنىلىك سۆزلەر»، «مەنىداش سۆزلەر»، «ئاھاڭداش سۆزلەر»، «شەكىلداش سۆزلەر» ۋە «زىت ئۇقۇملۇق سۆزلەر» دېگەندەك تۈرلەرگە ئايرىلغاندىن باشقا، سۆزلەردىكى مەنە قاتلىمى، ئۇقۇم دائىرىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇقۇم جەھەتتىكى ئۆزئارا مۇناسىۋىتى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر بويىچە مۇئەييەن سۆز توپىنى ھاسىل قىلىدىغانلىقىغا قاراپ، يەنە «ئايرىم ئوبيېكتلىق سۆزلەر توپى»، «مۇقىم ماسلاشما ۋە ئالاھىدە ماسلاشما سۆزلەر توپى»، «يۆلەنمە سۆزلەر توپى»، «قاتارلاشما سۆزلەر توپى»، «دەرىجىلەنمە سۆزلەر توپى»، «ئامىلداش سۆزلەر توپى» ۋە «مەنبەداش سۆزلەر توپى» دېگەندەك تۈرلەرگىمۇ ئايرىلىدۇ. بىز مۇشۇ بابتا، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى مۇشۇ رامكا بويىچە تۈرلەرگە ئايرىپ چۈشەندۈرىمىز.

## 1§. ئايرىم ئوبيېكتلىق سۆزلەر توپى

ئاڭلىتىدىغان تۈپ ئۇقۇمى جەھەتتە، بىر مەركىزىي نۇقتىلىق سۆزلەر گەۋدىسىنى ھاسىل قىلالايدىغان، ئايرىم تۇرغاندا، كونكرېت مەنە جەھەتتە مۇئەييەن دائىرىلىك خاس ئوبيېكتنىلا بىلدۈرىدىغان مۇستەقىل سۆزلەر سېمانتىكىدا «ئايرىم ئوبيېكتلىق سۆزلەر توپى» دېيىلىدۇ. مەسىلەن: «ئاتا، ئا-



نا، قىز، ئوغۇل، ئەر، ئايال، بالا ـ پەرزەنت، موما، بوۋا، يەڭگە، جىيەن، كېلىن، كۈيئوغۇل» دېگەن سۆزلەرنى ئالساق، بۇلار تۈپ ئۇقۇم جەھەتتە، «ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداش» دېگەن بىر سېمانتىك ئۇقۇم نۇقتىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئەمما، ئۇلار كونكرېت مەنە جەھەتتە ئۆزىگە خاس بولغان بىر ئوبيېكتقا ئىگە بولۇپ، «ئاتا» دېسەك، ئاشۇ ئۇرۇق ـ تۇغقان ئادەملەرنىڭ ئىچىدىكى «پەرزەنتلەرگە دادا بولغۇچى»نىلا كۆرسىتىدۇ. «ئانا» دېسەك، ئۇ «پەرزەنتلەرنى تۇغقۇچى»نىلا كۆرسىتىدۇ، خالاس.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مۇئەييەن بىر تىلنىڭ لۇغىتىدە مۇستەقىل سۆزلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالىغان ھەر قانداق بىر سۆز ئۆز نۆۋىتىدە، ئايرىم ئوبيېكتلىق سۆز بولىدۇ. چۈنكى، ئۆزىگە خاس بولغان دائىرىدىكى مەلۇم بىر ئۇقۇمنى بىلدۈرمىگەن سۆز ئايرىم سۆز ئاتىلىپ لۇغەتلەردىن ئورۇن ئالالىشى مۇمكىن ئەمەس. بىراق، لېكسىكولوگىيەدە «ئايرىم ئوبيېكتلىق سۆزلەر توپى» ئاتىلىدىغان سۆزلەر ئادەتتە، تۈپ ئۇقۇم جەھەتتە بىر نېگىز، بىر نۇقتا ئەتراپىغا ئۇيۇشالايدىغان بولۇشنى ئالاھىدە ئۆلچەم قىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن «ئايرىم ئوبيېكتلىق سۆزلەر توپى» دېگەن ئاتالغۇنى «بىر نېگىزداش ئايرىم ئوبيېكتلىق سۆزلەر توپى» دەپ چۈشىنىشكە ۋە شۇنداق ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

ئايرىم ئوبيېكتلىق سۆزلەر توپىنى مەزكۇر توپتىكى سۆزلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە ئايرىپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، **كونكرېت ئايرىم ئوبيېكتلىق سۆزلەر توپى**. بۇ تۈرگە مەنسۇپ ئايرىم ئوبيېكتلىق سۆزلەر توپىدا، ھەر بىر سۆز ئۇقۇم جەھەتتە كونكرېتلىققا ئىگە بولۇپ، مەزكۇر سۆز ئۇقۇم ئوبيېكتى قىلغان شەيئىنى كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول



www.uyghurkitap.com

بىلەن تۇتقىلى بولىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، كونكرېت ئايرىم ئوبيېكتلىق سۆزلەر توپىغا تەئەللۇق سۆزلەر ئىنساننىڭ تۈرلۈك سەزگۈ ئورگانلىرى ئارقىلىق ئېنىق سەزگىلى بولىـ دىغان، ئاتىسا ئېتى، تۇتسا سېپى بار كونكرېت نەرسىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن:

باش — ئېڭەك — بويۇن — يەلكە — قول — پۇت (بەدەن)

قوغۇننىڭ شاپىقى — قوغۇننىڭ ئېتى — قوغۇننىڭ ئۇ-رۇقى (قوغۇن)

بىلەك — بېغىش — ئالىقان — بارماق (قول)

ئىككىنچى، ئابستراكىت ئايرىم ئوبيېكتلىق سۆزلەر توپى. بۇ تۈرگە تالىق ئايرىم ئوبيېكتلىق سۆزلەر توپىدا، ھەر قايسى سۆز ئۆزى ئۇقۇم ئوبيېكتى قىلغان شەيئىلەرنى كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئابستراكىت ئايرىم ئوبيېكتلىق سۆزلەر توپىدىكى سۆز ئىپادىلىگەن شەيئى شەكىل جەھەتتە ھېچقانداق بىر كونكرېتلىققا ئىگە بولمايدۇ. مەسىلەن:

ئالىي — ئوتتۇرا — تۆۋەن (دەرىجە)

ئەقلىي تەربىيە — ئەخلاقىي تەربىيە — جىسمانىي تەربى-يە (تەربىيە)

دۇنيا قاراش — كىشىلىك قاراش — تۇرمۇش قاراش(قاراش)

ئۈچىنچى، بىر تۈپ سۆزدىن ياسالغان ئايرىم ئوبيېكتلىق سۆز-لەر توپى. مەسىلەن:

ئوقۇغۇچى — ئوقۇتقۇچى — ئوقۇتقۇزغۇچى — ئوقۇت-تۇرغۇچى («ئوقۇماق» پېئىلىدىن ياسالغان)

ئۆگەتكۈچى — ئۆگەنگۈچى — ئۆگەتكۈزگۈچى — ئۆگەت-تۈرگۈچى («ئۆگەتمەك» پېئىلىدىن ياسالغان)

باشقۇرغۇچى — باشقۇرۇلغۇچى — باشلىق («باش» سۆزد-



دىن ياسالغان)...

تۆتىنچى، باشقا - باشقا سۆزلەردىن تۈزۈلگەن ئايرىم ئوبيېكت-لىق سۆزلەر توپى. مەسىلەن:

قېرى — مېيىپ — كېسەل(ئاجىز)

كۆك — يېشىل — سېرىق — قارا — ئاق — سۆسۈن (رەڭ)

تەرەققىي قىلىش — توختاپ قېلىش — بۇرۇلۇش — چېكىنىش (ھالەت) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

بەشىنچى، زىت ئۇقۇملۇق سۆزلەردىن تۈزۈلگەن ئايرىم ئوب-يېكتلىق سۆزلەر توپى. بۇنىڭغا، مۇتلەق زىت مەنىلىك ياكى نىسپىي زىت مەنىلىك سۆزلەردىن تۈزۈلگەن ئايرىم ئوبيېكت-لىق سۆزلەر توپى كىرىدۇ. مەسىلەن:

سوغۇق — ئىللىق — قىزىق(تېمپېراتۇرا)

ئېگىز — ئوتتۇرا بوي — پاكار (بوي - تۇرۇق)

ئاچچىق — چۈچۈمەل — تاتلىق — قاڭسىق(تەم)

## §2. مۇقىم ماسلاشما ۋە ئالاھىدە ماسلاشما سۆزلەر توپى

تىلدىكى سۆزلەر ئايرىم تۇرغاندا ئۇقۇم دائىرىسى، مەنە مۇناسىۋىتى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇئەييەن باغلىنىشقا ئىگە بولغان سېمانتىكىلىق سۆزلەر توپىنى شەكىللەندۈرگەندىن باشقا، بىرىكمە ھالىتىگە ئۆتكەندە، بىرىكمە ئىچىدىكى سۆز-لەرنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىش ئىقتىدارى جەھەتتىمۇ خاس ئالا-ھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان سۆز بىرىكمىلىرى توپىنى شەكىل-لەندۈرىدۇ. ئالايلۇق، «سۇ» سۆزى بىلەن «يېمەك (يېيىش)» كە-لىمىسى گەرچە كۈندىلىك ئىستېمالدا دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆزلۈكلەر بولسىمۇ، ئۇلارنى بىرىكتۈرۈپ «سۇ يېمەك» شەك-

لىدىكى بىرىكمە ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ. ئوخشاشلا، «نان» سۆزى بىلەن «ئىچمەك (ئىچىش)» كەلىمىسىنى ئالساقمۇ شۇنداق. ھېس قىلىش تەس ئەمەسكى، بۇ سۆزلەردىن بىرىكمە ھاسىل قىلغىلى بولماسلىقنىڭ تۈپ سەۋەبى ئۇلار ئارىسىدا ئۆز ئارا ماسلىشىش ئىقتىدارىنىڭ بولمىغانلىقىدىن بولغان.

تىلشۇناسلىقتا، ئاڭلاتقان ئۇقۇمى بويىچە تەبىئىي ماسلىشىپ تۈرلۈك بىرىكمىلەرنى ھاسىل قىلالايدىغان سۆزلەر «ماسلاشما سۆزلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. ماسلاشما سۆزلەر توپى ئۆزىنىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا، يەنە «مۇقىم ماسلاشما سۆزلەر توپى» ۋە «ئالاھىدە ماسلاشما سۆزلەر توپى» دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

مۇقىم ماسلاشما سۆزلەر توپى دېگىنىمىز، ئۆز ئارا ماسلىشىپ بىرىكمە ھاسىل قىلغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ بىرىكمە تەركىبىدىكى ئورنى ۋە تەرتىپى مۇقىم بولۇپ، ھەمىشە بىر سۆزدەكلا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ كەتكەن سۆزلەر توپىغا ئېيتىلىدۇ.

مەسىلەن، «تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرمەك» دېگەن بىرىكمىنى ئالساق، بىرىنچىدىن ئۇنى «تۈكنى تۇخۇمدا ئۈندۈرمەك» شەكلىگە كىرگۈزۈپ ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇنى «تاشتىن تۈك ئۈندۈرمەك» قىلىپ ئۆزگەرتىشكىمۇ بولمايدۇ. ئۇ پەقەت ئاشۇ «تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرمەك» شەكلىدە مۇقىم ئىشلىتىلىپ، «بىر ئىشتىن قەستەن پۇتاق چىقارماق»، «يوق يەردىن ئىش تېرىماق» ئۇقۇمىنى يورۇتۇپ كېلىدۇ؛ «كۈچ - قۇۋۋەت»، «بەخت - سائادەت» بىرىكمىلىرىنى ئالساقمۇ، ئۇلار «قۇۋۋەت - كۈچ»، «سائادەت - بەخت» شەكىللىرىدە ئىشلىتىلمەيدۇ. پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ مۇقىم تەرتىپىگە ئىگە ماسلاشما شەكىللىرى بىلەن «قۇدرەت»، «بەختىيارلىق» ئۇقۇملىرىنى يورۇتۇپ كېلىدۇ؛ «ئەر كۆركى ساقال، سۆز كۆركى



ماقال»، «يىراق بولسا كىشنىشەر، يېقىن بولسا چىشلىشەر» قاتارلىق ماقال - تەمسىللەرگە نەزەر سالىدىغان بولساقمۇ، ئۇلارنى ئۆزگەرتىپ «ئەر كۆركى بۇرۇت، سۆز كۆركى دۇرۇت»، «يىراق تۇرسا چىللىشار، يېقىن تۇرسا تىللىشار» شەكلىگە كىرگۈزۈپ ئىشلىتىش ئادىتى يوق. ئۇلار پەقەت ئاشۇ ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا تەكرار - تەكرار ئىشلىتىلىپ مۇقىملىشىپ قالغان ھالىتى، شەكلى ۋە تەرتىپى بويىچە قوللىنىلغاندىلا، ئاندىن ماقال - تەمسىللىك قىممىتى بىلەن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزلىرى ئىپادىلەيدىغان سىمانتىك ئۇقۇمىنىڭ پاساھىتىگە كاپالەتلىك قىلالايدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇقىم ماسلاشما سۆزلەر توپىغا ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تۆۋەندىكىدەك تۇراقلىق تەركىبلەر كىرىدۇ:

بىرىنچى، **ئىدىيوملار**. مەسىلەن، تۆت كۆز بىلەن كۈتمەك، ئېغىزى قۇلىقىغا يەتمەك، بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتمەك، چوقىسىدىن بۇس چىقماق، ئاق كۆڭۈل، تاش يۈرەك، دىلى يۇمشاق، قۇلىقى يۇمشاق، ئايىغى يەڭگىل، گەدىنى قاتتىق، ئۇزۇن ئېغىز، شورا تۇمشۇق، ئۇزۇن قۇلاق، قولى قىسقا، قولى ئەگرى، دىمىقى ئۈستۈن، بوسۇغىسى ئېگىز، تىلى قىسقا، يۈزى يورۇق، ئاق يول، ئالدى ئوچۇق...

ئىككىنچى، **جۈپلەنمە سۆزلەر**. مەسىلەن، باغ - بوستان، كېچە - كۈندۈز، تاغ - دەريا، ئەقىل - پاراسەت، تىنچ - ئامان، ئامان - ئېسەن، غەم - قايغۇ، پىكىر - خىيال، تالا - تۈز، تۈپ - يىلتىز، دەرد - ئەلەم، قېقىندى - سوقۇندى، قالغان - قاتقان، ئاستىن - ئۈستۈن، ئىلگىرى - ئاخىر، ھېيت - ئايەم، ئىلىم - پەن، ھۈنەر - سەنئەت...

ئۈچىنچى، **چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدىن كەلگەن ئىزافەت** (تەڭسىز بىرىكمە) لەر. مەسىلەن، تەركىدۇنيا (دۇنيادىن كېچىش)، خەلقىئالەم (ئالەم خەلقى)، ئەھلىمەھەللە (مەھەللە ئەھلى)،



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەھلىجامائەت (جامائەت ئىچىدىكى ئادەم)، ھاجىھەرەم (مەككى-
نى ھەج ۋاقتىدا زىيارەت قىلغان ئادەم)، روينىزىمىن (يەر يۈ-
زى)، پەيلىشەيتان (شەيتاننىڭ ئىشى، شەيتاننىڭ پەيلى)، بالا-
يىبەتتەر (ئېغىر بالا، ئەڭ يامان بەختسىزلىك)، سۈيىئىستېمال
(ئىستېمال سۈيى؛ مۇئەييەن مەقسەتكە يېتىشتە قوللىنىلغان
ۋاستە)، ساھىبجامال (جامال ئىگىسى، رۇخسار ئىگىسى)، قەت-
لىئام (ئومۇمىي قىرغىن)، ئەكسىلئىنقىلاب (ئىنقىلابنىڭ تەتۈ-
رى)، قەدەمتەشرىپ (شەرەپلىك قەدەم)، ھالىئوقەت (كۈندىلىك
ئەھۋال)، ئابىھايات (تىرىكلىك سۈيى)، پادىشاھىئالەم (كاتتا پا-
دىشاھ، ئالەمنىڭ شاھى)، شاكىچىك (كىچىك پادىشاھ...)

تۆتىنچى، چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدىن كەلگەن تەڭداش بىرىك-
مىلەر. مەسىلەن، بالايىئاپەت (ئەسلى: بەلايۇ ئاپەت، يەنى بالا-
قازا ۋە ئاپەت)، باغۇ بوستان (باغ ۋە بوستان)، كىچەيۇ كۈندۈز
(كېچە ۋە كۈندۈز)، ئىنسۇ جىن (ئىنسان ۋە جىن)، تاغۇ دەريا
(تاغ ۋە دەريا)، ھاۋايىھەۋەس (ئەسلى: ھەۋايۇ ھەۋەس)...

بەشىنچى، بۈگۈنكى ئىستېمالىمىزدا قوللىنىلىۋاتقان چاغاتاي
ئۇيغۇرچىسىغا تەئەللۇق ئەلفازلىق تۇراقلىق جۈملە ۋە ئىبارىلەر.
مەسىلەن، بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم (ئەڭ شەپقەتلىك
ئاللاھنىڭ نامى بىلەن)، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم (تىنچلىق - ئا-
مانلىق سىزگە يار بولسۇن)، ئەلھەمدۇلىللاھ (ھەمدۇ - سانا
ئاللاھقا خاستۇر)، ئەلھۆكمىلىللاھ (ھۆكۈم قىلىش ئاللاھقا
خاستۇر)، ئىنشائاللاھ (ئاللاھ خاھلىسا)، ماشائاللاھ (ئاللاھنىڭ
خالىغىنى)، ئەستاغپۇرۇللاھ (ئاللاھ مېنى مەغپىرەت قىلغاي)،
ئاللاھۇ ئەكبەر (ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر)، ئاللاھ كەرىم (ئاللاھ
كارامەت ئىگىسىدۇر)، ئەلھايا مىنەلئىمان (ھايا قىلىش ئىماز-
نىڭ جۈملىسىدىندۇر)، ئەلقىساسۇ مىنەلھەق (قىساسنى ئاللاھ



ئېلىپ بېرىدۇ)...

ئالتىنچى، تۇراقلىق تەركىبلىك خاس ناملار ۋە كونا سۆز-
گە يېڭى مەنە يۈكلەپ ياسالغان تۇراقلىق بىرىكمىلەر. مەسى-
لەن، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»، «شىنجاڭ گېزى-
تى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «تارىم ئۇنىۋېرسىتېتى»، «ئۇ-
رۇمچى كەچلىك گېزىتى»، غورىگىل تۇرمۇش كۆچۈرمەك،
ئارقا ئىشىكتىن ماڭماق، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسى-
تى، قالدۇرۇق يەر، دېڭىزغا چۈشۈش، سېرىقنى تازىلاش،
ئۈچىبۇرجەك قەرز، ئانا يۇرت...

يەتتىنچى، ماقال - تەمسىللەر. مەسىلەن، ھۇرۇن ئادەم
يەرگىمۇ يۈك؛ ئەزمە ئويلانغىچە، تەۋەككۈلچى مۇرادىغا يېتىپ-
تۇ؛ بۆلۈنگەننى بۆرى يەر، ئايرىلغاننى ئېيىق؛ قارغا بالام ئاپ-
پاق، كىرپە بالام يۇمشاق؛ بۆرىنىڭ تەڭ ئورتاق، قاغىنىڭ دە-
رەخ بېشىدا؛ بەتنىيەتنىڭ يولى تار؛ بالىلىق ئۆي بازار، بالى-
سىز ئۆي مازار؛ ئىشچانغا ۋاقىت يەتمەس، ھۇرۇننىڭ ئەتىسى
تۈگىمەس؛ سۆزنىڭ پىششىقى ياخشى، ئاشنىڭ ئىسسىقى؛
ئۆچكىنىڭ ئوچۇق تۇرسا ھېچ گەپ يوق، قوينىڭ ئېچىلىپ
قالسا، ھويت - هويت؛ مېھمان ئەزىز، ساھىبخان لەزىز؛
تەقۋادا ھالال يوق، پەتىۋادا ھارام؛ بەرمەسنىڭ ئېشى پىشماس؛
سۈتتە ئېغىزى كۆيگەن قېتىقنىمۇ پۈۋلەپ ئىچەر؛ بارغا پەتە،
يوققا ئەتە؛ ئۆتكەنلەرگە سالاۋات...

سەككىزىنچى، ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە مەشھۇر سۆزلەر.
مەسىلەن، «بىزنىڭ تىلىمىز» دېمەك، «بىزنىڭ تارىخى-
مىز» دېمەكتۇر (ياكوب گىرىم)؛
دۈشمەن ھەرقانچە كىچىك، ئاجىز بولسىمۇ، ئۇنى مەز-
ستىمەسلىك توغرا ئەمەستۇر (مەھمۇد كاشغەرىي)؛

پۇشايمانغا قالماي دېسەڭ، ۋاقىتنى زايا قىلما (يۈسۈپ خاس ھاجىپ)؛

ئادەم بولساڭ، خەلق غېمىنى يېمىگەننى ئادەم دېمە (ئەلشىر نەۋايى)؛

ئىجاد يىللارنى قىرىتىدۇ (لۇتپۇللا مۇتەللىپ)؛

«مەن تۈرك» دېيەلىگەن نەقەدەر سائادەتمەن ئىنسان ـ ھە! (مۇستافا كامال ئاتاتۈرك...)

توققۇزىنچى، كلاسسىك ئەسەر ناملىرى. مەسىلەن، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «خەمسەئى نەۋايى»، «قىسسەئى رابغۇزىي»، «تارىخى ھەمىدىي»، «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن»، «مەھبۇبۇل قۇلۇب»، «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين»، «تارىخى كاشغەر»، «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «تەزكىرەئى ساتۇق بۇغراخان»...

ئالاھىدە ماسلاشما سۆزلەر توپى — تىلنىڭ ئۇزاق يىللىق ئىستېمال ئەمەلىيىتىدە، بەزەن سۆزلەر دائىم دېگۇدەك ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىش ئارقىلىق مۇئەييەن تىل ئادىتىگە خاس بولغان ئۆزئارا ماسلاشما سۆزلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئالاھىدىلىك جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىرىنچىدىن، بۇ خىل ماسلاشما سۆزلەر ئىچىدىكى سۆزلەملەر قۇرۇلما جەھەتتە مۇقىم ماسلاشما سۆزلەرنىڭكىدەك مۇقىم ۋە ئۆزگەرمەس بولمايدۇ. ئالايلۇق، «ناخشا ئېيتماق» دېگەن بىرىكمە سۆزنى ئالساق، ئادەتتە ئۇنى «ناخشا ئوقۇماق»، «ناخشا توۋلىماق» قىلىپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، ياتاققا كىرسەم، ئۇلار ئىككىسى دۇتار بىلەن ناخشا ئوقۇشۇپ ئولتۇرغانىكەن، دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئىككىنچىدىن، بۇ خىل ماسلاشما سۆزلەرنىڭ ئىچىدىكى پېئىل ئىپادىلىگەن ئۇقۇم تۈرلۈك بىرىكمىلەر تەركىبىدە ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، «ناخشا ئوقۇماق» بىلەن «كىتاب ئوقۇماق»تىكى «ئوقۇماق»نى ئالساق، «ناخشا ئوقۇماق»تا، «مەلۇم شېئىرىي تېكىستنى يادا، ئۈنلۈك ۋە مۇئەييەن ئاھاڭ بىلەن ئوقۇماق»نى كۆرسەتسە، «كىتاب ئوقۇماق»تىكى «ئوقۇماق» بولسا، «كىتابنىڭ قۇرلىرىغا يېزىلغان تېكىستنى كۆز بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ، ئاۋازلىق ياكى ئاۋازسىز ئوقۇماق»نى بىلدۈرىدۇ.

لېكسىكولوگىيەدە، مانا مۇشۇنداق تەركىبىدىكى سۆزلەرنى ئۆزگەرتىشكە، ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان، تۈرلۈك بىرىكمىلەردە ئۇقتۇرىدىغان مەنىسى ئۇقۇم دائىرىسى جەھەتتە مۇئەييەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ماسلاشما سۆزلەر «ئالاھىدە ماسلاشما سۆزلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئالاھىدە ماسلاشما سۆزلەر ئادەتتە، سۆزلىگۈچى ياكى يازغۇچى تەرىپىدىن ئاتايىن ماسلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدە ماسلاشما سۆزلەردىن شەكىللەنگەن سېمانتىك توپ — «ئالاھىدە ماسلاشما سۆزلەر توپى» دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

چاچ ئالدۇرماق، باش ئالدۇرماق

نان يېمەك، غەم يېمەك، دەم يېمەك، مۇش يېمەك

كىنو كۆرمەك، چۈش كۆرمەك، بوش كۆرمەك دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئالاھىدە ماسلاشما سۆزلەر بىلەن مۇقىم ماسلاشما سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۈپكى پەرق ئاساسەن مۇنداق ئىككى تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، ئالاھىدە ماسلاشما سۆزلەر تەركىبىدە جەزمەن بىر پېئىل سۆز بولىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىن ئۇنى يەنە «پېئىللىق ماسلاشما سۆزلەر» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. ئىككىنچىسى، ئالاھىدە ماسلاشما سۆزلەر پەقەت سۆز بىرىكمىسى بولۇشى مۇمكىنكى، ئۇنىڭ تەركىبىدە مۇقىم ماسلاشما سۆزلەرنىڭكىدەك پۈتۈن ـ پۈتۈن جۈملىلەر بولمايدۇ.

ئالاھىدە ماسلاشما سۆزلەرنى، شۇنداقلا ئۇلار شەكىللەنگەن



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سېمانتىك تۈپنى تەتقىق قىلىش مۇئەييەن بىر تىلدىكى سۆزلەردە يۈز بېرىدىغان مەنە - ئۇقۇم ئۆزگىرىشىنى چۈشىنىش ۋە بۇ جەھەتتىكى قانۇنىيەتلىك ئامىللارنى ئىگىلەش، كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنى بىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەتلىكتۇر.

ئالاھىدە ماسلاشما سۆزلەرنى قۇرۇلما جەھەتتىكى خاسلىقلىرىغا قاراپ «بىۋاستە ئالاھىدە ماسلاشما سۆزلەر» ۋە «ۋاستىلىق ئالاھىدە ماسلاشما سۆزلەر» دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. ھېچقانداق بىر خاس قۇرۇلمىنى ئۆزىگە ۋاستە قىلمايدىغان ماسلاشما سۆزلەر «ۋاستىسىز، يەنى بىۋاستە ئالاھىدە ماسلاشما سۆزلەر» دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

دەم ئالماق، جاۋاب ئالماق، دورا ئالماق، كۆن ئالماق

دەرس بەرمەك، رۇخسەت بەرمەك، ئەدەپ بەرمەك، ئىلھام بەرمەك... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ۋاستىلىق ئالاھىدە ماسلاشما سۆزلەر دېگىنىمىز مۇئەييەن بىر سۆز قۇرۇلمىسىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ماسلىشىپ كېلىدىغان ماسلاشما سۆزلەرگە ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ؛ ئۇيان تارتىپ، بۇيان ئىتتىرىپ؛ ئۇيان ئۆرۈپ، بۇيان چۆرۈپ (بۇلار «ئۇيان... بۇيان» قۇرۇلمىلىق ئالاھىدە ماسلاشما سۆزلەرگە كىرىدۇ).

ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ؛ ئۇنى كۆرسىتىپ، بۇنى كۆرسىتىپ؛ ئۇنى ئېلىپ، بۇنى ئېلىپ؛ ئۇنى يەپ، بۇنى ئىچىپ (بۇلار «ئۇنى... بۇنى...» قۇرۇلمىلىق ئالاھىدە ماسلاشما سۆزلەر ھېسابلىنىدۇ).

ئادەتتە، بىر تىلدىكى سۆزلەرنى مۇتلەق ئەركىن ھالدا ئىختىيارىي ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش مۇمكىن ئەمەس دېيىلىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ماسلىشىشى يا



مۇقىم بولىدۇ يا ئالاھىدە بولىدۇ، خالاس. بۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش لازىم.

## 3§. يۆلەنمە سۆزلەر تۈپى

دۇنيادىكى تۈرلۈك شەيئىلەر ئارىسىدا بىر - بىرىگە يۆلىنىش، ئوبيېكتىپ جەھەتتە بىر - بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۆز ئارا شەرت قىلىش مۇناسىۋىتى بولىدۇ. ھالبۇكى، بۇ خىل شەيئىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆز - ئاتالغۇلارمۇ ھەممىشە شەيئىلەر ئارىسىدىكى ئاشۇ خىل ئۆزئارا بىر - بىرىگە يۆلىنىش مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرىدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر - بىرىنى شەرت قىلىش ۋە ئۆز ئارا يۆلىنىش ئارقىلىق ئومۇمىي ئۇقۇم جەھەتتە تويۇنۇپ تۇرىدىغان سۆزلەر لېكسىكولوگىيەدە «يۆلەنمە سۆزلەر» دەپ ئاتىلىدۇ. مۇئەييەن ئۇقۇملۇق بىر قانچە يۆلەنمە سۆزلەردىن ھاسىل بولغان ئورتاق گەۋدە «يۆلەنمە سۆزلەر تۈپى» بولىدۇ. مەسىلەن:

قانۇن — سوت ئورگىنى — سوتچى

تۈرمە — جىنايەتچى — جىنايى قىلمىش

ئېتىزلىق — زىرائەت — تېرىقچىلىق...

يۇقىرىقى سۆزلەرنى تەھلىل قىلىپ قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا يۆلەنمە سۆزلەر تۈپىنى ھاسىل قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. چۈنكى، «قانۇن»نىڭ مەۋجۇتلۇقى «سوت ئورگىنى» ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ. «قانۇن»مۇ «سوت ئورگىنى»مۇ ئۆز نۆۋىتىدە «سوتچى» ۋە ئۇنىڭ شۇ ساھەدىكى پائالىيىتى ئارقىلىق ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ. ئوخشاشلا، «ئېتىزلىق» بولمىسا، «زىرائەت» بولمايدۇ. «زىرائەت» بولسا «تېرىقچىلىق» پائالىيىتى ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ.

تۆپكى ئالاھىدىلىك جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تىلدىكى ئۆز ئارا يۆلەنمىلىك مۇناسىۋەتتىكى سۆزلەر توپى كۆپىنچە ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەردىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ.

يۆلەنمە سۆزلەر توپىغا كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۆلەنمىلىك مۇناسىۋەت ھەممىلا سۆزلەردە ئۆز ئارا ئوخشاش دەرىجىدە، يەنى قوش تەرەپلىك بولۇپ كېتەلمەيدۇ. ئەكسىچە، خېلى بىر بۆلەك يۆلەنمە سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى يۆلەنمىلىك مۇناسىۋەت پەقەت بىر تەرەپلىك بولىدۇ.

ئەگەر سۆزلەم A ئۇقۇم جەھەتتە سۆزلەم B گە يۆلەنسە، ئەمما سۆزلەم B بولسا، سۆزلەم A غا يۆلەنمىسە پەقەت A نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مۇئەييەن ئۇقۇم دائىرىسى ئىچىدە چەكلەپ تۇرسا، مۇنداق مۇناسىۋەت بىرلا تەرەپلىك يۆلەنمە مۇناسىۋەت بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئوتتۇرىدىكى يۆلەنمىلىك مۇناسىۋەت ئۆزئارا ئەمەس، بەلكى بىرلا تەرەپلىك بولىدىغان سۆزلەر لېكسىكولوگىيەدە «بىر تەرەپلىك يۆلەنمە سۆزلەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: (بىر تەرەپلىك يۆلەنمە مۇناسىۋەتنى «ن» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلەيمىز)

يەڭگە ← ئاكا؛ ھاياتلىق ← ھاۋا

ئوقۇتقۇچى ← ئوقۇتۇش؛ ئوقۇغۇچى ← ئوقۇش

تىجارەتچى ← تىجارەت؛ ئالىم ← ئىلىم...

روشەنكى، قېرىنداش ئادەملەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، «يەڭگە» ئاكىنىڭ خوتۇنىنى كۆرسىتىدۇكى، «ئاكا» بولمىسا، «يەڭگە»نىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بىراق، «يەڭگە»نىڭ بولۇش - بولماسلىقى «ئاكا»نىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. ئوخشاشلا، «ھاۋا» بولغاچقا «ھاياتلىق» بولغان. ئەمما، «ھاياتلىق»نىڭ بولۇش - بولماسلىقى «ھاۋا»نىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، ئەلۋەتتە.



بىرلا تەرەپلىك يۆلەنمە سۆزلەرنى ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى يۆلەندۈرگۈچى سۆز بىلەن يۆلەنگۈچى سۆزنىڭ سۆز تۈركۈم تەۋەلىكىگە قاراپ، ئۆز ئىچىدىن «‹ئىسىمداش ← ئىسىم› قۇرۇلمىلىق يۆلەنمە سۆزلەر»، «‹سۈپەت ← ئىسىم› قۇرۇلمىلىق يۆلەنمە سۆزلەر»، «‹ئىسىم ← ئىسىمداش› قۇرۇلمىلىق يۆلەنمە سۆزلەر» دېگەندەك تۈرلەرگە ئايرىپ شەرھلەشكىمۇ بولىدۇ.

مەسىلەن:

**‹ئىسىمداش ← ئىسىم› قۇرۇلمىلىق يۆلەنمە سۆزلەر**

سۈپۈرۈش ← سۈپۈرگە؛ يېزىش ← يازغۇچى؛

كۆزەت قىلىش ← جېسەكچى؛ ئۇخلاش ← ئۇيقۇ؛

سۆزلەش ← گەپ - سۆز؛ تازىلاش ← تازىلىق...

**‹سۈپەت ← ئىسىم› قۇرۇلمىلىق يۆلەنمە سۆزلەر**

جۇشقۇن / چۈشكۈن ← كەيپىيات؛ كۆركەم / گۈزەل ← مەنزىرە؛

جاراڭلىق / جاراڭسىز ← ئاۋاز؛ چوڭ / كىچىك ← ھەجىم؛

ئېگىز / پاكار ← بوي - تۇرۇق؛ يىراق / يېقىن ← ئارىلىق...

**‹ئىسىم ← ئىسىمداش› قۇرۇلمىلىق يۆلەنمە سۆزلەر**

ساقچى ← ئامانلىقنى ساقلاش؛ دوختۇر ← داۋالاش؛

جەڭچى ← جەڭ قىلىش؛ ناخشىچى ← ناخشا ئوقۇش...

يۇقىرىدىكى مىساللاردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، بىر تەرەپلىك يۆلەنمە سۆزلەرنى تەشكىل قىلىدىغان يۆلەندۈرگۈچى سۆز بىلەن يۆلەنگۈچى سۆز بىرلا تەركىب بىلەن چەكلەنمەسلىكى، ئىككى تەرەپ ئايرىم - ئايرىم بىر قانچە سۆزدىن تەشكىل تاپقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، مەزكۇر توپتىكى يۆلەندۈرگۈچى سۆزلەر يۆلەنگۈچى سۆزنى ئايرىم - ئايرىم بىر قانچە تەرەپتىن ئۆزىگە يۆلەندۈرۈشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

مانتا ← جىلىت　　　كۆكتات قورۇش ← كۆكتات
ـ گۆش　　　ـ ياغ
ـ ئۇن　　　ـ قازان
هاياجانلىنىش ← كۆڭلى بۇزۇلۇش　　　ئۆركەشلەش ← سۇ
ـ كۆڭلى خۇش بولۇش　　　ـ دولقۇن
ـ ئەنسىرەش　　　ـ ئېقىش

ئوخشاشلا، بىر يۆلەنمە سۆزنىڭ يۆلەندۈرىدىغىنى بىرلا ئەمەس، بەلكى بىر توپ سۆز بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

بېلىق ← بېلىقچىلىق
← بېلىق تۇتۇش
← قارماق

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق يۆلەندۈرگۈچى سۆزگە ئىگە بولغان بىر يۆلەنگۈچى سۆز بىلەن مەزكۇر يۆلەندۈرگۈچى سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۇقۇم جەھەتتە، ئومۇمىيلىق بىلەن قىسمەنلىك ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر يۆلەنگۈچى سۆزنى يۆلەندۈرىدىغان تەركىب بىرلا سۆز ئەمەس، بەلكى بىر توپ سۆز بولسا، بۇ هالدا مەزكۇر يۆلەنگۈچى سۆزنىڭ يۆلىنىدىغىنى ئاشۇ بىر توپ سۆزنىڭ ئىچىدىكى مۇئەييەن بىرىلا بولىدۇ، خالاس. مەسىلەن:

تۆت پەسىل ← باهار ـ ياز ـ كۈز ـ قىش؛
تۆت تەرەپ / ئەتراپ ← شەرق ـ غەرب ـ جەنۇب ـ شىمال؛
تۆت ئەمەل ← قوشۇش ـ ئېلىش ـ كۆپەيتىش ـ بۆلۈش؛
يەتتە قىتئە ← ئاسىيا ـ ئافرىقا ـ ياۋروپا ـ شىمالىي ئامېرىكا ـ جەنۇبىي ئامېرىكا ـ ئوكيانىيە ـ ئانتراكتىدا دېگەنلەرگە ئوخشاش.

بۇ خىلدىكى بىر يۆلەنمە — كۆپ يۆلەندۈرمىلىك يۆلەنمە



سۆزلەر تۈرلۈك تىللاردا ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاهىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، «تۆت نەزىر» دېگەن سۆزنى ئالساق، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ئۆلۈم مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزىدىغان «ئۈچ نەزىرىسى، يەتتە نەزىرىسى، قىرىق نەزىرىسى ۋە يىل نەزىرىسى»دىن ئىبارەت تۆت نەزىرىنىلا كۆرسىتىدۇ. ئەكسىچە، گەرچە باشقا مىللەتلەردىمۇ تۈرلۈك شەكىلدىكى نەزىر ئۆتكۈزۈش ئادىتى بولسىمۇ، مەزكۇر «تۆت نەزىر» ئۇلارنىڭ هەر قانداق بىرسىنى كۆرسەتمەيدۇ.

بۇ خىلدىكى خاس ئالاهىدىلىككە ئىگە بىر يۆلەنمە — كۆپ يۆلەندۈرمىلىك يۆلەنمە سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدا خېلى كۆپ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

بەش ناماز / بەش ۋاقىت ناماز ← بامدات ـ پېشىن ـ دىگەر ـ شام ـ خۇپتەن؛
چاريار / چاهار يار ← ئەبۇ بەكرى ـ ئۆمەر ـ ئوسمان ـ ئەلىي؛
چارۋا / چاهارپاي ← چارپاي / قوي ـ ئۆچكە ـ ئات ـ كالا ـ تۆگە ـ قوتاز...
ئىككى هەرەم ← مەككە ـ مەدىنە؛
هەپتە كۈن ← دۈشەنبە ـ سەيشەنبە ـ چارشەنبە ـ پەيشەنبە ـ جۈمە ـ شەنبە؛
تۈركىي تىل ← تۈرك تىلى ـ ئۇيغۇر تىلى ـ ئۆزبېك تىلى ـ قازاق تىلى ـ قىرغىز تىلى ـ ئەزەربەيجان تىلى ـ تۈركمەن تىلى ـ چۇۋاش تىلى ـ قاراقالپاق تىلى ـ ياقۇت تىلى ـ تۇۋا تىلى ـ سالار تىلى ـ يۇغۇر تىلى... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

يۆلەنمە سۆزلەر ئادەتتە، مۇئەييەن پرىنسىپ بويىچە ئايرىلىدۇ. يۆلەنمە سۆزلەرنى ئايرىشنىڭ مۇهىم پرىنسىپلىرى دەپ تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپنى كۆرسىتىش مۇمكىن:

بىرىنچى، B (يۆلەندۈرگۈچى سۆز) A (يۆلەنگۈچى) ئىپادىلىگەن ئۇقۇمدا، چەكلىنىش ياكى سۈپەتلىنىشنىڭ مەركىزىي ئاملى بولسا. مەسىلەن:

قىزىلگۈل ← گۈل؛ سەۋزە ← ئۇتياش؛

گۈرۈچ ← ئاشلىق؛ لەغمەن ← تاماق؛

ئىككىنچى، B (يۆلەندۈرگۈچى سۆز) A (يۆلەنگۈچى) ئىپادىلىگەن ئۇقۇمدا، چەكلەش ياكى سۈپەتلەش ئاملى بولسا، شۇنداقلا يۆلەنگۈچى كۆرسىتىۋاتقان ئوبيېكتنىڭ خاس ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلىسە. مەسىلەن:

ناتىق ← نۇتۇق / گەپ قىلىش؛ قارىلاش ← تۇخۇمدىن تۇك ئۈندۈرۈش؛ مۆكۈدىشىش ← سىردىشىش؛ تەبەسسۇم ← كۈلۈش؛

ئۈچىنچى، B (يۆلەندۈرگۈچى سۆز) A (يۆلەنگۈچى) ئىپادىلىگەن ئۇقۇمدا، چەكلەش ئاملى ياكى سۈپەتلەش ئاملىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى ئىگىلەپ، يۆلەنگۈچى كۆرسىتىۋاتقان ئوبيېكتنىڭ خاس ئالاھىدىلىكىنى بەلگىلەيدىغان ئامىل بولۇپ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

ئات ھارۋىسى ← ئات؛ شاپتۇل چېچىكى رەڭ ← شاپتۇل چېچىكى؛

ئەتراپقا نەزەر تاشلاش ← ئەتراپ؛ ئەسلەپ ئۆتۈش ← ئەسلىمە؛

تۆتىنچى، B (يۆلەندۈرگۈچى سۆز) ئۇقۇم جەھەتتە، A (يۆلەنگۈچى) ئىپادىلىگەن پائالىيەتنىڭ ھەرىكەت قوزغاتقۇچى ئاملى بولۇپ ئىپادىلەنسە. مەسىلەن:

يۈرەك سوقۇشى ← يۈرەك؛ كۆرۈش ← كۆز؛

گەپ قىلىش ← ئېغىز؛ يول يۈرۈش ← ئاياغپۇت؛

بەشىنچى، B (يۆلەندۈرگۈچى سۆز) ئۇقۇم جەھەتتە، A (يۆلەنگۈچى) ئىپادىلەيدىغان ئۇقۇمنىڭ ئەمەلىيەتتە، مۇئەييەن



خاراكتېرنى ئىزاھلايدىغان تەركىب ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە. مەسىلەن:

خۇشال بولۇش ← كەيپىيات؛ قايتىپ كېلىش ← كېلىش؛

زوڭزىيىش ← ئولتۇرۇش؛ قېچىپ كېتىش ← كېتىش؛

روشەنكى، «خۇشال بولۇش» كەيپىياتنىڭ ئىچىدە، «خۇشاللىق كەيپىيات»نى بىلدۈرىدۇ؛ «قايتىپ كېلىش» بولسا، «كېلىش»نىڭ «كەينىگە يېنىش» خاراكتېرىنى ئالاھىدە ئىزاھلاپ تۇرىدۇ.

ئالتىنچى، B (يۆلەندۈرگۈچى سۆز) A (يۆلەنگۈچى) ئىپادىلىگەن ئۇقۇمدا، ئېنىقلاش خاراكتېرلىك تەركىب بولسا. مەسىلەن:

يەر تەۋرەش ← سىلكىنىش / تىترەش؛ يۈرىكى سېلىش ← ئالاقزادە بولۇش؛

كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ ← مەردانە؛ غەم ـ قايغۇلۇق ← خاپا؛

يەتتىنچى، B (يۆلەندۈرگۈچى سۆز) A (يۆلەنگۈچى) ئىپادىلىگەن ئۇقۇمدا، ئېنىقلىما خاراكتېرلىك تەۋەلىككە ئىگە تەركىبنىڭ ئاساسلىق قىسمى ياكى مۇھىم ئاملى بولسا. مەسىلەن:

پولاتتەك ئىنتىزام ← پولات؛ تاغدەك پاكىت ← تاغ؛

باللىق ئۆي بازار ← بازار؛ باللىسىز ئۆي مازار ← مازار؛

سەككىزىنچى، A (يۆلەنگۈچى) ئۇقۇم جەھەتتە مۇئەييەن شەيئىگە تەئەللۇق ھەرىكەتكە تاقىلىدىغان ئەھۋالدا، B (يۆلەندۈرگۈچى سۆز) A (يۆلەنگۈچى) ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ ئۆزى ياكى شۇ ھەرىكەت تەئەللۇق بولغان شەيئىنىڭ ھەممە ئاملى بولسا. مەسىلەن:

ئاچچىقنى بېسىۋېلىش ← ئاچچىق / غەزەپ؛

كۆنگەي ← قۇياش / كۈن؛

بىمەنە ← مەنىسىز / زاكون ئاساسى يوق؛

توققۇزىنچى، A (يۆلەنگۈچى) ئۇقۇم جەھەتتە، پاراللىل

تۇرىدىغان ئىككى خىل ھەرىكەتنى ياكى خاراكتېر ھالىتىنى
كۆرسىتىدىغان ئەھۋالدا، B (يۆلەندۇرگۈچى سۆز) A (يۆلەن-
گۈچى) ئىپادىلەيدىغان ئىككى خىل ھەرىكەتنىڭ بىرىنى
كۆرسەتسە. مەسىلەن:

ئالتىپىلاڭ ← پاراكەندىچىلىك

←ئالاقزادىلىك

پارلاق ← نۇرلۇق

←پارقىرايدىغان

مەغلۇبىيەت ← يېڭىلىش

← ئۇتتۇرۇپ قويۇش

گۈزەل ← كۆركەم

← رۇخسارلىق

ھاياجان ← يىغلاش

← كۈلۈش

## 4§. قاتارلاشما سۆزلەر تىپى

بىر تىلدا شۇنداق سۆزلەر بولىدۇكى، ئۇلار ئۇزاق ئەسىر-
لىك ئىستېمال ئەمەلىيىتى جەريانىدا كىشىلەرگە تولىمۇ تو-
نۇشلۇق بولغان تۇراقلىق سۆزلەر قاتارىنى ھاسىل قىلغان بو-
لىدۇ. بۇ خىل تۇراقلىق قاتارغا ئىگە سۆزلەر يالغۇز مۇئەييەن
بىر خىل شەيئىنى بىلدۈرۈش ئالاھىدىلىكى بىلەنلا ئەمەس،
بەلكى يەنە ئۇقۇم جەھەتتىمۇ بىر - بىرىگە يانداش بولغان
سۆزلەردىن تەركىب تاپقانلىقى بىلەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.
تىلدىكى مۇشۇنداق بىرلەشكەندە مۇئەييەن بىر خىل شەيئىنى
كۆرسىتىدىغان، ئايرىم ئۇقۇم ئىپادىلەش جەھەتتە يانمۇيان تۇ-
رۇشىدىغان سۆزلەر تىپى ئادەتتە «قاتارلاشما سۆزلەر تىپى» دەپ



ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

دۈشەنبە - سەيشەنبە - چارشەنبە - پەيشەنبە - جۈمە -
شەنبە - يەكشەنبە؛

يانۋار - فېۋرال - مارت - ئاپرېل - ماي - ئىيۇن - ئىي-
يۇل - ئاۋغۇست - سېنتەبىر - ئۆكتەبىر - نويابىر - دېكابىر؛

تۈنۈگۈن - بۈگۈن - ئەتە - ئۆگۈن - ئىندىن دېگەنلەرگە
ئوخشاش.

روشەنكى، بۇ خىل قاتارلاشما سۆزلەردە، ئالدىنقى ئورۇندا
تۇرغان ھەر قانداق بىر سۆز ئۇقۇم جەھەتتە، كېيىندىكى سۆز-
نىڭ ئۆزىگە قاتار بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوخشاشلا، ھەر
قانداق بىر ئارقىدا تۇرغان سۆزمۇ ئۆز نۆۋىتىدە، ئالدىدىكى
سۆزنىڭ ئۇقۇم جەھەتتە ئۆزى بىلەن مۇقىم تەرتىپتە قاتارلى-
شىپ تۇرۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

مۇتلەق كۆپ سانلىق قاتارلاشما سۆزلەر تىپى ئۇزلۇكسىز
دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان ئۇقۇم چەمبىرىكى ھاسىل قىلىدۇ.
مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، قاتارلاشما سۆزلەر تىپىنىڭ ئەڭ
ئالدىدا تۇرغان كەلىمىسى بىلەن ئەڭ ئارقىدا تۇرغان كەلىمى-
سى ئەمەلىيەتتىكى تەبىئىي قاتارنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ،
مەزكۇر ئەڭ ئارقىدا تۇرغان سۆزدىن كېيىن يېڭى بىر دەۋر
باشلىنىپ، ئۇ يەنە ئەڭ ئالدىدا تۇرغان سۆز بىلەن ئۇقۇم جە-
ھەتتە ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

قاتارلاشما سۆزلەر تۈپى ئالاھىدە زىچ تەركىبلىك تۈپ بولۇپ، ئادەتتە، مەزكۇر تۈپتىكى ئالدىن - كېيىن تەرتىپ بويىچە قاتارلاشقان ئىككى سۆزنىڭ ئارىسىغا ھەر قانداق باشقا سۆزنى قىستۇرۇشقا بولمايدۇ. زىچ تەركىبلىك بولۇش، تۇراقلىق قاتارغا ئىگە بولۇش ۋە ئۇزۇلۇكسىز دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان ئۇقۇم چەمبىرىكى ھاسىل قىلىش ئەمەلىيەتتە، مەزكۇر سۆزلەر تۈپىنىڭ ئۈچ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

## 5§. دەرىجىلەنمە سۆزلەر تۈپى

مۇئەييەن بىر تۈردىكى شەيئىلەرنى بىلدۈرىدىغان، بىراق دەرىجە پەرقلىرى ئىپادىلىگەن ئۇقۇم ئارقىلىق بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان سۆزلەر تۈپى لېكسىكولوگىيەدە «دەرىجىلەنمە سۆزلەر تۈپى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل سېمانتىكىلىق تۈپقا خاس بولغان سۆزلەردە، بىر سۆز بىلدۈرىۋاتقان شەيئىنىڭ يەنە بىر سۆز ئاڭلاتقان ئۇقۇم دائىرىسى بويىچە ئۇنىڭغا تەۋە ئىكەنلىكى، بىراق مۇئەييەن دەرىجە ئارقىلىق يەنە ئۇنىڭدىن پەرقلىنىدىغانلىقى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

دۆلەت - ئۆلكە - ۋىلايەت - ناھىيە - يېزا - كەنت - مەھەللە؛

ئاپتونوم رايون - ئاپتونوم ئوبلاست - ئاپتونوم ناھىيە - ئاپتونوم يېزا؛

كىلومېتىر - مېتىر - دېتسىمېتىر - سانتىمېتىر - مىللىمېتىر؛

كىتاب - باب - پاراگراف - ئابزاس - جۈملە - ئىبارە؛

يىل - ئاي - كۈن - سائەت - مىنۇت - سېكۇنت؛

دېگەنلەرگە ئوخشاش.



بىر تۈرگە خاس بولغان شەيئىلەر ئارىسىدا دەرىجە پەرقلىرى بولىدىكەن، ئۇلارنى ئىپادىلەيدىغان دەرىجىلەنمە سۆزلەرمۇ ھەمىشە پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەمئىيەتتە بەزەن دەرىجە پەرقلىرىنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنى ئىپادىلەيدىغان دەرىجە سۆزلەرمۇ تۈپ - تۈپى بىلەن كونىرايدۇ ۋە يوقىلىدۇ. مەسىلەن، مىڭبېشى - يۈز بېشى - ئەللىكبېشى - ئونبېشى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

يەنە بىرى، دەرىجىلەنمە سۆزلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ ئۆزئارا يۆلىنىش مۇناسىۋىتىگە ياتىدۇ. بىراق، ئۇ ئۆزىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان كۆپ قاتلاملىق ۋە ئېنىق بولغان دەرىجە پەرقى بىلەن يۆلەنمە سۆزلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

## 6§. ئاملداش سۆزلەر تۈپى

مەلۇمكى، لېكسىكولوگىيە تىلدىكى مۇستەقىل سۆزلەردىن باشقا، تۈرلۈك شەكىلدىكى بىرىكمە سۆزلەر ۋە بىر سۆز ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان تۇراقلىق تەركىبلەرنىمۇ ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. لېكسىكولوگىيەدىكى «ئاملداش سۆزلەر تۈپى» دېگىنىمىز، ئادەتتە، مۇئەييەن بىر مۇستەقىل سۆزنىڭ سۆز تومۇرىنى نېگىز قىلىپ ياسالغان ياسالما سۆزلەرنىمۇ، شۇنداقلا مۇئەييەن بىر سۆزنى ئۇقۇم مەركىزى قىلىپ شەكىللەنگەن بىرىكمە سۆزلەرنىمۇ كۆرسىتىدۇ. ئالايلۇق:

بىر سۆز تومۇرىنى نېگىز قىلىپ شەكىللەنگەن ئاملداش سۆزلەر تۈپى:

ئىش — ئىشچى - ئىشچىلىق - ئىشچان - ئىشچانلىق - ئىشلىق - ئىشسىز؛

باش — باشچى - باشلىق - باشلانما - باشلانغۇچ؛

تاش — تاشچى - تاشلىق - تاشسىز؛



www.uyghurkitap.com

يەر ــ يەرلىك ـ يەرسىز؛

بىر سۆز ئۇقۇم مەركىزى بولغان نىگىزداش سۆزلەر توپى:

ئىش ئورنى ــ ئىش ھەققى ـ ئىش كۈنى ـ ئىش تۈرى ـ ئىش ۋاقتى؛

يەر شارى ــ يەر مەيدانى ـ يەر ئاستى ـ يەر ئۈستى ـ يەر قاتلىمى ـ يەر يۈزى ـ يەر شارائىتى؛

تاش ــ تاش يۈرەك ـ تاش يول ـ تاش كۆۋرۈك ـ تاش قورغان ـ تاش قەلئە ـ تاش ھەيكەل؛

كۆڭۈل ــ ئاق كۆڭۈل ـ تۈز كۆڭۈل ـ يۇمشاق كۆڭۈل ـ قارا كۆڭۈل ـ ئوچۇق كۆڭۈل ـ ئالا كۆڭۈل؛

يۈرەك ــ ئوت يۈرەك ـ تاغ يۈرەك ـ تاش يۈرەك ـ شىر يۈرەك ـ توخۇ يۈرەك؛

باش ــ باش ئەتىياز ـ باش قۇر ـ باش ماقالە ـ باش شۇ-جى ـ باش يول ـ باش بەت ـ باش باھار دېگەنلەرگە ئوخشاش.

## 7§. مەنبەداش سۆزلەر توپى

سۆز ــ كەلىمە بولۇش سۈپىتى بىلەن كېلىش يىلتىزى ئورتاق، شۇنداقلا ئاڭلىتىدىغان ئۇقۇمىمۇ بىر مەنبەگە ئىگە بولغان سۆزلەر لېكسىكولوگىيەدە «مەنبەداش سۆزلەر توپى» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

شېئىر ـ شېئىرىيەت ـ شائىر ـ شائىرە ـ مۇشائىرە؛

ئىلىم ـ تەلىم ـ ئالىم ـ مەلۇم ـ مەلۇمات؛

كامالەت ـ كامىل ـ مۇكەممەل؛

قاتما ـ قاتتىق ـ قېتىق ـ قاتماق؛

شوق ـ شەۋق ـ تەشۋىق ـ تەشۋىقات؛

ھال ـ ئەھۋال ـ ئەھۋالات؛



يار ـ يارەن ـ ياران؛

بىلىك ـ بىلىش ـ بىلىم؛

ئەقىدە ـ ئېتىقاد؛

سوزۇق ـ سوزۇلما؛

ئوچۇق ـ ئېچىق؛

يېپىق ـ يوپۇق؛

ئەر ـ ئەرەن؛

ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنبەداش سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا، كەڭ جۇغراپىيە پەيدا قىلغان شېۋە پەرقلىرى سەۋەبىدىن مۇئەييەن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش قىلىپ كەتكەن. ئەمما، بىز لېكسىكولوگىيەنى ئېتىمولوگىيە (سۆزلەملەرنىڭ كېلىش مەنبەسى) ئىلمى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىدىغان بولساق، مۇنداق سۆزلەرنىڭ مەنبەداشلىقى ئاسانلا ئايدىڭلىشىدۇ، ئەلۋەتتە. مەسىلەن:

ئاياق ـ ئاداق ـ ئازاق ـ ئېزىق؛

قۇدۇق ـ قۇزۇق ـ قوزۇق؛

يايلاق ـ يازلاق ـ يازلىق؛

ياي ـ ياز؛

پەر ـ پەي؛

پاي ـ پەي؛

دېگەنلەرگە ئوخشاش.

## 8§. مەنە مەيدانى نەزەرىيەسى

سېماسىئولوگىيە ئىلمى نۇقتىسىدىن تىلىدىكى سۆزلەر-نىڭ سېمانتىكىلىق توپ ـ تۈركۈملىرى ھەققىدە توختالغان ۋاقتىمىزدا، مەنە مەيدانى ھەققىدىكى نەزەرىيە ۋە ئۇنىڭ ئەمە-لىيەتتە ئىپادىلىنىش ئەھۋالىدىن قىسقىچە بايان بېرىشنىڭ

زۆرۈرىيىتى بار.

سەمىمىيەت بىلەن ئېيتقاندا، سېماسىئولوگلارنىڭ تىلدىكى مەنە مەيدانى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى ۋە بايانلىرىدا يا ئۇنداق يا مۇنداق پەرقلەر ۋە ئىختىلاپلار مەۋجۇت.

كۆپ سانلىق سېماسىئولوگلار ئۇقۇم جەھەتتە مۇئەييەن مۇناسىۋەتكە ئىگە بولغان (ھەتتا ئۇ پەقەت تەسەۋۋۇردىلا بولسىمۇ) ھەر قانداق سۆزلەر توپىدا مۇقەررەر ھالدىكى بىر مەنە (ئۇقۇم) مەيدانى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى ئالىملار سۆز بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدا ئىپادىلىنىدىغان ھەر قانداق ئۇقۇم مۇناسىۋىتى ئەمەلىيەتتە بەلگىلىك دەرىجىدىكى مەنە مەيدانىنى شەكىللەندۈرىدىغان تەبىئىي مۇھىت سانىلىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. يەنە بەزى ئالىملار مۇئەييەن بىر ئورتاق مەنە - ئۇقۇم ئامىلىغا ئىگە بولغان ھەر قانداق سۆز توپىدا، مەنە مەيدانى شەكىللىنەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ ۋە باشقىلار.

مېنىڭ قارىشىمچە، سۆزلەردىكى مەنە مەيدانى سۆز ئامىلى ۋە مورفېمىلارنى ئەمەس، بەلكى ئاشۇ سۆز ئامىلى ۋە مورفېمىلار ئۇقتۇرىدىغان ئۇقۇمنى ئۆز مەيدانىنىڭ ئۇل - ئاساسى قىلىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەنە مەيدانىنى ھاسىل قىلىدىغان نەرسە سۆزلەر ئاڭلىتىدىغان ئۇقۇم - مەنىلەرنىڭ جۇغلانمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن بىز يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتكەن ئايرىم ئوبيېكتلىق سۆزلەر توپى، ماسلاشما سۆزلەر توپى؛ يۆلەنمە سۆزلەر توپى، قاتارلاشما سۆزلەر توپى، دەرىجىلەنمە سۆزلەر توپى، ئامىلداش سۆزلەر توپى ۋە مەنبەداش سۆزلەر توپى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى توپلىرى بويىچە ئۆز ئالدىغا مەنە مەيدانلىرىنى ھاسىل قىلالايدۇ. ھەتتا ئوخشىمىغان



سېمانتىك توپقا خاس سۆزلەرمۇ ئارىلىرىدىكى تۇرلۇك مەنە - ئۇقۇم مۇناسىۋەتلىرىگە ئاساسەن ئوخشاشمىغان قاتلامغا ئىگە مەنە مەيدانلىرىنىمۇ ھاسىل قىلالايدۇ. مەسىلەن:

«ھەپتە»نىڭ مەنە مەيدانى مۇنداق بولىدۇ:

ئادەم بەدىنىنىڭ ئەزالىرى مەنە مەيدانى:

باش - بويۇن - قۇلاق - كۆز - بۇرۇن

↓

بىلەك - جەينەك - بېغىش - ئالىقان - بارماق

↓

يۈرەك - ئۆپكە - جىگەر - ئۆت - ئۈچەي - ئاشقازان

↓

بەل - قورساق - يانپاش - ساغرا

↓

يوتا - تىز - پاچاق - پۇت - تاپان

بەزى تىلشۇناسلار سۆزلەرنىڭ سېمانتىكىلىق تۈرلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس بولغان مەنە - ئۇقۇم ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسلىنىپ، مەنە مەيدانىنىمۇ «مەنىداش سۆزلەر مەنە مەيدانى»، «زىت سۆزلەر مەنە مەيدانى»، «ئومۇمىي گەۋدىلىك مەنە مەيدا-



www.uyghurkitap.com

نى»، «تارماق مەنە مەيدانى» ۋە «تەسۋىرىي مەنە مەيدانى» دېگەندەك تۈرلەرگىمۇ ئايرىپ چۈشەندۈردى.

مەنە مەيدانى نەزەرىيەسىنى ئۇيغۇر تىلى ئەمەلىيىتىگە تەدبىقلاپ تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر تىلىنىڭ خاس سېماسىئولوگىيەسىنى يورۇتۇپ بېرىشتە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.



# ئون ئىككىنچى باب لېكسىكولوگىيە تەتقىقاتىدىن ئۆرنەكلەر

بۇ بابتا، «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى» ناملىق كىتابىم قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئاشۇ 1995 - يىلىدىن تارتىپ، مۇشۇ 2010 - يىلىغىچە بولغان ئون بەش يىل جەريانىدا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا تەتقىقاتىغا تالىق يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلىرىمدىن بىرقانچە پارچە تاللاپ، ئىلىم ئەھلىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇلدى.

بۇلارنىڭ ئىچىدە، ئايرىم سۆز - ئاتالغۇلار تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلارمۇ، سۆز بىرىكمىلىرىگە ئائىت ماقالىلارمۇ، شۇنداقلا لېكسىكا تەتقىقاتىغا دائىر نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي پائالىيەتلەر خۇسۇسىدىكى ماقالىلارمۇ بار. بۇلار ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇر تىلى لېكسىكا تەتقىقاتى ساھەسىنىڭ ئون بەش يىلدىن بۇيانقى نەتىجىلىرىنى، يۈزلىنىشلىرىنى مەلۇم جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرۈش ئەھمىيىتىگىمۇ ئىگە، دەپ قارايمەن.

لېكسىكا ھەر قانداق بىر تىلنىڭ ئەڭ ئۆزگىرىشچان ۋە جانلىق قىسمى بولغىنىدەك، ئۇنىڭغا تالىق تەتقىقاتمۇ تىل ساھەسىدىكى ئەڭ قىزىق نۇقتىلىق ۋە ئەڭ ھوسۇللۇق سورۇن سانىلىدۇ. ھالبۇكى، مېنىڭ بۇ ماقالىلىرىم ئىلىم ئەھلىنى ئۆز دەۋرىنىڭ تەتقىقات ئەھۋالىدىن مەلۇماتلىق قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمگەكلەر ئۈچۈن زۆرۈر تۈرتكە ۋە پايدىلىق ماتېرىيال بولالىسا، ھاردۇقۇم چىقىدۇ.

# ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى لېكسىكا تەتقىقاتىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ رولى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى لېكسىكا جەھەتتىن تەتقىق قىلىش تىلىمىزنىڭ لۇغەت بايلىقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ۋە ئۇنى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىز ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۆز نۆۋىتىدە، ھەر بىر تىل ئىگىسىدىن تىل ماتېرىيالى بولغان سۆزلەملەرنى تولۇق چۈشىنىپ، توغرا ئىشلىتىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

مەلۇمكى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ، خۇسۇسەن خاقانىيە تىلىنىڭ بىۋاستە راۋاجى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسى. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە، زامانىنىڭ تەلىپى ۋە ئىسلامىيەت يولىغا چۈشكەن مەدەنىي ھاياتىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا تەركىبىگە نۇرغۇنلىغان ئەرەبچە - پارسچە تۈپ سۆز، بىرىكمە سۆز ۋە قوشۇمچە سۆزلەر، ھەتتا پۈتۈن - پۈتۈن جۈملىلەر قوبۇل قىلىنغان. مەزكۇر ئەرەبچە - پارسچە سۆز - جۈملىلەر ئالتە ئەسىردىن ئارتۇق ئۇزاق زامان ئىشلىتىلىش جەريانىدا، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تاللىنىشى ۋە ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ شاللىنىشىدىن ئۆتەلىگەنلىرى ئۆزلىشىپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى يەنى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت خەزىنىسىگە قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇ خىل سۆزلەر ھېلىھەم بىزنىڭ تىلىمىزدا ئۆزىنىڭ ئاشۇ خورىماس ھاياتىي كۈچىنى جارى قىلدۇرغان ھالدا ئىستېمال قىلىنماقتا.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە قوبۇل قىلىنغان ئاشۇ ئەرەبچە - پارسچە سۆزلەر گەرچە ئۇزاق دەۋرلىك ئىستېمال جەر-



يانى ئارقىلىق تىلىمىزغا ئۆزلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۆز ئانا تىلىمىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن، «ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھەربىر ئۇيغۇر خۇددى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇرچە سۆزنى چۈشەنگەندەك چۈشىنىپ ئىشلىتىدىغان بولۇپ كەتتى» دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى تىلىمىزدىكى ئاشۇ كېلىش مەنبەسى ئەرەبچە - پارسچە بولغان ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭ ئەمەلىي ئىستېمالدىكى قوللىنىلىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈشتە بەلگىلىك خىزمەت كۆرسىتەلەيدۇ دەپ قارايمىز.

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لېكسىكا تەتقىقاتى ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە جەھەتلەردە ئەھمىيەتلىك.

**1. تىلىمىزدىكى خېلى بىر بۆلەك سۆزلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا.**

ھازىرقى تىلىمىزدا شۇنداق بىر بۆلەك سۆزلەر باركى، ئۇلار مەيلى جانلىق تىلدا بولسۇن ياكى ئەدەبىي تىلدا بولسۇن، تەلەپپۇز جەھەتتە يېقىن، مەنە - ئۇقۇم جەھەتتە بەزەن ھاللاردا گويا بىر سۆزدەكلا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنداق سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ قارىساقلا، بۇ خىل ئوخشاشلىقنىڭ ئىلمىي ئاساسى بارلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئالايلۇق:

«ئەتىۋار» بىلەن «ئېتىبار»

مەزكۇر «ئەتىۋار» بىلەن «ئېتىبار» سۆزى 1985 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» دە ئىككى سۆز قىلىپ بېرىلگەن (تۆۋەندە مىسال قىلىپ ئېلىنغان سۆزلەرمۇ شۇنداق). بۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنىلىرىنى ئىزاھلاشقا كەلسەك، 1982 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئۇيغۇ-



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»تە، «ئەتىۋار» سۆزىنىڭ ئاساسلىق مەنىسى «珍贵，贵重» دەپ، يەنە بىر مەنىسى«价值» دەپ ئىزاھلانسا، «ئېتىبار» سۆزىنىڭ ئاساسلىق مەنىسى «价值» دەپ ئىزاھلىنىدۇ. (قاراڭ: «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت» 740 ـ بەت). ئەمەلىيەتتە، مەزكۇر «ئەتىۋار» بىلەن «ئېتىبار» سۆزلىرى چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدا «ئىئتىبار» تەلەپپۇزىدىكى بىرلا سۆز ئىدى. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ «ئىئتىبار» سۆزى زىيالىيلار تىلىدا «ئېتىبار» («ئي» ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش) تەلەپپۇزىدا، جانلىق تىلدا بولسا «ئەتىۋار» («ئە» ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش) شەكلىدە تۇراقلىشىپ قالغان. ئىنچىكە سېلىشتۇرۇپ قارىساق، «ئەتىۋار نەرسە» بىلەن «ئېتىبارلىق نەرسە» بىرلا گەپ. «ئېتىبارەن» سۆزىمۇ جانلىق تىلدا كۆپىنچە «ئەتىۋارەن» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. «ئەتىۋار» بىلەن «ئېتىبار» دىن ياسالغان باشقا سۆزلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرساقمۇ ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

### «ئار» بىلەن «ھار»

مەزكۇر «ئار» بىلەن «ھار» سۆزلىرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئار» (يەنى نومۇس، خورلۇق) دېگەن سۆزدىن كەلگەن. «ئا» نى «ھا» تەلەپپۇز قىلىش ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى. شۇ ئادەت تۈپەيلىدىن، چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدىكى «ئەسەل، ئەسا، ئەرەبە، ئەقىق» سۆزلىرى بۈگۈنكى كۈندە «ھەسەل، ھاسا، ھارۋا، ھېقىق» تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولغان. «ئابدۇللا» نى «ھابلا» دەيدىغانلارمۇ خېلى بار. دېمەك، چاغاتاي ئۇيغۇرچە «ئار» سۆزى ئۇزاق يىللىق ئىستېمال جەريانىدا، زىيالىيلار تىلىدا «ئار» شەكلىدە تۇراقلاشقان بولسا، جانلىق تىلدا «ھا» ياكى «ھار» شەكلىدە ئومۇملاشقان. شۇڭا ئەدەبىي تىلدىكى «نى ئار، نى نومۇس» دېگەن گەپنى جانلىق تىلدا «نى



ھا، نى نومۇس» دەۋېرىدۇ. ئىنچىكە تەھلىل قىلساق، «ھارسىنماق» بىلەن «ئار كەلمەك» ئىككىسى بىرلا گەپ بولۇپ، ئوخشاشلا «خورلۇق ھېس قىلماق» دېگەن ئۇقۇمنى يورۇتىدۇ.

### «شان» بىلەن «شەن»

مەزكۇر «شان» بىلەن «شەن» سۆزلىرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا «شەئن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بىرلا سۆز بولۇپ، «ئالىيجانابلىق، ئېسىللىق؛ ئالاقىدار ئىش» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادە قىلاتتى. ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا بۇ سۆز ھازىرقى «شان» ۋە «شەن» («ئە» تاۋۇشى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش) شەكلىدىكى ئىككى سۆز بولۇپ قالغان. ھازىر «شان» سۆزى «شەرەپ» بىلەن جۈپ سۆز ياساپ «شان ـ شەرەپ» شەكلىدە كەڭ ئىستېمال قىلىنىپ، «شەرەپ» مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا «شانلىق» سۆزىنى «光辉的，光荣的» دەپ ئىزاھلايمىز. (يۇقىرىقى لۇغەت، 565 ـ بەت) «شەن» سۆزىگە كەلسەك، ئۇمۇ «شەرەپ، ئېسىللىق» ئۇقۇمىنى ئاڭلىتىدۇ. مەسىلەن، «بىراۋنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرمەك» دېگەنلىك، ئەمەلىيەتتە ئاشۇ «بىراۋنىڭ شەرىپىگە، ئابرۇيىغا داغ چۈشۈرمەك، ئۇنىڭ شەرىپىنى بۇزماق، ئابرۇيىنى چۈشۈرمەك» دېگەنلىك بولىدۇ. «پارتىيەنىڭ شەنىگە...» دېگەنلىك، «پارتىيەنىڭ شەرىپىگە، پارتىيەنىڭ شەرىپى ئۈچۈن...» دېگەنلىك بولىدۇ.

### «شوق» بىلەن «شوخ»

«شوق» ۋە «شوخ» سۆزلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى «شەۋق» ئاتالغۇسىغا تاقىلىدۇ. مەزكۇر «شەۋق» ئاتالغۇسى چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدا «كۈچلۈك ئارزۇ، تەقەززالىق؛ زوقلىنىش، قىزغىنلىق» مەنىلىرىنى ئىپادە قىلىدىغان سۆز بولۇپ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش قىلىپ، بۈگۈنكى «شوق» ۋە «شوخ» شەكلىدىكى ئىككى سۆز بولۇپ تۇراقلاشقان.

ھازىرقى تىلىمىزدا، «شوق» سۆزى چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدىكى «زەۋق» تىن ئۆزگەرگەن «زوق» سۆزى بىلەن جۈپلەنمە سۆز ياساپ «زوق ـ شوق» (مەسىلەن: زوق ـ شوق بىلەن كۈيلىمەك) شەكلىدە ئىستېمال قىلىنىپ، ئەمەلىيەتتە، «تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق، ھاياجانلىق قىزغىنلىق» دېگەن ئۇقۇمنى يورۇتۇپ كېلىۋاتىدۇ.

«شوخ» سۆزىگە كەلسەك، ئۇ كۆپىنچە «شوخ بالا» شەكلىدە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ يەردىكى «شوخ» تىلىمىزدىكى «مۆرىمەس، مۆڭ» دېگەن ئۇقۇمغا نىسبەتەن ئېيتىلغان بولۇپ، «شوخ بالا» دېگىنىمىزدە، «كەپسىز بالا» دېگەن مەنىدىن باشقا، ئاساسلىقى «ئولتۇرغان يېرىدە ھەپتە ئولتۇرىدىغان، تەپسە تەۋرىمەس بالا ئەمەس» بەلكى «ھەممىگە قىزىقىدىغان، قىزغىن، زوقمەن بالا» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ. شۇڭا، بەزەن جايلاردا «بالا بولسا شوخ بولسا، بولمىسا يوق بولسا» دەپ، ئەينەن «شوخ» شەكلىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

«تايىن» بىلەن «تەيىن»

«تايىن» بىلەن «تەيىن» سۆزلىرى چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدا «تەئيىن» شەكلىدىكى بىرلا سۆز ئىدى. ئۇ ھازىرقى تىلىمىزدىكى «ئايان» سۆزىنىڭ ئەسلى بولغان «ئەيان» بىلەن تومۇرداش بولۇپ، «تەئيىن» دېگەندە، «ئايان بولغان، ئېنىق؛ ئېنىق قىلىپ بېكىتىش؛ ۋەزىپىسىنى ئېنىق قىلىپ ئەۋەتىش» دېگەن مەنىلەرنى يورۇتاتتى. مەزكۇر «تەئيىن» ئۇزاق زامان ئىستېمال قىلىنىش ئارقىلىق، بۈگۈنكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق «تايىن» (‹ئا›، ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش) ۋە «تەيىن» (‹ئە›، ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش) سۆزلىرى بولۇپ تۇراقلاشقان. «تايىن» ۋە «تەيىن» سۆزلىرى ھېلىھەم ئۆز ۋاقتىدىكى «تەئيىن» نىڭ ئاساسلىق مەنىسى بولغان «ئايان، ئېنىق» ئۇقۇملىرىنى يورۇتقان ھالدا ئىستېمال قىلىنماقتا. مەسىلەن، «تايىنى يوق



گەپ». بۇ «سۆزلىگۈچىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىغان گەپ» دېگەنلىك بولىدۇ؛ «مەسلىھەتىڭلار قەيەرگە تايىن تاپتى؟» دېگەنلىك «ئېنىق قارارغا كەلدىڭلارمۇ؟» دېگەنلىك بولىدۇ. «تەيىنلىمەك» دېگەن سۆزمۇ بىراۋنى بىر يەرگە «مۇئەييەن ئېنىق ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتمەك» دېگەن بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

«دور» بىلەن «دەۋر»

تىلىمىزدىكى «دور» بىلەن «دەۋر» چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا «دور» يېزىلىدىغان «دەۋر» تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بىرلا سۆز بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى «ئايلىنىش، چۆرگىلەش؛ ۋاقىت، مەزگىل، زامان» مەنىلىرىدىن باشقا، «قېتىم، نۆۋەت» ئۇقۇملىرىنىمۇ ئاڭلىتاتتى. مەسىلەن: جام دەۋرىدىن خەلاس ئولماقنى زىنھار ئىستەمە (يەنى، قەدەھ نۆۋىتىدىن خالاس بولماقنى ‹قۇتۇلۇشنى› ھەرگىز ئىزدىمە)؛ دەۋر ئاياغى، ساقىيا، تۇتقاندا لەئلىڭ قىل غەجەك (ئى ساقىي، نۆۋەت قەدەھنى تۇتقان ۋاقتىڭدا، ئېغىزىڭنى غېجەك قىل، يەنى سايرىتىپ، گەپ قىلىپ تۇر) (ئەلىشىر نەۋايى: «خەزائىنۇل مەئانى» ‹مەنەلەر خەزىنىسى›، 22 ـ بەت) دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، مەزكۇر «دەۋر» ئاتالغۇسى ئۇيغۇر ئەدەبىي ۋە جانلىق تىلىدا «دەۋر» ۋە «دور» شەكلىدە ئىككى سۆزگە تۇراقلىشىپ، «دەۋر» سۆزى خاسلا «ۋاقىت، زامان، ئايلىنىش» ئۇقۇمىنى، «دور» سۆزى (جانلىق تىلدا «دو» ياكى «دۆ» تەلەپپۇزىدىمۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ) بولسا، «نۆۋەت، قېتىم» مەنىسىنى ئۇقتۇرىدىغان بولغان. مەسىلەن: ئاتوم دەۋرى (原子时代)، دورۇم (轮到我的次)، بۇ دور (这一次)، ئۆتكەن دور (上次) دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئۇنىڭدىن باشقا، «دور» نىڭ سىپايىلاشتۇرۇش، قوشۇمچىسى «ـ ئەم» قوشۇلغان «دورەم» شەكلىمۇ «قېتىم، نۆۋەت» مەنىسىدە كەڭرى ئىستېمال قىلىنىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەسىلەن: (سېلىم) مۆجىزىلىك ماي بۇلاقلىرى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى ئادەملەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، بۇ دورەم كۈن پېتىش تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. (قەييۇم تۇردى: «بوغدا ئاتا» دىن)

### «پېئىل» بىلەن «پەيل»

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «پېئىل» بىلەن «پەيل» سۆزلىرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا «فېئىل» تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بىرلا سۆز بولۇپ، ئاساسلىقى «ئىش، ھەرىكەت، قىلىق، ئادەت، پېئىل» ئۇقۇملىرىنى بىلدۈرەتتى. مەسىلەن: فېئلۇ قەۋل (يەنى سۆز ۋە ھەرىكەت): جوھۇد ئۆز دىنىدىن مەجھۇر، ھەسۇد ئۆز فېئلىدىن رەنجۇر (يېشىمى: جوھۇد ئۆز دىنىدىن تېنىپلا يۈرىدۇ. ھەسەتخور بولسا، ئۆز ئىشىدىن رەنجىپلا يۈرىدۇ)[1] دېگەنلەرگە ئوخشاش. مەزكۇر «فېئىل» ئاتالغۇسى ئۇيغۇر ئەدەبىي ۋە جانلىق تىلىنىڭ ئۇزاق دەۋرلىك ئۆزلەشتۈرۈشى جەريانىدا، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش قىلىپ، «پېئىل» ۋە «پەيل» ئىككى سۆزگە تۇراقلاشقان. ھازىرقى ئۇيغۇرچىدا «پېئىل» سۆزى خاس گىراماتىكىلىق ئاتالغۇ (مەسىلەن، ياردەمچى پېئىل 助动词) قىلىپ ئىشلىتىلگەندىن باشقا، چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدىكى «ئوبدان، ياخشى» مەنىسىدىكى «خۇش» سۆزى بىلەن بىرگە «خۇش پېئىل» شەكلىدە ئىستېمال قىلىنىپ، ئەمەلىيەتتە «ياخشى قىلىق، مۇلايىم مۇئامىلە، يارقىن ھەرىكەت» دېگەن ئۇقۇمنى يورۇتىدۇ. «فېئىل» دىن ئۆزگەرگەن يەنە بىر سۆز «پەيل» بولسا، بارا ـ بارا خاسلا «كۆڭۈل ھەرىكىتى، دىل پائالىيىتى» نى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇ بولۇپ قالغان. مەسىلەن، پەيلى يامان (性情凶暴)، پەيلىنى بۇزماق (发火)، پەيلىدىن يانماق) (息怒) «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت» 352 ـ بەت) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

① «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 ـ يىللىق 1 ـ سان.



ئەلۋەتتە، بىز يۇقىرىقى سۆزلەر ئاشۇنداق ئەسلىدە بىرلا گەپ ئىدى، شۇڭا دەرھال ئەسلىگە ياندۇرۇپ بىرلا شەكىلگە كەلتۈرۈش كېرەك دېمەكچى ئەمەسمىز. چۈنكى، ئۇلار ئۇزاق يىللىق ئەمەلىي ئىستېمال جەريانىدا كونكرېت تىل شارائىتىدا مۇئەييەن پەرقلىق ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەردىن بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئەنە شۇنداق ئايرىم ـ ئايرىم سۆزلەر بولۇپ لۇغەتلىرىمىزدىن ئورۇن ئالالىغان. بىراق، ئۇلاردىكى مەنبەداشلىقنى بىلىپ قويساق، مەزكۇر سۆزلەردىكى سېمانتىكىلىق مەنە ئوخشاشلىقىنى ياكى ئۇقۇم يېقىنلىقىنى توغرا شەرھلەشتە ئەسقاتىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىزدىكى بارلىق ئىسلامچە ئىسىملارغا مەنە ئېيتىپ، كېلىش مەنبەسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن، «سالىم، سەلىمە، سېلىم» لارنىڭ ھەممىسى «سەلەمە» دېگەن ئەرەبچە پېئىل سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى «سالامەت، ساغلام، ساق» دېگەن بولىدۇ؛ «خەمىت، ھىمىت، ئابلىمىت، ھىمىدە» لەر بولسا، «ھەمىد» ۋە «ھەمىدە»دېگەن بىر مەنبەلىك سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى «ماختاشقا سازاۋەر» دېگەن بولىدۇ؛ «ئەخمەت، ئەھمەت، ئەمەت» دېگەن ئىسىملار «ئەھمەد» دىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى «ماختاشقا لايىق» دېگەن بولىدۇ؛ «مامۇت، مەھمۇد، مەخمۇت» لار بولسا، «مەھمۇد» تىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى «ماختالغان، مەدھىيىلەنگەن، ماختاشقا مۇناسىپ» دېگەن بولىدۇ، «نامەت، نىغمەت»لەر بولسا، «نىئمەت» كەلىمىسىدىن كەلگەندۇر ۋەھاكازالار.

### 2. تىلىمىزدىكى سۆز مەنىلىرىنىڭ كېڭىيىشى، تارىيىشى ۋە مەنە كۆچۈش ھادىسىلىرىنى چۈشىنىشتە

مەلۇمكى، لېكسىكا تىل ئامىللىرى ئىچىدە ئەڭ ئۆزگىرىشچان ۋە نازۇك كېلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى،

يۇرت ـ ماكانىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى قاتارلىقلار ئۇنىڭ سوستاۋىدا ھەمىشە تۈرلۈك دەرىجىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ تۇرىدۇ. بەزى سۆزلەر دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزىگە بەزەن يېڭى مەنىلەرنى يۈكلەپ ماڭىدۇ، بۇ سۆزلەردىكى مەنە كېڭىيىش ھادىسىسى؛ يەنە بەزى سۆزلەر بولسا، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى بەزى ئابستراكىت مەنىلىرىنى يوقىتىپ، قىسمەن كونكرېت مەنىسىنىلا ساقلاپ قالىدۇ، بۇ سۆزلەردىكى مەنە تارىيىش ھادىسىسى؛ يەنە بىر بۆلەك سۆزلەر بولسا، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسىنى پۈتۈنلەي ياكى ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىپ، ئەسلىدىكى مەنىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا يېڭى مەنە ئاڭلىتىدىغان سۆزگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، بۇ سۆزلەردىكى مەنە كۆچۈش ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى تىلىمىزدىكى مۇشۇ خىل ھادىسىلەرنى ئېنىق شەرھلەش ۋە توغرا چۈشەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، تىلىمىزدىكى «چوكان، خون، ئەپكەش» سۆزلىرىنى ئالايلۇق:

«چوكان» ئاتالغۇسى ئەدەبىي تىل لۇغىتىمىزدە ① 少妇، ② (柳树的)嫩枝 مەسىلەن: سۆگەت چوكىنى (柳树的嫩枝) دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. (يۇقىرىدىكى ئەسەر 378 ـ بەت) ئەسلىدە، مەزكۇر «چوكان» ئاتالغۇسى پارسچىدىكى «چەۋگان» سۆزىدىن كەلگەن. «چەۋگان» سۆزى پارسچىدا «چوگان» يېزىلسىمۇ، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا ئومۇمەن «چوكان» يېزىلىپ، پارسچىدىكىگە ئوخشاشلا «چەۋگان» تەلەپپۇز قىلىنىپ (چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدا «ك» ھەرپى «گ» ھەرپىگىمۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ) ئىشلىتىلگەن. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەزكۇر ئاتالغۇ تىلىمىزدا ئاشۇ يېزىلغىنى بويىچە «چوكان» (ئو، ئۇزۇن سوزۇق) تەلەپپۇز قىلىنىدىغان سۆز بولۇپ قالغان.



«چەۋگان» سۆزىنىڭ پارسچىدىكى ئاساسلىق مەنىسى ئات توپى (马球) ئويۇنىدا ئاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، يەردىكى توپنى ئۇرۇپ ئوينايدىغان ئۇچى ئىلمەك «ئۇزۇن تاياق» دېگەن بولاتتى. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن بۇ ئاتالغۇ ئۆز زامانىسىدا كلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ مەھبۇبلارنىڭ چېچىنى تەسۋىرلەشتە ئىشلىتىدىغان خاس ئاتالغۇسى بولۇپ خىزمەت قىلغان. مۇئەييەن پاكىتلاردىن قارىغاندا، ئۇ دەسلەپكى چاغلاردا گۈزەللەرنىڭ چېچىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنىڭ مۇبالىغىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن:

مۇدەۋۋەر گۈيى سىمىن يا زەنەخدان،
مۇئەنبەر زۇلف يا چەۋگانمۇدۇر بۇ؟

ــ«ئاتايى غەزەللىرى» دىن

يېشىمى:

بۇ يۇپيۇمىلاق تۇرغان كۈمۈش توپمۇ يا ئىڭەك ئالمىچىسىمۇ (سېنىڭ ئىڭىكىڭمۇ)؟ بۇ خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان سېنىڭ چېچىڭمۇ ياكى چەۋگانمۇ؟

كەس باشىمىنى گۈيتەك خەيلىڭ ئەداقى ئىچرە سال،
قويما سەرگەردان مېنى، ئى زۇلفى چەۋگانىم مېنىڭ.

يېشىمى:

ئەي، ئۇزۇن چاچ يارىم، بېشىمنى كېسىپ ئېتىڭنىڭ ئايىغىغا تاشلاپ توپ قىلىپ ئوينىساڭمۇ ئوينىغىنىڭكى، مېنى مۇنداق سەرگەردان قىلما. («ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» 182 ـ 183 ـ بەتلەر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى)

كۆرۈپ يېتىش تەس ئەمەسكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، سۆگەت دەرىخىنىڭ ئۇزۇن، يەر بېتىنى سۆيۈپ دېگۈدەك تۇرىدىغان ئەۋرىشىم تېلىنىڭ «چوكان» ياكى «چوكانتال» دەپ ئاتىلىشى مەزكۇر «چوگان (چەۋگان)» سۆزىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇ-

غۇر تىلىدىكى «ئۇزۇن» مەنىسىدىن كەلگەن.

نېمە ئۈچۈن ئۇزۇن چاچلىق قىزلار «چوكان» دەپ ئاتالماي، يېڭىلا ئەرگە تەگكەن ياش ئايال «چوكان» ئاتىلىدىغان بولغان؟

مەلۇمكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەللىك قارىشىدا، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ چېچى قانچە ئۇزۇن ۋە قانچە توم بولسا شۇنچە گۈزەل بولىدۇ. كىلاسسىك ئەسەرلىرىمىزدىمۇ بۇ خىل قاراش مۇبالىغىلىك ئىبارىلەر بىلەن ئالغا سۈرۈلگەن. مەسىلەن:

سەبا زۇلفۇڭنى تاغىتتى مەگەر هالى خەيالىمدا،
يازىلدى ئەژدەھا بولدى، ئۇرالدى ئەھرەمەن بولدى.

يېشىمى:
تاڭ شامىلى چېچىڭنى تۇزغىتىپ ئۇينىغانىدى، شۇئان ئۇ مېنىڭ خىيالىمدا، يېيىلغاندا گويا بىر ئەجدىھاغا ئايلاندى، تۇگۈلگەندە بولسا، گويا ئەھرەمەن دىۋىگە ئايلاندى. («ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» 194 ـ 195 ـ بەتلەر).

دېمەك، بۇ يەردىكى «ئەجدىھا» چاچنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن مۇبالىغە، رىۋايەتلەردىكى پاكار، دوغىلاق، بەھەيۋەت دىۋە ئەھرەمەن بولسا چاچنىڭ يوغان، تومىلىقىدىن مۇبالىغىدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىدە، قىزلارنىڭ چېچىنى قىرىق تال قىلىپ ئۇششاق ئۆرۈۋالىدۇ. ئەمما، ئۇلار ئەرگە تەگكەندىن كېيىن «قىرىق تال» چېچىنى بۇزۇپ، پەقەت ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈۋالىدۇ. بۇ ئادەت هازىرقى يېزا قىزلىرىمىز ئارىسىدا ھېلىھەم ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن :

(ئۇنىڭ) قىزى تويدىن كېيىنكى مۇشۇ بىرەر ئايدىن بېرى خېلىلا بوي تارتىپ يوغىناپ قالغان، بۇرۇنقى قارامۇتۇق چىرايى تېخىمۇ ئېچىلىپ، ئېقى ئاققا، قىزىلى قىزىلغا ئايرىلىپ قالغان، تېخى بىر ئاي بۇرۇن قىرىق تال قىلىپ ئۆرۈلىدىغان سۇمبۇل چاچلىرى ئەمدىلىكتە پەستە غولىدەك ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلۈپ، گۆدەك قىزلىق دەۋرىدىن بەختلىك چوكانلىق



دەۋرىگە ئۆتكەنىدى. (ئەخەت تۇردى: «سەبىلەر پاجىئەسى» دىن)

روشەنكى، قىزلارنىڭ «قىرىق تال» چېچى ھەر قانچە ئۇزۇن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ «چوكان» ئاتالماي، چېچى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلگەن ياش ئاياللارنىڭ «چوكان» ئاتىلىشى، مەزكۇر «چوكان» سۆزىنىڭ يەنە بىر مەنىسى «ئۇزۇن توم چاچلىق» دېگەن بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

چاچنىڭ ئۇزۇن، كۆپ، توم بولۇشى ئاياللارنىڭ كۆركى، مۇھىم بىر گۈزەللىك ئالامىتى ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، «چوكان» سۆزى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىي ئىستېمالىدا يەنە «گۈزەل» دېگەن ئاتالغۇ ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. ئالايلۇق، يېشى خېلى چوڭىيىپ قالغان بولسىمۇ، ئۆزىنى تاشلىۋەتمەي، ياسىنىپ چىرايلىق يۈرىدىغان ئاياللار «چوكانلىقى بار ئايال» دەپ تەرىپلىنىدۇ؛ ئانىلار ئۆزىنىڭ ئەمدىلا 6 ـ 7 ياشقا كىرگەن نارەسىدە قىزلىرىنى يۇيۇپ تاراپ، چىرايلىق ياساندۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، «مەن مانا بۇ قىزىمنى ياساپ چوكان قىلىۋەتتىم» دەيدۇ. بۇ يەردىكى «چوكان» سۆزى «گۈزەل، چىرايلىق» دېگەن بولىدۇ. يەنە خەلق ناخشىلىرىدا مۇنداق كەلگەن:

كېچىلەردە ئاي چىقتى،
تاڭ سەھەردە چولپان قىز.
سېنى دەپ يۈرەك كۆيدى،
ئاچ باغرىڭنى چوكان قىز.

ناھايىتى روشەنكى، بۇ يەردىكى «چوكان» سۆزى دەل «گۈزەل» ئاتالغۇسى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن.

يەنە، يېزا ياشلىرىمىزنىڭ تىلىدا، «قىز ئالماق» دېگەن سۆزدىن كۆرە، «خوتۇن ئالماق» دېگەن سۆز بىلەن «چوكان ئالماق» دېگەن سۆز ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇلار: «چو-

كان ئالىدىغان بولدۇم»، «دادام ماڭا چوكان ئېلىپ بېرەي دېدى» دېيىشىدۇ. ئېنىقكى، بۇ يەردىكى «چوكان» ھەرگىزمۇ «بىر قېتىم توي قىلىپ بولغان قىز» دېگەن مەنىنى ئەمەس، بەلكى «چىرايلىق قىز» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، پارسچىدىكى ئاساسلىقى «ئات توپى ئوينايدىغان ئۇچى ئىلمەك ئۇزۇن تاياق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «چەۋگان» ئاتالغۇسى ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، قىسمەن ھالدىكى «چۆگەن» (ch θ:g ə n) تەلەپپۇزىدىن باشقا، ئومۇمەن «چوكان» (cho:kan) تەلەپپۇزىدا ئۆزلىشىپ، ئۇزۇن يىللىق ئىستېمال جەريانىدا، «ئات توپى تايىقى (چۆگەن تايىقى)»، «ئۇزۇن ئەۋرىشىم سۆگەت تېلى»، «ئۇزۇن چاچ»، «ئۇزۇن ۋە تومچاچلىق(ياش ئايال)»، «چىرايلىق قىز»، «گۈزەل»دېگەن مەنىلەرنى ئاڭلىتىدىغان كۆپ مەنىلىك سۆزگە ئايلانغان.

تىلىمىزدىكى «خون» ئاتالغۇسى. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى «خانچە» (مەنىسى: تەخسە) سۆزىنىڭ ھازىرقى تىلىمىزغا «خونچا» (مەسىلەن، خونچىلاپ چاي تۇتماق) بولۇپ ئۆزلەشكىنىگە قاراپ، ھازىرقى تىلىمىزدىكى «خون» ئاتالغۇسىنىڭ ئەسلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى «خان» سۆزى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايمىز. كېلىش مەنبەسى جەھەتتىن پارسچە بولغان مەزكۇر «خان» ئاتالغۇسى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى لۇغەتلىرىدە مۇنداق ئىزاھلىنىدۇ: ① داستىخان. مەسىلەن، تەڭرى تەئالا مەنىڭ بۇگۈنكى رىزقىمنى سەنىڭ خانىڭگە ھاۋالە قىلىبتۇر. (قاراڭ: ئەلىشىر نەۋايى: «تارىخى ئەنبىيا ۋە ھۆكەما»)؛② رىزىق، يېمەك، تائام. مەسىلەن، خان ئاچماق. (مەنىسى: داستىخان سېلىپ مېھمان قىلماق، زىياپەت بەرمەك) ③ تاماق شىرەسى. («ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 3 - توم 411 ـ 412 ـ بەتلەر. 1984 ـ يىلى، تاشكەنت نەشرى)



«خان» ئاتالغۇسىدىن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش قىلىپ ئۆزلەشكەن «خون» سۆزى ھازىرقى ئەدەبىي تىلىمىزدا «بىر خون نان» ياكى «بىر خون مەزە (m ə :z ə)» شەكلىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ. «بىر خون نان» دېگەن سۆزگە كەلسەك، بۇ بەزى شېۋە رايونلىرىدا «بىر داستىخانلىق نان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە، يەنە بەزەن جايلاردا، سانى 7 دىن 10 غىچە بولغان «بىر دەستە نان» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ. مەيلى نېمىلا بولسۇن، مەزكۇر «خون» سۆزى ئۇزاق يىللىق ئىستېمال جەريانىدا، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى «تاماق شىرەسى» قاتارلىق بىر قاتار مەنىلىرىنى يوقىتىپ، كۈندىلىك تىرىكچىلىكنىڭ بىرىنچى كاپالىتى بولغان «نان» قاتارلىقلارنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدىغان بىر مىقدار سۆز بولۇپ تۇراقلاشقان. بۇ تىل تەرەققىياتىدىكى مەنە تارىيىش ھادىسىسىگە مىسال بولالايدۇ.

تىلىمىزدىكى «ئەپكەش» ئاتالغۇسى. «ئەپكەش» ئاتالغۇسى پارسچىدىكى «ئابكەش» سۆزىدىن كەلگەن. ئۇ «سۇ» مەنىسىدىكى «ئاب» بىلەن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە «كەش» (مەسىلەن، ئەرەبە ‹ھارۋا› + كەش) نىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بىرىكمە سۆز بولۇپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە، ئۇ پارسچىدىكى ئاساسلىق مەنىسى بويىچە «سۇچى، سۇ توشۇغۇچى ئادەم» دېگەن ئۇقۇمدا ئىشلىتىلگەن. (قاراڭ: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك» 3 ـ بەت). بىراق، مەزكۇر ئاتالغۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى «ئابكەش» تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى توپ مەنىسىنىمۇ يوقىتىپ، ئەمدى «سۇ توشۇيدىغان ئادەم» ئەمەس، بەلكى ئىككى ئۇچىدا چىلەك ياكى سوغىنى ئىلىدىغان ئىلمىكى بار بالداق (يەنى سۇ توشۇيدىغان قورال) نى بىلدۈرىدىغان خاس ئاتالغۇغا ئايلىنىپ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كەتكەن. دېمەك، بۇ سۆزلەردىكى مەنە كۆچۈش ھادىسىسىگە مىسال بولالايدۇ.

### 3. بەزەن جۇغراپىيەلىك نامىلارنىڭ مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا

بىزدە چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىغا ئائىت ئاتالغۇلار بىلەن قويۇلغان جۇغراپىيەلىك نامىلار ئاز ئەمەس. چاغاتاي ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەر ئۇستىدىكى تەتقىقات بىزنىڭ بۇ خىلدىكى نامىلارنىڭ ئىپادە قىلىدىغان ئۇقۇم ـ مەنىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىزغا ئىمكان بېرىدۇ. ئالايلۇق، تەكلىماكان، تارىم (دەرياسى)، يېڭىسار، ئەسكىسا، تىلى ھىسار، پايناپ، لەڭگەر... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

تەكلىماكان. كىلاسسىكلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن يازما پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، مەزكۇر «تەكلىماكان» ئاتالغۇسىنىڭ ئەسلىي چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدىكى «تەرك» (يەنى تاشلاش) بىلەن «مەكان» (يەنى ماكان، جاي) سۆزلىرىدىن تۈزۈلگەن ئۇيغۇرچە بىرىكمە سۆز «تەرك مەكان» (قاراڭ: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» قوليازما 34 ـ بەت تۆۋەندىن 5 ـ قۇر) بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «تاشلاندى ماكان»، «قۇم بېسىپ كەتكەنلىكتىن، تاشلىۋېتىلگەن جاي» دېگەن بولىدۇ. بۇ ھەقتە، ئارخېئولوگلىرىمىز مۇشۇ قاراشنى تەھقىقلەپ مەخسۇس ماقالىلەرمۇ يازدى. («تەكلىماكان، ئاتالغۇسىنىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدا»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» 1987 ـ يىللىق 2 ـ سان).

يېڭىسار. ھازىرقى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ بىر ناھىيەسى. بۇ ئەسلىي قەدىمكى ئۇيغۇرچە «ياڭى» سۆزى بىلەن چاغاتاي ئۇيغۇرچە «قەلئە، شەھەر» مەنىسىدىكى «ھىسار» سۆزىدىن تەركىب تاپقان بىرىكمە سۆز بولۇپ، مەنىسى «يېڭى شەھەر» دېگەن بولىدۇ.



ئەسكىسا. بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرى يېنىدىكى بۈيۈك ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەقبەرىسى ئورۇنلاشقان جاينىڭ نامى. بۇ ئەسلىي قەدىمكى ئۇيغۇرچە «ئەسكى» سۆزى بىلەن چاغاتاي ئۇيغۇرچە «ھىسار» نىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئاتالغۇ «ئەسكى ھىسار» بولۇپ، ئىستېمال جەريانىدا تەلەپپۇز ئۆزگىرىشى بولۇپ، بۈگۈنكى «ئەسكىسا» بولۇپ قالغان، مەنىسى «كونا شەھەر» دېگەن بولىدۇ.

تىلى ھىسار. قەشقەرنىڭ نامى تارىختا «كاشغەر»، «سۇلى (يەنى سۇلۇق، سۇيى مول جاي. خەنزۇچىغا 疏勒 قىلىپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان) دەپ ئاتالغاندىن باشقا، يەنە «تىلى ھىسار» دەپمۇ ئاتالغانلىقى مەلۇم. ئالايلۇق، ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى ھەزرەتى قۇببىدىن شاھ ئوغلى ھۇسەيىنخان تەجەللى (1850 ـ 1930 ـ يىللار) ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى دوستى نەزەربەگ سەلىم ئاخۇن قازى ئوغلىغا بېغىشلاپ يازغان مەشھۇر «قارا ھەققىدە» ماۋزۇلۇق قەسىدىسىدە مۇنداق دېگەن:

ھەر قاچان مەۋلا نەزەر ئەيلەپ ئىنايەتتىن سەڭا،
قارا قۇل بولسۇن سەنىڭ ئالىڭدا بۇ تىلى ھىسار.

يەشمىسى:

پەرۋەردىگار ھەر زامان ساڭا نەزەر سېلىپ، ئىلتىپات كۆرسەتسۇن؛ بۇ قەشقەر ئەھلى ئالدىڭدا قارا خىزمەتكار بولسۇن. (قاراڭ: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» 638 ـ 639 ـ بەتلەر)

تارىخشۇناسلار «دەريا ـ ئېقىن» قەدىمكى تۈركىي تىلىدا «تىل» دېيىلىدىغانلىقىنى، شۇ قەبىلىلەرنىڭ ئۆز دەۋرىدە دەريا بويىدا ياشايدىغانلىقلىرىنى، شۇڭا ئۇلار «دەريالىقلار ياكى دەريا بويىدا ياشىغۇچىلار» (يەنى «تىلى»، بۇ سۆز خەنزۇچە 铁勒 قىلىپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان) دەپ ئاتالغانلىقىنى، ھازىر ئۇ سۆزنىڭ چۇۋاش تىلىدا ساقلىنىپ قالغانلىقىنى قەيت قى-

لىشىدۇ (قاراڭ: ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللاھ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ئۇستىدە ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1988 ـ يىللىق 4 ـ سان 79 ـ بەت). مۇشۇ چۈشەنچە بويىچە بولغاندا، «تىلى ھىسار» دېگەن بۇ نامنىڭ مەنىسى: ① تىللار شەھىرى؛ ② دەريالىق شەھەر دېگەن بولىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، تارىختىن بۇيان قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە قىزىل دەرياسى، شىمال تەرىپىدە بولسا تۈمەن دەرياسى ئۇيناقلاپ ئېقىپ تۇرىدۇ.

پايناپ. قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان بىر يەرنىڭ نامى. بۇ نامنىڭ ئەسلىي چاغاتاي ئۇيغۇرچە «تۆۋەن، ئاست، ئاياغ» مەنىسىدىكى «پايىن» سۆزى بىلەن «سۇ» مەنىسىدىكى «ئاب» نىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئىزافەتلىك بىرىكمە «پايىنى ئاب» بولۇپ، ئۇزاق زامانلار ئىستېمال قىلىنىش جەريانىدا، تەلەپپۇزدا بۈگۈنكى «پايناپ» شەكلىدە تۇراقلىشىپ قالغان. مەزكۇر «پايناپ» دېگەن نامنىڭ مەنىسى «سۇنىڭ (يەنى ئېرىق ـ ئۆستەڭنىڭ) تۆۋەنكى ئېقىمى»، «ئاياغسۇ» دېگەن بولىدۇ.

لەڭگەر. شىنجاڭدا بۇ نام بىلەن ئاتىلىدىغان جايلار خېلى بار. مەزكۇر لەڭگەرنىڭ ئەسلىي ئاتىلىشى چاغاتاي ئۇيغۇرچە «لەنگەر» بولۇپ، بۇ ئاتالغۇنىڭ ئورۇن ـ جاي نامى بولغاندىكى مەنىسى «يولۇچىلار قونۇپ ئۆتىدىغان قونالغۇ، ئۆتەڭ (θ:t ə ng)» دېگەندىن ئىبارەت ۋە باشقىلار.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بويىچە ساۋات چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئاساسىي بىلىملىرىنى ئىگىلەش ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا بولغان چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. ئىستېمالىمىزدىكى چاغاتاي ئۇيغۇرچە سۆز ـ ئىبارىلەرنى توغرا ئىشلىتىش ۋە جانلىق قوللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ئۇيغۇر تىلىنىڭ



ئومۇمىي تەتقىقاتىدا، خۇسۇسەن لېكسىكا تەتقىقاتىدا ئەمەلىي قىممەت ۋە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

(«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى» ئىلمىي ژۇرنىلى، 1992 ـ يىللىق 1 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان)



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## ئۇيغۇرچە يەر - جاي نامىلىرىنى خەنزۇچە ئاتاش ۋە يېزىشتا ئېنىق پرىنسىپ بولۇشى لازىم

مەلۇمكى، بىر دىيارنىڭ ئىسمى ۋە شۇ جايدىكى شەھەر -
قەلئە، يېزا - قىشلاق، مەھەللە - كوي، شۇنداقلا ئېرىق -
ئۆستەڭ، تاغ - دالىلارنىڭ نامى ئەمەلىيەتتە، شۇ زېمىننىڭ
تارىخىدىن گۇۋاھلىق بېرىدىغان يىقىلماس ئابىدە بولۇپ ھې-
سابلىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كەڭ زىيالىيلار،
ياش ئەۋلادلار ۋە پۈتكۈل خەلق ئارىسىدا، ئۇيغۇر يەر - جاي
نامىلىرى ئىلمى ۋە تەزكىرىشۇناسلىق ئىلمى بويىچە ئەقەللىي
ساۋاتلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىلىم
سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش تولىمۇ مۇھىم بىر ئىش. كۆرۈپ تۇ-
رۇپتىمىز، مۇبارەك ژۇرنال «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» بۇ جە-
ھەتتە مۇھىم ۋاستىچىلىك رول ئويناۋاتىدۇ. ئېھتىراملىق
ئۇمىد شۇكى، يەنىمۇ غەيرەت قىلايلى، يەنىمۇ زور تىرىشچانلىق
كۆرسىتەيلى. چۈنكى، بۇ يولدا قىلىشقا تېگىشلىك زۆرۈر ۋە
ئەھمىيەتلىك ئىشلار خېلى كۆپ. مەسىلەن، ئاپتونوم رايونى-
مىزدىكى يەر - جاي نامىلىرىنى خەنزۇچە ئاتاش ۋە يېزىشتا ئې-
نىق بىر قانۇنىي پرىنسىپ تۇرغۇزۇشقا ئوخشاش.

مېنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ئۆگىنىپ كۆزىتىشىمچە، شىن-
جاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى يەر - جاي نامىلىرىنى خەن-
زۇچە ئاتاشتا كەم دېگەندىمۇ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل نامۇۋاپىق
ئەھۋال مەۋجۇت:

بىرىنچى، توغرا ئاتىماسلىق. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان توغرا
ئاتىماسلىق ئۇيغۇرچە يەر - جاي نامىلىرىنى خەنزۇچە خەت بە-



لەن يېزىپ ئاتاشتا، مەنىسى ياخشى سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلەتمەس-
لىك ئەھۋالىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، ئالتۇن زېمىن
«تۇرپان»نىڭ ئىسمى 吐 خېتى بىلەن يېزىپ ئاتاۋاتقانغا ئوخشاش.

مەلۇمكى، خەنزۇچىدىكى خەتلەر مۇئەييەن ۋە ئېنىق مە-
نىگە ئىگە مۇستەقىل سۆزلەر بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇرچىدىكى يا-
كى ئىنگلىزچىدىكى ھەرپلەرگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. شۇڭا،
مەيلى ئادەم ئىسمى بولسۇن ياكى يەر - جاي نامىلىرى بولسۇن،
ئۇنى خەنزۇچە خەت بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلىنغاندا، ھامان
ياخشى ۋە ئىجابىي مەنىلىك سۆزلەر تاللاپ يېزىلىدۇ. ئالايلۇق،
دۇنيادا تۇنىس، تۈركىيە، تۇجىيا مىللىتى دەيدىغان دۆلەت ۋە
مىللەت نامىلىرى بار. مەزكۇر ناملار خەنزۇچىدا، ئايرىم - ئاي-
رىم ھالدا 突尼斯， 土耳其 ۋە 土家族 دەپ ئاتىلىدۇ ۋە
شۇنداق يېزىلىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «تۇ»لارنىڭ ھېچبىرى
خەنزۇچە 吐 خېتى بىلەن ترانسكرىپسىيە قىلىنمايدۇ. چۈن-
كى، خەنزۇچىدىكى 吐 خېتىنىڭ ئاساسلىق مەنىسى «تۇكۇ-
رۇش، قۇسۇش» دېگەن بولىدۇ. ھالبۇكى، تۇرپان شەھىرىنىڭ
نامىنى «تۇكۇرۇش، قۇسۇش» مەنىسىدىكى خەت بىلەن
ترانسكرىپسىيە قىلىش تازا مۇۋاپىق ئەمەس.

مېنىڭچە، ھازىرقى زاماندىكى مەيلى خەنزۇ زىيالىيلار ئۇ-
چۇن بولسۇن ياكى ئۇيغۇر زىيالىيلار ئۈچۈن بولسۇن، باغرىدىكى
ئەلۋەك سۈيى، ساپ ھاۋاسى ۋە تەڭداشسىز بايلىقى مول بىر گۈ-
ھەر زېمىننىڭ نامىنى «تۇكۇرۇش،قۇسۇش» مەنىسىدىكى خەت
بىلەن يېزىش ۋە ئاتاش تولىمۇ ئەيىبلىك ئىش، ئەلۋەتتە!

شۇڭا، مۇۋاپىق پۇرسەتتە ئادىل قارار چىقىرىپ، تۇرپان-
نىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىدىكى 吐 خېتىنى قەتئىي چۆرۈپ
تاشلاش كېرەك! مېنىڭچە، ئۆزگەرتىشتىكى ئاسانلىقنى كۆزدە
تۇتقاندا، 吐 خېتىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا

«تۇپراق، زېمىن» مەنىسىنى بېرىدىغان 土 خېتىنى ئىشلە-
تىپ، 土鲁番 قىلىپ يازغان مۇۋاپىق.
ئىككىنچى، چالا ئاتاش. بۇ بىر جاينىڭ نامىنى تولۇق ئاتى-
ماي ئۆزى خالىغانچە قىسقارتىپ يېرىم - يارتا ئاتاشنى كۆرسى-
تىدۇ. مەسىلەن، «قەشقەر»نى 喀什 دەپ ئاتاۋاتقانغا ئوخشاش.
قەشقەرنىڭ مۇبارەك نامى خەنزۇچە هازىرقى رەسمىي
هۆججەت ۋە خەرىتىلەردە 喀什 دېيىلىپ ۋە يېزىلىپ كېلىۋا-
تىدۇ. مېنىڭچە، ئۇنى هەقلىق هالدا تولۇقلاپ ۋە توغرىلاپ
喀什噶尔 دەپ ئاتاش ۋە مۇشۇنداق يېزىش لازىم. مېنىڭ
مۇنداق دېيىشىمنىڭ ئاساسلىق دەلىللىرى تۆۋەندىكىچە:
1. قەشقەر شەهىرىنىڭ ئەلمىساقتىن تارتىپ ئاتىلىپ
كەلگەن ئاساسلىق نامى «كاشغەر» بولۇپ، بۇ نام تاكى مۇشۇ
ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغىچە، هەتتا ئاۋام خەلقلەرنىڭ خەت -
چەكلىرىدىمۇ ئاشۇ ئەينەن تەلەپپۇزى بويىچە يېزىلىپ كەل-
گەن. مەسىلەن، «كاشغەر تۇركىسىندە بىتكەن ئىكى خەت»،
«شەهرى كاشغەردە دۇئالارى بەرەكاتىدا سىههەت سەلامەت تۇر-
غان ئاكالارى موللا يەئقۇپ خاجەدىن...» دېگەنلەرگە ئوخشاش.
(قاراڭ: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» 129 - بەت، قەشقەر ئۇيغۇر
نەشرىياتى 1986 - يىلى نەشرى) روشەنكى، خەنزۇچىدىكى
喀什 دېگەن ئاتالغۇ دەل ئاشۇ «كاشغەر»دىكى «كاش»تىن كەل-
گەن. بىراق، مەزكۇر شەهەرنىڭ نامى «كاش» ئەمەس، بەلكى
«كاشغەر - قەشقەر»دۇر. شۇنداق ئىكەن، ئۇنى 喀什 دېمەي،
喀什噶尔 دەپ ئاتاش ۋە شۇنداق يېزىش لازىم. پەقەت شۇنداق
بولغاندىلا، ئاندىن ئۇ ئىسىمشۇناسلىق، خۇسۇسەن يەر - جاي
ناملىرى ئىلمىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.
2. خەنزۇ تىلىدا، شەيئىلەرنىڭ ئىسمىنى قىسقارتىپ ئا-
تاش ئادىتى بار. شۇ تۈپەيلىدىن «كاشغەر»دىن ئاهاڭ تەرجىمە-
سى قىلىنغان 喀什噶尔 ئاتالغۇسىنىڭ كېيىنچە، قىسقارتى-



لىپ 喀什 بولۇپ قالغانلىقى ئېنىق. بىراق، 喀什噶尔 دېگەن
سۆز تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا خەنزۇچە ئاتالغۇ ئە-
مەس، بەلكى ئۇ ساپ ئۇيغۇرچە ئاتالغۇ «كاشغەر - قەشقەر»نىڭ
خەنزۇ تىلى ۋە يېزىقىنىڭ ئىمكانى بويىچە قىلىنغان ئاهاڭ
تەرجىمىسى، خالاس. شۇنداق ئىكەن، ئۇيغۇرچە ئاتالغۇ
喀什噶尔 نى قىسقارتىپ ئاتاشتا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قائىدىسى
ۋە ئۇيغۇر يەر - جاي ناملىرىنى ئاتاش ئادىتى بويىچە ئاتاش
كېرەك، ئەلۋەتتە. مەلۇمكى، ئۇيغۇرلاردا يەر - جاي ناملىرىنى
قىسقارتىپ ئاتاش ئادىتى يوق. شۇڭلاشقا، بىز خەنزۇچىدىكى
هېچقانداق بىر يەر - جاي نامىنى قىسقارتىپ ئاتىمايمىز. هەت-
تا تەرجىمە ئارقىلىق بەزىدە ئۇقۇم تەكرارلىنىپ كەتسىمۇ، ئۇ-
نى تەكرار، تولۇق ئاتايمىز. مەسىلەن، 长江, 黄河 دېگەنلەر-
نى «چاڭ دەرياسى، خۇاڭ ئۆستىڭى» دېمەي، «چاڭجياڭ دەريا-
سى، خۇاڭخې دەرياسى» دەپ ئاتىغىنىمىزغا ئوخشاش.
3. مېنىڭچە، بىراۋنىڭ نام - ئىسمىنى تولۇق ئاتاش ياكى
يېرىم - يارتا ئاتاش ئەمەلىيەتتە، ئاتىغۇچىنىڭ ئاتالغۇچىغا
بولغان مۇئەييەن هېس - تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئالايلۇق،
ئەگەر بىراۋنىڭ ئىسمى «ئابدۇرېشىت» بولسا، ئۇنى پەقەت
阿布都热西提 دەپ ئاتاشلا، قائىدە بويىچە ئىنسانىي ئەدەپ
بىلدۇرۇش بولۇپ هېسابلىنىدۇ. ئەكسىچە، ئۇنى 阿布都 دەپ
يېرىم - يارتا ئاتاش ئاتالغۇچىنى كۆزگە ئىلماسلىق، مەنسىت-
مەسلىك، هەتتا قەستەن چۈشۈرۈش ۋە پەس كۆرۈش بولۇپ
سانىلىدۇ. شۇڭا، «ئۈرۈمچى»نى 乌鲁، «ئاقسۇ»نى 阿克 دې-
مەي، 阿克苏 ۋە 乌鲁木齐 دەپ ئاتايمىز. شۇنداق ئىكەن،
قەشقەر شەهىرىنىڭ نامىنىمۇ خەنزۇچىدا تەكەللۇمىسىنى
كەلتۈرۈپ تولۇق قىلىپ 喀什噶尔 دەپ ئاتىشىمىز ۋە
شۇنداق يېزىشىمىز لازىم.
4. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا نەشر قىلىنغان چەت ئەل تى-



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىدىكى، خوسۇسەن ئىنگلىز تىلىدىكى مەمۇرىي خەرىتىلەردە، قەشقەرنىڭ نامى kashi دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغانلىقىنى كۆپ قېتىم ئۇچراتتۇق. بۇنىڭدىن (喀什噶尔 كاشغەر-قەشقەر) شەھىرىنىڭ نامى باشقىلارنىڭ ئېغىزىدا تەدرىجىي ھالدا كاش (喀什) شەھىرى بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ھەرگىزمۇ ياخشى ئىش ئەمەس. شۇڭا، قەشقەرنىڭ خەنزۇچە نامىنى ھەرقانداق كىتاب، ھۆججەت، خەرىتە ۋە ۋىۋىسكىلاردا ئوخشاشلا تولۇق ۋە توغرا 喀什噶尔 قىلىپ يېزىشنى يولغا قويۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا قەشقەرنىڭ نامىنىڭ كەمتۈك ۋە خاتا ئاتىلىشىنى تۈزەتكىلى بولىدۇ.

قەشقەرنىڭ نامى خەنزۇچىدا ھېلىھەم بەزىدە 喀什噶尔 قىلىپمۇ يېزىلىۋاتىدۇ. ئالايلۇق، بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىسمى خەنزۇچىدا ئىزچىل ھالدا 麻赫穆德·喀什噶尔 قىلىپ يېزىلىۋاتىدۇ (قاراڭ: «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيەسى»، تىل - يېزىق قىسمى 388 - بەت، جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيەسى نەشرىياتى 1982 - يىلى نەشرى). ئۇنىڭدىن باشقا، شىۋېتسىيەلىك ئاتاقلىق ئۇيغۇرشۇناس گ.ياررىڭ ئەپەندى 1985 - يىلى يازغان «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ناملىق كىتاب ماۋزۇسى خەنزۇچىغا 重返喀什噶尔 دەپ تەرجىمە قىلىندى ۋە مەزكۇر كىتابتىكى «قەشقەر» دېگەن نامنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ئېنىق ۋە تولۇق قىلىپ 喀什噶尔 شەكلىدە ئېلىندى (قاراڭ: شۇ ناملىق كىتاب، خەنزۇچە، 1994 - يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى). دېمەك، «قەشقەر»نى تولۇق تەلەپپۇز قىلىش ۋە ئەينەن يېزىش پۈتۈنلەي مۇمكىن.

ئۈچىنچى، قالايمىقان ئاتاش، مەسىلەن، قەشقەر شەھىرىدىكى «قىزىل كۆۋرۈكى»نى 七里桥، «ياۋاغ كۆۋرۈكى»نى 北大桥، «ئەسكىسار»نى بولسا 磐陀城 دەپ ئاتاۋاتقانغا ئوخشاش.



ئىلىم ئەھلىگە مەلۇمكى، قەشقەرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە غەربتىن شەرققە قاراپ ئاقىدىغان بىر دەريا بار. مەزكۇر دەريانىڭ ئىسمى بۇنىڭدىن مىڭ يىللار بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىي تۈزگەن قامۇس «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «قىزىل» دەپ خاتىرىلەنگەن. ھازىرقى قەشقەر خەلقىمۇ ئۇنى ئوخشاشلا «قىزىل دەرياسى» دەپ ئاتايدۇ. ئاتام زامانىدىن تارتىپ، مەزكۇر دەريا قەشقەر شەھىرىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى بىلەن لەۋلىشىپ تۇرغاچقا، جەنۇب تەرەپتىن قەشقەر شەھىرىگە كىرىدىغان خەلق بۇ دەريانىڭ ئۈستىگە كۆۋرۈك ياساپ، ئۈستىدىن ئۆتۈپ، شەھەرگە كىرىپ - چىقىپ كەلگەن. دەرۋەقە، ئۇ زامانلاردا مەزكۇر كۆۋرۈك ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، ئىسمى «قىزىل دەرياسى كۆۋرۈكى»، قىسقارتىلىپ «قىزىل كۆۋرۈكى» دەپ ئاتىلاتتى. كېيىنچە مەزكۇر ياغاچ كۆۋرۈك بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئورنىغا زامانىۋى سېمونت كۆۋرۈك ياسالغان. بىراق، مەزكۇر سېمونت كۆۋرۈكنى «چىلچىياۋ» (يەتتە يول كۆۋرۈكى) 七里桥 دەپ ئاتاۋاتىمىز. ئەمما، يەرلىك ئاھالىلەر بولسا يەنىلا ئاشۇ مىڭ يىللار بۇرۇنقى قەدىناس نامىنى ئەزىزلەپ «قىزىلنىڭ كۆۋرۈكى»، «قىزىل كۆۋرۈكى» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە. مېنىڭچە، ئۇنى «قىزىل كۆۋرۈكى» دەپ ئاتاش تارىخقا ھۆرمەت قىلغان، شۇنداقلا ئىلىمگە ھۆرمەت قىلغان توغرا ئاتاش ھېسابلىنىشى كېرەك. چۈنكى، بىرىنچىدىن، قەدىمكى دەريا «قىزىل»نىڭ ئۈستىدە ئەسلىدىن كۆۋرۈك بار ئىدى ۋە ئۇ ئەلمىساقتىن تارتىپلا «قىزىلنىڭ كۆۋرۈكى» دەپ ئاتىلاتتى. شۇڭا، قەشقەر شەھىرىدىكى قىزىل دەرياسىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان سېمونت كۆۋرۈكنىمۇ ئوخشاشلا 柯孜尔桥 (قىزىل كۆۋرۈكى) دەپ ئاتىشىمىز كېرەك.

قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن يەنە بىر دەريا

ئېقىپ ئۆتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئىسمى «تۇمەن دەرياسى» دەپ ئاتىلىدۇ. مەزكۇر دەريا ئۈستىدىمۇ ئەسلىدە ياغاچ كۆۋرۈك بار بولۇپ، ئىسمى «تۇمەن دەريا كۆۋرۈكى» ياكى «يارباغ دەريا كۆۋرۈكى» دەپ ئاتىلاتتى. كېيىن ياغاچ كۆۋرۈك سېمونت كۆۋرۈككە ئالماشتۇرۇلغاندا، ئۇنى «بېيداچياۋ» (北大桥) دەپ ئاتىدۇق. ھازىر شۇ بويىچە ۋىۋىسكا ئىشلىنىپ كۆۋرۈك بېشىغا ئېسىلدى، ھەتتا مەزكۇر كۆۋرۈك يېنىدىكى بازارمۇ «بېيداچياۋ بازىرى» دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ.

مەلۇمكى، قەشقەر — نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنلا قەلئە سوقۇپ، سېپىل چۆرۈپ، تۆت تەرىپىگە دەرۋازا ئېچىپ، شىمالىي دەرۋازىسىنى «يارباغ (ياۋاغ) دەرۋازا»، جەنۇبىي دەرۋازىسىنى «قۇم دەرۋازا»، شەرقىي دەرۋازىسىنى «تۆشۈك دەرۋازا»، غەربىي دەرۋازىسىنى بولسا «توققۇزاق دەرۋازا» دەپ ئاتاپ كەلگەن قەدىمكى شەھەر. شەھەرنىڭ دەرۋازىلىرى ھەققىدىكى مەزكۇر ناملار يەرلىك ئاھالە ئارىسىدا ھېلىھەم ئاشۇ ئەينى بويىچە قوللىنىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، بۇ ناملارنى خەنزۇچە ئاتاشتا، «ياۋاغ دەرۋازا»نى 北门، «ياۋاغ كۆۋرۈكى»نى بولسا 北大桥 دېمەي، يەرلىك ئاھالە بىلەن ئورتاقلاشقان ھالدا، 雅巴格门 ۋە 雅巴格桥 دەپ ئاتاشلا ھەم ئەقىلگە ھەم ئىلىمغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكىدە بىر قەدىمكى قەلئە ئىزى بار. ئۇ جاي ئۇزاق قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن باشلاپ «ئەسكى ھىسار» (كونا قەلئە، كونا شەھەر) دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. بۈگۈنكى زامانغا كەلگەندە، ئۇ ئۇيغۇر دېھقانلار تەلەپپۇزى بويىچە «ئەسكىسار، ئەسكىسا» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. بىراق، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، «مەزكۇر جاي ئۇيغۇرچە ‹ئەسكى ھىسار› دەپ ئاتىلىشتىن بۇرۇن «پەنتو» دەپ ئاتالغانىكەن» دېگەن گەپ بىلەن، ئۇنى «ئەسكىسار» دېمەي، «پەن-



تو شەھىرى» (磐陀城) دەپ ئاتاپ ۋىۋىسكا ئېسىپ قويۇلدى.

مېنىڭچە، قەدىمكى ئۇيغۇر ماكانى «ئەسكى ھىسار»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىدىكى ئاتىلىشى بولغان «ئەسكىسار» دېگەن نامنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى خەنزۇچە «ئوكيانۇس»لاردىنمۇ ئىزاھ مەنىسىنى تاپقىلى بولمايدىغان، قەدىمكى ھىندى تىلىدىن كىرگەن ئاتالغۇ «پەنتو» سۆزى بىلەن «پەنتوچېڭ» (پەنتو شەھىرى) دەپ ئاتاشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يەنىلا بۇرۇنقى نامى بىلەن ئاتاشنى تەۋسىيە قىلىمەن. ھالبۇكى، ئۇيغۇر يەر - جاي نامىلىرىنى خەنزۇچە ئاتاشتا، پەقەت شۇ جايدىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ تىل تەلەپپۇزى ئاساسىدا ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىشلا ھەقىقىي يەر - جاي نامىلىرى ئىلمىگە مۇناسىپ توغرا ئاتاش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، قەدىمكى ئۇيغۇر ماكانى «يېڭىسار»نى ئەينى بويىچە ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىپ 英吉沙 دەپ ئاتىغان.

قەشقەر ۋىلايىتى يېڭىسار ناھىيەسىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىكى نامى «ياڭى ھىسار» بولۇپ، ئۇ ھازىرقى «ئەسكىسار» ئاتىلىۋاتقان ماكان «ئەسكى ھىسار» بىلەن ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ناملانغان قەدىمكى جايلاردىن ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، بۈگۈنكى «ئەسكىسار»نى «پەنتوچېڭ» دەپ ئاتايمىز دېگۈچىلەر مەزكۇر «ئەسكىسار» بىلەن قوشماق ماكان بولغان «يېڭىسار»نىمۇ نەزەرگە ئېلىشى كېرەك. دېمەكچىمىزكى، ئۇيغۇر يەر - جاي نامىلىرىنى ئۇنداق بىرسىنى ئەينەن ئۇيغۇر تىلى تەلەپپۇزى ئاساسىدا، يەنە بىرسىنى بولسا، كونا ھىندى تىلىدىن پايدىلىنىپ ئاتىساق بولمايدۇ. بىز «يېڭىسار»نى خەنزۇچە 英吉沙 (يىڭجىشا) دەپ ئاتىغانىكەنمىز، ئەمدى مۇشۇ توغرا ئاتاش پىرىنسىپى بويىچە، «ئەسكىسار»نىڭ خەنزۇچىسىنىمۇ ئۇيغۇرچىدىن ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىپ 爱斯吉沙 (ئەيسىجىشا) دەپ ئاتىشىمىز ۋە «پەنتوچېڭ» دېگەن نامنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىسسىقىدىلا چۆرۈپ تاشلىشىمىز لازىم.

بۇ يەردە پىكىر شۇكى، بىز ئۇيغۇر يەر - جايلىرىغا يېڭىدىن ئات قويۇش ياكى بىرەر قەدىمكى نامنى ئۆزگەرتىشتە مەسىلىنى ئالدى بىلەن ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ مۇھاكىمىسىگە قويۇشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئەجدادتىن ئەۋلادقا مىراس قالىدىغان بۇ غوللۇق ئامانەت ئىشنى بېجىرىشتە، ئادالەت مەيدانىدا تۇرغان بولىمىز، ئەلۋەتتە!

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»نىڭ 1997 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان)



## «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئاپتورىنىڭ ئىسمىنى ئەينەن ئاتاش زۆرۈر

جاھانغا مەشھۇر قامۇس «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) دۇنيا مەدەنىيەت سورۇنىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ يۈزىنى يورۇق، يۈرىكىنى توق ۋە ئىستىقبالىنى ئوچۇق قىلىپ كېلىۋاتقان ئەسەر. ئۇنى ياخشى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ھازىرقى زامان «دىۋان» شۇناسلىرىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئۇيغۇرلارنىڭمۇ مۇقەددەس بۇرچى. ھالبۇكى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ئالدى بىلەن بۇ شاھ ئەسەرنىڭ نامىنى توغرا، ئاپتورىنىڭ ئىسمىنى ئەينەن ئاتاشنى ئىشنىڭ بېشى قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

كۆزىتىشىمچە، مەزكۇر ئەسەرنىڭ نامى بەزەن ھاللاردا «دىۋانى لۇغەتتىن تۈرك» (قاراڭ: «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 1994 - يىللىق 12 - سان، 50 - ، 51 - بەتلەر) ، يەنە بەزەن ھاللاردا بولسا، «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك» ۋە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» قىلىپ خاتا يېزىلىۋاتقان ۋە ئېيتىلىۋاتقاندىن باشقا، ئەسەر ئاپتورىنىڭ ئىسمى كۆپرەك «مەھمۇت قەشقىرى»، «مەھمۇت قەشقەرى» ۋە «مەخمۇت قەشقىرى» دەپ ئۈچ خىل ئاتىلىۋاتىدۇ ۋە شۇنداق يېزىلىۋاتىدۇ.

مەلۇمكى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئۆز زامانىسىدا ئاپتور تەرىپىدىن قويۇلغان ماۋزۇسى «كاتتا لۇغەت» مەنىسىدىكى «دىۋان»، «تىللار» مەنىسىدىكى «لۇغات» ۋە «تۈركىي خەلقلەر» مەنىسىدىكى «تۈرك» سۆزلىرىدىن تۈزۈلگەن ئەرەبچە ئىزافەتلىك بىرىكمە بولۇپ، ئۇنىڭ توغرا تەلەپپۇزلۇق ئاتى-

لىشى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ھېسابلىنىدۇ. چاغاتاي ئۇيغۇر
تىلىنىڭ چۈشەندۈرۈشچە، مەزكۇر ئىزافەتلىك بىرىكمە تەركى-
بىدىكى «ئا» تاۋۇشلىرى قىسقا سوزۇق تاۋۇش ئەمەس، بەلكى ئۇ-
زۇن سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، ئۇلارنى قائىدە بويىچە ئۇزۇن سوزۇپ
تەلەپپۇز قىلىش، يەنى Diwa:nu luga:tit Tü rk دېيىش لازىم.
ئەگەر مۇنداق ئەينەن تەلەپپۇز قىلالمىساق ياكى يازالمىساق، خاتا
يېزىپ ـ ئېيتىپ كۆلكىگە قالغۇچە، سەممىيلىك بىلەن مەز-
كۇر بىرىكمىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى
بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن ھەم چۈشىنىشلىك ھەم
تىلىمىزغا ئەپ كېلىدىغان نامىنى قوللانساقمۇ بولىدۇ.

ئىلمىيلىك جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «تۈركىي تىللار
دىۋانى» ئاپتورىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى «مەھمۇت قەشقە-
رى، مەھمۇت قەشقىرى، مەخمۇت قەشقىرى» دەپ ئاتاشلارنىڭ
ھېچقايسىسى توغرا ئەمەس. مېنىڭچە، ئۇنى «مەھمۇد كاشغە-
رىي» دەپ ئەينەن ئاتاش ۋە ئاشۇ ئەينەن تەلەپپۇزى بويىچە يې-
زىش لازىم. مۇنداق دېيىشىمنىڭ دەلىللىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، «قۇرئان كەرىم» نىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆز-
لەشكەن كىلاسسىك ئۇيغۇرچە كىشى ئىسمى «مەھمۇد» نىڭ ھا-
زىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا «مەھمۇت، مەخمۇت، ماخ-
مۇت، مامۇت» قىلىپ ئىشلىتىلىۋاتقانلىقى راست. بىراق، «تۈر-
كىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەمەس، بەلكى
بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن ئۆتكەن ئۇيغۇر. ئۇ ئۇلۇغ بوۋىمىزنىڭ
ئۆز دادىسى تەرىپىدىن ئەزان توۋلاپ قويۇلغان ئىسمى «مەھمۇد»
(مەنىسى: مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان؛ مەدھىيىلەنگۈچى). ئۇ بو-
ۋىمىزنىڭ مۇبارەك ئىسمىنى پەقەت ۋە پەقەت «مەھمۇد» دەپ ئا-
تاشلا ئەقەللىي ئەخلاق مىزانىغا خاس ئىش قىلغانلىق، شۇنداقلا



بۈيۈك ئەجدادلارغا ھۆرمەت قىلغانلىق بولىدۇ. ئەكسىچە ئۇنىڭغا
ھۆرمەت قىلمىغانلىقىمىز بولىدۇ.

ئىككىنچى، قەدىمىي شەھەر «كاشغەر» نىڭ ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ تەلەپپۇزى بويىچە «قەشقەر» قىلىپ ئې-
لىنىۋاتقانلىقىمۇ ئەمەلىيەت. بىراق، «تۈركىي تىللار دىۋانى»
نىڭ ئاپتورى مەھمۇدنىڭ ئۆزىگە تەخەللۇس قىلغىنى ھازىرقى
«قەشقەر» ئەمەس، بەلكى ئۆز زامانىسىدىكى «كاشغەر» دۇر.
شۇڭا، پەقەت «مەھمۇد كاشغەرىي» دەپ ئاتاشلا مەھمۇد ۋە ئۇ-
نىڭ زاماندىشلىرى تەلەپپۇزىدىكى ئەينەن نامغا، يەنى تارىخىي
چىنلىققا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ، ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ
ئەۋرىشىملىكى بىلەن مەشھۇر. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى «ت، د، ك،
ق، غ» تاۋۇشلىرىنى ھەر قانداق جاي ۋە ھەر قانداق چاغدا،
ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئەينەن تەلەپپۇز قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە.

ئۈچىنچى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئاپتورىنىڭ ئىسىم ـ
فامىلىسىنى «مەھمۇد كاشغەرىي» دەپ ئەينەن تەلەپپۇز قىلىپ
ئىشلەتسەك، تۈركىي مىللەتلەرگە تەۋە باشقا قېرىنداشلارنىڭ
««قەشقىرى› دېگەن تەخەللۇس ‹قاسقىر› (بۆرە) دېگەن سۆزدىن
كەلگەن بولۇشى مۇمكىن» دەيدىغان بىمەنە تەسەۋۋۇرلىرىغا
ئىلمىي جاۋاب بەرگەن بولىمىز.

تۆتىنچى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئاپتورىنىڭ ئىسىم ـ
فامىلىسىنى «مەھمۇد كاشغەرىي» دەپ ئەينەن ئاتاش ياكى ئاتى-
ماسلىق ھەرگىزمۇ قىلسىمۇ بولىدىغان، قىلمىسىمۇ بولىدىغان
كىچىك ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا، ئۇيغۇرلار-
نىڭ مەزكۇر تەۋەررۈك ئەسەرگە ھەقىقىي ئىگىدارچىلىق قى-
لىش ۋە ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلىش ياكى قىلالماسلىقىغا بې-
رىپ تاقىلىدىغان جىددىي ۋە چوڭ ئىش. ئەمىسە، باشقىلار «يا



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەسەرنىڭ نامىنى دۇرۇس دېيەلمەيسەن، يا ئاپتورنىڭ ئىسمىنى توغرا ئاتىيالمايسەن، بۇ ھالىڭ بىلەن ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› قانداق قىلىپ سېنىڭ بولىدۇ؟» دېسە، نېمە دەيمىز؟!

شۇنىسى ئېنىقكى، كىلاسسىك نامىلار زاماننىڭ ئۆزگىرىشىگە، جانلىق تىل ۋە شېۋە تەلەپپۇزىنىڭ غەيرىيىلىشىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان نەرسە ئەمەس. شۇڭا، ھازىرقى دۇنيادا قېرىنداش تۈركىي مىللەتلەرلا ئەمەس، بەلكى پارسلارمۇ، ئەرەبلەرمۇ «مەھمۇد كاشغەرىي» دەپ ئاتاۋاتىدۇ. ھەتتا ئىنگلىزلار ۋە باشقا ياۋروپالىقلارمۇ M ε hmud kashg ε ri دەپ ئاتاپ يېزىپ كېلىۋاتىدۇ. مىڭ ئەپسۇس، پەقەت بىز ئۇيغۇرلار — مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھەقىقىي ئەۋلادلىرى ئۇنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئەينەن ئاتىيالمايۋاتىمىز. مېنىڭچە، بۇ يارامىلىق ئەۋلاد بولۇش سالاھىيىتىمىز ۋە سالاپىتىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، خىجىل بولۇشقا، ئويۇلۇشقا، شۇنداقلا جەزمەن تۈزىتىشكە تېگىشلىك بىر ئىش!

ئەڭ مۇھىمى، ھەرقانداق تەلەپپۇزغا قادىر، ئەۋرىشىم تىلىمىزنىڭ فونېتىكا سىستېمىسى ئىمكانلا بېرىدىكەن، كىلاسسىك نامىلارنى جەزمەن ئەينەن تەلەپپۇز قىلىشىمىز ۋە ئاشۇ ئەينەن تەلەپپۇز بويىچە يېزىش (ترانسكرىپسىيە قىلىش)نى تېكستشۇناسلىق ساھەسىنىڭ ئىزچىل پرىنسىپى قىلىشىمىز لازىم. ئەمەلىيەتتە، بۇ پرىنسىپنى تېكستشۇناسلىرىمىز قوبۇل قىلىپ، شۇ بويىچە ئىش كۆرۈۋاتىدۇ. ئالايلۇق، ھازىرقى يەكەن (قەدىمكى ياركەند) دە ياشاپ، ئىجاد قىلىپ ئۆتكەن مەشھۇر كىلاسسىك نامايەندە ئۆمەر باقى ياركەندىينى ھېچكىم «ئۆمەر باقى يەكىنى» دەۋاتقىنى ۋە شۇنداق دەپ يېزىۋاتقىنى يوق. ھالبۇكى، نامى كونىدە نەچچە



قېتىم زىكرى قىلىنىپ تۇرىدىغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئاپتورىنىڭ مۇبارەك ئىسمىنىمۇ جەزمەن ئەينەن قىلىپ: «مەھمۇد كاشغەرىي» دەپ ئاتىشىمىز ۋە شۇنداق يېزىشىمىز ھەقىقەتەنمۇ زۆرۈردۇر.

(«تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1996 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)

# ئىملادىكى ئىلىم

مۇبارەك ژۇرنال «تىل ۋە تەرجىمە» نىڭ 2007 - يىللىق 2 - سانىدىكى مۇھەممەدتۇرسۇن ئابدۇللا ئەپەندى يازغان «قەدىمىي شەھەر ‹يە:كەن› نامىنىڭ ئىملاسى توغرىسىدا» ماۋزۇلۇق ماقالىنى ئوقۇپ، ئۇبدانلا مەمنۇن بولدۇم. «ياركەند پەرزەنتلىرى ئۆز يۇرتى نامىنىڭ مەنتىقىسىز ئاتىلىۋاتقانلىقى ۋە ئىملىسىز يېزىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يېتىپ، توغرىلىققا يۈزلىنىپتۇ، ئاخىر» دەپ سۆيۈندۈم. چۈنكى، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئىملادىكى ئىلىمغا دىققەت نەزەرىنى ئاغدۇرغانلىقى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئىش - تە!

شۇنداق، ئىملا دېگىنىمىز، مۇئەييەن بىر تىل - يېزىقنى ئىشلەتكۈچىلەر ئۈچۈن ئورتاق قائىدە قىلىپ بەلگىلەنگەن يېزىش نورمىسىغا ئېيتىلىدۇكى، ئۇ ئاداققىي جەھەتتە شۇ يېزىقنىڭ ئىگىلىرى ئۆزلەشتۈرۈپ ئىگىلىۋېلىشى زۆرۈر بولغان، شۇنداقلا جاھان ئىلىم ئەھلى ئېتىراپ قىلغان ئومۇمىيەتلىك ئىلىمنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغانلىقى بىلەن ئالاھىدە قىممەتلىكتۇر. شۇنداق بولغان ئىكەن، ئۇيغۇر يەر - جاي نامىلىرىنىڭ ئىملاسى پەقەت ئىلىم ئەھلى ئېتىراپ قىلغان ۋە ئۇدۇم قىلىپ كېلىۋاتقان يەر - جاي نامىلىرى ئىلمىنىڭ خاس قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن بولغاندىلا، ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ ئۆزىنىڭ قۇسۇر - كەمچىلىكلىرى بىلەن خەلقئالەم ئالدىدا ئەيىبلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ، خالاس. مېنىڭچە، «قەدىمىي شەھەر ‹يە:كەن› نامىنىڭ ئىملاسى توغرىسىدا» سەرلەۋھىلىك ماقالە بايان قىلىنغان مەسىلە دەل مۇشۇ مەسىلىدۇر.



ئاپتور مەزكۇر ماقالىدە مۇنداق يازىدۇ: «بىز ئېغىز تىلىمىزدا ‹يە:كەن› دەۋاتقان بۇ شەھەر نامى چەت ئەللەرگە ‹ياركەند Yarkend›، ياكى ‹ياركەنت Yarkent› دېگەن شەكىلدە تونۇلغان. مەن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىزدەش تور بېكىتى google غا كىرىپ، Yarkend دېگەن سۆزنى كىرگۈزۈپ بېقىۋىدىم، بۇ ھەقتە، 80 مىڭ 900 يۈز ئۇچۇر كۆرسەتتى Yarkent شەكلىدە كىرگۈزۈپ بېقىۋىدىم، 24 مىڭ ئۇچۇر كۆرسەتتى. Yeken دەپ كىرگۈزسەم، بۇ ھەقتە بىرمۇ ئۇچۇر كۆرسەتمىدى...».

مېنىڭچە، بۇ پاكىت ئاز دېگەندىمۇ مۇنداق بىر قانچە مۇھىم مەسىلىنى چۈشەندۈرىدۇ:

بىرىنچى، ھازىرقى ۋاقىتتا، «يەكەن» يېزىلىپ، يە:كەن (Ye:ken) تەلەپپۇز قىلىنىۋاتقان بۇ ئۇيغۇر زېمىنىنىڭ ئەل مىساقتىن تارتىپ توغرا ئاتىلىشى «ياركەند» بولغانلىقى ئۈچۈنلا، كىلاسسىك قولىيازما ئەسەرلىرىمىزدە ئىزچىل ھالدا «ياركند (ياركەند)» يېزىلىپ كەلگەن. شۇڭا، چەت ئەللىكلەرمۇ ئەينەن ترانسكرىپسىيە قىلىپ Yarkend دەپ ئاتاپ ۋە ئەينەن يېزىپ كەلگەن.

ئىككىنچى، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمۇ، 1953 - يىلى ئىشلەنگەن «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئېلىپبەسى» ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇنقى ئەسەرلىرىدە، ئاۋام خەلق ئېغىز تىلىدا نېمە دەپ تەلەپپۇز قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، يېزىقتا «ياركند (ياركەند)» دەپ يېزىپ كەلگەن.

ئۈچىنچى، 1953 - يىلىدىن كېيىن ئىشلەنگەن بىر قاتار «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى ئىملا قائىدىلىرى» مىزنىڭ ئادەم ۋە يەر - جاي نامىلىرىنى ئاۋام خەلقنىڭ ئېغىز تەلەپپۇزىدا قانداق بولسا، شۇنداق يازىدىغان قىلىپ قويۇشى ئەمەلىيەتتە، يېزىق - ئىملاشۇناسلىق ئىلمىغا مۇخالىپ ئېغىر خاتالىق



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولغان. بۇ خاتالىق ھامان بىر كۈنى سەمىمىيلىك بىلەن ئو-
مۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغۇسى.

تۆتىنچى، «يەكەن Ye:ken» نىڭ يېزىقتىكى ئىملالىق
يېزىلىشى «ياركەند» بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ قايسى مىللەت-
نىڭ تىلىدىن كەلگەن، قايسى سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن يا-
سالغان ۋە قانداق ئۇقۇمغا ئىگە سۆز ئىكەنلىكى ئېنىق بىلى-
نىپ تۇرىدىغان بولىدۇ.

بەشىنچى، كىلاسسىك شائىرىمىز موللا سىددىق ياركەندىي-
نىڭ ئىسمى ـ تەخەللۇسىنى ئەينەن قىلىپ «موللا سىددىق يار-
كەندىي» دېيەلەۋاتىمىز ۋە يېزىۋاتىمىزكى، ھېچكىم «موللا سىد-
دىق يەكىنى» دېمەيدۇ. دېمەك، ئاۋام جامائەتتىن تارتىپ، زىيا-
لىيلار ئاممىسىغىچە ھەممىمىز «ياركەند» نى ئەينەن تەلەپپۇز
قىلالايمىز. ھالبۇكى، «يە:كەن» دېمەي ۋە «يەكەن» يازماي، ئەمە-
لىي ئىستېمالىمىزدا «ياركەند» دەپ ئەينەن قوللانغاندىلا، زامانغا
مۇناسىپ ئىلمىي ۋە ساپالىق ئىش قىلغان بولىمىز، ئەلۋەتتە.

يەنە دېسەك، بىر مىللەت خەلقى ئۆزلىرىنىڭ كىشى ئى-
سىملىرى، ئىملاسى ۋە ئۇقۇم ـ مەنىسىنى ئىلمىيلىك دائى-
رىسىدە دۇرۇس قوللىنىپ، توغرا شەرھلەشنى بىلمىسە، ئۆز-
لىرىنىڭ ئادەم ۋە يەر ـ جاي ئىسىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىملا-
سىغا ئىگە بولالمىسا، بۇ ھالدا مۇنداقلارنى مەدەنىيەتلىك
خەلق، مەرىپەتلىك خەلق دېگىلى بولمايدۇ. ئەگەر بۇ گەپكە
چىنپۈتسەك، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ـ جاي ناملى-
رىدىكى ئىملاسىزلىق نۇقسانىنى ئىمكان بار تېز پۇرسەتتە تۈ-
زىتىشىمىز، بۇ جەھەتتىكى ئىلىمسىزلىكنى پاتراق تۈگىتى-
شىمىز لازىم.

دەرۋەقە، خەلقىمىزدە: «مۇسۇلمانچىلىق ئاستا ـ ئاستا»
دېگەن گەپ بار. دېمەكچىكى، ئاستا ـ ئاستا ھېس قىلىۋاتى-
مىز، خاتا بولغانلىقىنى ھېس قىلغانلىرىمىزنى يەنە ئاستا ـ



ئاستا تۈزىتىۋاتىمىز. مەسىلەن، ئاقسۇلۇق قېرىنداشلارنىڭ
يېقىنقى زامانلاردا «ۋۇنسۇ» دەپ خاتا ئاتىلىپ ئۆزلىشىپ قالغان
قەدىمىي يەر نامىنى ھەقلىق يوسۇندا «ئونسۇ» دېگەن ئەسلىدى-
كى توغرا ئاتىلىشىغا ئۆزگەرتكىنىدەك. مانا ياركەندلىك
ئوغلانلارمۇ ئۆز يۇرتى نامىنىڭ چولتا ئاتىلىۋاتقانلىقىنى چوڭ-
قۇر ھېس قىلىپتۇ. ئۈمىد شۇكى، بۇ خىل چولتا ئاتاش ۋە
يېزىشمۇ پات ئارىدا تۈزىتىلەر.

ئەمما، مۇنداق بىرنى تاپساق بىرگە، ئىككىنى ئۇچراتساق
ئىككىگە ئايرىم مۇزاكىرە ئۇيۇشتۇرۇپ ئولتۇرماي، نەزەرىيەۋى
ئاساسنى تۇرغۇزۇۋېلىپ، ھەممىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر
بېكىتمە ياكى ئىلمىي قارار ئارقىلىقلا ئومۇمىي ئىشنى توغرى-
لىق ئىزىغا چۈشۈرسەك تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. مېنىڭچە، نۆ-
ۋەتتىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ
ئىملاسىنى (ئۆلچەملىك يېزىلىش شەكلىنى) 1953 ـ يىلدىن
بۇرۇنقى تەلەپپۇز شەكلىگە قايتۇرساقلا بۇ جەھەتتىكى ھەممە
ئىشىمىز ھەل بولىدۇ. بۇ ھالدا، «ئەمەت / ئەخمەت، مەمەت /
مەممەت، ماموت / ماخموت / مەخموت» لارنىڭ يېزىقتىكى
ئىملاسى بىر خىلغا قېلىپلىشىپ «ئەھمەد، مۇھەممەد، مەھ-
مۇد» بولىدۇ. «يەكەن، قەشقەر، ئاتۇش، ئۇشتۇرپان، يېڭىسا،
ئەسكىسا...» لارنىڭ ئىملاسى بولسا، توغرا ۋە ھەقلىق ھالدا،
«ياركەند، كاشغەر، ئارتۇچ، ئۇچتۇرپان، يېڭىھىسار، ئەسكىھى-
سار...» بولىدۇ. پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ئۇلار ئې-
تىمولوگىيەسى روشەن، مەزمۇنى ئېنىق، ئىملاشۇناسلىق ئىل-
مىغا ئۇيغۇن بولغان كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر ـ جاي ناملىرى
بولىدۇ ۋە بۇ جەھەتتىكى ھەقلىق، دۇرۇس ئەمگەكلىرىمىز
خەلقئارالىق ئىسىم ـ نامشۇناسلىق ئىلمى رېلىسىغا ئۇلانغان
بولىدۇ، دەپ قارايمەن.

ئەڭ مۇھىمى، نۆۋەتتىكى ساپا مائارىپىنىڭ ئاداققىي

مەقسىتى ئومۇمىي خەلقنىڭ، ئالدى بىلەن زىيالىيلارنىڭ مەرىپەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. ھالبۇكى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ۋە يەر - جاي ناملىرىنىڭ ئىملاسىنى ئىلمىغا ئۇيغۇن قىلىپ توغرىلاش ئەمەلىيەتتە، مەرىپەتلىك ۋە ساپالىق بولۇش ئۈچۈن ئېلىنغان راۋۇرۇس چوڭ بىر قەدەم بولىدۇ.

(«تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 2008 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان).



## «تارىخى ھەمدىي» دىكى ئۇيغۇر تىلى تارىخىغا ئائىت پاكىتلار توغرىسىدا

«تارىخى ھەمىدىي» — باي ناھىيەسىگە قاراشلىق سايرام رايونىدا ياشاپ ئۆتكەن ئالىم موللا مۇسا سايرامىي (1836 - 1917) تەرىپىدىن يېزىلغان بىر تارىخ كىتاب. بۇ كىتاب مىرزا ھەيدەر كوراگان تەرىپىدىن مىلادىيە 1551 - يىلى يېزىلغان «تارىخى رەشىدىي» دىن كېيىن، بىر ئۇيغۇر ئالىمى تەرىپىدىن يېزىلغان ئۆز يۇرتىمىزنىڭ تارىخى ھەققىدىكى ئېتىبارلىق بىر خاس ئەسەر بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى، سەنئىتى، ئەقىدە - ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادىتى، پىسخىكىسى ۋە تۇرمۇش پەلسەپەسى قاتارلىق مىللىي ئادەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىش، تەرەققىي قىلىش ۋە مۇكەممەللىشىش جەريانىنى ئۆز دەۋرىگە خاس ئۇسلۇب ۋە گۈزەل چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن شەرھلەپ بەرگەن قامۇس خاراكتېرلىك بىر شاھ ئەسەردۇر.

مەن «تارىخى ھەمىدىي» نىڭ ئەسلىي قولىيازما نۇسخىسىنى قۇرمۇقۇر ئوقۇپ، مۇتالىئە قىلىش ۋە ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىش پۇرسىتىگە مۇشەررەپ بولغان بىر ئۆگەنگۈچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ ماقالەمدە مەزكۇر ئەسەردە ئەكس ئەتكەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىغا دائىر پاكىتلارنى، سۆز - كەلىمىلەر تەلەپپۇزى ۋە ئۇنىڭ يېزىق تىلىغا كۆچۈش جەريانىنى مىسال قىلىش ئارقىلىق قىسقىچە شەرھلەشكە تىرىشىمەن.

«تارىخى ھەمىدىي»نىڭ يېزىلغىنىغا ئاز كەم يۈز يىل بولدى. (بۇ ماقالە 2004 - يىلى يېزىلغان — ت) بۈگۈن بىز بۇ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەسەرنى قولىمىزغا ئېلىپ ئوقۇيدىغان بولساق، ئالدى بىلەن بۈگۈنكى تىل ئىستېمالىمىزدىكى نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ يېزىلىش ۋە تەلەپپۇز قىلىنىش جەھەتتە «تارىخى ھەمىدىي» تىلى بىلەن روشەن پەرقلىنىدىغانلىقىنى، ئەڭ مۇھىمى، بۇ خىل پەرقنىڭ بەلگىلىك ئادەت ۋە مۇئەييەن قائىدە - قانۇنىيەت ئاساسىدا بولغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلىمىز. ھالبۇكى، تىلىمىزدىكى سۆز - كەلىمىلەردە، يۈز يىل مابەينىدە يۈز بەرگەن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى تارىخىي تىلشۇناسلىق ئىلمى ئاساسىدا ئىگىلىيەلىسەك، بۇنىڭ تىلىمىزنىڭ قوللىنىشچانلىقىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئۆستۈرۈشكە نىسبەتەن ئەمەلىي پايدىسى ناھايىتى زور بولىدۇ.

«تارىخى ھەمىدىي» دە كۆرۈلگەن ئۇيغۇر تىل تارىخىغا دائىر فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ مۇھىملىرىنى تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتىن كۆرسىتىش مۇمكىن:

بىرىنچى، «تارىخى ھەمىدىي» دىكى يازما پاكىتلاردىن، تاكى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، ئۇيغۇر تىلىدا «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ «ئې، ئى» لارغا ئۆزگىرىش ھادىسىسىنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكىنى كۆرىمىز.

مەلۇمكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر بوغۇملۇق ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرگە مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، سۆز تۈپىدىكى «ئا، ئە» تاۋۇشلىرىنىڭ «ئې، ئى» تاۋۇشلىرىغا ئۆزگىرىپ كېتىش ھادىسىسى تۈركىي تىللىق باشقا خەلقلەر تىللىرىدا يوق بولغان بىر ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىپ كەلمەكتە. ئەمدى، 1908 - يىلى يېزىلغان مەزكۇر «تارىخى ھەمىدىي» ناملىق يىرىك ئەسەرنى ئوقۇساق، تاكى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇيغۇر تىلىدا ئۇنداق«ئا، ئە» دىن«ئې، ئى» گە ئۆزگىرىش ھادىسىسى دېگەن ئەھۋالنىڭ مۇتلەق يۈز بەرمىگەنلىكى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:



«كاشغەرنىڭ ئادەملەرىغە نەزەر قىلغاندا، زەمىنلەرى ئاز، غەللە - مەئىشەتلەرى ئۆز شەھەرىغە كىفايە قىلمايدۇر. ھەر ھەفتەدە ئىككى مىڭ ئەشەك ئاشلىق ياركەنددىن كەم بولماي، كاشغەرغە داخىل بولادۇر. يايلاق - ئوتلاقى ئاز، چاھار پايلارى كەمچىندۇر» (قاراڭ: قوليازما «تارىخى ھەمىدىي»، 329 - بەت) (قەشقەرنىڭ نوپۇسىغا قارىغاندا، زېمىنى ئاز، ئاشلىق مەھسۇلاتى ئۆز شەھىرىگە يېتىشمەيدۇ. ھەر ھەپتىدە ئىككى مىڭ ئېشەك ئاشلىق يەكەندىن قەشقەرگە ئۈزۈلمەي كىرىپ تۇرىدۇ. قەشقەرنىڭ يايلاق - ئوتلىقى ئاز، چارۋىلىرى كەمچىلدۇر).

دېمەك، «ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قوشۇمچىلار قوشۇلغاندىن كېيىن، «ئې، ئى» لارغا ئۆزگىرىپ كېتىشى ۋە بۇ خىل تىل ھادىسىسىنىڭ يېزىقتا ئىپادىلىنىشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىسى ۋە ئىملاسىدىكى بىر چوڭ مەسىلە. بۇ مەسىلىنى تىل مەدەنىيىتى تارىخى نۇقتىسىدىن تۇرۇپ ئوبدان بىر تەكشۈرۈش، ياخشى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىق بىر ساۋاق ئېلىش لازىم بولىدۇ، بۇ جەھەتتە «تارىخى ھەمىدىي» بىزنى تولىمۇ مۇھىم بولغان بىرىنچى قول ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىككىنچى، «تارىخى ھەمىدىي» كۆرسەتكەن يازما پاكىتلاردىن قارىغاندا، ئۇيغۇر تىلىدا تاكى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تاۋۇش چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى ئومۇمەن يۈز بەرمىگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

بىز قوليازما «تارىخى ھەمىدىي» نى ئوقۇساق، ھازىرقى تىلىمىزدىكى «تۆت، پەس، نەس، تەس، سەل، پەم، نەپ، جۇپ، سۇس» قاتارلىق بىر بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئەسلىدە «تۆرت، پەست، نەھس، تەرس، سەھل، فەھم، نەفئ، جۇفت، سۇست» ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، «ئاقسۇدىن تۆرت مەنزىل يايدى دەگەن مەنزىلغە بارىپ، نۇزۇلى ئىجلال قىلدى» (ئاقسۇ

بىلەن ئارىلىقى تۆت يول كېلىدىغان «يايدى» دېگەن جايغا بېرىپ، تەنتەنە بىلەن چۈشتى) (قاراڭ: قولىيازما 262 ـ بەت)، «پەست ـ بۆلەندلىك زەمىن» (ئېگىز ـ پەس يەر) (276 ـ بەت)، «نەھسلىك ۋە شۇملۇق كۆتەرىلمەك» (300 ـ بەت)، «تەرس قىلماق» (270 ـ بەت)، «سەھل چاغلاپ» (281 ـ بەت)، «فەھم ئەتمەك» (274 ـ بەت)، «نەفئ ئالماق» (368 ـ بەت)، «كۆللى جانداراتلاردىن مەزكۇر باغنىڭ ئىچىگە بىر جۇفتدىن سولادىلار (پۈتكۈل جانلىقلاردىن مەزكۇر باغقا بىر جۈپتىن سولىدى) (273 ـ بەت)، «دىنلەرى سۇست» (ئەقىدىسى سۇس) (306 ـ بەت) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردىن ھازىرقى تىلىمىزدىكى «مەددىكار، كولىماق، بەلەن، شايار، چارپاي» قاتارلىق سۆزلەرنىڭمۇ ئەسلىدە «مەردىكار، كورلاماق، بۆلەند، شاھيار، چاھارپاي» ئىدكەنلىكى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، «ھەشەر ـ مەردىكار» (352 ـ بەت)، «زەمىننى نەيزە بويى مىقدارى كورلاتىپ» (273 ـ بەت) (يەرنى نەيزە بويى كولىتىپ)، «خىشتى پۈختا بىرلە بۆلەند ئىدھاتە تاملارنى قىلدۇردى» (273 ـ بەت) (پىششىق خىش بىلەن ئېگىز چۆرە تام سوقتۇردى)، «شاھياردىن قوزغالىپ، ئاقسۇ مۇزافاتى «ئاباد» دېگەن مەۋزىئەگە يەتىپ كەلگەن» (293 ـ بەت) (شاياردىن چىقىپ، ئاقسۇ تەۋەسىدىكى «ئاۋات» دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەن)، «بىر ئاي ـ قىرىق كۈنلۈك يەرلەرگە چاھارپايلارنى ئالىپ كەتەدۇر» (339 ـ بەت) (ئوتتۇز ـ قىرىق كۈنلۈك يەرلەرگە چاھارپايلىرىنى ئېلىپ كېتىدۇ) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئۈچىنچى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، فونېتىكا ۋە لېكسىكا جەھەتتىن چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان بىر مۇنچە سۆزلەرنى «تارىخى ھەمىدىي» ئۆز سوستاۋىدىكى پاكىتلار ئارقىلىق قايىل قىلارلىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، بۈگۈنكى تىل ئىستېمالىمىزدىكى «ھويلا ـ ئارام»،



«ئەستايىدىل» ۋە «خايناخا» سۆزلىرىنى ئالايلۇق:

«ھويلا ـ ئارام». بۈگۈنكى بازار ئىگىلىكى دەۋرىدە، «ھويلا ـ ئارام» سۆزى نىسبەتەن كەڭ قوللىنىشقا سازاۋەر بولغان بىر جۈپلەنمە سۆز ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، «ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكى»، «ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش»، «ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق، دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي قەد كۆتۈرۈشىنى تېزلىتىش» دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئۇنداقتا، «ھويلا ـ ئارام» سۆزى قانداق شەكىللەنگەن؟ بۇ تارىخنى بىزگە «تارىخى ھەمىدىي» پاكىت بىلەن سۆزلەپ بېرىدۇ: «ئۇلار زىرائەت ۋە تارىلغۇ قىلماقنى بىلمەيدۇر. ئىمارەت، باغراق، ھويلايى ھەرەم، مىۋە ـ يەمىشلەرى ھەم يوق» (388 ـ بەت) (ئۇلار زىرائەت ۋە تېرىقچىلىق قىلىشنى بىلمەيدۇ. ئۆي ـ ئىمارەت، باغچا، ھويلا ـ ئارام (خاس قورۇ) ۋە مېۋە ـ چېۋىلىرىمۇ يوق).

دېمەك، ھازىرقى تىلىمىزدىكى «ھويلا ـ ئارام» سۆزىنىڭ ئەسلى «ھويلايى ھەرەم» بولۇپ، كېيىنچە زىچ تەلەپپۇز قىلىنىش نەتىجىسىدە، دەسلەپ «ھويلا ھەرەم»، كېيىنچە بولسا ئاۋام خەلق تىلىدا «ھويلا ـ ئارام» تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولۇپ قالغان.

سېمانتىكا ئىلمى بويىچە ئېيتقاندا، مەزكۇر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى «ھويلايى ھەرەم» بىرىكمىسى ئۇقۇم جەھەتتە، ھازىرقى تىلىمىزدىكى «ھويلا ـ ئارام» سۆزى بىلەن ئومۇمەن جىپسا كېلىدۇ. يەنى «ھويلا» ئەسلىدە ئەرەبچە «ھەۋلە» بولۇپ، مەلۇم ئۆينى مەركەز قىلغان ۋە شۇ ئۆي ئىگىسىگە قاراشلىق ئىمارەتلىك دائىرىنى كۆرسىتىدۇ. «ھەرەم» سۆزىمۇ ئەرەبچە بولۇپ، «باشقىلارنىڭ، يات ئادەملەرنىڭ كىرىشى چەكلەنگەن يەر» دېگەن بولىدۇ. مەزكۇر سۆزلەرنىڭ ئاشۇ ئەسلى سۆز شەكلى ۋە ئۇلار ئاڭلاتقان ئۇقۇم ـ مەنىلەر بويىچە ئېيتقاندىمۇ، «ھويلا يى ھەرەم» يەنى «ھويلا ـ ئارام» سۆزىنى «مۇئەييەن شەخسنىڭ

ئۆي ـ ئىمارىتى مەركەز قىلىنغان تۆت ئەتراپتىكى شۇ شەخسكە تەئەللۇق بولغان ئىھاتىلىك يەر» دېگەن ئۇقۇمدا چۇشىنىش ۋە ئىشلىتىش تامامەن توغرا.

«ئەستايىدىل». بۇ سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتىدە: «چىن كۆڭۈلدىن، كۆڭۈل قويۇپ، قىتىرقىنىپ، ھەممە تەرەپنى ھېسابقا ئېلىپ، ئەتراپلىق» دەپ ئىزاھلانماقتا. (قاراڭ: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ‹قىسقارتىلمىسى›، 82 ـ بەت، 1999 ـ يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى) بۇ توپ سۆزمۇ ياكى ياسالما سۆزمۇ ۋە ياكى بىرىكمە سۆزمۇ؟ ئۇنىڭ «ئەستا» ۋە «دىل» بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ بۇ سوئاللارنى «تارىخى ھەمىدىي» يېشىپ كۆرسىتىدۇ: «ھەمە ئەمىر، لەشكەر، يىگىت، ئەسكەرلەر ئەزتاھىدىل مۇھارەبە ۋە مۇقاتەلەگە تۇردى» (تارىخى ھەمىدىي 269 ـ بەت) (يېشىمى: بارلىق قوماندان ۋە ئەسكەرلەر ئەستايىدىل جەڭ قىلىشقا باشلىدى). «ئول ھەييى قەييۇم لانىيام دەرگاھى تەقەددۇسدىن ئىلتىجا ۋە ئىستىدئايى تەمامىلار بىرلە ئەزتاھىدىل يىغلادىلار» (323 ـ بەت) (يېشىمى: ‹ئۇلار› ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس ئاللاھۇتەئالاغا مۇتلەق يېلىنىپ، ئەستايىدىل يىغلاشتى).

دېمەك، ئەمدى ئوچۇق بولدىكى، ھازىرقى تىلىمىزدىكى «ئەستايىدىل» سۆزى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە، پارسچىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن بىر سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىي شەكلى «ـ دىن ـ تىن» ئۇقۇمىدىكى «ئەز ـ» ئالدى قوشۇمچىسى، «ئاستى، تېگى» مەنىسىدىكى «تاھ» كەلىمىسى ۋە يۈرەك ئۇقۇمىدىكى «دىل» سۆزىدىن تەركىب تاپقان بىر ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىزافەت (ئۆزلەشمە تەگسىز بىرىكمە) سۆز «ئەزتاھىدىل» ئىكەن ۋە ئەسىرلەر داۋامىدىكى ئىستېمال ئەمەلىيىتى ئارقىلىق فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش قىلىپ، بۈگۈنكى تىلىمىزدىكى «ئەستايىدىل» كەلىمىسى بولغانىكەن.



«خايناخا». بۇ سۆز ھازىرقى ئىزاھلىق لۇغىتىمىزدە: «ھېچبىر سەۋەبى يوق، بىكاردىن ـ بىكار، ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق؛ ئېھتىمال، ھەرقاچان، بەلكىم» دەپ ئىزاھلانماقتا. («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ‹قىسقارتىلمىسى›، 472 ـ بەت) بۇ سۆزمۇ «تارىخى ھەمىدىي» دە ئەسلىدىكى شەكلى ۋە تەلەپپۇزى بىلەن كۆرۈنۈپ، ئۆزىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

«مەھمۇدىن خاجەم ئاقسۇ تەرەفگە ئازىم بولۇپ، سايرامغا داخىل ئولدى. بۇ كەمىنە ھەم مۇلاقەت ھاسىل ئەتتى. خاھناخاھ بىللە ۋە ھەمراھ بولۇپ قارا يۇلغۇنغا كەلدۇق» (يۇقىرىقى قولىيازما ئەسەر 294 ـ بەت) (يېشىمى: مەھمۇدىن خوجام ئاقسۇغا ئاتلانغاندا، سايرامغا چۈشتى. كەمىنە مەنمۇ كۆرۈشتۈم. خالاپ ـ خالىماي، بىللە ھەمراھ بولۇپ، قارا يۇلغۇنغا كەلدۇق).

دېمەك، ھازىرقى تىلىمىزدىكى «خايناخا» سۆزىنىڭ ئەسلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا «خاھناخاھ» شەكلىدە ۋە «خاھناخاھ» تەلەپپۇزىدا بولۇپ، «خاھلاپ ـ خاھلىماي، ئىختىيارسىز ھالدا» ئۇقۇمىدا قوللىنىلغان. مەزكۇر «خاھناخاھ» سۆزى مۇشۇ بىر ئەسىرگە يېقىن بولغان ئەمەلىي ئىستېمال جەريانىدا، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش قىلىپ، يەنى باشتىكى بىر «ھ» تاۋۇشى «ي» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ، ئاخىرىدىكى بىر «ھ» تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، بۈگۈنكى ئىستېمالىمىزدىكى «خايناخا» سۆزى بولۇپ شەكىللەنگەن.

چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان 395 بەتلىك نادىر ئەسەر «تارىخى ھەمىدىي» نى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇپ چىقىدىغان بولساق يۇقىرىقىدەك يۈزلىگەن، ھەتتا مىڭلىغان سۆز ـ كەلىمىلەرنىڭ مەزكۇر ئەسەر مەيدانغا كەلگەندىن بۇيانقى بىر ئەسىر ۋاقىت جەريانىدا، كۆپ تەرەپلىمىلىك، ئەمما قانۇنىيەتلىك ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى ئەمەلىي

مىسال ـ پاكىتلار ئارقىلىق بىلىپ يېتىمىز. ھالبۇكى، بۇ خىل بىلىش ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخىنى، ئۇنىڭ تارىختىن بۇيان باشتىن كەچۈرگەن ئۆزگىرىشلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا شەرھلەش ۋە ئۇنى بۈگۈنكى تىل تەتقىقاتىمىز ۋە تىل ئىستېمالىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئەھمىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم ۋە زۆرۈردۇر.

شۇنداق، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇش ۋە ئۇلارنى تەتقىق قىلىشتىن ئاداققى مەقسەت، ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلاردىن بۈگۈنكى تىل ئىستېمالى ئەمەلىيىتى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ساۋاق ۋە زۆرۈر بىلىملەرنى تېپىپ چىقىشتىن ئىبارەت. ھالبۇكى، چوڭ ھەجىملىك نادىر ئەسەر «تارىخى ھەمىدىي» بىزنى بۇ جەھەتتە ھەقىقەتەنمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان يىپ ئۇچلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئالايلۇق، ئالىم موللا مۇسا سايرامىي ئۆز ئەسىرىدە يەر ئىسمى «ئۇچتۇرپان» نىڭ تەلەپپۇز ئۆزگىرىشى قىلىپ، «ئۇشتۇرپان» بولۇش جەريانىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

«ئۇشتۇرپان قەدىم، كونا شەھەردۇر. ئىلگىرىكى ئاتى «ئۇچ» ئىكەن. مەنسۇرخان زەمانەلىرىدە، ئادەملىرى بىئەدەبلىك قىلىپ، ئىتائەتتىن چىققان توغرادىن كايىپ، ئەمىرۇلئۇمەرا ئەمىرى جەببار بەردى بەگ دوختۇيىنى لەشكەرلەرى بىرلە ئەبەرىپ، ئۇچ ئەھلىنى قەتلى ئام قىلىپ، باقىمەندىسىنى يۇرت ـ يۇرتغا تارقاتىپ ئەتىپ، تۇرفاندىن ئادەم كۆچۈرۈپ ئالىپ كېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئاباد قىلغان ئىكەن. بۇ ۋەجھدىن كەنت ـ ئايماقلارى تۇرفان ئىسمى بىرلە مۇسەممادۇر. «ئۇچ» لەفزىغا «تۇرفان» لەفزىنى مۇنەززىم ئەتىپ، «ئۇچتۇرفان» دەپدۇر. بەلكى، ئەغلاتى ئاممە بىلەن «ئۇشتۇرپان» ئاتاپدۇر» (يۇقىرىقى قولىيازما ئەسەر 342 ـ بەت) (يېشىمى: ئۇشتۇرپان ـ قەدىمى بىر شەھەر بولۇپ، بۇرۇنقى نامى «ئۇچ» ئىكەن، مەنسۇرخان



زامانىسىدا خەلقى خانىنىڭ ئەمىر ـ ئىتائىتىدىن چىققانلىقى سەۋەبلىك، خان باش قوماندان، زالىم سەركەردە بەردى بەگ دوختۇيىنى قوشۇنى بىلەن ئەۋەتىپ، ئۇچ خەلقىنى ئومۇمىي قىرغىن قىلغان. قىلىچتىن ئېشىپ قالغانلىرىنى يۇرت ـ يۇرتقا تارقىتىۋەتكەن. كېيىن تۇرپاندىن ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئاۋاتلاشتۇرغانىكەن. شۇڭا بۇ شەھەرنىڭ نامى تۇرپاننىڭ نامى بىلەن قوشۇپ ئاتىلىدىغان، يەنى «ئۇچ» سۆزىگە «تۇرپان» سۆزى قوشۇلۇپ «ئۇچتۇرپان» دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. ھەرھالدا كېيىنچە ئاۋاملارنىڭ خاتا تەلەپپۇز قىلىشى نەتىجىسىدە، «ئۇشتۇرپان» بولۇپ قالغان).

ئالىم موللا مۇسا سايرامىي بۇ يەردە، بىرىنچىدىن، ئەسلىدىكى «ئۇچتۇرپان»دىكى «چ» ھەرپىنىڭ ئاۋام خەلق تىلىدا «ش» تەلەپپۇز قىلىنىشىنى «ئاۋاملارچە خاتا تەلەپپۇز» (ئەغلاتى ئاممە) دەپ ئاتايدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇ خىل ئاۋام خەلق تىلىدىكى خاتا تەلەپپۇز قىلىش ئادىتىنىڭ كېيىنچە يېزىق تىلىغىمۇ كۆچۈپ، ئەسلىدىكى «ئۇچتۇرپان»نىڭ «ئۇشتۇرپان» قىلىپ يېزىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئېتىراپ قىلىنغان. مېنىڭچە، بۇ يەردە بايان قىلىنغان ئاشۇ بىر ئەسىر بۇرۇنقى «چ ← ش» ئۆزگىرىشى مەسىلىسىنى بۈگۈنكى تىل ئەمەلىيىتىمىزگە تەتبىقلاپ، ئۇنىڭدىن ئەھمىيەتلىك دەرس ۋە پايدىلىق ساۋاق چىقىرىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى بار.

دېمەكچىمەنكى، بۈگۈنكى ئۇيغۇر جانلىق تىلىدىمۇ «چ ← ش» ئۆزگىرىشى مەسىلىسى مەۋجۇت. ئالايلۇق، دېھقانلىرىمىز «قوناقلىقتا سۇ ئاچتۇق» نى «قوناخلىقتا سۇ ئاشتۇق» دەيدۇ. «قورساق ئاچتى» دىكى «ئاچتى» نىمۇ، «يانچۇقتا پۇل ئاشتى» دىكى «ئاشتى» نىمۇ ئوخشاشلا «ئاشتى» دەپلا تۈگىشىدۇ. بۇنى ئاز دەپ، تېلېۋىزورلىرىمىزدا «ھۇزۇر بېغىشلار ئىشكەندە ئۇـ

نى، «ئاق قوناخ» ماركىلىق شۇ ئىسىل مەينى» دېگەندەك «چ» نى «ش»، «ق» نى «خ» تەلەپپۇز قىلىشنى ئۆگىتىدىغان ئېلانلار كۈندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە. ئەڭ ئەجەللىك يېرى، بۇ خىل «چ» نى «ش» قىلىپ خاتا تەلەپپۇز قىلىش بەزى تىلچىلىرىمىز تەرىپىدىن ئوپۇل - توپۇل ئېتىراپ قىلىنىپ، ئەدەبىي تەلەپپۇز لۇغەتلىرىگە كىرگۈزۈلمەكتە. ئالايلۇق، 1997 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز لۇغىتى» دە «ئاچ - زار» نى «ئاش - زار» ئوقۇڭلار، «ئاچقۇچ» نى «ئاشقۇچ» دەڭلار، «ئاچ - يالىڭاچ» نى «ئاش - يالىڭاچ» تەلەپپۇز قىلىڭلار، «ئىچ كىيىم» (内衣) بىلەن «ئىش كىيىم» (工作服) نى ئوخشاشلا «ئىش كىيىم»دەڭلار، بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن «ر» ھەرپىنى تەلەپپۇز قىلماڭلار دەپ تەلىمات بېرىلگەن. (قاراڭ: شۇ ناملىق لۇغەت، 68 - ، 840 - بەتلەر).

تەبىئىيكى، مۇنداق كېتىۋەرسە، خۇددى بىر ئەسىر بۇرۇن «ئۇچتۇرپان» دېگەن ئىسىم ئاۋام خەلق تەلەپپۇزىغا بويسۇنۇپ «ئۇشتۇرپان» دېيىلىدىغان ۋە يېزىلىدىغان بولۇپ قالغاندەك، يۇقىرىدا بىز مىسال قىلىپ كەلتۈرگەن «چ» لىق سۆزلەر «ش» لىق، «ق» لىق كەلىمىلەر بولسا «خ» لىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ۋە ئاخىرى بېرىپ تەلەپپۇز بىلەن ئوخشاش يېزىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

بۇ يەردىكى مەسىلە شۇ: تىل مەدەنىيىتى دېگەن نېمە؟ بىر تىلدىكى سۆز - كەلىمىلەرنى ناخشا قىلىپ ئېيتقاندىمۇ ئېنىق ئۇققىلى بولىدىغان، بوغۇم - ھەرپلىرىنى ئوچۇق ئاڭلىنىشلىق قىلىپ، تولۇق ۋە راۋرۇس تەلەپپۇز قىلىش مەدەنىيەت بولامدۇ ياكى كەلىمىلەرنى تەلەپپۇز قىلىشتىمۇ ھورۇنلۇق قىلىپ، ھەرپ، تاۋۇشلارنى چۈشۈرۈپ قويۇش ۋە خالىغانچە ئۆزگەرتى-



ۋېتىش مەدەنىيەت بولامدۇ؟ تىل - يېزىق ئوقۇ - ئوقۇتۇشىدىن مەقسەت دېھقاننى زىيالىيلاشتۇرۇشمۇ ياكى زىيالىينى دېھقانلاشتۇرۇشمۇ؟ سۆز - كەلىمىلەرنى تەلەپپۇز قىلىش ۋە يېزىشتا ئاۋام خەلقنىڭ، دېھقانلارنىڭ تىل ئادىتىنى ئاساس قىلىپ يۈرۈش ئىلمىي ھېسابلىنامدۇ ياكى دېھقانلىرىمىزنىمۇ، ئاۋام خەلقىمىزنىمۇ يېتەكلەپ، تەربىيەلەپ، سۆز - كەلىمىلەرنى ئۆزگەرتىۋەتمەي، ھەرپ - تاۋۇشلىرىمىزنى چۈشۈرۈۋەتمەي، ساق، توغرا تەلەپپۇز قىلىدىغان قىلىش مەدەنىيەت سانىلامدۇ؟

ئۇيغۇر تىل مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلىپ كۈنىمىزدىكى مۇشۇنداق گۈزەل دەۋرگە ئېرىشەلىگەنىكەن، بىز تىل ئەھلى، تىل - يېزىقلىرىمىزنى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئۇل - ئاساسى بىلىدىغان بارلىق زىيالىيلار، تىل تەرەققىيات تارىخىمىزدىن ساۋاق ئېلىپ، سۆز - كەلىمىلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە جۈملىلەرنى تېخىمۇ قائىدىلەشتۈرۈش مەسىلىسىدە، پارلاق دەۋرىمىزنىڭ قەدىمىگە ماس كېلىدىغان بىر ئىلمىي ئۆلچەم، بىر مەدەنىي پرىنسىپ بېكىتىپ چىقىشىمىز تولىمۇ لازىمدۇر.

تارىخىي ئەسەرنى زامانىۋى دەۋرىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش سەمىمىيىتى بىلەن «تارىخى ھەمىدىي»نى ئوقۇساق، ئۇ ئۆزىنىڭ 395 بەتلىك كەڭ سەھىپىسىدىكى گۈزەل بايانلىرى ئارقىلىق گويا بىزگە ئەمەلىي ئۆرنەك كۆرسىتىدۇ. ئالىم مۇسا سايرامىي ئۆزىنىڭ بۇ شانلىق ئەسىرى ئارقىلىق گويا بىزگە شۇنداق دەرس بېرىدۇكى، سۆز - كەلىمىلەرنى توغرا، تولۇق تەلەپپۇز قىلىش ۋە سۆز - ئاتالغۇلارنى ئەسىرلەر ئۆتسىمۇ ئۇنىڭ تومۇر - تۈپىنى ۋە ئېتىمولوگىيەسىنى بىر قاراشتىلا بىلىۋالغىلى بولغۇدەك قىلىپ يېزىش بولسا، شۇ تىل ئىگىسى ئۈچۈن ئانا مەدەنىيەتتۇر.

ھالبۇكى، يۈز يىللارنىڭ يالدامىسى بولغان «تارىخى ھە-

مىدىي»نى ئوقۇغان ۋە تەتقىق قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا تالىق بىباھا پاكىتلارغا ھەرگىزمۇ سەل قارىماسلىقىمىز لازىم.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان)



## «‹يوپۇ: غا› نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا» غا باھا

ئەزىزانە دىيارنىڭ ئەتىۋارلىق كۆزنىكى «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 2003 - يىللىق 2 - سانىنى بۇ يەردىكى ھەم پىكىر خادىملار قولدىن چۈشۈرمەي، سۆيۈنۈپ كۆردۇق. «يوپۇ: غا ناھىيەسىگە بېغىشلانغان مەخسۇس سان» نى ئوقۇغىنىمىزدا، «ئۆرلە، ياشنا يوپۇغا، چۆمۈپ پارلاق زەر نۇرغا» دېگەن ياڭراق تەبرىك ۋە قۇۋناق تىلەككە چىن دىلىمىز بىلەن شېرىك بولدۇق. شۇئان، «جۇڭگو قۇملۇق مەنزىرە ساياھەت ماكانى» دەپ ئاتالغان قەدىمىي دىيار يوپۇغا تامان ھايالسىز ئۇچقىمىز، «داۋا كۆلى» دىن داۋا ئېلىپ، يۇرت سېغىنىش بىمارلىقىمىزنى شىپا تاپقۇزۇپ، زەپەر قۇچقىمىز كەلدى!...

تەسىراتلىرىمىز ئارىسىدا، يوپۇغا ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش ئىدارىسىدىن ئىبراھىمجان نىياز ئەپەندى يازغان «‹يوپۇغا› نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا» ماۋزۇلۇق ماقالىنىڭ ۋەزنى خېلىلا سالماقنى ئىگىلىدى. ماقالە چىقارغان يەكۈنگە قەلبىمىز جور بولۇپ، قەلەمگە مۇنۇلارنى يېزىشنى جېكىلىدى:

مۇتالىئە قىلىشىمىزچە، مەزكۇر ماقالە ئومۇمىي بايان ئورانىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇنداق ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن. بىرىنچى بۆلەكتە، ئاپتور «يوپۇغا» دېگەن يەر نامى ھەققىدە، بۇ چاغقىچە ئېلان قىلىنغان بەس - مۇنازىرىلىك ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇن ھالقىلىرىنى ھېچبىر چالۋاقىماستىن، ئەينەن تىزىپ كۆرسەتكەن؛ ئۇلاردىكى مۇلاھىزە ۋە ھۆكۈم ئاساسلىرىنى بىرمۇ - بىر يېشىپ كۆرسەتكەن. بۇ بۆلەكتىكى بايانىدا، ئەڭ ئې-



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

غىرلىق باسىدىغان نۇقتا شۇكى، ئاپتور «يوپۇغا» دېگەن مۇبارەك يەر نامى ھەققىدە: «بۇ نام ‹ياپرى›، ‹يوپرى› ياكى ‹يوپۇرۇش› دېگەندەك سۆز ـ كەلىمىلەردىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن» دېگۈچىلەر قىياسىي ھۆكۈملىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ مەزكۇر «يوپۇغا» دېگەن يەر نامىنى كېيىنكى چاغلاردا، غايىبانە بىر «ر» تاۋۇشىنى قوشۇپ، «يوپۇرغا» دەپ ئاتايدىغان ۋە يازىدىغان بولغاندىن كېيىنكى ئىش ئىكەنلىكىنى ئېچىپ كۆرسەتكەن. روشەنكى، بۇ ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم بىر پاكىت! بىز بۇ پاكىت ئاساسىدا شۇنى بىلىۋالالايمىزكى، «يوپۇغا» دېگەن بۇ يەر نامىنىڭ ئىككىنچى بوغۇمى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈنلا، كېيىنچە قىياس بىلەن بىر «ر» تاۋۇشى قوشۇپ «يوپۇرغا» قىلىپ قويۇلغان (خۇددى بىر مەزگىل «ھېيتگاھ» نى «ھېيتكار»، «كۇچا» نى «كۇچار» قىلىپ قويغانغا ئوخشاش!)؛ ئەسلىدىكى «يوپۇغا» سۇنئىي ھالدا «يوپۇرغا» قىلىپ قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر يەر ـ جاي نامىلىرىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ئۈستىدە ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ تەپەككۇر ئاسمىنىدا، قىياس ـ پەرەز بورىنى چىقىپ كەتكەن: بەزىلەر بۇ «يوپۇرغا» دېگەن نام «ياپرى» سۆزىدىن كەلگەن دېسە، يەنە بەزىلەر «يوپرى» كەلىمىسىدىن كەلگەن، دېگەن. ھەتتا، يەنە بەزىلەر خېلىلا كەسكىن قىلىپ، مەزكۇر يەر نامى قومۇل شېۋىسىدە «سۆرەم» ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان «يوپۇرغا» سۆزىدىن كەلگەن، دېگەن. ئەمدى، ««يوپۇغا» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا» ماۋزۇلۇق بۇ ماقالە ئاپتورىنىڭ ئۆزى يوپۇغىلىق بولۇش سالاھىيىتى بىلەن «يوپۇغا» دېگەن بۇ قەدىمىي دىيار نامىنىڭ ئۆز خەلقى تەرىپىدىن ئەزەلدىن تارتىپ، ھېچقاچان «يوپۇرغا» دەپ «ر» لىق ئاتالمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىنىڭ ئۆزى ئەمەلىيەتتە، يۇقىرىقى قىياسلارنىڭ پۈت باسمايدىغانلىقىنى كەسكىن جاكارلىغان.



ماقالىنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە، ئاپتور «يوپۇغا» نامىنىڭ قەدىمىي قەبىلە ئىسمى «ياباقۇ» دىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكىنى تىلشۇناسلىق ئىلمى ئاساسىدا دەلىللەپ كۆرسەتكەن. بىزنىڭچە، ئاپتورنىڭ بۇ يەردىكى بايانلىرى تىلشۇناسلىق ئىلمىغا تامامەن ئۇيغۇن بولغان. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئۇيغۇر تىلى تىلشۇناسلىقى ھەققىدە ئەقەللىي بىلىمگە ئىگە ئادەملەر ئۈچۈن روشەن بىر پاكىت شۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت بولغان خېلى بىر بۆلەك سۆزلەرنىڭ باش بوغۇمىدىكى «ئا» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن، «ئو، ئۇ» تاۋۇشلىرىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن. مەسىلەن، «خاتۇن، ئازۇق، چارۇق، يارۇق» دېگەن سۆزلەرنىڭ ھازىرقى تىلىمىزدا «خوتۇن، ئوزۇق، چورۇق، يورۇق» تەلەپپۇز قىلىنىپ ۋە يېزىلىپ، ئىشلىتىلىۋاتقىنىغا ئوخشاش.

بىزنىڭ ماۋزۇيىمىزدىكى «ياباقۇ» ئاتالغۇسى ئۈچ بوغۇملۇق سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىنقى ئىككى بوغۇمىدىكى «ئا» تاۋۇشى ئارقا ـ ئارقىدىن «ئو» ۋە «ئۇ» تاۋۇشلىرىغا ئۆزگەرگەنلىكى ئۈچۈن ئىككىنچى بوغۇمىدىكى «ئۇ» نىڭ ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش تەلەپپۇز قىلىنىشى تەبىئىي ۋە نورمال بىر ئىش. بۇ يەردە يەنە بىر مەسىلە شۇكى، ئەسلىدىكى «ياباقۇ» نىڭ كېيىنچە «يوپۇغا» بولۇپ، ئاخىرقى بوغۇمىدىكى «ئۇ» نىڭ «ئا» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىشىمۇ ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىدا، خۇددى باش بوغۇمدىكى «ئا» تاۋۇشى «ئو، ئۇ» تاۋۇشلىرىغا ئۆزگەرگەندەك، ئاخىرقى بوغۇمدىكى «ئو، ئۇ» تاۋۇشلىرىمۇ كېيىنچە «ئا» تاۋۇشىغا ئۆزگىرىپ كېتىدىغان ئەنئەنىۋى تىل ئادىتى بار. ئالايلۇق، بۈگۈنكى تىل ئىستېمالىمىزدىكى «شوتا» سۆزى قەدىمكى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرلىرىدە «شاتۇ» شەكلىدە

ئىدى. مەسىلەن:

ئەسهابۇل كەهف بار تاغ ئەگىز بۆلەندلىكدە نەچە نەچە شاتۇ مەسەللىك پايە بىلەن ئۈستىگە چىقادۇر.

يېشىمى: «غار ساهابىلىرى» بار تاغ ئېگىز - يۈكسەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قانچىلىغان شوتا كەبى پەلەمپەيلەر ئارقىلىق چىقىدۇ.(قاراڭ: قولىيازما «تارىخى ھەممىدىي» 349 - بەت يۇقىرىدىن 5 - قۇر)

دېمەك، مانا بۇ پاكىت ئارقىلىق ھۆكۈم قىلالايمىزكى، قەدىمىي قەبىلە نامى «ياباقۇ» دىن، كۈنىمىزدىكى «يوپۇغا» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىشۇناسلىقىغا تامامەن ئۇيغۇن بولغان تەبىئىي ئۆزگىرىشتۇر.

ماقالىنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكىدە، ئاپتور ئەمەلىي دالا تەكشۈرۈش خىزمىتى ئارقىلىق ئېرىشكەن خۇلاسە خاراكتېرلىك بايانىنى مۇنداق يازىدۇ: «پېشقەدەم يەرلىك كىشىلەر: ‹بۇرۇنقى چاغلاردا، بۇ جاي سۇيى ئەلۋەك، توغراق - يۇلغۇن، ئوت - چۆپلەر بولۇق ئۆسكەن ئېسىل جايكەنتۇق. ئەڭ دەسلەپ بۇ جايغا ئۈچ ئائىلىلىك ئادەم كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانىكەن. بۇلار ئۆزلىرىنى «ياپاغۇ» دەپ ئاتىغاچقا، بۇ سۆز كېيىنچە بۇ يۇرتنىڭ نامى بولۇپ قالغانىكەن. ھەقىقىي يوپۇغىلىقلار ئاشۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر› دەپ چۈشەندۈرگەن.»

مېنىڭچە، بۇ بايانلار ھەرقانداق بىر تىلشۇناس، ھەرقانداق بىر يەر - جاي ناملىرى تەتقىقاتچىسى ئۈچۈن قىممەتلىك دەرستۇر. چۈنكى، ھەرقانداق بىر يەكۈن ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق شۇ جاي، شۇ يەرنىڭ ھەقدارلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈش ۋە بايانلىرىنى ئۆزىگە ئۇل تېشى قىلىپ چىقىرىلغاندىلا، ئاندىن ئۇ ئىلمىي ئاساسقا ئىگە توغرا يەكۈن بولالايدۇ. ھالبۇكى، ئەجدادتىن - ئەۋلادقا يوپۇغىدا ياشاپ كېلىۋاتقان پېشقەدەم يۇرت ھەقدارلىرىنىڭ بايانى شۇنداق ئېنىق، شۇنداق قايىل



قىلارلىق بولغاچقا، ئەمدى بىز بۇ يەردە ئاشۇ بايانلارنى ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىشۇناسلىق ئىلمىغا تەتبىقلىغان ھالدا، مەزكۇر «يوپۇغا» نامىنىڭ كېلىپ چىقىش جەريان خەرىتىسىنى «ياباقۇ ← ياپاغۇ ← يوپۇ:غا» قىلىپ كۆرسىتەلەيمىز.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، « ‹يوپۇ:غا› نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا» ماۋزۇلۇق ماقالە قاتلاملىرى ئېنىق، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، ئىلمىيلىك بىلەن ئەمەلىيلىك ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن ياخشى ئەسەر بولغان. بىز يۇقىرىقىدەك دەلىللەر ئاساسىدا، ئۇنى «يوپۇ:غا» دېگەن يەر نامىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدە ئۆزۈندىن - ئۆزۈنغا داۋاملاشقان بىر مەيدان بەس - مۇنازىرىگە ئاداققى چېكىت قويغان، شۇنداقلا ئانا يۇرتىمىزدا، يەر - جاي ناملىرى توغرىسىدا يېزىلىۋاتقان ئەسەرلەرگە ئۆرنەك بولغۇدەك بىر سەرخىل ئەسەر، دەپ باھالايمىز.

(«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان)

## ئىملاسى توغرىلاپ يېزىلىشقا تېگىشلىك ئىككى ئىسىم «قەدىر» ۋە «ئاللاھ»

بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىسىم - شەرىپىنى ھازىرقى تىلىمىزدا ئۆز زامانىسىدىكىدەكلا ئەينەن ئاتاش ۋە يېزىقتىمۇ ئەينەن ئىپادىلەپ يېزىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بايان قىلىپ يازغان «‹تۈركىي تىللار دىۋانى› ئاپتورىنىڭ ئىسمىنى ئەينەن ئاتاش زۆرۈر» سەرلەۋھىلىك ماقالەم مۇبارەك ژۇرنال «تىل ۋە تەرجىمە»دە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋە كەسپداشلارنىڭ ئىلھامبەخش پىكىرلىرىگە مۇشەررەپ بولغان ئىدىم. ئەمدى، بۇ ماقالىدا، يەنە شۇ تۈرگە كىرىدىغان ئىككى ئىسىم ھەققىدىكى ئىزدىنىشىمنى تىل ئەھلى بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

### 1. «قىدىرخان» ئەمەس «قەدىرخان»

16 - ئەسىردە ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئالىم قەدىرخان ياركەندىي (قديرخان ياركندى) نىڭ ئىسمىنىڭ شۇ چاغقىچە «قىدىرخان» شەكلىدە ئېيتىلىپ ۋە يېزىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى مۇناسىپ سورۇنلاردا ئېغىزاكى كۆپ قېتىم بايان قىلدىم. نېمە ئۈچۈندۇر ئەمەلىي ئاۋاز قوشۇشقا مۇيەسسەر بولالمىدىم. مەن بۇ ساھەدىكىلەرنىڭ «ئۇ زاتنىڭ ئىسمى ئەزەلدىن ئاشۇنداق ‹قىدىرخان› ئاتىلىپ كەلگەن» دېگەن ئىزاھاتىغا مۇتلەق قايىل ئەمەسمەن. چۈنكى، مېنىڭ ئىزدىنىشىم بويىچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا مۇنداق ئىككى خىل پرىنسىپلىق



ئالاھىدىلىك مەۋجۇت: ئۇنىڭ بىرى، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ھەر قانداقى مۇئەييەن زامان تامغىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ھالدىكى ئېنىق ئۇقۇم، روشەن مەنىگە ئىگە. ئىككىنچىسى بولسا، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى (لەقەم بۇنىڭ سىرتىدا) ئادەتتە، ئىجابىي مەنىلىك سۆزلەردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. ئەگەر بۇ چۈشەنچە ئىلمىي ئاساسقا ئىگە دەپ قارالسا، بۇ ھالدا ماۋزۇيىمىزدىكى ئالىمنىڭ ئىسمىنىمۇ مۇشۇ ئەندىزە بويىچە، نوپۇزلۇق كىلاسسىك تېكىستلەردىكى يېزىلىش شەكلى ئاساسىدا تەھلىل قىلىمىز ۋە ئۇنىڭغا تەبىر بېرىمىز.

ئالىم قەدىرخان ياركەندىي ھەققىدىكى ۋەزىنلىك مەلۇمات 19 - ئەسىردە، خوتەندە ئىجاد بىلەن ياشاپ ئۆتكەن ئالىم ئىسمەتۇللاھ ئىبنى نىئمەتۇللاھ مۆئجىزىي يازغان نوپۇزلۇق كىلاسسىك ئەسەر «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» (مۇزىكانتلار تارىخى)دا مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

(ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ) ئون ئۈچىنچى پىرى قەدىرخان ياركەندىدۇركىم، بۇ ئەزىزدەك بۇ فەندە مەھارەت كۆرسەتكەن ئۇستاد ئازدۇر. بۇ ئەزىز كۆپرەك ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋايى ھەزرەتلەرىنىڭ غەزەلىياتلەرىدىن ئوقۇر ئەردى. ئالەم ئۆتۈپ مۇنىڭدەك خۇش ئاۋاز كىشى كەلمەيدۇر ئەردى. ئىراقدىن، ئىراندىن، تەبرىزدىن، خارەزم، سەمەرقەند، ئەندىجان، ئىستانبۇل، كەشمىر، بەلخ، شىيراز قاتارلىق يەراق شەھەرلەردىن مۇسىقا ئۆرگەنگەلى كەلگەن شاگىردلارى بار ئەردى. رەبابنى بۇ ئەزىز كەشف قىلدى. ھەم شائىر ئەردى. «دىۋانى قەدىر»نى بۇ كىشى تەسنىف قىلدى. يەنە نازۇك نۇكتەلەر مۇسىقا فەنى بارەسىدە رىسالەلەرىگە دەرج قىلدى. جەندە كۇلا كىيىپ يۈرۈر ئەردى. سۇلتان ئابدۇررەشىد خانىكىم، مەئرۇف مەشھۇردۇر، قەدىرخانسىز تەئام شەراب تارتماس، ئۇيقۇغا بارماس ئەردى. قەدىرخان «ۋىسال» ئاتلىق بىر مۇقامنى ئىختىرائ

قىلىپ شاگىردلارىغا ئۆرگەتتى. ئابدۇررەشىد خان پادىشاھدىن
ئىككى يىلدىن كېيىن ئالەمدىن كەتتىلەر. (مۆئجىزى: «تەۋارىخى
مۇسىقىييۇن» قولىيازما، 23 ـ 24 ـ بەتلەر) يېشىمى:

(ئۇيغۇر مۇزىكا ئىلمىنىڭ) ئون ئۈچىنچى پىرى قەدىرخان
ياركەندىدۇر. بۇ پەندە بۇ ئەزىزدەك ماھارەت كۆرسەتكەن ئۇس-
تاز ئاز. بۇ ئەزىز كۆپرەك ئەمىر نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىي
ھەزرەتلىرىنىڭ غەزەللىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتاتتى. ئالەم
ئۆتۈپ، ئۇنىڭدەك خۇش ئاۋاز ئادەم بولمىغان دېيىشكە بولىدۇ.
ئىراقتىن، ئىراندىن، تەبرىزدىن، خارەزم، سەمەرقەنت، ئەن-
جان، ئىستانبۇل، كەشمىر، بەلخ، شىيراز قاتارلىق يىراق شە-
ھەرلەردىن مۇزىكا ئۆگىنىشكە كەلگەن شاگىرتلىرى بار ئىدى.
راۋاپنى ۋە ھەشتتار (سەككىز تارلىق چالغۇ)نى بۇ ئەزىز كە-
شىپ قىلدى. ئۇ يەنە شائىر ئىدى. «دىۋانى قەدىر» (قەدىرخان
شېئىرلىرى توپلىمى) مۇشۇ كىشىنىڭ ئەسىرى. بۇنىڭدىن
باشقا، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇزىكا ئىلمى ھەققىدىكى رىسالىلىرىدە،
چوڭقۇر مەنىلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. جەندە ـ
كۇلا كىيىپ يۈرەتتى. داڭلىق سۇلتان ئابدۇرەشىدخان غىزادى-
مۇ، ئۇلتۇرۇپ ـ قوپۇشتىمۇ قەدىرخاندىن ئايرىلمايتتى. قە-
دىرخان «ۋىسال» ناملىق بىر مۇقامنى ئىجاد قىلىپ شاگىرت-
لىرىغا ئۆگەتكەن. ئۇ ئابدۇررەشىدخان پادىشاھ ۋاپاتىدىن ئىك-
كى يىل كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، مەزكۇر تېكىستتە، ماۋزۇيە-
مىزدىكى ئالىمنىڭ ئىسمى «قەدىرخان ياركەندىي»دەپ ئوقۇلى-
دۇ. چۈنكى، ئەرەبچىدە شۇنداقلا چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا،
«قدير» شەكلىدە يېزىلغان كەلىمە ھەرگىزمۇ «قىدىر» تەلەپپۇز
قىلىنمايدۇ. يەنە دېسەك، كېلىش مەنبەسى ئەرەبچە بولغان
مەزكۇر «قەدىر» سۆزىنىڭ مەنىسى «قۇدرەتلىك، قادىر» دېگەن
بولىدۇ. مەسىلەن، ئىنىنەللاھە ئالە كۇللى شەيئىن قەدىر



(ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر) («قۇرئان كەرىم»
(ئۇيغۇرچە، 357 ـ بەت، يۇقىرىدىن 8 ـ قۇر).

دېمەك، ماۋزۇيىمىزدىكى ئالىمىمىزنىڭ مۇبارەك ئىسمى
«قۇدرەتلىك، قادىر» مەنىسىدىكى «قەدىر» بىلەن ئۆز زامانى-
سىدا، پادىشاھ جەمەتلىرى ۋە ئەركەكلەر ئىسىملىرىغا قوشۇپ
ئېيتىلىدىغان «خان» سۆزىنىڭ بىرىكتۈرۈلۈشىدىن ھاسىل
بولغان «قەدىرخان» بولغاندىلا، ئاندىن ئۇ ئۇيغۇر ئىسىمشۇناس-
لىق ئىلمىنىڭ تۈپ قائىدىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئەكسىچە
بولسا، ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئەرەبچىدە ۋە چاغاتاي ئۇي-
غۇرچىسىدا «قىدىر» تەلەپپۇز قىلىنىدىغان، «قدر» يېزىلىدىغان
بىر كەلىمە بار بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «قازان، قۇم قازان» دې-
گەن بولىدۇ. (قاراڭ: «ئەرەبچە ـ خەنزۇچە لۇغەت» 1014 ـ
بەت، سودا نەشرىياتى، 1978 ـ يىلى نەشرى، بېيجىڭ) ھالبۇ-
كى، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئالىمىمىزنىڭ «قادىر، قۇدرەتلىك» مە-
نىسىدىكى ئىسمىنى «قەدىر» دەپ ئەينەن تەلەپپۇز قىلىشقا تىل
ئىمكانىمىز يېتىپ ئاشقۇدەك بار تۇرۇقلۇق، ئۇنى «قازان، قۇم
قازان» مەنىسىدىكى «قىدىر» سۆزى بىلەن ئاتىساق، ئاڭلىق ـ
ئاڭسىز ھالدا، ئالىم بوۋىمىزغا ھاقارەت قىلغان بولۇپ قالىمىز.

قىسقىسى، قەدىرخان ياركەندىي ئۇيغۇر تارىخىدىكى گۈل-
لەنگەن ياركەند خانلىقى دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر
ئالىمى، شائىرى ۋە مۇزىكىشۇناسى. ئۇ ياركەند خانلىقىنىڭ
ئىككىنچى پادىشاھى سۇلتان ئابدۇررەشىد خاننىڭ خانلىقىدا
باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئەمەلىي خىزمەت ئارقى-
لىق سىياسىي جەھەتتە ياركەند خانلىقىنىڭ بىرلىكى ۋە تە-
رەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ ئۇيغۇر شائىر-
لىرى مەۋلانا خۇلقى، ئايازى، ئامانىنىساخان نەفىسىي ۋە مىرزا
مىرەك چالىشى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ياركەند خانلىقى-
نىڭ مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ گۈللى-



www.uyghurkitap.com

نىشى ئۈچۈن بۈيۈك ھەسسە قوشقان. («تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» 84 ـ بەت، نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: ئەنۋەر بايتۇر، خەمىت تۆمۈر. مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 ـ يىلى).

روشەنكى، شۇ قەدەر بۈيۈك بىر ئالىم ۋە جامائەت ئەربابىنىڭ ئىسمىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش ۋە ئۇنى دۇرۇس يېزىش ئىز باسقان كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ ئەقەللىي بۇرچ ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە!

## 2. «ئاللا» ئەمەس «ئاللاھ»

مەلۇمكى، بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتى مۇسۇلمان مىللەت سانىلىدۇ. ئاللاھ بولسا، پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ بۈيۈك مەبۇدىدۇر. ئەرەبلەر «ئە»گىرەك تارتىپ، «ئەللاھ» تەلەپپۇز قىلغاندىن باشقا، دۇنيادىكى يۈز مىليونلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا «ئاللاھ»دەپ تەلەپپۇز قىلىدۇ. ئوخشاشلا «ئاللاھ» (Allah) قىلىپ يازىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەۋرىشىم تىلىدا، يۈزدە ـ يۈز ئەينەن ئىپادىلەش ئىمكانىغا ۋە گۈزەل يېزىقىدا ئەينەن يېزىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇنى «ئاللا» دېيىشى ۋە «ئاللا» قىلىپ يېزىشى ھەر نېمە دەپمۇ چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدىغان بىر نۇقسان، بىر ئەيىب. شۇڭا، بۇنى جەزمەن تۈزىتىش لازىم!

بۇ يەردە شۇنى ئېنىق بايان قىلىش لازىمكى، ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان بولغان تۇنجى كۈندىن باشلاپلا، «ئاللاھ» سۆزىنى دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر مۇسۇلمانغا ئوخشاشلا ئەينەن، توغرا ۋە تولۇق تەلەپپۇز قىلغان ۋە قۇرئان كەرىمدىكىگە ئوخشاشلا «الله» شەكلىدە يېزىپ كەلگەن. مەسىلەن:

بۇ يەرگە يەتۈرسە بەندەسىن لۇتفى ئىلاھ،
تەھقىق بىلۇر ھەر كىشى كىمدۇر ئاگاھ،



كىم تاپماس ئۇنىڭ ئالىدا مەۋجۇد سىۋاھ،
ئول قالدى ۋە تەڭرى قالدى الله، الله.

(ئەلىشىر نەۋايى: «مەھبۇبۇل قۇلۇب» قولىيازما، 92 ـ بەت)

يېشىمى: ئەگەر ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى ئۆز بەندىسىنى بۇ دەرىجىگە يەتكۈزسە، ئەگەر ئۇ بەندە ئۆزىنىڭ خۇدىنى يوقىتىپ قويمىغانلا بولسا، شۇنى جەزمەن بىلىدۇكى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇ ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بولمايدۇ.

دەرۋەقە، «ئاللاھ» سۆزى كېيىنكى چاغلاردا ئۇيغۇر دېھقانلار تىلىدا «ئاللا» تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولغانلىقى راست. ئاندىن، «يېزىق تىلىنى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇش» شوئارىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 1953 ـ يىلىدىن كېيىنكى ئىملادا «ئاللا» يېزىلىپ كېلىۋاتقانلىقىمۇ ئەمەلىيەت. بىراق، «ئاللاھ» سۆزىنى «ئاللا» دېيىش ۋە مۇشۇ دېگىنىمىز پېتىچە يېزىش بىلەنلا، بۇ يەردە بىر «ھ» تاۋۇشىنى چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقانلىقىمىزنىڭ خىجىللىقىنى يوشۇرۇپ قالغىلى بولمايۋاتقانلىقىنىمۇ نەزەرگە ئېلىشىمىز كېرەك. ئالايلۇق، ئۇيغۇرچىغا ئەرەب تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن ئىگە ـ خەۋەر بىرىكمىسى «ئاللاھۇ ئەكبەر» (ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر)نى، شۇنداقلا، ئېنىقلاش ـ ئېنىقلىنىش مۇناسىۋىتىدىكى بىرىكمە سۆز «ئاللاھۇ تەئالا» (تەڭدىشى يوق ئاللاھ)نى تەلەپپۇز قىلغاندا ۋە يازغاندا، «ھ»نى تاشلىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئادەتتە، ئالدىراپ كەتكەندە، «بىسمىللا» دەپلا كېتىۋەرگەن بىلەن «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» (ئەڭ رەھىمدىل ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن) دېگەن يەرگە كەلگەندە، «ھ» تاۋۇشىنى تىلىمىز ئوچۇق ۋە تولۇق تەلەپپۇز قىلىدۇ ۋە باشقىلار. دېمەكچىمەنكى، «ئاللاھ» كەلىمىسىنىڭ تىل ئىستېمالىمىزدىكى تۇراقلىق جۈملە ۋە بى-

ـرىكمىلەردە نۇقسانسىز ئىشلىتىلىۋاتقانلىق ئەمەلىيىتىمۇ، مەزكۇر ئىسىم سۆزدىكى «ھ» ھەرپىنى يېزىقتا تاشلىۋېتىشنىڭ ئەسلىدىنلا خاتا بولغانلىقىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ.

شۇنداق ئىكەن، ئەگەر بۇ مۇھاكىمە تىل ئەھلى تەرىپىدىن توغرا كۆرۈلگەن تەقدىردە، يەنە بىر يېڭى ئىملا لۇغىتىنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماي، «ئاللاھ» كەلىمىسىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش ۋە نۇقسانسىز يېزىشنى، شۇنداقلا تەركىبىدە «ئاللاھ» سۆزى بولغان «ئەلھەمدۇلىللاھ» (ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھغا مەخسۇستۇر)، «ئەلھۆكمۇلىللاھ» (ھۆكۈم چىقىرىش ئاللاھنىڭ ئىشىدۇر) قاتارلىق ئىگە خەۋەر بىرىكمىلىرىنىمۇ، «ئەمرۇللاھ» (ئاللاھنىڭ ئەمرى)، «پەيزۇللاھ» (ئاللاھنىڭ پەيزى)، «سەيپۇللاھ» (ئاللاھنىڭ قىلىچى)، ئابدۇللاھ (ئاللاھنىڭ بەندىسى) قاتارلىق ئىزافەتلىك بىرىكمىلەرنىمۇ توغرا يېزىشنى ئومۇملاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

(«تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)



# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىزافەتلەر

ئۇيغۇر تىلى ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق تارىخىي دەۋرلىرىدىن ئېيتقاندا، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى»، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» ۋە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» دېگەن ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. چاغاتاي خانلىقى زامانىسىنى ئۆزىگە دەۋر بېشى قىلغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئەمەلىيەتتە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، خۇسۇسەن قارا خانىيلار دەۋرىدىكى خاقانىيە تىلىنىڭ بىۋاسىتە راۋاجى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇل ئاساسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۇستىدىكى تەتقىقاتنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قوللىنىلىشچانلىقىنى ئۆستۈرۈش ئەھمىيىتىدىن ئالغاندىمۇ، ھەقىقەتەنمۇ زۆرۈردۇر. ماۋزۇيىمىزدىكى ئىزافەتلەر مەسىلىسى مۇشۇ تەتقىقات ساھەسىگە كىرىدىغان مۇھىم بىر نۇقتا ھېسابلىنىدۇ.

**1. ئىزافەتلەر ۋە ئۇلارنى ئوقۇش ـ يېزىشنىڭ قائىدە ئاساسى**

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن تارتىپ ئىشلىتىلىپ كەلگەن، ئېنىقلانغۇچى سۆزى ئالدىدا، ئېنىقلىغۇچى سۆزى كەينىدە كەلگەن ئېنىقلاش ـ ئېنىقلىنىش مۇناسىۋىتىدىكى تەڭسىز بىرىكمە « ئىزافەت» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، خەلقىئالەم: ئالەم خەلقى؛ رويى زەمىن: يەر يۈزى؛ سىراتۇلمۇستەقىم: توغرا يول دېگەنلەرگە ئوخشاش.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، «ئىزافەت» بىلەن ھازىرقى تىلىمىزدىكى «تەڭسىز بىرىكمە» قۇرۇلما شەكلى جەھەتتىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا، مەزكۇر «ئىزافەت» دېگەن ئاتالغۇنى يەكلەپ تاشلىۋەتمەي، ئۇنى ئۆزىنىڭ سىنتاكسىسلىق ئۇقۇم دائىرىسىنى كۆرسىتىدىغان خاس تېرمىن قىلىپ ئىشلەتسەك بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ سوستاۋىدا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالتە ئەسىرلىك ئىستېمال ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۆزلەشتۈرۈلگەن ۋە بۈگۈنكى ئىستېمالىمىزدىمۇ ئۇپرىماس ھاياتىي كۈچى بىلەن ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان ئىزافەتلەر ئاز ئەمەس. بۇ خىل ئىزافەتلەرنى لېكسىكولوگىيە ئىلمىنىڭ قائىدىلىرى بويىچە چۈشەندۈرۈش مەزكۇر سۆزلەرنىڭ تىل ئەمەلىيىتىدىكى قوللىنىشچانلىقىنى، يەنى بىلىپ ئىشلىتىش ۋە توغرا ئىشلىتىش ئۇنۇمدارلىقىنى ئاشۇرۇش جەھەتتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىزافەتلەر ئېتىمولوگىيە جەھەتتىن ئەرەب-پارس تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن، تۈزۈلۈش شەكلى جەھەتتىن بولسا، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەنئەنىۋى تەڭسىز بىرىكمىلەردىن تۈپلۈك پەرقلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇلارغا دائىر ئاساسىي قائىدىلەر ھەققىدە مۇۋاپىق بايان بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار.

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، ئىزافەتلەر ئۆزلىرىدىكى خاس ئالاھىدىلىكلەرگە قاراپ «ئەرەبچە ئىزافەت» ۋە «پارسچە ئىزافەت» دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئادەتتە، تەركىبىدە ئەلىفلام (الـ) بولغان، يەنى ئېنىقلانغۇچى سۆز بىلەن ئېنىقلىغۇچى كەلىمە ئەلىفلام



ئارقىلىق بىرىكىپ كەلگەن ئىزافەت «ئەرەبچە ئىزافەت» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «يول» مەنىسىدىكى «صراط» كەلىمىسى بىلەن «تۈز، توغرا، داغدام» ئۇقۇمىدىكى «مستقيم» سۆزىدىن تەركىب تاپقان ئەرەبچە ئىزافەت «صراطالمستقيم» (سىراتۇل مۇستەقىم)؛ «تېرىلغۇ مەيدانى» ئۇقۇمىدىكى «مزرع» كەلىمىسى بىلەن «مەرھەمەت» ئۇقۇمىدىكى «لطف» ۋە «ئىلاھ، ئاللاھ» ئۇقۇمىدىكى «اله» كەلىمىسىدىن تەشكىل تاپقان پارسچە ئىزافەت بولسا، «مزرع لطف اله» (مەزرەئى لۇتفى ئىلاھى) شەكلىدە بولۇپ، ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا «داغدام يول، توغرا يول» ۋە «ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى تېرىلغان جاي» دېگەن بولىدۇ ۋە باشقىلار.

ئىزافەتلەر ھەققىدىكى قائىدە ئاساسلىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئوبدان ئىگىلەش بىزنى بۇ تۈردىكى سۆزلەرنى بىلىپ ئىشلىتىش، جايىدا ئىشلىتىش ۋە جانلىق ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

**2. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىزافەتلەرنىڭ تۈرلىرى**

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن كېلىپ، ھازىرقى زامان تىلى ئىستېمالىغا ئۆزلىشىپ كەتكەن، ئىملا، تەلەپپۇز ۋە ئىزاھلىق لۇغەتلىرىمىزدىن ئورۇن ئالغان، شۇنداقلا جانلىق ۋە يېزىق تىلى ئەمەلىيىتىدە قوللىنىلىۋاتقان ئىزافەتلەرنى ئىستېمالىمىزدىكى ھالىتى بويىچە تۆۋەندىكىدەك بەش تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ئومۇمەن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى تەلەپپۇزى بويىچە ئەينەن ئۆزلەشكەن ئىزافەتلەر:

خەلقئالەم (خلق عالم): ئالەم خەلقى، پۈتكۈل خەلق

پادىشاھىئالەم (پادشاه عالم): ئالەمنىڭ پادىشاھى

تەركىدۇنيا (ترك دنيا): دۇنيا ئىشلىرىدىن ۋاز كېچىش.

ئەكسىلھەرىكەت (عكس الحركت): قارشى ھەرىكەت، تەتۈرلۈك.

ئەكسىلئىنقىلاب (عكس الانقلاب): تەتۈر ئىنقىلاب.

بەيتۇللاھ (بيت الله): ئاللاھنىڭ ئۆيى، مۇقەددەس ئۆي، كەبە.

ئەبەدىلئەبەد (ابدالابد): مەڭگۈگە.

بەيتۇلمۇقەددەس (بيت المقدس): مۇقەددەس ئۆي، كەبە.

مەردىمەيدان (مردميدان): جەڭگاھ ئىنسانى، جەڭ مەيدانىدىكى ئەركەك.

ئەھلىمەھەللە (اهل محله): مەھەللە ئەھلى، مەھەللە ئىنسانى.

جانىجان (جان جان): جاننىڭ جېنى، ئەڭ ئىزىز.

مىراب (ميرآب): سۇ ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار.

مىراخور (ميرآخور): جەڭ ئاتلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار.

ئابىچەشمە (آب چشمه): بۇلاق سۈيى؛ كىلاسسىك ئۇيغۇر مۇقاملىرىدىن بىرسىنىڭ نامى: ئابىچەشمە مۇقامى.

ئابىزەمزەم (آب زمزم): زەمزەم بۇلىقىنىڭ سۈيى.

ئابىكەۋسەر (آب كوثر): جەننەتتىكى كەۋسەر بۇلىقىنىڭ سۈيى.

خەتمىقۇرئان (ختم قرآن): قۇرئاننى ئوقۇپ قۇرئان ئوقۇش.

شەيخۇلئىسلام (شيخ الاسلام): ئىسلام دىنىدىكى ئەڭ يۇقىرى ئۇنۋان ۋە مۇشۇ ئۇنۋانغا مۇشەررەپ بولغان زات.

دارىلئاجىزىن (درالعاجزين): قېرى-چۆرىلەر يۇرتى، ئاجىزلار يۇرتى.



دارىلمۇئەللىمىن (دارلمعلمين): مۇئەللىم تەربىيەلەش يۇرتى.

دەردىسەر (دردسر): باش ئاغرىقى.

دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك (ديوان لغات الترک): تۈركىي تىللار دىۋانى.

تارىخۇ رەۋزەتىسسەفا (تاريخ رەوضةلصفا): ساپالىق باغ تارىخى.

تارىخى رەشىدىي (تاريخ رشىدى): ئابدۇرەشىدخان تارىخى.

تارىخى ھەمىدىي (تاريخ حميدى): ئابدۇلھەمىدخان تارىخى.

تارىخىئەمنىيە (تاريخ امنيه) ئەمنىيەتلىك تارىخى، تىنچلىق تارىخى.

ماھىنۇر (ماه نور): نۇرلۇق ئاي.

سەددىچىن (سدچين): جۇڭگو سېپىلى.

ئىمانىكامىل (ايمان كامل): تولۇق ئىشەنچ.

ماھىتابان (ماه تابان): نۇر چېچىپ تۇرغان ئاي.

ماھىئەنۋەر (ماه انور): نۇرلۇق ئاي.

ئىمامىئەخپەش (امام اخپش): ئەخپەش ئىمام

ماھىپەيكەر (ماه پيكر): ئاي سۈرەتلىك؛ ئاي سۈپەت، گۈزەل.

ئىلمىنۇجۇم (علم نجوم): ئاسمانشۇناسلىق ئىلمى

ھەججىئەكبەر (حج اكبر): چوڭ ھەج، قىرىق يىلدا بىر كېلىدىغان بۈيۈك ھەج.

قەتلىئام (قتل عام): ئومۇمىي قىرغىن، قىرغىن.

ۋەلىئەھد (وليعهد): تەخت ۋارىسى.

ھەبىبۇللاھ (حبيب الله): ئاللاھنىڭ دوستى.

ۋەلىيۇللاھ (ولى الله): ئاللاھنىڭ ئىش



www.uyghurkitap.com

بېجىرگۈچىسى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

ئىككىنچى، ئىزافەت قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمىغان، ئەمما تەركىبىدىكى سۆزلەردە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش بولغان ھالدا ئۆزلەشكەن ئىزافەتلەر:

رويىزېمىن: يەر يۈزى، دۇنيا؛ ئەسلىي: رەيىزەمىن (روي زمين).

تەختىراۋان: ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىدىغان چاغدا چىقىدىغان تەخت، جەسەت يۆيۈلىدىغان خاس تاختا: كونا جەمئىيەتتە مەرتىۋىلىك كىشىلەرنى يەلكىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭدىغان جاھاز؛ ئەسلىي: تەختىرەۋان (تخت روان).

ئابىھايات: تىرىكلىك سۈيى، ھاياتلىق سۇ؛ ئەسلىي: ئابىھەيات (آب حيات)

ئابىناۋات: ناۋات سۈيى؛ بىر خىل قوغۇن ئىسمى؛ ئەسلىي: ئابىنەبات (آب نبات).

ئابىراۋان: ئاقار سۇ؛ ئەسلىي: ئابىرەۋان (آب روان).

ئاشىقبىقارار: تاقەتسىز ئاشىق. ئەسلىي: ئاشىقبىقەرار (عاشق بيقرار).

ئالىمادىس: ھادىسىلەر دۇنياسى؛ ئېھتىمال. ئەسلىي: ئالەمىھادىسە (عالم حادثه)

تەركىجاھان: جاھاندىن كېچىش. ئەسلىي: تەركىجەھان (ترك جهان).

دارىلئېتام: يېتىملەر يۇرتى. ئەسلىي: دارىلئەيتام (دارالايتام).

بالايىبەتتەر: ئەڭ زور بالا-قازا. ئەسلىي: بەلايى (بلا بتر).

زامانىئاخىر: ئاخىرەت، ئاخىر زامان. ئەسلىي: زەمانى ئاخىر (زمان آخر).

زامانىئەۋۋەل: ئۆزاق ئۆتمۈش، بۇرۇنقى زامان. ئەسلىي: زەمانىئەۋۋەل (زامان اول).

ئەھلىمۆمىن: مۇسۇلمان. ئەسلىي: ئەھلى مۆئمىن (اهل مؤمن).

دۇئايىبەت: قارغىش. ئەسلىي: دۇئايىبەد (دعابد).

دۇئايىسالام: تىنچلىق تىلىكى. ئەسلىي: دۇئايى سەلام (دعاسلام).

رەڭگىرۇخسار: چىراي، چېھرە رەڭگى. ئەسلىي: رەنگى رۇخسار (رنگ رخسار).

پەيلىشەيتان: شەيتاننىڭ پەيلى. ئەسلىي: فىئلى شەيتان (فعل شيطان).

پەدەرىبۇزرۇك: بۇيۇك ئاتا. ئەسلىي: پەدەرى بۇزورك (پدربزورک).

پەۋقۇلئاددە: ئادەتتىن تاشقىرى. ئەسلىي: فەۋقۇلئادە (فوق العاده).

پۇشتىپاناھ: ئارقا تىرەك. ئەسلىي: پۇشتى پەناھ (پشت پناه).

خۇدايىتائالا: تەڭداشسىز خۇدا. ئەسلىي: خۇدايى تەئالا (خدا تعالا).

سۇيىقەست: يامان غەرەزلىك ھەرىكەت. ئەسلىي: سۇيى قەسد(سو قصد)

سۇيىئىستېمال: يامان غەرەزلىك پايدىلىنىش؛ ۋاستە. ئەسلىي: سۇيىئىستىئمال (سو استمال).

ئەمرىمەرۇپ: مەشھۇر ئىش. ئەسلىي: ئەمرى مەئرۇف (امر معروف).

ئەھلىسەلىپ: كرېست بەلگىلىك قوشۇن. ئەسلىي: ئەھلى سەلىب (اهل صليب).

ئەھلىئىلىم: ئىلىم ئەھلى. ئەسلىي: ئەھلىئىلىم (اهل علم).

تەختىسارا: يەر-زېمىننىڭ ئاستى. ئەسلي: تەختىسەرا (تخت سرا).

ئەرشىئەلا: ئاسمانىنىڭ ئەڭ ئۈستى. ئەسلي: ئەرشئەئلا (عرش اعلا).

جامادىيەلئاخىر: ھىجرىيە 6-ئاي. ئەسلي: جەمادىيەلئاخىر (جمادى الآخر).

جامادىيەلئەۋۋەل: ھىجرىيە 5-ئاي. ئەسلي: جەمادىيەلئەۋۋەل(جمادى الاول).

رەبىيەلئاخىر: ھىجرىيە 4-ئاي. ئەسلي: رەبىئولئاخىر (ربيع الآخر).

رەبىيەلئەۋۋەل: ھىجرىيە 3-ئاي. ئەسلي: رەبىئولئەۋۋەل (ربيع الاول).

مىرشاپ: يىگىت بېشى، يىگىتلەر ئەمىرى. ئەسلي: مىرشاب (ميرشاب).

مىرشەپ: كېچىلىك جېسەكچىلەر باشلىقى. مىرشەب (ميرشب).

لەۋزى ھالال: راست گەپ. ئەسلي: لەفزى ھەلال (لفظ حلال).

قازىكالان: باش قازى. ئەسلي: قازىكەلان (قاض كلان)

ۋەلەدىزىنا: نىكاھسىز تۇغۇلغان بالا. ئەسلي: ۋەلەدىزىنا (ولدزنا)

قازايىقەدەر: پېشانىگە پۈتۈلگەن ئىش. ئەسلي: قەزايى قەدەر (قضا قدر)

ئىسمىئەزەم: ئەڭ بۈيۈك ئىسىم. ئەسلي: ئىسمى ئەئزەم (اسم اعظم)

ئىسمىشېرىپ: ئۇلۇغ ئىسىم. ئەسلي: ئىسمى شەرىف (اسم شريف)

ۋەلىئەزەم: باش ئىش بېجىرگۈچى. ئەسلي: ۋەلىئى ئەئزەم (ولى اعظم)

ۋەلىنېمەت: نېمەت ئىگىسى. ئەسلي: ۋەلىنىئىمەت (ولينعمت)

مەدىكار: ئىشلەمچى. ئەسلي: مەردىكار (مردكار)

مىرغەزەپ: غەزەپ ئىگىسى. ئەسلي: مىرغەزەب (مير غضب)

كالامىشېرىپ: ئۇلۇغ گەپ؛ قۇرئان. ئەسلي: كەلامى شەرىف (كلام شريف)

تۆقىلەنەت: لەنەت چەمبىرىكى. ئەسلي: تەۋقى لەئنەت (توق لعنت)

شاھىئەزەم: ئۇلۇغ شاھ. ئەسلي: پادىشاھى ئەئزەم (پادشاه اعظم)

كەبىتۇللاھ: ئاللاھنىڭ كەبىسى. ئەسلي: كەئبەتۇللاھ (كعبة الله)

ئۆچىنچى، ئوتتۇرىدىكى ئىزافەت قوشۇمچىسى قالغان ھالدا زىچ يەملىشىپ كەتكەن ئىزافەتلەر:

ئا:داپ: سۇيۇق ئۇماچ. ئەسلي: ئاردىئاپ (آرد آب)

ئابروي: يۈز ئىناۋىتى. ئەسلي: ئابىروي (آب روى)

بۇ سۆزنى تۈركىيە تۈركلىرى «yüz suyu» (يۈز سۈيۈ) دەپ ئىشلەتمەكتە.

ئارامخۇدا: خۇدا بەرگەن ئاراملىق. ئەسلي: ئارامى خۇدا (ارام خدا)

ئارامخۇش: ياخشى ئارام. ئەسلي: ئارامى خۇش (ارام خوش)

ئاسار ئەتىقە: قەدىمكى ئىزلار. ئەسلي: ئاسارى (اثار عتيقه)

بايۋەچچە: بالا باي، باينىڭ ئوغلى. ئەسلي: بايى بەچچە (باى بچه)



www.uyghurkitap.com

بەچچىخەر: ئېشەكنىڭ بالىسى. ئەسلىي: بەچچەئى خەر (بچە خر)

پايناپ: ئېرىق-ئۆستەڭنىڭ ئەڭ ئاخىرى. ئەسلىي: پايىنى ئاب (پاين آب)

پەردىشەپ: قاراڭغۇلۇق پەردىسى: توسۇق. ئەسلىي: پەردەئى شەب (پرده شب)

پايتەخت: پادىشاھ تەختى بار جاي. ئەسلىي: پايى تەخت (پاى تخت)

پېشايۋان: ئايۋاننىڭ ئالدى. ئەسلىي: پېشى ئايۋان (پيش ايوان)

تەرجىمىھال: ئەھۋال تەپسىلاتى. ئەسلىي: تەرجىمەئى ھال (ترجمه حال)

تەندۇرۇس: ساغلام بەدەن. ئەسلىي: تەنى دۇرۇست (تن درست)

ئەۋلىيائەزەم: ئەڭ بۈيۈك ئەۋلىيا. ئەسلىي: ئەۋلىيائى ئەئزەم (اوليا اعظم)

چۆلئىراق: ئىراقنىڭ چۆلى؛ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئون ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى. ئەسلىي: چۆلى ئىراق (چول عراق).

خەزىنە دەپىنە: كۆمۈپ قويۇلغان خەزىنە. ئەسلىي: خەزىنەئى دەفىنە (خزينه دفينه)

دۇردانە: دانە مەرۋايىت. ئەسلىي: دۇررى دانە (در دانه)

شاكراپ: سۈيۈق شېكەر، ئۆتە تاتلىق سۇ. ئەسلىي: شەكەرى ئاب (شكر آب). بۇ ئىزافەت كېيىنچە مەنە كۆچۈش قىلىپ، «ئۆتە تۇزلۇق سۇ» دېگەن ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدىغان بولۇپ قالغان.

رويىخەت: خەت يۈزى، تىزىملىك. ئەسلىي: رويى خەت (روى خط)



سەللىمازا: پۈتۈنلەي ساغلام. ئەسلىي: سەلىمۇلئەئزا (سليم الاعضا).

روياپ: سۇ يۈزى. ئەسلىي: رويى ئاب (روى آب)

ساھىبخانا: ئۆي ئىگىسى. ئەسلىي: ساھىبى خانە (صاحب خانه)

ساھىبخان: داستىخان ئىگىسى، مېھمان ئىگىسى. ئەسلىي: ساھىبى خانە (صاحب خان/ صاحب خوان).

ساھىبقىران: يېتەكچىلىك ئىگىسى. ئەسلىي: ساھىبى قىران (صاحب قران)

ساھىبتەدبىر: تەدبىر ئىگىسى. ئەسلىي: ساھىبى تەدبىر (صاحب تدبير)

سانايىنەپىسە: گۈزەل-سەنئەت. ئەسلىي: سەنايى نەفىسە (صنايع نفيسه)

ساھىبپەرمان: پەرمان چۈشۈرگۈچى. ئەسلىي: ساھىبى پەرمان (صاحب پرمان).

ساھىبجامال: جامال ئىگىسى، چىرايلىق. ئەسلىي: ساھىبى جەمال (صاحب جمال).

ساھىبكامال: كامالەت ئىگىسى. ئەسلىي: ساھىبى كەمال (صاحب كمال)

سىماپ: سۈيۈق كۈمۈش؛ سىماپ. ئەسلىي: سىمى ئاب (سيم آب).

سىمكار: ئىش ھەققى (工钱). ئەسلىي: سىمى كار (سيم كار)

سەپراس: تۈز سەپ. ئەسلىي: سەفاى راست (صف راست)

سەركار: ئىش بېشى، ئىش باشقۇرغۇچى. ئەسلىي: سەرى كار (سر كار).

گۈلنار: ئانار گۈلى. ئەسلىي: گۈلى نار (گل نار)

دىلنار: ئوت يۈرەك. ئەسلىي: دىلى نار (دل نار)

گۈلسۇرۇخ: قىزىل گۈل. ئەسلىي: گۈلى سۇرۇخ (گل سرخ)

گۈلقەقە: پورەكلەپ ئېچىلغان گۈل. ئەسلىي: گۈلى قەھقەھ (گل قهقه).

گىرداب: سۇ قايىنمى، قاينام. گىردى ئاب (گرد

لەپشىرىن: تاتلىق لەۋ. ئەسلىي: لەبى شىرىن (لب شيرين).

مويلاۋ: بۇرۇت. ئەسلىي: مويى لەب (موى لب).

مويسپىت: ئاق چاچ. ئەسلىي: مويى سەفىد (موى سفيد)

ۋەزىرئەزەم: باش ۋەزىر، بۈيۈك ۋەزىر. ئەسلىي: ۋەزىرى ئەئزەم (وزير اعظم).

مەككە مۇكەررەمە: ئۇلۇغ مەككە. ئەسلىي: مەككەئى مۇكەررەمە (مكه مكرمه).

مەدىنە مۇنەۋۋەرە: نۇرلۇق مەدىنە. ئەسلىي: مەدىنەئى مۇنەۋۋەرە (مدينه منوره).

ساھىبماقام: ئەمەلدار، مەنسەپدار. ئەسلىي: ساھىبى مەقام (صاحب مقام) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

تۆتىنچى، ئالدى قوشۇلغۇچىلىق ئىزافەتلەر:

بىسمىللاھ(بسم الله ): ئەرەبچە ئىزافەت ئىسمۇللاھ (اسم الله ) بىلەن ئالدى قوشۇلغۇچى «بى» نىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان. مەنىسى: ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن.

ئەزبىرايىخۇدا (ازبرأى خدا): پارسچە ئىزافەت «رەئيى خۇدا» بىلەن ئالدى قوشۇلغۇچى«بى» ۋە «-دىن، -تىن» رولىدىكى « ئەز » (از) نىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان. مەنىسى: ئاللاھنىڭ رايى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى؛ خۇدا ھەققى، جەزمەن.



پىسەبىلىللاھ (فى سبيل الله ): ئەرەبچە ئىزافەت «سەبىلۇللاھ» (سبيل الله ) بىلەن « -دا، -دە، -تا، -تە» رولىدىكى ئالدى قوشۇلغۇچى «فى» نىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان. مەنىسى: ئاللاھنىڭ يولىدا، خالىس، خالىسانە.

پىسىۋىللاھ: بۇ يۇقىرىدىكى دىنىي كەلىمە «پىسەبىلىللاھ» نىڭ جانلىق تىلدىكى ئۆزلەشمە شەكلى بولۇپ، قەشقەر شېۋىسىدە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئەستايىدىل: بۇ سۆز ئەسلىدە پارسچە ئىزافەت «تەھى دىل» (تەدل) بىلەن «-دىن، -تىن» رولىدىكى ئالدى قوشۇلغۇچى « ئەز» نىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان «ئەز تەھىدىل» (از تەدل) شەكلىدىكى ئالدى قوشۇلغۇچىلىق پارسچە ئىزافەت بولۇپ، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تىلىمىزغا ئۆزلىشىپ، بۈگۈنكى ئىستېمالىمىزدىكى «ئەستايىدىل» كەلىمىسى بولۇپ قالغان. سۆز مەنىسى «يۈرەكتىن چىقىرىپ، چىن يۈرەكتىن» ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان مەزكۇر «ئەستايىدىل» كەلىمىسىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدىكى شەكلى ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا سايرامىنىڭ يىرىك ئەسىرى «تارىخى ھەمىدىي» دە مۇنداق كۆرۈلىدۇ:

بەگقۇلى بەگ باشلىغ ھەمە ئەمىر، لەشكەر، يىگىت، ئەسكەرلەر ئەزتەھىدىل مۇھارەبە ۋە مۇقاتەلەگە تۇردىلەر. (بەگقۇلى بەگ باشلىق بارلىق ئەمىر، لەشكەر، يىگىت ۋە ئەسكەرلەر ئەستايىدىل جەڭ قىلىشقا باشلىدى) (قاراڭ: «تارىخى ھەمىدىي»، قولىيازما، 269-بەت، يۇقىرىدىن 8-9- قۇرلار). ئول ھەييۇ قەييۇم لانىيام دەرگاھى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەقەددۇستىن ئىلتىجا ۋە ئىستىدئايى تەمامىلار بىرلە ئەزتەھىدىل يىغلادىلار. (ئۇ ئەبەدىلىك ئىگىسى پەرۋەردىگارنىڭ مۇقەددەس دەرگاھىدىن كەمكۈتىسىز ئىلتىجا تىلەپ، ئەستايىدىل يىغلاشتى) (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر، 323 ـ بەت، يۇقىرىدىن5 ـ 6 ـ قۇرلار)

بەشىنچى، جۈپلەنمە سۆز قىلىپ ئىشلىتىلىۋاتقان ئىزافەتلەر:

روزا ـ رامىزان («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 561 ـ بەت). بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي: روزى رەمەزان (روز رمضان): رامىزان كۈنى.

سەدىقە ـ پىتىر («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 617 ـ بەت). بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي: سەدەقەئى فىتىر (صدقه فطر). رامىزان سەدىقىسى.

خەزىنە ـ دەپىنە: كۆمۈكلۈك خەزىنە. ئەسلىي: خزينه دەفينه (خەزىنەئى دەفىينە).

ھال ـ كۈن (قاراڭ، ئىزاھلىق لۇغەت. 1134 ـ بەت)، ئەسلىي: ھال كۈن (ھالى كۈن): كۈندىلىل ھال.

ھال ـ ئوقەت. ئەسلىي: حالى اوقات (ھالى ئوقەت): كۈندىلىك ئەھۋال.

رەڭگىروي: ئەسلىي: رەنگى روي (رنگ روى): چىراي، چېھرە، يۈز رەڭگى.

### 3. ئىزافەتلەر ئۇستىدىكى تەتقىقاتنىڭ بۈگۈنكى تىل ئەمەلىيىتىدىكى رولى

بۈگۈنكى تىل ئىستېمالىمىزدىكى ئىزافەتلەر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى سىنتاكسىسلىق بىرىكمىلەر بولغاچقا، تەتقىقات ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تەركىبىنى



ئوچۇقلاپ كۆرسىتىش، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكا جەھەتتىكى تەرەققىيات جەريانىنى چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئالايلۇق، بۈگۈنكى تىلىمىزدا «چۈپرەندە» دېگەن بىر سۆز بار. بۇ سۆز «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دە مۇنداق ئىزاھلىنىدۇ:«شاكال، شۆپۈك قاتارلىق كېرەكسىز، تاشلاندۇق نەرسىلەر؛ ئەخلەت: چۈپرەندە ئازگىلى» (قاراڭ: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى)، 439 ـ بەت). ئەمدى ئىزدىنىپ قارايدىغان بولساق، مەزكۇر «چۈپرەندە» سۆزىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە «ياغاچ» مەنىسىدىكى «چوب» (مەسىلەن، چوپگەز) سۆزى بىلەن «رەندە» كەلىمىسىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان «چوبىرەندە» شەكلىدىكى پارسچە ئىزافەت ئىكەنلىكى كۆرۈلىدۇ. دېمەك، ئۇز زامانىسىدا «رەندىلەشتىن چىققان ياغاچ قىرىندىسى، پۈزەك» ئۇقۇمىنى ئاڭلىتىپ ئىشلىتىلگەن مەزكۇر «چوبىرەندە» بىرىكمىسى ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال ئەمەلىيىتى ئارقىلىق، بۈگۈنكى تىلىمىزدىكى « چۈپرەندە» تەلەپپۇز قىلىنىپ، «شاكال ـ شۆپۈك : ئەخلەت» مەنىسىنى ئاڭلىتىدىغان بىر سۆزگە ئايلىنىپ قالغان. دەرۋەقە، بۇ سۆز بۈگۈنكى تىل ئىستېمالىمىزدا، «چۈپرەندە ئادەم» دېمۇ ئىشلىتىلىۋاتقانلىقى مەلۇم. بۇ ھال مەزكۇر ئىزافەتنىڭ بۈگۈنكى كۈندە «يارىماس، چاكىنا، ئېتىبارسىز» قاتارلىق مەنىلەرنى ئۆزىگە يېغىدىن يۈكلىگەن بىر كۆپ مەنىلىك سۆز بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

يەنە مىسال ئالساق، ھازىرقى تىلىمىزدا « ئەۋرەز»

دەيدىغان بىر سۆز بار. بۇ سۆز ئىزاھلىق لۇغەتلىرىمىزدە «ئۆيىنىڭ ئىچىگە يۇيۇنۇش ئۇچۇن ياسالغان ئۇستى يېپىق ئورا» دەپ ئىزاھلىنىدۇ. (قاراڭ: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، قىسقارتىلمىسى 97 ـ بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىلى نەشرى). بۇ سۆزمۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، «سۇ» مەنىسىدىكى «ئاب» سۆزى بىلەن «تۆكۈۋېتىلگەن، تاشلىۋېتىلگەن» ئۇقۇمىدىكى «رىز» كەلىمىسىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان «ئابرىز» شەكلىدىكى پارسچە ئىزافەت ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۆز زامانىسىدا، «يۇيۇندى سۇ، يۇيۇندى سۇ ئازگىلى، يۇيۇندى سۇ يولى» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلغانلىقى مەلۇم. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، ئەگەر بىز مەزكۇر «ئابرىز→ئەۋرەز» سۆزىنىڭ ئۆز زامانىسىدا، «يۇيۇندى سۇ يولى، تۆكۈندى سۇ يولى» ئۇقۇمىدىمۇ قوللىنىلغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنىڭ بۈگۈنكى تىل ئىستېمالىمىزدىكى «مۇنچا ئۆيىنىڭ ئىچىگە يۇيۇنغان سۇنى ئېقىتىۋېتىش ئۈچۈن ياسالغان ئورا» دېگەن مەنىسىنى كېڭەيتىپ، ئۇنى 下水道 دېگەن بىرىكمە سۆزگە تەڭ قىلىپ ئىشلىتەلىسەك، بۇمۇ بىر نەتىجە بولىدۇ.

قىسقىسى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىزافەتلەر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن كېلىپ ئۆزلەشكەن تەڭسىز بىرىكمىلەر بولۇپ، ئۇلارنى داۋاملىق قېزىپ، توپلاپ ۋە رەتلەپ لۇغەتلىرىمىزگە ئېلىشىمىز ۋە توغرا، تولۇق ئىزاھلاپ كۆرسىتىشىمىز لازىم. چۈنكى، بۇ خىل سۆزلەر يالغۇز «غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ۋە «كاڭشى خانىدانلىقى» كەبى تارىخي ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە ئىشلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋر تىل



ئىستېمالىمىزنىڭ باشقا ساھەلىرىدىمۇ ئۆزىگە خاس بولغان رول ۋە ئەھمىيەت بىلەن ئەسقاتىدۇ.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»نىڭ 2005 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)

## چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەلىفلام (الـ) ۋە ئۇنىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلىشى توغرىسىدا

ئەرەب تىلىنىڭ گىرامماتىكىسىدا، اداة التعريف (ئەداتۇت ـ تەئرىف) دەپ تەرىپلىنىدىغان ئەلىفلام (الـ) خەنزۇچىدا 确指冠词 دەپ، ئۇيغۇرچىدا بولسا، «ئالاهىدە بىلدۈرۈش قوشۇمچىسى» ياكى «ئالاهىدە كۆرسىتىش بەلگىسى» دەپ ئىزاهلانماقتا. ھەممىشە ئىسىم ۋە سۈپەت سۆز تۈركۈمىگە تەۋە سۆزلەملەرنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان مەزكۇر ئەلىفلام ئەرەب تىلىدا ئىشلىتىلىش چاستوتىسى ئەڭ يۇقىرى قوشۇمچە بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭ قانداق جايدا ئىشلىتىلگەندە، قانداق تىل شارائىتىدا قوللىنىلغاندا قانداق ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغانلىقى ئۆزىگە خاس تەرىپلەر ۋە تەبىرلەر ئارقىلىق شەرھلىنىدۇ.

مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد بولغاندىن كېيىن، مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھەدىس شەرىپنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىغا ئورغۇنلىغان ئەرەبچە سۆزلەملەر، بىرىكمىلەر ۋە جۈملىلەر كىرىپ ئۆزلىشىپ كەتكەن. بۇ خىل ئېتىمولوگىيەسى ئەرەبچە بولغان ئۆزلەشمە سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ، خۇسۇسەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەلىفلاملىق تەركىبلەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ داۋامى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسى بولغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ئۆزىگە خاس



ئالاھىدىلىكلەر بىلەن ئىشلىتىلگەنلىكى كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل ئەلىفلاملىق تەركىبلەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق ئۆزلەشمە تەركىب سۈپىتى بىلەن خېلىلا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىۋاتقانلىقىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، ئۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى ئاممىۋى بىلىمگە ئايلاندۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ ئەھمىيەتلىك بىر ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ. مەن بۇ ماقالىدا، ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان مەزكۇر ئالاھىدە كۆرسىتىش قوشۇمچىسى ئەلىفلامنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلىش ئەھۋالى ھەققىدە تەپسىلىي بايان بېرىشكە تىرىشىمەن.

**1. ئەلىفلام (الـ) نىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلىشى**

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، ئەرەب تىل ـ يېزىقىدىن قىلىنغان ئالاھىدە كۆرسىتىش بەلگىسى ئەلىفلام (الـ) ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەر بىلەن قوللىنىلغانلىقى كۆرۈلىدۇ:

‹1› خۇددى ئەرەب تىلىدىكىگە ئوخشاشلا ئالاھىدە كۆرسىتىش، تەكىتلەپ كۆرسىتىش ۋە ئالاھىدە بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

اوز حال مقاميكى الحال بارچه مغنى لاغه معلوم دور (ئۆزھال مۇقامىكى، ئەلھال بارچە مۇغەننىلارغا مەئلۇمدۇر): ئۆزھال مۇقامى بولسا، شۇ تاپتا پۈتكۈل مۇزىكانتلارغا مەلۇملۇق. (قاراڭ: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، (مۇزىكانتلار تارىخى)، قوليازما قىسمى 12 ـ بەت. مىللەتلەر نەشرىياتى. 1982 ـ يىلى نەشرى).

روشەنكى، بۇ مىسالدىكى «حال»(ھال) سۆزىگە قوشۇلغان ئەلىفلام مەزكۇر «ھال» نىڭ «شۇ تۇرۇق، شۇ

ھال» نى بىلدۈرىدىغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئالاھىدە قوشۇلغان قوشۇمچە ھېسابلىنىدۇ.

الآن بۇ تيلاب تافغانلار هم مذكور جان تافغان كرسنه يولباس مثال مانند بولدى (ئەلئەن بۇ تىلەپ تافغانلار ھەم مەزكۇر جان تافغان گوروسنە يولباس مىسال مانەند بولدى: شۇ تاپتا، بۇ تىلەپ تاپقانلارمۇ بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان ئاچ يولۋاستەك بولدى. (قاراڭ: «تارىخى ھەممىدى» قولىيازما نۇسخا. 259 ـ بەت، 1 ـ قۇر).

بۇ مىسالدىكى «ۋاقىت، زامان» ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان «ئان» سۆزىگە قوشۇلغان ئەلىفلاممۇ، مەزكۇر «ئان، ۋاقىت» نىڭ باشقا ھەرقانداق بىر ئان ئەمەس، بەلكى «شۇ ئان، شۇ تاپ، شۇ تۇرۇق» ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوشۇلغاندۇر.

القصه جناب بيك بچه اقسوداكى كلا امير لشكر لارغه بچه باتورنى جونك قيليب تافشورغان ايدى (ئەلقىسسە جەنابى بەگ بەچچە ئاقسۇداكى كۆللەن ئەمىر ـ لەشكەرلارغا بەچچە باتۇرنى چوڭ قىلىپ تافشۇرغان ئەدى: ھېكايەت، بەگە بەچچە ھەزرەتلىرى ئاقسۇدىكى بارلىق قوماندان ۋە لەشكەرلەرگە بەچچە باتۇرنى باشلىق قىلىپ تەيىنلىگەنىدى.) (يۇقىرىقى ئەسەر. 267 ـ بەت، 18 ـ قۇر).

فتاوى كتابلاريدا ذكر قيليب دور كيم بت نى اولوغلاب اعزاز قيلماق و زيارت قيليب دور قيلماق كتاب الله و سنت رسول الله و اجماع امت لار برله كفردور اى ياران عزيز الحزر الحزر (فەتاۋى كىتابلارىدا زىكىر قىلىپدۇركىم، بۇتنى ئۇلۇغلاپ ئىئزار قىلماق ۋە زىيارەت قىلىپ دەۋر قىلماق كىتابۇللاھ ۋە سۈننەتى رەسۇلىللاھ ۋە ئىجمائ ئۈممەتلەر بىرلە كۇفردۇر، ئى يارانى ئەزىز،



ئەلھەزەر! ئەلھەزەر!): ئىسلامىي ھۆكۈم ـ پەتىۋا كىتابلىرىدا، «بۇتنى ئۇلۇغلاپ ئىززەتلەش ۋە زىيارەت قىلىپ، ئۇنى تاۋاپ قىلىش قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپ تەلىماتىنى ئالغان پۈتكۈل ئۈممەتلەر ئۈچۈن ئوخشاشلا كۇپۇرلۇقتۇر» دېيىلگەن. ئى ئەزىز دوستلار، بۇ ھالدىن ھەزەر قىلىش كېرەك! بەكمۇ ھەزەر قىلىش كېرەك! (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر، 377 ـ بەت، 6 ـ قۇر).

بۇ مىساللاردىكى «قىسسە، ھەزەر قىلىش» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئالدىغا قوشۇلغان ئەلىفلام (الـ) مۇ ئالاھىدە كۆرسىتىش، ئالاھىدە تەكىتلەش ئۇقۇمىنى بېرىدۇ.

‹2› ئەرەب تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن ۋە كۆپىنچە كىتاب ماۋزۇسى قىلىپ قوللىنىلغان نورمال ئەرەبچە ئىزافەتلەردە، ئېنىقلىغۇچى سۆزنىڭ ئالدىغا قوشۇپ ئىشلىتىلگەنلىكى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: ئەلىشىر نەۋايى يازغان ئەسەرلەردىن:

غرايب الصغر (غەرايىبۇس سىغەر): بالىلىقتىكى ئاجايىپ ئىشلار.

نوادرالشباب (نەۋادىرۇش شەباب): ياشلىق نادىرلىقلىرى.

بدايع الوسط (بەدايىئۇل ـ ۋەسەت): ئوتتۇرا ياشلىق گۈزەللىكلىرى.

فوايدالكبر (فەۋايىدۇل كىبەر): قېرىلىق نەپلىرى.

حيرت الابرار (ھەيرەتۇل ئەبرار): ياخشىلار ھەيرانلىقى.

لسان الطير (لىسانۇت تەيىر): قۇشلار تىلى.

ميزان الاوزان (مىزانۇل ئەۋزان): ۋەزنلەر ئۆلچىمى.

تحفەالافكار (تۇھفەتۇل ئەفكار): مەجرۇھ سوۋغىسى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

عين الحيات (ئەينۇل ھەيات): ھاياتلىق بۇلىقى.
منهاج النجات (مىنھاجۇن نىجات): نىجاتلىقنىڭ داغدام يولى.
قوت القلوب (قۇۋۋەتۇل قۇلۇب): قەلبلەر قۇۋۋىتى.
محاكمةاللغتين (مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين): ئىككى تىلنىڭ مۇھاكىمىسى.
محبوب القلوب (مەھبۇبۇل قۇلۇب): قەلبلەر مەھبۇبى... دېگەنلەرگە ئوخشاش.
‹3› ئايەت، ھەدىس قاتارلىقلاردىن نەقىل قىلىنغان سۈپەتلەش - سۈپەتلىنىش مۇناسىۋىتىدىكى بىرىكمىلەردە، سۈپەتلىگۈچى ۋە سۈپەتلەنگۈچى سۆزلەرنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
«عليكم بالسواد الاعظم» ايدى مصطى («ئەلەيكۇم بىسسەۋادىل ئەئزەم» ئەيدى مۇستافا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر مۇتلەق كۆپ سانلىق كىشىلەر بىلەن بىر يولدا مېڭىڭلار» دېگەن. (تەجەللىي: «قارا ھەققىدە قەسىدە»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» 632 ـ بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى).
آيه كريمه ذلک فضل الله يؤتيه من يشاء و الله ذوالفضل العظيم (ئايە كەرىمە: زەلىكە فەزلۇللاھ يۇئتىھۇ مەن يەشائ ۋەللاھۇ زۇلفەزلۇل ئەزىم: ئۇلۇغ ئايەت: ئۇ ئاللاھنىڭ ئۆزى خالىغان بەندىسىگە قىلىدىغان ئىنايىتىدۇركى، ئاللاھ ئۇلۇغ ئىنايەت ئىگىسىدۇر). (قاراڭ: «تارىخى ھەمىدىي» قولىيازما نۇسخا، 282 ـ بەت، 7 ـ قۇر).
آيه كريمه والدارالآخرة خير للزين يتقون افلا يعقلون (ئايە كەرىمە: ۋەددارۇل ئاخىرەت خەيرۇن لىللەزىينە



يەتتۇقۇن ئەفەلا يەئقىلۇنە؟: ئۇلۇغ ئايەت: تەقۋا مۆمىنلەر ئۈچۈن ئاخىرەت ياخشىدۇركى، ئەجەبا ئۇلار بۇنى ئىدراك قىلالماسمۇ؟) (قاراڭ: «تارىخى ھەمىدىيە»، قولىيازما نۇسخا، 335 ـ بەت، 6 ـ قۇر) دېگەنلەرگە ئوخشاش.
‹4› ئىگە ـ خەۋەر مۇناسىۋىتىدىكى بىرىكمىلەردە، گىراماتىكىلىق ئىگىنىڭ ئالدىغا قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:
الله اكبر (ئاللاھۇ ئەكبەر): ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر.
الله ولى النعمه (ئاللاھۇ تەئالا): ئاللاھ نېمەت ساھىبىدۇر.
الحمد لله (ئەلھەمدۇلىللاھ): ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھقا خاستۇر.
الحكم لله (ئەلھۆكۈمۇللاھ): ھۆكۈم قىلىش ئاللاھقا خاستۇر.
القصاصى من الحق (ئەلقىساسى مىنەلھەق): قىساس ئېلىش ئاللاھتىن بولىدۇ.
العهده على الراوى (ئەلھۇھدە ئەلەر راۋى): مەسئۇلىيەت رىۋايەت قىلغۇچىدا بولىدۇ. (قاراڭ: «تارىخى ھەمىدىي»، قولىيازما، 307 ـ بەت، 18 ـ قۇر).
الحياء من الايمان (ئەلھەيا مىنەل ئىمان): ھايا قىلىش ئىماندىن كېلىدۇ:
حب الوطن من الايمان (ھۇببۇل ۋەتەن مىنەل ئىمان): ۋەتەن سۆيگۈسى ئىماندىن كېلىدۇ:
الاسلام بدأ غريبا سيعود كما بدأ (ئەلئىسلام بەدەئە غەرىيبان سەيەئۇدۇ كەمە بەدەئە: ئىسلامىيەت غۇربەت ئىچىدە باشلانغان، ئۇ كەلگۈسىدە ئاشۇ ئۆزى باشلانغان

مۇھىتقا قايتىدۇ). (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر، 303 ـ بەت، 7 ـ قۇر).

كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، يۇقىرىقى جۈملىلەردىكى «ئىسلام، جەننەت، ۋەتەن سۆيگۈسى، هايا، قىساس، هۆكۈم، ھەمدۇ ـ سانا» قاتارلىق سۆزلەر مەزكۇر جۈملىلەرنىڭ گىراماتىكىلىق ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئالاھىدە كۆرسىتىش بەلگىسى ئەلىفلام (الـ) قوشۇلۇپ كەلگەن.

چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەردە، جۈملىنىڭ ئىگىسى ئورنىدىكى مەزكۇر ئەلىفلاملىق سۆزلەرنىڭ ئالدىغا يەنە ئۇنىڭ جۈملە بېشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بىر «و» (ۋاۋ) ھەرپىنىڭ ھەمىشە قوشۇلۇپ كەلگەنلىكى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

والتوفيق من الله (ۋەت تەۋفىق مىنەللاھ): مۇۋەپپەقىيەت ئاللاھتىن كېلىدۇ؛

ولعياذ بالله (ۋەل ئىياز بىللاھ): پاناھگاھ (باشپاناھ) ئاللاھتۇر. (قاراڭ: « تارىخى ھەمىدىي» قولىيازما نۇسخا، 380 ـ بەت، 13 ـ قۇر):

ولله ولى التوفق (ۋەللاھۇ ۋەلىيۇت تەۋفىق): ئاللاھ مۇۋەپپەقىيەت ئىگىسىدۇر؛

ولله الموفق ولمعين (ۋەللاھۇ مۇۋەففىق ۋەل مۇئىين): ئاللاھ مەدەتكار ۋە غەمخوردۇر. (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر، 328 ـ بەت، 9 ـ قۇر) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

‹5› «نەتىجىدە، ئاقىۋەتتە» قاتارلىق ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدىغان يەكۈنلىگۈچى سۆز ـ كەلىمىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

الحاصل اقسو كوجا اوش‌طورفان غجەليک بيک بجه تسرفيغه داخل اولدى (ئەلھاسىل ئاقسۇ، كۇچا، ئۇشتۇرفانغاچەلىك بەگ بەچچە تەسەررۇفىغا داخىل ئولدى: قىسقىسى، ئاقسۇ، كۇچا، ئۇچتۇرپانغىچە بولغان جايلار بەگ بەچچەنىڭ قول ئىلكىگە ئۆتتى.) (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر، 264 ـ بەت، 12 ـ قۇر).

حاصل الكلام امير خدايدادنينک اولادو احفادلارى نينک عزت و حرمتى خان لارنينك حضوريدا مذکور بولغان درجه و مرتبەدا ايديلار (ھاسىلۇل كەلام ئەمىر خۇدايدادنىڭ ئەۋلاد ۋە ئەھفادلارىنىڭ ئىززەت ۋە ھۆرمەتى خانلارنىڭ ھوزۇرىدا مەزكۇز بولغان دەرەجە ۋە مەرتەبەدە ئەدىلەر: گەپنىڭ قىسقىسى، ئەمىر خۇدايدادئەۋلادلىرىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى خانلارنىڭ ھۇزۇرىدا، يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك يۇكسەك ئىدى.) (موللا مۇسا سايرامىي: «تارىخى ئەمنىيە» دىن. قاراڭ: «چاغاتاي تىلى» 181 ـ بەت. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى)

عاقبت الامور بو ايكى دريايى لشكر خون اشام لار ارالاريندا بير منزلدين زياده مسافت قالمادى (ئاقىبەتۇل ئومۇر، بۇ ئىككى دەريايى لەشكەرى خۇن ئاشاملارنىڭ ئارالارىندا، بىر مەنزىلدىن زىيادە مۇسافەت قالمادى: نەتىجىدە، بۇ ئىككى تەرەپ قان تۆكۈشكە تەييار لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىدا، بىر مەنزىلدىن ئارتۇق يول قالمىدى.) (قاراڭ: يۇقىرقى ئەسەر، 183 ـ بەت)

آخرالامور منصب دارلارنى ختن غه اليب باريب مخفى قيلغان خزينەلارينى بر بر آجيب جريک لار حقى ديب اليب آلديدا قويدى (ئاخىرۇل ئومۇر، مەنسەبدارلارنى خوتەنگە ئېلىپ بېرىپ، مەخفى قىلغان خەزىنەلەرنى بىر ـ بىر ئاچىپ، ‹چەرىكلەر ھەققى› دەپ، ئالدىدا قويدى:





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاقىۋەتتە مەنسەپدارلارنى خوتەنگە ئاپىرىپ، كۆمۈپ قويغان خەزىنىلىرىنى بىرمۇبىر ئىچىپ، « بۇ چىرىكلەرنىڭ ھەققى» دەپ، ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى مەنسەپدارلارنىڭ ئالدىدا قويىدى. («تارىخى ھەمىدي»، قولىيازما، 276 - بەت، 15 - قۇر).

آخرالامور زونكتونک دارين غه انكلانيب اليب جيقيب تولا سوز سورادى (ئاخىرۇل ئەمر، زوڭتوڭ دارىنغا ئاڭلانىپ، ئالىپ چىقىپ، تولا سۆز سورادى: ئاخىرىدا، زوڭتوڭ غوجامغا ئاڭلىنىپ قىلىپ، ئىلىپ چىقىپ، نۇرغۇن سوراق قىلىندى) (يۇقىرىقى ئەسەر، 305 - بەت، 9 - قۇر) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

‹6› دۇئا - تىلەك جۈملىلىرىدە قوللىنىلىدۇ. يەنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا، مۆھتەرەم ئۇلۇغ زاتلار تىلغا ئېلىنغاندا ھەمىشە ئۇ ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ئىسىم - نامىدىن كېيىنلا بەلگىلىك ياخشى تىلەك ۋە ئېھتىرام ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان دۇئا - تىلەك سۆزلىرىنى ئېيتىش ئادىتى بار. بۇ خىل دۇئا - تىلەك ئۇقۇمىدىكى جۈملىلەردە دائىم دېگۈدەك ئەلىفلام (الـ) ئىشلىتىلگەنلىكى كۆرۈلىدۇ.

مەسىلەن:

محد رسول الله عليه السلام (مۇھەممەد رۇسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسەلام): مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى (ئامان - ئېسەنلىك ئۇنىڭغا يار بولسۇن)؛

عباس رضى الله عنه (ئاببas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئابباس (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي)؛

خديجه ام المسلمين رضى الله عنها (خەدىچە ئۇممۇل مۇسلىمىن رەزىيەللەھۇ ئانھە: خەدىچە پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ ئانىسى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي)؛



عبيدالله لطفى رحمةالله عليه (ئوبەيدۇللاھ لۇتفىي رەھمۇتۇللاھ ئەلەيھى: ئوبەيدۇللاھ لۇتفىي (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)؛

حسين بهادرخان خلد الله تعالى ملكه و سلطنته و افاض على العالمين بره و مكرمته (ھۇسەين بەھادىرخان خەللەدەللاھۇ تەئالا مۇلكەھۇ ۋە سەلتەنەتۇھۇ ۋە ئەفازە ئەلەل ئالەمىين بىررەھۇ ۋە مەكرۇمەتۇھۇ): ھۇسەين بايقارا باھادىرخان (تەڭداشسىز ئاللاھ ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى ۋە سەلتەنىتىنى مەڭگۈلۈك قىلغاي، شۇنداقلا خەير - ئېھسان، ئەجىر ئىنايەتلەرنى ھەر ئىككى ئالەمدە مول قىلغاي) (قاراڭ: « مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەين» قولىيازما، 23 - بەت) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

‹7› ئەرەبچىدىن كىرىپ ئۆزلىشىپ كەتكەن پېئىل جۈملىلەردە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: سبحان الله الكريم (سۇبھانەللاھۇل كەرىم): كارامەتلىك ئاللاھنى مەدھىيىلەيمىز؛

بارك الله العظيم (بارەكەللاھۇل ئەزىم): ئۇلۇغ ئاللاھ مۇبارەك قىلسۇن؛

اعوذ بالله من الشيطان الرجيم (ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەش شەيتانىررەجىم): مەن ئاللاھتىن لەنىتى شەيتانىنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن پاناھلىق تىلەيمەن؛

نعوذ بالله من زلک (نەئۇزۇ بىللاھى مىن زەلىكە: ئاللاھ بىزنى ئۆز پاناھىدا ئۇنىڭدىن ‹ياكى ئۇنداق ئىشلاردىن› ساقلىغاي) (قاراڭ: « تارىخى ھەمىدي، قولىيازما، 276 - بەت، 5 - قۇر)؛

نعمل فى سبيل الله (نەئمۇلۇ فىيسەبىلىللاھ): ئاللاھ يولىدا خالىس ئىش قىلىمىز؛

ان شاء الله (ئىن شائە ئاللاھ): ئاللاھ خالىسا؛

ما شاء الله (ما شائه ئاللاھ): ئاللاھنىڭ خالىغىنى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

‹8› «على(ئەله)، من(مىن)، الى(ئىله)، بى، فى، ك (كه)» قاتارلىق ئالدى قوشۇلغۇچىلىق تەركىبلەردە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ايشيكى دا تورسا يورت اهلى قول قاووشتوروب،
خذمت دا بولسا ملا قلندر على الدوام.
يوهاى نفسى تويماس انينك مونجه يركا هم،
ايل حقى نى الورغه قويار نجه يركا دام.

(ئىشىكىدە تۇرسا يۇرت ئەھلى قول قاۋۇشتۇرۇپ، خىزمەتتە بولسا موللا، قەلەندەر ئەلەد دەۋام. يۇھاي نەفسى تويماس ئانىڭ مۇنچە يەرگە ھەم، ئەل ھەققىنى ئالۇرغا قويار نەچە يەرگە دام: ئۇنىڭچە بولسا، پۈتكۈل يۇرت ئەھلى ئۇنىڭ ئىشىكىدە تەلمۈرۈپ قوۋۇشتۇرۇپ تۇرسا، ئالىم-زىيالىيلارمۇ، قەلەندەر-گادايلارمۇ ئوخشاشلا ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلسا: ئۇنىڭ بالا نەپسى شۇنچە زور زېمىنگىمۇ تويمايدۇ، خەلقنىڭ ھەققىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، يەنە نەچچە يەرگە توزاق-دام قۇرىدۇ.) (سەبۇرىي: «تەرجىئ بەند»، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» 568 ـ بەت، 1980 ـ يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى):

عالم كى بولسا علم دا بى مثل بى بدل،
افلاتون اولسا اليدا بير طفل فى المثل.
بير فكر ايله متالعه قيلسا همه كتاب،
بير نقطه بيرله قيلسا جهان مشكلى نى حل.



(ئالىمكى بولسا، ئىلىمدە بىمىسل، بىبەدەل، ئەفلاتون ئولسا، ئالىدا بىر تىفل فىلمەسەل. بىر فىكىر ئىلە مۇتالەئە قىلسا ھەمە كىتاب، بىر نۇقتا بىرلە قىلسا، جەھان مۇشكۇلىنى ھەل: ئالىم بولسا، (ئۆزىچە) مىسلىسىز ۋە تەڭداشسىز بولسا، ئەپلاتون ئۇنىڭ ئالدىدىكى مىسالى بىر گۆدەك بالا بولسا، بىر تۇرۇشتىلا پۈتكۈل كىتابلارنى ئوقۇپ مۇتالىئە قىلىۋەتسە؛ جاھاندىكى مۇشكۇلاتلارنى بىر چېكىت بىلەنلا ھەل قىلىۋەتسە) (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر، 560 ـ بەت):

بالعاقبت بيک بجه نينک يكيتى غالب ليق قيلدى (بىل ئاقىبەت بەگە بەچچەنىڭ يىگىتى غالىبلىق قىلدى: نەتىجىدە، كىچىك بەگنىڭ يىگىتى يېڭىپ چىقتى.) (مۇسا سايرامىي: «تارىخى ھەمىدىي»، قوليازما، 266 ـ بەت، 12 ـ قۇر):

بال‌آخر بيلديكيم دين محمددين ياناماس ايكان (بىل ئاخىر بىلدىكىم، دىنى مۇھەممەددىن ياناماس ئەكەن: ئاقىۋەتتە، ئۇنىڭ ئىسلام دىنىدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر، 334 ـ بەت، 15 ـ قۇر):

فى الحقيقه فاعل حقيقى مالک حيى قديم جل سلطان اوزى دورلار (فىلھەقىقە فائىلى ھەقىقىي مالىكى ھەيىي قەدىم جەللە سۇلتانەھۇ ئۆزىدۇرلار): ھەقىقەتتە بولسا، ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى رويابقا چىقارغۇچى جالالەتنىڭ سۇلتان ئاللاھنىڭ ئۆزىدۇر. (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر. 309 ـ بەت، 3 ـ قۇر):

مغولستان قصد و تسخيرى كونكول لاريدا كالنقش فى الحجر ايدى (موغۇلىستان قەسد ۋە تەسخىرى



www.uyghurkitap.com

كۆڭۈللەرىــــــدە كەن نەقـــــش فىـــــل ھەجەر ئەدى): موغۇلىستاننى ئۆز تەسەررۇپىغا كىرگۈزۈش ئۇنىڭ كۆڭلىدە تاشقا ئويۇلغان نەقىشتەك ئىش ئىدى. (قاراڭ: «چاغاتاي تىلى» 181 ـ بەت، 15 ـ قۇر. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى) دېگەنلەرگە ئوخشاش.

‹9› «ھــو (ھــۇۋا)، الذى (ئەلــــلەزى)» قاتارلىـــق ئالماشلىق زىچ بىرىكمىلەردە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

الله هوالصبور (ئاللاھۇ ھۇۋاسسەبۇر): ئاللاھ ئۇ سەۋر قىلغۇچىدۇر. (قاراڭ: «تارىخى ھەمىدىي»، قولىيازما، 271 ـ بەت، 13 ـ قۇر):

هو الله هو (ھۇۋا ئاللاھ ھۇۋا): ئىلاھ پەقەت ئاشۇ ئاللاھتۇر (بۇ جۇملە ھازىرقى سوپىلار تىلىدىكى « ھۇ ئاللاھ ھۇ» نىڭ ئەسلىي ھېسابلىنىدۇ):

**2. ئەلىفلام (ال) نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلىشى**

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىۋاسىتە راۋاجى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ تەركىبىدە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ نۇرغۇن ئامىللىرى ساقلانغان ھالدا، كەڭ قوللىنىلىۋاتىدۇ. ماۋزۇيىمىزدىكى ئەلىفلام (الـ) بولسا، ئاشۇ خىل ئېلېمېنتلارنىڭ مۇھىملىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئەلىفلامنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلىشى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تۈپلۈك پەرققە ئىگە. ئۇ بولسىمۇ، مەزكۇر ئەلىفلام (الـ) نىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا خۇددى ئەرەب يېزىقىدىكىگە ئوخشاشلا ئەينەن يېزىلىدىغانلىقى،



ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىقىدا بولسا، ئەينەن يېزىلمايدىغانلىقى، پەقەت ئۇنىڭ ترانسكرىپسىيەسى يېزىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت.

مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئېتىمولوگىيەسى ئەرەب تىلى بولغان مەزكۇر ئەلىفلام (الـ) چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا خۇددى ئەرەب يېزىقىدىكىگە ئوخشاشلا (الـ) قىلىپ يېزىلىدۇ. ئەمما، ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىقىدا ئۇنىڭ (الـ) دېگەن ئەينەن ھەرپلىك شەكلى ئەمەس، مەزكۇر ئەلىفلامنىڭ كونكرېت سۆزلەملەر بىلەن بىرىكىش نەتىجىسىدە ھاسىل قىلغان تەلەپپۇزى (ترانسكرىپسىيەسى) يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

| چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا | ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىقىدا |
|---|---|
| الحمد لله | ئەلـ ھەمدۇ لىللاھ |
| محبوب القلوب | مەبۇبـ ـۇل قۇلۇب |
| السلام عليكم | ئەسـ ـ سەلامۇ ئەلەيكۇم |

دېگەنلەرگە ئوخشاش.

روشەنكى، بۇ تەركىبلەردىكى ئاستى سىزىلغان «ئەلـ، ـۇل، ئەسـ» دېگەنلەر چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا «الـ» يېزىلغان ئەلىفلامنىڭ كونكرېت بىرىكمە ئىچىدىكى تەلەپپۇز شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن چىقتىكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدا ئەلىفلامنىڭ ئەسلىي يېزىق شەكلى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سۆزلەملەر بىلەن بىرىكىپ كەلگەندىكى تەلەپپۇز شەكلى ئىپادىلەنگەچكە، ئۇنىڭ مەزكۇر كونكرېت سۆزلەملەر بىلەن بىرىكىپ كەلگەن چاغدا ئاڭلىتىدىغان گىراماتىكىلىق ۋە سېمانتىكىلىق مەنىسىنى ئېنىق بىلىش ئۈچۈن، بىزدە مۇناسىۋەتلىك تىل بىلىمى

بولۇشى لازىم بولىدۇ. بۇ ھال مەزكۇر ئەلىفلامنىڭ ھازىرقى تىلىمىزدا قوللىنىلىش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىپ، خەلق ئاممىسىغا ئۇنىڭغا تالىق تىل بىلىملىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئەلىفلامنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلىشى تۆۋەندىكىچە كۆرۈلىدۇ:

‹1› چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەن بەزى سۆزلەردە، ئەلىفلام (الـ) نىڭ ئايرىم ئۇقۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدىغان (ئەلـ) خۇددى ئەرەب تىلى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاشلا ئالاھىدە كۆرسىتىش، ئالاھىدە ئىپادە قىلىش ئۇقۇمىنى يورۇتقان ھالدا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

**ئەلقىسسە**. بۇ سۆز چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا (القصه) شەكلىدە يېزىلىدىغان بولۇپ، ئۇ ھەرقانداق بىر قىسسە-ھېكايىنى ئەمەس، سۆزلىگۈچى تەرىپىدىن ئاڭلىتىلىۋاتقان مۇئەييەن بىر قىسسە ياكى ھېكايىنى كۆرسەتكەن ھالدا ئىشلىتىلەتتى. مەزكۇر «ئەلقىسسە» سۆزى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئاساسەن شۇ ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ئۇ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دە: «ھېلىقى قىسسە (ھېكايە) نىڭ ئۆزىگە كەلسەك» دېگەن مەنىدىكى باغلىغۇچى سۆز، دەپ ئىزاھلانغان ۋە «ئەلقىسسە، شۇنىڭدىن كېيىن، شاھ خىسراۋ شەھەرگە قايتىپ، ئىككى ئاغچىسىنى قويۇپ بەردى» دېگەن جۈملە مىسال قىلىنغان. (قاراڭ: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى) 90-بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999- يىلى نەشرى).

**ئەلمىساق**. چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا (الـميثاق) يېزىلىپ، «ئەلمىيساق» ئوقۇلىدىغان بۇ سۆز چاغاتاي



ئۇيغۇر تىلىدا، ئەرەبچىدىكى «يوم الميثاق» (يەۋمۇل-مىيساق: مىساق كۈنى، ئەھدە كۈنى، تارىخ باشلانغان چاغ) بىرىكمىسىنىڭ قىسقارتىلمىسى سۈپىتىدە، «ئەڭ بۇرۇنقى زامان» ئۇقۇمىنى يورۇتۇپ ئىشلىتىلەتتى. مەزكۇر «ئەلمىساق» سۆزى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ، خۇددى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاشلا، ھەرقانداق بىر كۈن، ھەرقانداق بىر چاغنى ئەمەس، بەلكى «ئىنتايىن قەدىمكى زامان، ئەڭ بۇرۇنقى ۋاقىت، تارىخ باشلانغان چاغ» ئۇقۇمىدىكى سۆز قىلىپ ئىشلىتىلمەكتە. شۇڭا ئۇ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دە، «ئىنتايىن قەدىم زامان، ئەڭ بۇرۇنقى ۋاقىت» دەپ ئىزاھلانغان ۋە «بۇ — بىزنىڭ مىللىتىمىز ئىچىدە ئەلمىساقتىن تارتىپ بار ئادەت» دېگەن جۈملە مىسال قىلىنغان. (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر، 90 - بەت) شۇڭلاشقا، ھازىرقى تىل ئىستېمالىمىزدا قوللىنىلىۋاتقان « ئەلمىساق» سۆزىدىكى «ئەلـ» نى ھېلىھەم ئالاھىدە كۆرسىتىش ئۇقۇمىنى يوقاتمىغان تەركىب دەپ قارايمىز.

**ئەلھال**. چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا، (الحال) يېزىلىپ، « ئەلھال» ئوقۇلىدىغان بۇ سۆز ئەلىفلام (الـ) نىڭ ئالاھىدە كۆرسىتىش رولى ئاساسىدا، «شۇ تۇرۇق، ھازىرقى ھال، شۇ تاپ، ھازىر» ئۇقۇمىدا ئىشلىتىلەتتى. مەزكۇر «ئەلھال» سۆزى ھازىرقى تىلىمىزدىمۇ «ھازىر، مۇشۇ پەيتتە» (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر، 91-بەت) ئۇقۇمىنى يورۇتقان ھالدا ئىشلىتىلىۋاتقاچقا، «ھال» سۆزىگە قوشۇلۇپ كەلگەن (ئەلـ) نى يەنىلا ئالاھىدە كۆرسىتىش رولىنى ساقلاپ قالغان قوشۇمچە تەركىب دەپ ھېسابلىساق دۇرۇس بولىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

**ئەلئاجايىب**. بۇ سۆز چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا (العجايب) يېزىلىپ، «ئەلئەجايىب» ئوقۇلاتتى. «ئەجايىب»قا قوشۇلغان (ئەل-) ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئالاھىدە كۆرسىتىش رولىغا ئىگە قوشۇمچە ھېسابىدا ئىشلىتىلمەكتە. مەسىلەن: تۇرمۇش دېگەن ئەل ئاجايىب بىر ژۇرنال، بۇ ژۇرنالدا باش ماقالە بىلىم ئال.

**ئەلھاسىل**. «ھوسۇل» سۆزى بىلەن تومۇرداش بولغان «ھاسىل» كەلىمىسىنىڭ ئەلىفلاملىق شەكلى بولغان «ئەلھاسىل» سۆزى چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا (الحاصل) شەكلىدە يېزىلىپ، ئەلىفلام (الـ) نىڭ ئالاھىدە كۆرسىتىش رولىنىڭ كۈچى بىلەن «گەپنىڭ پوسكاللىسى، خۇلاسە قىلغاندا، نەتىجىدە» ئۇقۇملىرىنى يورۇتۇپ ئىشلىتىلەتتى. بۇ سۆزنىڭ ھازىرقى تىل لۇغەتلىرىمىزدىمۇ «ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يىغىپ ئېيتقاندا، قىسقىسى» دەپ ئىزاھلىنىۋاتقانلىقىغا ئاساسلىنىپ، (قاراڭ: يۇقىرىقى لۇغەت، 91- بەت) مەزكۇر «ھاسىل» سۆزىگە قوشۇلغان (ئەل-) نى ھېلىھەم ئالاھىدە كۆرسىتىش رولىنى ساقلاپ قالغان ھالدا ئىشلىتىلىۋاتقان تەركىب دەپ چۈشەندۈرسەك بولىدۇ.

‹2›چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەن بەزى ئەلىفلاملىق قاتما سۆزلەردە، مەزكۇر ئەلىفلامنىڭ ئايرىم ئوقۇلۇشى بولغان (ئەل-) ئۆزىنىڭ ئەرەب تىلى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالاھىدە كۆرسىتىش، ئالاھىدە ئىپادىلەش ئۇقۇمىنى يوقاتقان، ئەمما ئۇنىڭغا قوشۇلغان سۆز بولسا، ئۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسىنى ئەينەن ساقلاپ قالغان ھالدا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

**ئەلھەق**. بۇ سۆز چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا (الحق) يېزىلىپ، (ئەلھەق) تەلەپپۇز قىلىناتتى ۋە « ھەق»



كەلىمىسىنىڭ ئالاھىدە كۆرسىتىشلىك شەكلى سۈپىتىدە «دۇرۇس، راست، توغرا: ھوقۇق: نېسىۋە، ئۇلۇش: ئاللاھ» مەنىلىرىدە قوللىنىلاتتى. مەزكۇر «ھەق» سۆزىنىڭ ئالدىغا قوشۇلغان (ئەل-) ئىستېمال جەريانىدا، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئالاھىدە كۆرسىتىش، ئالاھىدە ئىپادىلەش رولىنى ۋە ئۇقۇمىنى يوقىتىپ، ئۆزى قوشۇلغان «ھەق» سۆزىگە ھېچقانداق بىر قوشۇمچە مەنە يۈكلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالغان. شۇڭلاشقا، مەزكۇر «ئەلھەق» سۆزى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەن ئەلىفلاملىق بىر قاتما سۆز سۈپىتىدە، ھازىرقى لۇغەتلىرىمىزدە «راست، شۇنداق، ھەقىقەتەن» دەپ ئىزاھلانماقتا. مەسىلەن: «ئالىم بولساڭ، ئالەم سېنىڭكى» دېگەن گەپ ئەلھەق راست ئىكەن. (قاراڭ: يۇقىرىقى لۇغەت. 91- بەت).

**ئەلھايا**. بۇ سۆز چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا (الحياء) يېزىلىپ، «ئەلھەيائ» ئوقۇلاتتى. ئىستېمال ئەمەلىيىتى جەريانىدا، بۇ سۆز مۇئەييەن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش قىلىپ «ئەلھايا» تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولغاندىن باشقا، «ھايا» سۆزىگە قوشۇلغان ئەلىفلام ئۆزىنىڭ ئالاھىدە كۆرسىتىش، ئالاھىدە ئىپادىلەش رولىنى يوقاتقان. شۇڭا، مەزكۇر «ئەلھايا» سۆزى ھازىرقى لۇغەتلىرىمىزدە، «ھايا» سۆزىنىڭ ئىسىمداش شەكلى بىلەن «ھايا قىلىش» دەپلا ئىزاھلانماقتا. (قاراڭ: يۇقىرىقى لۇغەت 91- بەت).

**ئەلۋىدا**. چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا (الوداء) يېزىلىپ، «ئەلۋىدائ» ئوقۇلىدىغان بۇ سۆزدىكى ئەلفلام (الـ) ئىستېمال ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە كۆرسىتىش بەلگىلىك رولىنى يوقىتىپ قويغاچ، مەزكۇر «ئەلۋىدا» كەلىمىسى ئەمەلىي ئىستېمالدا « ۋىدا» سۆزى بىلەن ئوخشاش ئۇقۇم، ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىلىدىغان

بىر سۆزلەمگە ئايلىنىپ قالغان. شۇڭلاشقا، هازىرقى تىل لۇغەتلىرىمىزدە، «ۋىدالاشماق» مۇ، «ئەلۋىدالاشماق» مۇ ئوخشاشلا «مەڭگۈلۈك ئايرىلماق، مەڭگۈلۈك خوشلاشماق» دەپ ئىزاھلانماقتا. مەسىلەن: دادىسى «چوقۇم ئۈچ ئېلىڭلار» دېگىنىچە جاھان بىلەن ئەلۋىدالاشتى؛ دېدى خەلقىم شۇڭا چوڭقۇر يۇرەكتىن «ئەلۋىدا ئوغلۇم! ياشايدۇ بىز بىلەن روھىڭ ئەمەس بىزدىن جۇدا ئوغلۇم» (قاراڭ: يۇقىرىقى لۇغەت، 91 ـ 1275 ـ بەتلەر)

‹3› چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەن بەزى قاتما سۆزلەردە ئەلىفلامىنىڭ ئايرىم ئوقۇلۇشى بولغان (ئەل ـ) ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئالاھىدە كۆرسىتىش قوشۇمچىلىق رولىنى يوقىتىپ، ئۆزى بىرىكىپ كەلگەن سۆزگە «(سىلەر) قىلىڭلار» دېگەن ئۇقۇمنى يۈكلىگەن هالدا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئەلھەزەر. بۇ سۆز چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا (الحذر) يېزىلىپ، «ئەلھەزەر» تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولۇپ، ئەمەلىي ئۇقۇمدا «هەزەر قىلىش» سۆزىنىڭ ئالاھىدە تەكىتلەنگەن شەكلى قىلىپ قوللىنىلغان.

مەزكۇر «ئەلھەزەر» سۆزى هازىرقى تىلىمىزدا «هەزەر قىلىڭلار، ساقلىنىڭلار» دېگەن بولىدۇ، دەپ ئىزاھلاپ ئىشلىتىلمەكتە. (قاراڭ: يۇقىرىقى لۇغەت91 ـ بەت).

‹4›ئەلىفلامىنىڭ ئايرىم ئوقۇلۇشى بولغان (الـ) كېيىنكى چاغلاردا ساپ ئۇيغۇرچە سۆز «ئەل ـ يۇرت» تىكى «ئەل» سۆزى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلىدىغان، ھەتتا «كۆپچىلىك» ئۇقۇمىدىكى «ئەل» سۆزىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ ئىشلىتىلىدىغان بولغانلىقى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:



ئەلكۇن. بۇ سۆز چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا (الكون) يېزىلىپ، «ئەلكەۋن» ئوقۇلۇپ، «كائىنات، ئالەم» ئۇقۇمىنى يورۇتۇپ ئىشلىتىلەتتى. هالبۇكى، بۇ سۆز ئىستېمال جەريانىدا، تەلەپپۇز جەھەتتە مۇئەييەن ئۆزگىرىش ياساپ، «ئەلكۇن» دېيىلىدىغان بولۇپ قالغاندىن باشقا، ئەسلىدىكى ئەلىفلام (الـ) نىڭ ئايرىم ئوقۇلۇشى بولغان (ئەلـ) قوشۇمچىسى ساپ ئۇيغۇرچە كەلىمە بولغان «ئەل ـ يۇرت» تىكى «ئەل» دەپ قارىلىپ، «ئەلكۇن» دېگەندە، «جامائەت، خالايىق، يۇرت ئەھلى، خەلقىئالەم» ئۇقۇمىنى يورۇتىدىغان سۆز بولۇپ قالغان. مەسىلەن: ئەگەر بۇ ئىشنى ياخشى ئورۇندىمىساڭ، ئەلكۇننىڭ ئالدىدا خىجالەتچىلىكتە قالىمىز. (قاراڭ: يۇقىرىقى لۇغەت 90 ـ بەت).

ئەلجامائەت. بۇ سۆز چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا «الجماعت» يېزىلىپ «ئەلجەمائەت» تەلەپپۇز قىلىناتتى ۋە ئادەتتە «جامائەت، ئىنسانلار توپى، قەبىلە» ئۇقۇمىنى يورۇتقان هالدا ئىشلىتىلەتتى. بىراق ئىستېمال جەرياندا، مەزكۇر «جامائەت» سۆزىنىڭ ئالدىغا قوشۇلغان ئالاھىدە كۆرسىتىش قوشۇمچىسى (الـ) ساپ ئۇيغۇرچە كەلىمە بولغان «ئەل ـ يۇرت» تىكى «ئەل» دەپ قارىلىدىغان بولۇپ قالغان. نەتىجىدە، بۈگۈنكى كۈندىكى «ئەل ـ جامائەت» سۆزى شەكىللەنگەن. مەسىلەن، ئۇزاق يىل كېسەل ئازابىنى تارتقان ئۆمەر ئاكىنى ئەل ـ جامائەت يىغىلىپ يوقلىدى. (قاراڭ: يۇقىرىقى لۇغەت، 90 ـ بەت)

‹5› چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن كەلگەن ئىگە ـ خەۋەر بىرىكمىسى شەكلىدىكى جۈملىلەردە، ئەلىفلام (الـ) نىڭ ئايرىم ئوقۇلۇشى بولغان (ئەلـ) ئىگىنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ كېلىپ، ھېلىھەم ئالاھىدە كۆرسىتىش



www.uyghurkitap.com

قوشۇمچىسى رولىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

**ئەلھەمدۇلىللاھ** (جۈملە ئاخىرىدىكى «ھ» چۈشۈرۈپ قويۇلماسلىقى لازىم). بۇ ئىگە - خەۋەر قۇرۇلمىلىق جۈملە چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا «الحمد لله» دەپ يېزىلىپ، «ئەلھەمدۇ لىللاھ» دەپ ئوقۇلىدۇ. جۈملىنىڭ ئىگىسى «ھەمدۇ» (ھەمدۇ - سانا، ماختاش)، خەۋىرى «لىللاھ» (ئاللاھقا خاستۇر) بولۇپ، بۇ يەردە ئەرەب تىلىنىڭ قائىدىسى بويىچە، ئىگىنىڭ ئالدىغا ئالاھىدە كۆرسىتىش قوشۇمچىسى «ئەلىفلام» (الـ) قوشۇلغان خالاس. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى مەزكۇر ئەرەبچە جۈملىنى ئۆز سوستاۋىغا قوبۇل قىلىپ يېزىقتا ئەينەن يېزىپ، ئۇيغۇر ئامىمىسىغا ئۆزلەشتۈرۈۋەتكەن. ئەمدى، ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىقىدا ئەلىفلام ئەرەبچىدىكى بىلەن ئەينەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئايرىم ھالدىكى تەلەپپۇزى بولغان «ئەلـ» يېزىلىدۇ، بۇ يەردىكى «ئەلـ» ساپ ئۇيغۇرچە سۆز «ئەل - يۇرت» تىكى «ئەل» ئەمەسلىكى ناھايىتى ئېنىق. شۇنداق ئىكەن، گىرامماتىكا كىتابلىرىمىزدا، بۇ خىل بىرىكمىلەردىكى «ئەلـ» نىڭ ئەمەلىيەتتە، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاشلا ئالاھىدە كۆرسىتىش قوشۇمچىسى رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتۈشىمىز لازىم.

**ئەلھۆكمۇ لىللاھ** (يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان لۇغەتنىڭ «ئەلھۆكمىلىللا» يېزىشى توغرا ئەمەس) بۇمۇ ئەرەب تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن ئىگە - خەۋەر قۇرۇلمىلىق جۈملە بولۇپ، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا «الحكم لله» شەكلىدە يېزىلاتتى. خۇددى «الحمد لله» قۇرۇلمىلىق جۈملىنىڭ ئىگىسى «ئەلھەمدۇ» دەپ ئاخىرقى بوغۇمى «ـ ئۇ» لۇق تەلەپپۇز قىلىنغاندەك،



«الحكم» سۆزىمۇ «ئەلھۆكمۇ» دەپ ئوقۇلىدۇ. بۇ يەردىكى «حكم» (ھۆكم) مەزكۇر جۈملىنىڭ ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆرسىتىش بەلگىسى «الـ» (ئەلىفلام) قوشۇلغان. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، مەزكۇر ئەلىفلامنىڭ ئايرىم ھالدىكى تەلەپپۇزى بولغان «ئەلـ» ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ يەردە ئۇ خۇددى چاغاتاي ئۇيغۇرچىسىدىكىگە ئوخشاشلا ئالاھىدە كۆرسىتىش رولىدىكى قوشۇمچە ھېسابلىنىدۇ، «ئەلھۆكمۇ لىللاھ» دېگەن بۇ ئىگە - خەۋەر بىرىكمىسىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى خۇددى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشاشلا «ھۆكۈم قىلىش ئاللاھنىڭ ئىشىدۇر، ھۆكۈم قىلىش ئاللاھ تەرىپىدىن بولىدۇ» دېگەن بولىدۇ.

**ئەلقىساسۇ مىنەلھەق.** بۇمۇ ئەرەب تىلىدىن كىرگەن، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزلەشتۈرۈشىدىن ئۆتكەن ئىگە - خەۋەر قۇرۇلمىلىق جۈملە ھېسابلىنىدۇ. بۇ جۈملىنىڭ ئىگە قىسمىدىكى «ئەلـ» ئەلىفلامنىڭ ئايرىم ھالدىكى ئوقۇلۇشى بولۇپ، «قىساس» سۆزى بۇ جۈملىنىڭ ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئالاھىدە كۆرسىتىش بەلگىسى «الـ» (ئەلىفلام) قوشۇلغان. «قىساس» سۆزىگە قوشۇلغان «ـ ئۇ » مۇ مەزكۇر سۆزنىڭ جۈملە ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، قوشۇلغان قوشۇمچە ھېسابلىنىدۇ. بۇ جۈملىنىڭ خەۋەر قىسمىدىكى «مىن» بولسا، «ـ دىن، ـ تىن» ئۇقۇمىدىكى ئالدى قوشۇلغۇچى سانىلىدۇ، ئۇنىڭغا قوشۇلغان « ئەلـ» بولسا، جۈملە ئاخىرىدىكى «ھەق» «ئاللاھ» نىڭ كۆرسىتىدىغان سۆز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوشۇلغان ئالاھىدە كۆرسىتىش قوشۇمچىسى ھېسابلىنىدۇ. چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا، «القصاص من الحق » قىلىپ يېزىلىدىغان بۇ

«ئەلقىساسۇ مىنەلھەق» «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (90 ـ بەت) دە ئىزاھلاپ كۆرسىتىلگەندەك «قىساس ئېلىش ھەق ۋە قىلىشقا تېگىشلىك ئىش دېگەن مەنىدىكى ئىملىق سۆز»لا ئەمەس، بەلكى ئالدى بىلەن، «قىساس ئېلىش ئاللاھ تەرىپىدىن بولىدۇ» دېگەن مەنىدىكى ئېنىق ئۇقۇملۇق بىر جۈملىدۇر.

**ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.** بۇمۇ ئەرەب تىلىدىن كىرگەن، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزلەشتۈرۈشىدىن ئۆتكەن ئىگە ـ خەۋەر قۇرۇلمىلىق بىر جۈملىدۇر. بۇ جۈملە چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا، «السلام عليكم» يېزىلىپ، «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم» ئوقۇلاتتى. كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، بۇ يەردىكى «ئەس ـ» ئەلىفلام (الـ ـ) نىڭ «سەلام»دىكى «س» ھەرپى بىلەن بىرىكتۈرۈلۈپ ئوقۇلغاندىكى تەلەپپۇزلۇق شەكلى بولۇپ، جۈملىدە ھېچقانداق بىر سېمانتىك ئۇقۇم ئاڭلاتمايدۇ. «سەلام» سۆزىنىڭ ئەرەب تىلىدىكى، شۇنداقلا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى ئوخشاشلا «تىنچلىق، ئامانلىق» دېگەن بولىدۇ، ئۇ (يەنى «سەلام» سۆزى) بۇ جۈملىنىڭ ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ. جۈملە خەۋىرى بولغان «ئەلەيكۇم» نىڭ مەنىسى (سىزگە ياكى سىلەرگە يار بولسۇن» دېگەن بولىدۇ. دېمەك، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم» دىن قىسمەن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش قىلىپ شەكىللەنگەن «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن ئورتاق بولغان خەلقئارالىق جۈملە بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى « تىنچلىق ـ ئامانلىق سىزگە (سىلەرگە) يار بولسۇن» دېگەن بولىدۇ. شۇڭا بۇ جۈملىنى بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمان بىلەن ئۇچراشقان چاغدىمۇ، شۇنداقلا



ئايرىلىدىغان (خەيرلەشكەن) چاغدىمۇ ئىشلىتىدۇ ۋە ئىشلەتسە بولىدۇ.

‹6› ئەسلىدە، ئەرەب تىلىدا پېئىل جۈملىسى بولۇپ، تىل ئىستېمالى ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلىشىپ كەتكەن بەزى قاتما جۈملىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، ئەستەغپۇرۇللاھ، نەئۇزۇبىللاھ، سەدەقاللاھۇلئەزىم، سەدەقە رەسۇللاھۇلكەرىم دېگەنلەرگە ئوخشاش.

**ئەستەغپۇرۇللاھ.** بۇ سۆز يەنە «ئەستەغپۇرۇللاھ ئەلئەزىم» دەپمۇ ئىشلىتىلىدۇ. چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا «استغفر الله العظيم» يېزىلىپ، «ئەستەغفۇرۇللاھ ئەلئەزىم» ئوقۇلىدىغان بۇ سۆز پۈتۈن بىر پېئىل جۈملىسى بولۇپ، مەنىسى « ئۇلۇغ ئاللاھتىن مېنى مەغپىرەت قىلىشنى تىلەيمەن؛ ئۇلۇغ ئاللاھ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغاي» دېگەن بولىدۇ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر دىنىي زاتلىرىنىڭ تىلىدا، مەزكۇر «ئەستەغپۇرۇللاھ» قاتما جۈملىسى ھېلىھەم مۇشۇ مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

**نەئۇزۇ بىللاھ.** بۇ سۆز يەنە «نەئۇزۇ بىللاھ مىنەش شەيتانىر رەجىم» دەپمۇ ئىشلىتىلىدۇ. چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا «نعوذ بالله» ۋە «نعوذ بالله من الشيطان الرجيم» دەپ يېزىلىدىغان بۇ پېئىل جۈملىلەرنىڭ مەنىلىرى «ئاللاھ بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي»، «ئاللاھ بىزنى لەنىتى شەيتاندىن ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي» دېگەن بولىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، مەزكۇر «نەئۇزۇ بىللاھ» جۈملىسى يەنە باشقا ئۇقۇملارغىمۇ ئىما قىلىدىغان ئىملىق سۆز قىلىپ ئىشلىتىلگەندىن باشقا، ئاساسلىقى «ئاللاھ بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي» دېگەن ئۇقۇملۇق قاتما جۈملە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. (قاراڭ: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى 1108 ـ بەت).



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**سەدەقاللاھۇل ئەزىم.** چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا «صدق الله العظيم» قىلىپ يېزىلىدىغان بۇ پېئىل جۈملىسىنىڭ مەنىسى «ئۇلۇغ ئاللاھ توغرا ئېيتىدۇ» دېگەن بولىدۇ. ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى ئوقۇغاندا ياكى ئوقۇپ بەرگەننى تىڭشىغاندا، ئايەت ياكى قۇرئاندىن ئېلىنغان نەقىل ئاخىرلاشقاندا، مەزكۇر جۈملىنى ئېيتىپ تەستىقلايدۇ.

**سەدەقە رەسۇلۇللاھ ياكى سەدەقە رەسۇلۇللاھۇلكەرىم.** چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا «صدق رسول الله» ۋە «صدق رسول الله الكريم» يېزىلىدىغان بۇ جۈملىلەرنىڭ مەنىسى «جانابى مۇھەممەد پەيغەمبەر توغرا ئېيتىدۇ» دېگەن بولىدۇ. بۇلار ھەدىس شەرىپ (مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ شاراپەتلىك سۆزلىرى)تىن نەقىل كەلتۈرۈلگەندە، ئاڭلىغۇچى ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلىقىدىن سۆيۈنۈپ تۇرۇپ، تەستىقلاپ ئېيتىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە ئەرەبچىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن «بى، فى» قاتارلىق ئالدى قوشۇلغۇچىلىق سۆزلەردىمۇ ئەلىفلام (الـ) ۋە ئۇنىڭ كونكرېت سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كەلگەندىكى تەلەپپۇزلۇق شەكلى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم.** ئەرەبچىدە، شۇنداقلا چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا «بسم الله الرحمن الرحيم» دەپ يېزىلىدىغان بۇ ئەلىفلاملىق تۇراقلىق بىرىكمە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا خۇددى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» غا ئوخشاشلا ئىشلىتىلىش چاستوتىسى نىسبەتەن يۇقىرى بولغان ئاتالغۇ ھېسابلىنىدۇ. بۇ بىرىكمە ئالدى قوشۇلغۇچى «بى» بىلەن «ئاللاھ، رەھمان،



رەھىم» سۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە كۆرسىتىش قوشۇمچىسى ئەلىفلام (الـ) نىڭ ئەرەب تىلى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى قائىدىسى بويىچە بىرىكتۈرۈلۈشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى «ئىنتايىن شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ نامى بىلەن» دېگەن بولىدۇ. (مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ جۈملىدە، ‹باشلايمەن› ئۇقۇمىنى ئاڭلىتىدىغان سۆز يوقتۇر) لۇغەتلىرىمىزدە ئىزاھلىنىپ ۋە جانلىق تىلىمىزدا ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان «بىسمىللاھ» ۋە «بىسمىل قىلماق» دېگەن سۆزلەر مەزكۇر «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» نىڭ قىسقارتىلمىلىرى سانىلىدۇ.

**فىيسەبىلىللاھ ياكى پىيسە بىلىللاھ.** دىنىي زاتلىرىمىز تىلىدا تەكەللۇمىسىنى كەلتۈرۈپ «فىيسەبىلىللاھ» دەپ ئىشلىتىلىۋاتقان بۇ ئالدى قوشۇلغۇچىلىق بىرىكمە ئەرەبچە ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا، ئوخشاشلا «فى سبيل الله» يېزىلىدۇ. «ـدا، ـدە، ـتا، ـتە» ئۇقۇمىدىكى «فى» ئالدى قوشۇلغۇچىسى بىلەن «يول» مەنىسىدىكى «سەبىل» ۋە «ئاللاھ» سۆزىنىڭ بىرىكتۈرۈلۈشىدىن ھاسىل بولغان بۇ تۇراقلىق تەركىب ھازىرقى ئۇيغۇر دىنىي زاتلىرىنىڭ لۇغىتىدە «ئاللاھنىڭ يولىدا، خالىس ئاللاھ ئۈچۈن، مۇتلەق خالىس» ئۇقۇمىنى يورۇتۇپ قوللىنىلماقتا. جانلىق تىلدا خۇسۇسەن دېھقانلار تىلىدا بۇ سۆز يەنە بىر ئاز فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش قىلغان ھالدا «پىسىۋىللاھ» دەپمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

### 3. ئەلىفلام (الـ) لىق تەركىبلەرنى توغرا ئىزاھلاش زۆرۈر

ئانا تىلىمىزنى ئۆزىمىز تەتقىق قىلىشتىن مەقسەت

تىلىمىزنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىشچانلىقىنى ئۆستۈرۈش ئۇچۇندۇر. تىلىمىزنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىشچانلىقىنى ئۆستۈرۈش بولسا، لۇغەت فوندىمىزدىكى سۆزلەملەرنى، سۆز بىرىكمىلىرىنى ۋە بارلىق تۇراقلىق تەركىبلەرنى مۇناسىۋەتلىك تىل ۋە لۇغەت كىتابلىرىمىزدا توغرا ئىزاھلاپ كۆرسىتىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەمدى، ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان قوشۇمچە ئەلىفلام (الـ) نىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ۋە هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلىش ئەھۋالىنى نىسبەتەن تەپسىلىي تەتقىق قىلىشىمىزدىن مەقسەت، بۈگۈنكى كۈندە تىلىمىزدا ئىشلىتىلىۋاتقان ئەلىفلاملىق سۆزلەم، بىرىكمە ۋە جۈملىلەرنى ئالدى بىلەن لۇغەت كىتابلىرىمىزدا توغرا ئىزاھلاش، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئەمەلىي تىل ئىستېمالىمىزدىكى قوللىنىلىشچانلىقىنى توغرا يول بىلەن يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت.

بىز ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلىشىپ كەتكەن ئەلىفلاملىق سۆز، بىرىكمە ۋە جۈملىلەر ھەققىدە مورفولوگىيەلىك ۋە سىنتاكسىسلىق ساۋاتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن نەزەر سالىدىغان بولساق، مەزكۇر تەركىبلەرنىڭ لۇغەتلىرىمىزدىكى ئىزاھ ـ چۈشەندۈرۈشلىرىدە تۆۋەندىكىدەك نۇقسانلارنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يېتىمىز:

بىرىنچى، ئىگە ـ خەۋەر قۇرۇلمىلىق ئۆزلەشمە جۈملىلەردە، ئەلىفلاملىق ئىگە سۆزنىڭ ئاخىرى جەزمەن «ـ ئۇ» سوزۇق تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. لۇغەت كىتابلىرىمىزدا، مەزكۇر تۈرگە كىرىدىغان جۈملىلەردىن «ئەلھەمدۇ لىللاھ، ئەلقىساسۇ مىنەلھەق، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» قاتارلىقلاردا ئەلىفلاملىق ئىگە سۆزلەر بولغان «ئەلھەمدۇ، ئەلقىساسۇ،



ئەسسالامۇ» لارنىڭ ئىملاسى قائىدىگە ئۇيغۇن ۋە توغرا يېزىلغان بولسىمۇ، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (قىسقارتىلمىسى) دا، «ئەلھۆكمۇ لىللاھ» يېزىلىشقا تېگىشلىك جۈملە «ئەلھۆكمى لىللا» قىلىپ، پۈتۈنلەي خاتا يېزىلغان (قاراڭ: شۇ ناملىق لۇغەت، 91 ـ بەت، تۆۋەندىن 12 ـ قۇر).

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، «ئەلھۆكمۇ» مەزكۇر ئىگە ـ خەۋەر قۇرۇلمىلىق جۈملىنىڭ ئىگىسى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «ھۆكۈم قىلىش، ھۆكۈم چىقىرىش، ھۆكۈم» دېگەن بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئىملاسىنى توغرا يازماي «ئەلھۆكمى» قىلىپ قويساق، «ئەلنىڭ ھۆكمى» دېگەن خاتا چۈشەنچىنى بېرىپ قويىدۇ ـ دە، پۈتۈن جۈملىنىڭ ئەسلىي ئۇقۇمى ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ. بۇ يەردىكى «لىللاھ» سۆزى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ، مەنىسى «ئاللاھنىڭ ئىشى، ئاللاھقا خاس، ئاللاھ قىلىدۇ» دېگەن بولىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھنىڭ مۇبارەك نامىنى «ئاللا ـ كاللا» دىكى «ئاللا» بىلەن ئوخشاش قىلىپ يېزىش ۋە دېيىش تولىمۇ بولمىغۇر ئىش. شۇڭا، بۇ يەردىكى «لىللاھ» سۆزىنى «لىللا» قىلىپ يېزىشمۇ پۈتۈنلەي خاتا بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئىككىنچى، كۆپ سۆزلەملىك ئەلىفلاملىق قۇرۇلمىلارنىڭ گىرامماتىكىلىق شەكىل تەۋەلىكىنى توغرا ئىزاھلىماسلىق.

«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دىكى ئۆلچەم قىلىپ ئېيتقاندا، بىر سۆزلەملىك ۋە ئىككى سۆزلەملىك بولغان ئەلىفلاملىق قۇرۇلمىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىستېمالدىكى رېئال ئەھۋالى بويىچە بىر تۈپ

سۆز قارىلىپ «ئىسىم، باغلىغۇچى، رەۋىش ۋە يۈكلىمە» قىلىپ ئىزاھلىنىشى توغرا بولغان. ئالايلۇق، بىر سۆزلەملىك ئەلىفلاملىق قۇرۇلمىلاردىن «ئەسسالام (السلام)، ئەلكۇن (الكون)، ئەلمىساق (الميثاق)، ئەلھايا (الحيا) قاتارلىقلار، ئىككى سۆزلەملىك ئەلىفلاملىق قۇرۇلمىلاردىن «ئەكسىلھەرىكەت (عكس الحركت)، ئەكسىلئىنقىلاب (عكس الانقلاب)» قاتارلىقلارنىڭ ئىسىم، «ئەلقىسسە (القصه)، ئەلھاسىل (الحاصل)» سۆزلىرىنىڭ باغلىغۇچى، «ئەلھەق (الحق)» سۆزىنىڭ بولسا «يۈكلىمە» دەپ ئىزاھلىنىشى ئەلۋەتتە توغرا. شۇنداق بولغاندا، «ئەلۋىدا (الودا)» سۆزىنىمۇ بىرىنچى ئۇقۇمدا، ئىسىم (ئى) دەپ ئىزاھلاش لازىم. چۈنكى، «ۋىدالاشماق» مۇ «ئەلۋىدالاشماق» مۇ، ئوخشاشلا «مەڭگۈلۈك خوشلاشماق» دېگەن بولىدۇ.

بىراق، مەزكۇر لۇغەتتە، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەلقىساسۇ مىنەلھەق، ئەلھەمدۇ لىللاھ، ئەلھۆكمۇ لىللاھ» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ «ئى» (ئىسىم) ۋە «ئىم» (ئىملىق سۆز) دەپ ئىزاھلىنىشى مۇتلەق توغرا بولمىغان. چۈنكى، بۇ قۇرۇلمىلارغا ئۇيغۇردىن قارىساقمۇ، سولدىن قارىساقمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ بىر تۇپ سۆز ئەمەسلىكى بىلىنىپلا تۇرىدۇ. ئالايلۇق، «ئەلقىساسۇ مىنەلھەق» تە «قىساس» سۆزى بىلەن «ھەق» سۆزىنىڭ ئايرىم - ئايرىم سۆزلەم ئىكەنلىكى ۋە قۇرۇلمىنىڭ مۇئەييەن قائىدە بويىچە بىرىككەن بىرىكمە ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. «ئەلھەمدۇ لىللاھ» قا كەلسەك، خەلقىمىز ئىچىدە «ئەلھەمدۇنى بىلەمسەن؟»، «لىللاھ گەپ قىل» دەپ ئايرىم - ئايرىم ئىشلىتىش ئادىتى بار. يەنە دېسەك، «ئەسسالام»نى تۈپ سۆز بىلىپ، ئايرىم



ئىزاھلىغان ئىكەنمىز، ئۇنىڭغا بىر «ئەلەيكۇم» قوشۇلۇپ، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» بولۇپ كەلسە، يەنى «ئەسسالام» تۈپ سۆزىگە «ئەلەيكۇم» دەيدىغان ئىككى بوغۇملۇق بىر تەركىب قوشۇلۇپ كەلگەن تۇرسا، يەنە ئۇنى تۈپ سۆز دەپ قاراپ، «ئى» (ئىسىم) دەپ ئىزاھلىساق، ھەرگىز بولمايدۇ - دە! دېمەكچىمەنكى، بۇ خىل كۆپ سۆزلەملىك ئەلىفلاملىق قۇرۇلمىلارنىڭ گىرامماتىكىلىق شەكىل تەۋەلىكىنى «ت ئى» (تۇراقلىق ئىبارە) دەپ ئىزاھلاش كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئۈچىنچى، كۆپ سۆزلەملىك ئەلىفلاملىق تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ مەنىسىنى توغرا ئىزاھلىماسلىق.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مىللىي ئەدەپ - مۇئامىلە سۆزلىرىگە ئائىت بولغان ۋە مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىك ئولتۇرۇش - قوپۇشلاردا ئىشلىتىلىش چاستوتىسى نىسبەتەن يۇقىرى بولغان «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەلھەمدۇ لىللاھ، ئەلھۆكمۇلىللاھ» قاتارلىق تۇراقلىق ئىبارىلەر ۋە جۈملىلەر خاتا ھالدا تۈپ سۆز دەپ قارالغانلىقتىن، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دە مۇنداق ئىزاھلانغان:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم . ئى (ئىسىم)، ئە (ئېتىمولوگىيەسى ئەرەبچە): ① كىشىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىپ ئېيتىدىغان سۆزى: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېسە «بەش تەڭگەمنى بەر دەپتۇ (ماقال). ② كۆچمە. قانداق، مەن دېگەندەك بولدىمۇ؟... غا ئوخشاش قارشى تەرەپنى ئۇيالدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆز: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم. ئۇنىماي كېتىۋىدىڭىز، قايتىپ كەپسىزغۇ؟ (قاراڭ: شۇ ناملىق لۇغەت، 82 - بەت)

بۇ يەردىكى خاتالىق شۇكى، بىرىنچىدىن، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» بىر تۈپ سۆز ئەمەس، بەلكى بىر تۇراقلىق جۇملىدۇر. شۇڭا، ئۇنىڭ گىراماتىكىلىق شەكىل تەۋەلىكىنى «ئى» (ئىسىم) دەپ ئەمەس، «ت ئى» (تۇراقلىق ئىبارە)، ئەڭ توغرىسى «ت ج» (تۇراقلىق جۇملە) دەپ بېكىتىش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ مەنىسىنى ئېنىق قىلىپ، «تىنچلىق ـ ئامانلىق سىزگە يار بولسۇن، تىنچ ـ ئامان بولۇڭ» دېگەن بولىدۇ، دېيىش كېرەك. چۈنكى، مەزكۇر لۇغەتنىڭ 1268 ـ بېتىدە، «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دېگەن جۇملىگە «سىز ھەم تىنچ ـ ئامان بولۇڭ» دېگەن بولىدۇ، دەپ ئىزاھ بېرىلگەن، بۇ ئەمەلىيەتتە، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» نىڭ مەنىسى «سىز تىنچ ـ ئامان بولۇڭ» دېگەن بولىدۇ، دېگەنلىك ئەلۋەتتە. ئۈچىنچىدىن، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» نى نېمىلا دېگەن بىلەن «قارشى تەرەپنى ئۇيالدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆز» دەپ ئىزاھلاش مۇۋاپىق ئەمەس. شۇڭا، مەزكۇر جۇملىنىڭ ئىككىنچى مەنىسىنى: «ئىم (ئىملىق)، «قانداق، مەن دېگەندەك بولدىمۇ، مەن توغرا ئېيتىپتىمەنمۇ؟» دېگەندەك ئۇقۇملارغا ئىما قىلىدۇ» دەپ ئىزاھلاش لازىم.

ئەلھەمدۇ لىللا. ئىم (ئىملىق سۆز). ئەر (ئېتىمولوگىيەسى ئەرەبچە) دىن (دىنىي ئاتالغۇ): «ئاللاھقا شۈكۈر، خۇداغا شۈكۈر» دېگەن مەنىلەردە خاتىرجەملىنىش تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدۇ: ئەلھەمدۇلىللا، مىڭ مەرتە شۈكۈر، لېكىن ئولتۇرسام ـ قوپسام، ئەس ـ يادىم سىلىدە، تاق قوپۇپ كېلەي دېسەم، ئىشلار ئۆندەرەش. (قاراڭ: شۇ ناملىق لۇغەت، 91 ـ بەت).

بۇ ئىزاھتىكى نۇقسان مۇنۇلار: بىرىنچى،



«ئەلھەمدۇلىللاھ» (مەزكۇر لۇغەتتە «ھ» نىڭ چۈشۈرۈپ قويۇلغىنى توغرا ئەمەس!) دېگەن تۇراقلىق جۇملە لۇغەتتە ئىزاھلانغاندەك دىنىي ئاتالغۇ بولغانىكەن، ئەگەر ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلەلمىسەك، كەمتەرلىك بىلەن دىنىي زاتلاردىن سورىشىمىز كېرەك. دېمەكچىكى، «ئەلھەمدۇ لىللاھ» دېگەن ئىبارە دىنىي زاتلىرىمىزنىڭ لۇغىتىدە، ئالدى بىلەن «ئىم» (ئىملىق سۆز) ئەمەس، بەلكى «ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر) دېگەن مەنىدىكى ئېنىق ئۇقۇملۇق بىر جۇملىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەزكۇر «ئەلھەمدۇ لىللاھ» نىڭ بىرىنچى مەنىسى «ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھقا خاستۇر» دېگەن مەنىدىكى تۇراقلىق جۇملە (ت ج) دەپ ئىزاھلىنىشى كېرەك. ئىككىنچى، «ئەلھەمدۇ لىللاھ» دېگەن تۇراقلىق جۇملىنىڭ ئىملىق (يەنە باشقا مۇئەييەن ئۇقۇمغا ئىما قىلىدىغان ئىبارە) ئىكەنلىكىمۇ ئەمەلىيەت. خەلقىمىز خۇددى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» جۇملىسىنى «قانداق، مەن دېمىدىممۇ؟» دېگەندەك ئۇقۇملارغا ئىما قىلىدىغان ئىملىق ئىبارە قىلىپ ئىشلەتكەندەك، «ئەلھەمدۇ لىللاھ» جۇملىسىنىمۇ «ئاللاھقا شۈكۈر، خۇدايىمغا رەھمەت» دېگەن ئۇقۇملارغا ئىما قىلىدىغان ئىملىق ئىبارە قىلىپمۇ قوللىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان خەلققە ئوخشاشلا، قورسىقى تويۇپ، كېكەرگەن چاغدا، ئۆز پەرۋەردىگارىغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن «ئەلھەمدۇلىللاھ!» دەيدۇ؛ چۈشكۈرۈك كېلىپ (چۈشكۈرۈپ)، بەدەن راھەت ـ يەڭگىللىك تۇيغۇسى بىلەن قاپلانغان چاغدا بولسا، ئاللاھنىڭ سالامەت قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن «ئەلھەمدۇلىللاھ»، «ئەلھەمدۇلىللاھ شۈكرە»، «ئەلھەمدۇ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لىللاھ شۇكرە ئالە كۇللە ھال!» دەيدۇ. دېمەكچىكى، لۇغەتلىرىمىز ئالدى بىلەن «ئەلھەمدۇلىللاھ» ئىبارىسىنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى، ئاندىن ئۇنىڭ كۆچمە مەنىلىرىنى تەرتىپ بويىچە، تولۇق ئىزاھلاپ كۆرسىتىشى لازىم.

ئەلھۆكمىلىللا. ئىم. [ئە]. ‹دىن›: تەقدىرنىڭ ھۆكمى شۇ، باشقا كەلگەننى كۆرمەي ئىلاج يوق، دېگەن مەنىلەردە تەن بېرىش تۇيغۇسىنى بىلدۈرىدۇ: بىزدە نېمە ئامال؟ كەلگەن بالا ـ قازاغا ئەلھۆكمىلىللا دېمەكتىن باشقا چارىمىز يوق. (قاراڭ: يۇقىرىقى لۇغەت، 91 ـ بەت)

بۇ ئىزاھنىڭ يېتەرسىزلىكى ھەققىدە، يۇقىرىدا تەپسىلىي توختالدۇق، يەنى ئالدى بىلەن بۇ تۇراقلىق جۈملىنىڭ ئىملاسى توغرىلىنىپ «ئەلھۆكمۇ لىللاھ» دەپ يېزىلىشى؛ ئاندىن ئۇنىڭ گىرامماتىكىلىق شەكىل تەۋەلىكى «ت ج» (تۇراقلىق جۈملە) دەپ بېكىتىلىشى؛ ئاندىن ئۇنىڭ دىنىي زاتلىرىمىز تىلىدىكى «ھۆكۈم قىلىش ئاللاھ تەرىپىدىن بولىدۇ» دېگەن مەنىسى ئەينەن بېرىلىشى كېرەك. ئارقىدىن، ئىككىنچى مەنىسى قىلىپ، ئۇنىڭ كۆچمە مەنە ئېلىپ باشقا ئۇقۇم ۋە ھېس ـ تۇيغۇلارغا ئىما قىلىدىغان ئىملىق ئىبارە ئىكەنلىكى شەرھلىنىشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، بۇ تۇراقلىق جۈملىنىڭ دىنىي زاتلىرىمىز تىلىدا ۋە ئاۋام ـ پۇقرالار تىلىدا ئىپادىلەۋاتقان ئۇقۇم ـ مەنىلىرى تولۇق ئىزاھلانغان بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، كېلىش مەنبەسى ئەرەب تىلى بولغان ئەلىفلام (ال ـ) ئۇيغۇر تىلى تارىخىدا ئالتە ئەسىر ئىستېمال قىلىنغان پۈتكۈل چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە، مەيلى يېزىلىش ۋە مەيلى قوللىنىلىش



جەھەتلەردە بولسۇن، ئەرەب تىلىدىكىدەك رول ۋە گىرامماتىكىلىق ئۇقۇمدا ئىشلىتىلگەن. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، مەزكۇر ئەلىفلام (ال ـ) ئىستېمال ئەمەلىيىتىدە ئۆزلەشتۇرۇش ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئۇپرىماس ھاياتىي كۈچ بىلەن ئىشلىتىلىۋاتقان خېلى بىر بۆلەك سۆزلەم، بىرىكمە ۋە تۇراقلىق جۈملىلەرگە قىسمەن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش قىلغان ھالدا سىڭىپ كەتكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «بىسمىللاھ، ئەستەغپۇرۇللاھ، ئەلھەمدۇ لىللاھ، ئەلھۆكمۇ لىللاھ، ئىللا بىللاھ، لىللاھ، ئەزىبرايى خۇدا» قاتارلىق سۆز، بىرىكمە ۋە تۇراقلىق جۈملىلەر ھازىرقى ۋاقىتتا، ھېلىقىدەك خاس دىنىي ئاتالغۇ بولۇش رولىدىن بەكرەك، ئەدەپ ـ قائىدە ئاتالغۇلىرى سۈپىتى بىلەن كۈندىلىك ئولتۇرۇش ـ قوپۇشلاردا يۇقىرى چاستوتا بىلەن ئىشلىتىلمەكتە. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كۆپ ئىشلىتىلىش جەريانىدا ئۆزلىرىگە يېڭى مەنىلەرنى يۈكلەپ، ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى شەكىللەندۇرگەن. مەسىلەن، «ئالغاندا بىسمىللاھ، بەرگەندە ئەستەغپۇرۇللاھ»؛ «‹بىسمىللاھ› دېسەڭ چىڭراق دېگىن دېمىگەنلەر دېسۇن، شۇكۇر ئېيتساڭ بوشراق ئېيتقىن يېمىگەنلەر يېسۇن» دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئەمدى، ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى، خۇسۇسەن لۇغەتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەلىپى بويىچە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلىۋاتقان مەزكۇر ئەلىفلاملىق سۆز، بىرىكمە ۋە تۇراقلىق جۈملىلەرنىڭ كۆچمە مەنىلىرىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ دىنىي ئەقىدە ئاتالغۇلىرى ھالىتىدىكى ئەسلىي مەنىلىرىنىمۇ لۇغەتلىرىمىزدە ئىمكان بار تەپسىلىي ئىزاھلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، بۇ

سۆزلەرنىڭ ئۆزلىرىگە يېڭى مەنە، يېڭى ئۇقۇم يۈكلەش جەريانىنى، يەنى سېمانتىكىلىق ئۆزگىرىش قىلىش جەريانىنى تولۇق بىلىپ يېتەلەيمىز. شۇ ئارقىلىق ئاشۇ تۈردىكى تۇراقلىق تەركىبلەرنىڭ تىل ئىستېمالىمىزدىكى قوللىنىلىشچانلىقىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئۈستۈرەلەيمىز.

(«تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 2006-يىللىق 4-سانىدا ئېلان قىلىنغان)



## ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا تىل - يېزىق ئوبزورچىلىقىنى قانات يايدۇرۇش زۆرۈر

1980 - يىللارنىڭ مابەينىدە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ئومۇمىي جەھەتتىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات ساھەسىگە سېلىشتۇرغاندا، كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە مول بولدى. مېنىڭچە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مول نەتىجىلەرنى ئەدەبىي ئوبزورچىلىق خىزمىتىنىڭ تېگىشلىك ھەسسىدىن ۋە تۆھپىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ھالبۇكى، ئەگەر ئۇيغۇر تىل - يېزىق تەتقىقاتىنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئالغا سۈرمىز ۋە بۇ ساھەدىمۇ ئەسەرلەر يالدامىسى بولۇپ قالغۇدەك ئۆلمەس ئەسەرلەرنى كۆپلەپ بارلىققا كەلتۈرىمىز دېسەك، تىل - يېزىق ئوبزورچىلىقىنى كەڭ تۈردە يولغا قويۇشىمىز لازىم.

دەرۋەقە، ھازىر ئۇيغۇر تىل - يېزىق تەتقىقاتى ساھەسىدە تىل - يېزىق ئوبزورچىلىقى پەقەت يوقمۇ ئەمەس. ئالايلۇق، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىكى يېڭى بۆسۈش — ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئاكۇستىكىلىق تەتقىقاتى، دېگەن ئەسەر توغرىسىدا» (تاھىرجان مۇھەممەت يازغان)، 5 - سانىدا ئېلان قىلىنغان ««ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى، دىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئىملاسى توغرىسىدا»(جۇمە ئابدۇللا يازغان) ۋە ««ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات دەرسلىكى ئۈچۈن ئىزاھلىق لۇغەت،

تىكى بەزى سەۋەنلىكلەر» (ئەنۋەر ھامىت يازغان) قاتارلىقلار دەل تىل - يېزىق ئوبزورچىلىقىغا تەئەللۇق ماقالىلەر ھېسابلىنىدۇ. بىراق، بۇ نىسبەتەن ئاجىز ھالقا بولۇپ، ئۇنى كۈچەيتىشنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئەھمىيىتى ۋە زۆرۈرىيىتى بار.

مېنىڭچە، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بويىچە تىل - يېزىق ئوبزورچىلىقىنى قانات يايدۇرۇشتا، تۆۋەندىكىدەك كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا بولىدۇ:

**بىرىنچى، ئۇستازلار ئۈلگە بولۇش، ياشتا چوڭلار باشلامچىلىق بىلەن ئوبزور ماقالىلىرى يېزىش.**

ئۇيغۇر تىل - يېزىقى تەتقىقاتىدا ئۇستازلارنىڭ تۆھپىسى كۆپ، چوڭلارنىڭ بۇ ساھەگە بالدۇر قەدەم قويغانلىقى ۋە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكى پاكىت. ھالبۇكى، ئەگەر ئۇستازلار ۋە ياشتا چوڭلار تىل - يېزىق ئوبزورچىلىقى بىلەنمۇ باشلامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ بەرسە، بۇنىڭ مۇشۇ ساھەنىڭ گۈللىنىشىدە ئاجايىپ زور رولى بولىدۇ.

چۈشەنچەمچە، ئوبزور دېمەك مۇئەييەن بىر ئەسەرگە نىسبەتەن خالىس مەيداندا تۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ۋە توغرا باھا بېرىدىغان، يەنى مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى مۇقىملاشتۇرىدىغان، كەمچىلىكىنى بولسا سەمىمىيلىك بىلەن كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەسەرگە ئېيتىلىدۇ. بىراق، بىزدە «چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىش» نىڭ دائىرىسى بىر ئاز كەڭرەك، بەزىدە، چوڭلار ئالدىدا قاتتىقراق يۆتىلىپ تاشلاشمۇ «چوڭلارنى ھۆرمەت قىلمىغانلىق» بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار يوقمۇ ئەمەس. شۇڭا، ياش تىلچىلارنىڭ ياشتا چوڭلارنىڭ، ئۇستازلارنىڭ ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن ھەقلىق رەۋىشتىكى تەنقىدىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوبزور ماقالىلىرىنى يېزىپ، ئېلان قىلىشى بەك مۇشكۈل. بۇ ھالدا، ئەگەر تىل - يېزىق تەتقىقاتى ساھەسىگە بالدۇر قەدەم قويغان، كۆپ ئەجىر قىلغان ۋە نىسبەتەن



جىق تۆھپە قوشقان ئۇستازلار باشلامچىلىق بىلەن تىل - يېزىق ئوبزورچىلىقى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ بەرسە، بۇنىڭ ياشلارنى يېتەكلەش، ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈش جەھەتتە ئەھمىيىتى ناھايىتى زور بولىدۇ.

راستىنى ئېيتقاندا، تىلشۇناسلىق ھەقىقەتەنمۇ جاپالىق كەسىپ. بۇ كەسىپكە بەل باغلاپ كىرمەكمۇ تەس. ھالبۇكى، بىر ياش تىلچى تۆت - بەش يىل ئۆمرىنى سەرپ قىلىش بەدىلىگە بىرەر يىرىك ئەسەرنى پۈتكۈزۈپ، ئۇنى تىل ئەھلىگە، ئالدى بىلەن تىل تەتقىقات ئەھلىگە سوۋغات قىلسا، ئارىدىن بىرەر ئادەم چىقىپ ئۇنىڭ چەككەن رىيازىتى ھەققىدە ئىككى كەلىمە گەپ قىلىپ قويمىسا، بۇ — خۇددى بىراۋ سالام قىلسا قارشى تەرەپ ئىلىك ئالمىغانغا ئوخشاش ئادەمنىڭ نەپسىگە ئېغىر كېلىدىغان ئىش. مۇشۇنداق چاغلاردا، ئۇستازلار، چوڭلار باش بولۇپ، ياش تىلچىلارنىڭ ئەمگىكى ئۈچۈن، «ھە، كۈچەڭلار، يەنىمۇ غەيرەت قىلىڭلار» دېگەنىنىڭ ئورنىدا بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ ئەسەرلىرىنى باھالاپ قويسا، بۇ خۇددى «مەرھابا، ئىنىم (سىڭلىم)، خوش كېلىپسىزلەر!» دېگەندەك يېقىملىق تۇيۇلۇپ، ياشلارنىڭ بۇ ساھەگە ئۆزىنى بېغىشلاش ئىرادىسىنى ھەسسىلەپ كۈچەيتىدۇ. ئۇستازلار ۋە ياشتا چوڭلارنىڭ ئۆز ئارا يېزىشقان ئوبزور ماقالىلىرىدا، سەمىمىي تەنقىدلەش كۆپرەك بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تىل - يېزىق تەتقىقاتى ساھەسىگە يېڭىدىن قەدەم قويغان ياش تىلچىلارنىڭ ئەسەر - ماقالىلىرى ئۈچۈن يازغان ئوبزورلىرىدا تەنقىدلەش ئازراق بولسا، مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئىلھاملاندۇرۇش كۆپرەك بولسا، بۇنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

**ئىككىنچى، گېزىت - ژۇرنال تەھرىر بۆلۈملىرى ئوبزور ماقالىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش.**

بىزدە تىلشۇناسلىققا ئائىت خاس گېزىت يوق، تەرجىمە

تەتقىقاتى بىلەن ھەمشىرىك چىقىرىلىدىغان قوش ئايلىق بىر
ژۇرنىلىمىز بار. «تىل ۋە تەرجىمە» ئاتلىق بۇ ژۇرنال ئەمەلى-
يەتتە، ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقىنىڭ تارىخى ۋە رېئال ئەھۋالىنى
كۆرسىتىدىغان ئەينەك، شۇنداقلا كونا - يېڭى تىلشۇناسلار
ئۆچۈن ماھارەت كۆرسىتىش سەھنىسى بولۇپلا قالماستىن،
ئەڭ مۇھىمى يەنە ياش تىلچىلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرىدىغان
پىراكتىكا مەيدانى ۋە ئۇلارنى تاۋلايدىغان ئوچاق. ئېنىق ھېس
قىلىپ ۋە كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، رەھبەرلىك
ۋە تەھرىر بۆلۈمىدىكى خادىملارنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك تى-
رىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، مەزكۇر ژۇرنال يىلدىن -
يىلغا، ئايدىن - ئايغا ياخشى چىقىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، يەنە
ئۈمىد بىلەن شۇنداق بىر تەكلىپ بەرگىمىز كېلىدۇكى، تەھ-
رىر بۆلۈمى ژۇرنالغا كېلىۋاتقان ئوبزور ماقالىلىرىغا ھازىر-
قىدەك مەخسۇس بەت ئېچىپ، يېشىل چىراغ يېقىپ بەرگەندىن
باشقا، ئالاھىدە تاپشۇرۇق بىلەن مەخسۇس تېمىلاردا ئوبزور ما-
قالىلىرى يېزىشقا ئاپتورلارنى ئورۇنلاشتۇرۇسا. مۇنداق قىل-
غاندا، ژۇرنالغا كېلىدىغان ماقالە مەنبەسىنى نىسپىي مۇ-
قىملاشتۇرۇش ۋە بېيىتىش مۇددىئاسىغا يېتىش بىلەنلا قال-
ماستىن، ئەڭ مۇھىمى تىلشۇناسلىق ساھەسىدىمۇ خۇددى ئۇي-
غۇر ئەدەبىياتى سەھنىسىدىكى مۇھەممەت پولات، ئەنۋەر ئابدۇ-
رېھىملارغا ئوخشاش خاس ئوبزورچىلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى-
نى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

مېنىڭچە، ژۇرنالدىن پايدىلىنىپ تىل - يېزىق تەتقىقاتى
ئوبزورچىلىقىنى قانات يايدۇرۇش مۇنداق بىر قانچە تەرەپنى
ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن:

(1) خاس ئەسەرلەر ئۈچۈن ئوبزور ماقالىلىرى ئۇيۇشتۇ-
رۇش. بىزدە 80 - يىللارنىڭ مابەينىدە نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر
تىلىغا دائىر خاس ئەسەرلەر بەك ئازمۇ ئەمەس. ئالايلۇق، «ھا-



زىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى
گىراماتىكىسى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلى-
رى»، «فونېتىكا ۋە تىل تەكشۈرۈش»، «ئۇيغۇر تىلى ئىستى-
لىستىكىسى» قاتارلىق خاس ئەسەرلەرنىڭ تۈرلۈك نەشرلىرى
بار. بىراق، مۇئەييەن باسقۇچلۇق تەتقىقات ئەھۋالىدىن خۇلاسە
قىلىپ يېزىلغان ماقالىلەردە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تىلغا ئېلىپ
ئۆتۈلگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاشۇ خاس ئەسەرلەر ھەققىدە
يېزىلغان مەخسۇس ئوبزور ماقالىلىرى يوق دېيەرلىك. ئەدناسى
«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى» ناملىق ئەسەر-
دىن بىر قانچىسى نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئاشۇ بىر قانچە
نۇسخا خاس ئەسەرنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئا-
ساسىدا يېزىلغان بىرەر پارچە ئوبزور ماقالىسى مەيدانغا كەلمە-
دى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى ھەيدەكچىلىك
قىلسا، يېتەكچىلىك قىلسا، ئەسەر ئۇيۇشتۇرسا، ئۈنۈملۈك ۋە
پايدىلىق بولغان بەزى ئەمگەكلەرنى قىلىش مۇمكىن.

(2) قىزىق نۇقتا ھەققىدە ماقالە ئۇيۇشتۇرۇش.

«تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر يىلدا چىققان
ئالتە سانىنى جەم قىلىپ قارايدىغان بولساق، شۇ بىر يىلنىڭ
ئىچىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلەرنىڭ ئومۇمىي ئۇزايدىن،
تىلچىلارنىڭ نۆۋەتتە قايسى مەسىلىگە بەكرەك قىزىقىۋاتقانلى-
قى ۋە مەزكۇر قىزىقىش نۇقتىسى ھەققىدە ئاپتورلارنىڭ قانداق
پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى مانا مەن دەپلا مەلۇم بولىدۇ.
تەھرىر بۆلۈمى مۇشۇنداق قىزىقىش نۇقتىلىرى ھەققىدە مۇ-
ھاكىمە، بايان ياكى يەكۈن خاراكتېرلىك ئوبزور ماقالىلىرى
يېزىشنى ئاپتورلارغا ئۇيۇشتۇرسىمۇ ياكى تەھرىر بۆلۈمى نا-
مىدىن ئۆزى ئوبزور ماقالىسى ئېلان قىلسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ-
دىن باشقا، ئوخشىمىغان ئاپتورلار ئوخشاش بىر مەسىلە ئۈس-
تىدە ماقالە يېزىپ قالىدىغان ئەھۋاللار ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئالاي-



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لۇق، مۇشۇ بىر ـ ئىككى يىلنىڭ مابەينىدە «تىل ۋە تەرجىمە»
ژۇرنىلىنىڭ ئۆزىدىلا، «ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈپلەنمە سۆزلەر
توغرىسىدا» ماۋزۇلۇق ماقالىدىن بىر قانچىسى، ئۇيغۇر تىلى-
دىكى تۇراقلىق تەركىبلەر (فىرازىيولوگىيەلىك بىرىكمىلەر)
گە ئائىت ماقالىدىنمۇ بىر نەچچىسى ئېلان قىلىندى. ئەگەر
مۇشۇنداق بىر ماۋزۇ ئاستىدا تەكرار يېزىلغان ماقالىلەر ھەق-
قىدە ئوبزور ماقالىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلاردىكى ئوخشاشلىق ۋە
پەرقلەرنى ئىلىملا مەيداندا تۇرۇپ شەرھلەپ، ئىلمىغا مۇناسىپ
خۇلاسە چىقىرىپ بەرسەك، بۇنىڭ شۇ تېمىدىكى تەتقىقاتنىڭ
چوڭقۇرلىشىشى ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمى ئۈچۈن زور پايدىسى بولى-
دۇ، ئەلۋەتتە.

(3) يىرىك ئەسەرلەر ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئۇ-
يۇشتۇرۇش.

سەممىيەت بىلەن ئېيتقاندا، بىر ساھەدە يىرىك ئەسەر-
لەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى شۇ ساھە تەتقىقاتىنىڭ غەلىبە مېۋى-
سى بولۇش بىلەنلا قالماستىن، ئەينى ۋاقىتتا يەنە شۇ ساھە
تەتقىقات ئەھلىنىڭ مۇئەييەن بىر تارىخىي باسقۇچتىكى سەۋى-
يە نامايەندىسى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئۇيغۇر تىل -
يېزىق تەتقىقاتى ساھەسىدە مەيدانغا كەلگەن ياكى كېلىۋاتقان
يىرىك خاس ئەسەرلەر ھەققىدە مۇناسىپ مۇھاكىمە يىغىنى ئۇ-
يۇشتۇرۇپ، تىل ـ يېزىق ئوبزورچىلىرى ئۈچۈن سورۇن ھا-
زىرلاپ بېرىلسە، مەزكۇر يىرىك ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىنى يۇ-
قىرى كۆتۈرۈشكە، جۈملىدىن ئومۇمىي تىل تەتقىقاتىنىڭ سا-
پاسىنى ئۆستۈرۈشكە كۆپ پايدىسى بولىدۇ. ئالايلۇق، جۇمھۇ-
رىيەت قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئۇيغۇر تىلى، خۇسۇسەن ئۇيغۇر تى-
لى لېكسىكا تەتقىقاتى بويىچە ئەڭ يىرىك ئەمگەك سانىلىدىغان
«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»نىڭ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ
توملىرى شەرەپ بىلەن نەشردىن چىقتى، ئۇنىڭ 5 ـ ۋە 6 ـ



توملىرىمۇ پات پۇرسەتتە نەشردىن چىققۇسى. (بۇ ماقالە 1995 ـ
يىلى يېزىلغان ــــ ت) ئەگەر مەزكۇر چوڭ تىپتىكى لۇغەتنىڭ
1 ـ تومى نەشردىن چىققان چاغدىلا، مۇبارەكلەش يۈزىسىدىن
بولسىمۇ بىر قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇ-
رۇپ، بۇ ئەمگەكنىڭ ئۇتۇق ۋە كەمچىلىكلىرى ئۈستىدە بىر
ئوبزور پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلغان بولسا، بۇنىڭ 40 يىلدا
ئاران بىر ئىشلەنگەن بۇ كاتتا ئەسەرنىڭ تېخىمۇ سۈپەتلىك
بولۇپ چىقىشىنى ئەمەلىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا، مۇئەييەن
رولى بولاتتى. «قوتاننى قوي قاچقاندىن كېيىن تۈزەپ قويساڭ-
مۇ، كېچىككەن بولمايسەن» دەيدىغان بىر گەپ بار. مېنىڭچە،
«ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ھەققىدە، ھېلىھەم بولسى-
مۇ مەخسۇس بىر مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇش تولىمۇ زۆرۈر.

**ئۈچىنچى، مۇكاپات تەسىس قىلىش، مۇكاپاتلاش بىلەن ئۇد-
زورچىلىقنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش.**

ئەدىبلىرىمىز ھوسۇللۇق ئەدىبلەرنى، خۇسۇسەن ياش ئە-
دىبلەرنى تېخىمۇ قېتىرقىنىپ ئىجاد قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش
ئۈچۈن، «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» نى تەسىس قىلىپ
تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىش قىلغانىدى. 1993 ـ يىلىدىن
باشلاپ، ئۇلارنىڭ مەزكۇر مۇكاپاتنى تارقىتىشىنى يېڭى دەۋر
ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇ-
رۇش بىلەن بىرلەشتۈرگەنلىكى خۇددى «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت
كۆز» دېگەندەك تولىمۇ يارىشىملىق، ئەھمىيەتلىك ۋە شەرەپ-
لىك ئىش بولدى. ئەمدى، بىز تىل ـ يېزىق ساھەسىدىكىلەر-
مۇ ئۆز ئەمگەك دائىرىمىزدە زامانغا لايىق ئىلگىرىلەش،
دەۋرانغا مۇناسىپ بۆسۈش ھاسىل قىلىمىز دەيدىكەنمىز، جەز-
مەن بىر ئىناۋەتلىك مۇكاپات تەسىس قىلىشىمىز لازىم. مې-
نىڭچە، تىل ساھەسىدە «مەھمۇد كاشغەرىي ئىلىم ـ ئىلگىرى-
لەش مۇكاپاتى» نى تەسىس قىلساق بولىدۇ. چۈنكى، پۈتكۈل

تۇركىي مىللەتلەر تىل تەتقىقاتىنىڭ كارۋانبېشى، جاھان ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ سەردارى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مۇبارەك نامى مۇشۇنداق بىر ئەھمىيەتلىك مۇكاپات ئۈچۈن ھۆرمەت نام بولۇشقا ئەڭ سالاھىيەتلىك. ئەگەر بىز ئەدىبلەردەك يىلدا بىر قېتىم مۇكاپات ۋە مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرالمايتتۇق دېسەك، ئىككى - ئۈچ يىلدا بىر قېتىم، ئەڭ بولمىغاندىمۇ تۆت يىلدا بىر قېتىم ئەسەرلەرنى ئومۇميۈزلۈك باھالاپ، سەرخىللىرىنى مۇكاپاتلىساق، مۇكاپات خىراجىتىنى «مەھمۇد كاشغەرىي ئىلىم - ئىلگىرىلەش فوندى» نى تەسىس قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلساق بولىدۇ.

مۇكاپاتلاش پائالىيىتى ماھىيەتتە مۇئەييەن ئەمگەكنى ئېتىراپ قىلىش پائالىيىتى. ھالبۇكى، بۇ پائالىيەتنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، كەڭ كۆلەملىك باھالاشقا ھاجەت چۈشىدۇ. باھالاش بولغانىكەن، ئەسەرلەردىكى نەتىجىلەر ئۈستىدىمۇ، نۇقسانلار ئۈستىدىمۇ توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە، ئوبزورچىلىق ئىگە قىلىنىدۇ. مېنىڭچە، ئەگەر مۇكاپاتلاش بىلەن ئوبزورچىلىق ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىدىغان، مۇكاپاتلاشتىمۇ، ئوبزورچىلىقتىمۇ خالىس مەيداندا تۇرۇپ ئىش قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ياشلارنى نۇقتىلىق رىغبەتلەندۈرۈش ئاساسىي پىرىنسىپ قىلىنىدىغانلا بولسا، ئۇيغۇر تىل - يېزىق تەتقىقاتى ساھەسىدە جەزمەن يېڭىدىن يېڭى جۇشقۇن ۋە مول ھوسۇللۇق ۋەزىيەت ياراتقىلى بولىدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ نۆۋەتتىكى ئوقۇ - ئوقۇتۇش، رادىيو - تېلېۋىزىيە، نەشرىياتچىلىق قاتارلىق مەدەنىيەت ساھەسىدە ئويناۋاتقان رولى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن كۆپرەك ئادەم جەلپ



قىلىپ تەتقىقاتنى كۈچەيتىش كېرەك. تەتقىقات جەريانىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ھەل قىلىپ مېڭىش، تەتقىقاتنىڭ سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش، شۇ ئارقىلىق ئۇنى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزنىڭ رېئال ئەھۋالى تەقەززا قىلىۋاتقان نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن پىلانلىق ھالدا تىل - يېزىق ئوبزورچىلىقىنى پائال قانات يايدۇرۇش ھەقىقەتەنمۇ زۆرۈردۇر.

(«تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىللىق 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان)

## ئانا تىل تەربىيەسىنى كۈچەيتىش ۋە تىلشۇناسلار قوشۇنىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، خۇسۇسەن شىنجاڭدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان 40 يىلنىڭ مابەينىدە (بۇ ماقالە 1995 - يىلى يېزىلغان — ت)، ئۇيغۇر تىل - يېزىقى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان كۆپ تەرەپلىمىلىك تەتقىقاتلار بىر دەۋر پېشقەدەم تىلشۇناسلارنىڭ مىننەتسىز ئەجىر سىڭدۈرۈشى ئارقىسىدا مول نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان مائىتىرى سىمىت»، «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەلەپپۇز لۇغىتى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئاكۇستىكىلىق تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ۋە «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ تۈرلۈك نەشرلىرى بۇ خىل مول نەتىجىنىڭ يىرىك نامايەندىسى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى ھەرقانداق بىر ساھەگە ئوخشاشلا ئۇيغۇر تىل - يېزىق تەتقىقاتى ساھەسىدىمۇ نەتىجىلەر ئىپتىخارلىنارلىق، ۋەزىيەت خۇشاللىنارلىق، ئىستىقبال پارلاق. بىراق ئاللىقاچان قولغا كەلتۈرۈلگەن بۇ نەتىجىلەر ئەمدى پات ئارىدىلا ئۆتمۈشكە تەئەللۇق بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، نۆۋەتتىكى ئىسلاھات، ئۇچۇر دەۋرىنىڭ مىسلىسىز تېز قەدىمى ھەرقايسى ساھە ئەھلىدىن، شۇ قاتاردا تىل - يېزىق خادىملىرىدىن تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات قەدەملىرىنى دەۋر قەدىمىگە ماسلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلماقتا. ھالبۇكى، بىر ساھەنىڭ تەرەققىياتى ئۈ-



چۈن كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان تەدبىرلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇش يالغۇز شۇ ساھەدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ ۋە باشلىقلارنىڭ ئىشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە شۇ ساھەدە ئىشلەۋاتقان ھەربىر خادىمنىڭمۇ بۇرچى. بۇ ماقالىدە مۇشۇنداق ئوي ئاساسىدا، ئۇيغۇر - تىل يېزىقى بويىچە تەتقىقاتنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈر تەدبىرى سۈپىتىدە ئالدى بىلەن ئانا تىل تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، شۇ ئاساستا، ئۇيغۇر تىل - يېزىق تەتقىقاتچىلار قوشۇنىنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش مەسىلىسى ھەققىدە قىسقىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

ئاتاقلىق ئۇستاز تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوۋ ئەپەندىم بىر قېتىملىق مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان چېغىدا، ئۇيغۇر تىل - يېزىق تەتقىقاتچىلىرى قوشۇنىنىڭ رېئال ئەھۋالى ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ: «بىز بىر ئەۋلاد كىشىلەر ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ساھەسىدە بىر ئۆمۈر ئىزدەندۇق. ئەمدىلىكتە ياشىنىپ، بىر يەرگە بېرىپ قالدۇق. كەينىمىزگە باقساق، ھەم سۆيۈنىمىز، ھەم ئەندىشە قىلىمىز. سۆيۈنىشىمىز تەتقىقات ھاياتىمىزدا خەلقىمىزگە قالدۇرغان ئازغىنە ئەمگەك مېۋىمىزدىن بولسا، ئەندىشىمىز كەينىمىزدىن ئىز بېسىپ كېلىۋاتقان ئىز باسارلارنىڭ كەملىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن بولۇۋاتىدۇ. ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات ساھەسىدە ئارقىمىزدىن سوڭداپ كېلىۋاتقان ياشلار بەكلا ئاز، ئۇلارنى بارماق بىلەن سانىغىلى بولىدۇ، دېسەكمۇ قىلچە ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولماس. بىز ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات خىزمىتىدىن ئىبارەت بۇ ‹قان تومۇر›نىڭ بىزنىڭ نەپىسىمىز بىلەن تەڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمىز» (قاراڭ: «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1993 - يىللىق 2 - سان، 38 - بەت) دېگەنىدى. بۇنىڭدىن، نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر تىلشۇناسلار قوشۇنىنىڭ

رېئال ئەھۋالى، خۇسۇسەن ياش تىلچىلارنىڭ ئەمەلىي ئىپادى-
سىنىڭ پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ تەلىپىدىن خېلىلا يىراقتا تۇ-
رۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بىز بارلىقىنى
مىللىتىمىزنىڭ تىل - يېزىق تەتقىقاتى ئۈچۈن بېغىشلاپ،
بىر ئۆمۈر باش چۆكۈرۈپ ئىشلىگەن تۆھپىكار ئۇستازلارنى
چىن دىلىمىزدىن ھۆرمەتلەيمىز. ئۇلارنىڭ سەممىيەت ئۇرغۇپ
تۇرىدىغان قاتتىق تەلەپ ۋە جىددىي پىكىرلىرىگە ئەلۋەتتە ئې-
تىبار بىلەن قارايمىز!
دەرۋەقە، ئەسلىي زاكون بويىچە ئېيتقاندا، تىلچىلار قو-
شۇنى ئەدىبلەر، سەنئەتچىلەر، تەرجىمانلار ۋە خەتتاتلار قوشۇ-
نىغا قارىغاندا كۆپ خادىملىق، پائالىيەتچان ۋە يۇقىرى ساپالىق
قوشۇن بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، تىل - يېزىق دېگەن
بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ غوللۇق، ئەڭ تىپىك ۋە ئەڭ
ئالىي ئامىلى. ئەدىبلەرنىڭ كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالىدى-
غان ئەسەرلىرى، سەنئەتچىلەرنىڭ ئادەمنى يىغلىتىۋېتىدىغان
ئويۇن نومۇرلىرى، تەرجىمانلارنىڭ پاساھەتلىك تەرجىمە ئەم-
گەكلىرى ۋە خەتتاتلارنىڭ كۆركەم خۇش خەتلىرى پەقەت ۋە
پەقەت تىل - يېزىق ۋاستىسى ئارقىلىقلا ۋۇجۇدقا چىقالايدۇ؛
پەقەت ۋە پەقەت تىل - يېزىق ئارقىلىقلا ئۆز رولىنى جارى
قىلدۇرالايدۇ. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ تىلچىلار قوشۇنىمىز نۆۋەت-
تە، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى باشقا قوشۇنلارغا سېلىشتۇرغاندا،
ئادەم سانى ئاز، پائالىيىتى سۇس، ئېتىبارى تۆۋەن، دارامىتى-
نىڭ تازا دېگەندەك تايىنى يوق بىر قوشۇن بولۇپ كېلىۋاتقان-
لىقى راست. مېنىڭچە، مۇنداق بولۇشتا روشەن ھالدىكى ئوب-
يېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر بار.
ئوبيېكتىپ جەھەتتە، بىرىنچى، تىلشۇناسلىق ھەقىقەتەن-
مۇ جاپالىق كەسىپ. ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بوۋاقنىڭ سۆ-
زىدىن تارتىپ بوۋاينىڭ گېپىگىچە، زامانى ئاۋۋالدىن تارتىپ



زامانى ئاخىرغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مىسلىسىز كەڭ دائى-
رىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھالبۇكى، مۇنداق كەڭ دائىرىدىكى
سۆزلەملەرنىڭ فونېتىكىلىق تەلەپپۇزىدىن تارتىپ، لېكسىكى-
لىق مەنىسى ۋە گىراماتىكىلىق قانۇنىيىتىگىچە بولغان بى-
لىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلەپ بولماق بەسى مۈشكۈل ئىش.
شۇڭا، بۇ كەسىپنىڭ تەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئىگى-
لەشكە بەل باغلايدىغانلار ــــ قاراپ تۇرۇپ جاپاغا قېلىشنى
خالايدىغانلار نىسبەتەن ئاز چىقىدۇ. ساددا قىزغىنلىقتىن ئۇ-
نىڭ بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشكەن بولسىمۇ، زەپەر مۇسا-
پىسىنىڭ يېرىم يولىغا يېتىپ بارا - بارمايلا بېلى بوشاپ كې-
تىپ، سەپتىن چۈشۈپ قالىدىغانلار چىقىپلا تۇرىدۇ. شۇ ۋەج-
دىن، بۇ قوشۇننىڭ لەشكەر سانى بەكمۇ كۆپىيىپ كېتەلمەيدۇ.
سەممىيەت بىلەن ئېيتقاندا، خۇددى ئىنسانىيەتنىڭ ھەرقانداق
بىر تەبىئىي توپىدا، قەھرىمانلار ھامان سان جەھەتتە ئاز بولغى-
نىدەك، پىداكارلىق بىلەن ئىشلەشنىلا تەلەپ قىلىدىغان بۇ قو-
شۇن لەشكەرلىرىنىڭ سان جەھەتتىن نىسبەتەن چەكلىك بولۇ-
شىنى تەسەۋۋۇرغا سىغمايدىغان ئىش دېگىلىمۇ بولمايدۇ.
ئىككىنچى، تىلشۇناسلىق ــــ ئۆگىنىش، ئوقۇش، پائالى-
يەت قىلىش ئۆمرى ئۇزاق، بىراق، پات ھوسۇل بەرمەيدىغان
كەسىپ. ئالايلۇق، بىر تىلنىڭ لېكسىكولوگى (سۆزلەمشۇناس)
بولۇش ئۈچۈن شۇ تىلنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان
ئاساسلىق سۆزلەملىرىنى ئىگىلەش، ئۇنىڭ ئىچكى - تاشقى
قانۇنىيەتلىرىنى نىسبەتەن تولۇق بىلىش لازىم. ھالبۇكى، بۇ
خىل بىلىش ۋە بۇ خىل ئىگىلەش كەم دېگەندىمۇ تۆت - بەش
يىلسىز روياپقا چىقمايدۇ. بۇ خىل بىلىش نەزەرىيە جەھەتتىن
تولۇق ئىگىلەنگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن رېئال تىل ئەمەلى-
يىتىگە تەتبىقلاپ بىرەر خاس ئەسەر ياكى ئىلمىي ماقالە يې-



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نىش ئۇچۇن يەنە ئايلاپ - يىللاپ مىختەك قادىلىپ ئولتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنى ھېسسىيات دېڭىزى مەۋج ئۇرۇپ قالسا، بىر ئولتۇرۇشتىلا بەش - ئون كۇپلېت شېئىرنى يېزىۋېتىپ، پۇخادىن چىقىپ ئولتۇرىدىغان شائىرلىق بىلەن زادىلا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، تىلشۇناسلىق — ھېسسىياتنى ئەمەس، بەلكى پاكىتنى دەسمى قىلىدىغان كەسىپ. پاكىتنى ئىزدەش، ئۇنى تونۇش، تونۇغاننى تاللاپ خىل - خىلى بويىچە رەتلەپ توپلاش قاتارلىقلار يېتەرلىك ۋاقىت ۋە ئۆمۈر تەلەپ قىلىدىغان ئىش. ۋەھالەنكى، بىر ئىشنى قىلىشتا ئۇنىڭدىن تېزلا ئۇنۇم قازىنىشنى كۆزلەش، پاتراق ھوسۇل ئېلىشنى ئۇمىد قىلىش ئىنساندىكى تەبىئىي خاراكتېر. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، جاپالىق ئەمگەكتىن باشقا، نىسبەتەن ئۇزاق جەريان تەلەپ قىلىدىغان تىلشۇناسلىق كەسپىگە كۆپ كىشىلەرنىڭ قىزىقماسلىقىمۇ تەبىئىي.

ئۈچىنچى، تىلشۇناسلىق — ئىجادىيەتنى ئاز قىلىدىغان، ئەمما ساخاۋەتنى جىق قىلىدىغان ئىش. تىل تەتقىقاتىدا، ھەدېگەندىلا يېڭىلىق تۇسىگە، يۇكسەك دەرىجىدىكى جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى شۇ مىللەت خەلقىنىڭ تىلىدا مەۋجۇت ماتېرىياللارنى رەتلەش، مەۋجۇت قانۇنىيەتلەرنى سىستېمىلاشتۇرۇپ ئەينەن شەرھلەش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ باشقا مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردە جايىدا ۋە ئۇنۇملۇك ئىشلىتىلىشىنى كاپالەتلەندۇرۇشتىن ئىبارەت. ئەگەر ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەر ئالدىنقى سەپتە، سەھنىنىڭ ئۈستىدە گۈمپا كۆرسىتىدىغانلار بولسا، تىل تەتقىقاتچىلىرى گويا ئاشۇ ئالدىنقى سەپتىكىلەرگە، ئاشۇ سەھنە ئۈستىدىكىلەرگە كېرەك - ياراقلارنى تەييارلاپ بېرىدىغان ئارقا سەپ خادىملىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دەرۋەقە، كۈچلۈك ئارقا سەپ بولمىسا، ئالدىنقى



سەپنىڭ زەپەر قۇچىشى مۇمكىن ئەمەس. نېمىلا دېگەنبىلەن، نام - شۆھرەت دېمەي باش چۆكۈرۈپ ئىشلەش، ئەڭ ئۇششاق ئىشلارنىمۇ ئېرەنسىزلىك قىلماي تەكرار - تەكرار ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدىغان ئارقا سەپ خىزمىتى ھەر كۈن - ھەر سائەت دېگۈدەك يېڭىلىقلار مەيدانغا چىقىپ تۇرىدىغان ئالدىنقى سەپ خىزمىتىدەك كىشىنى ھاياجانلاندۇرارلىق ۋە جەزبىلىك بولمايدۇ. شۇڭا، ئۆزىنى نامايان قىلىشقا، دەبدەبىلىك سورۇنلارغا ئامراق، يېڭىلىققا، ئىجاد قىلىشقا ھېرىسمەن ياشلار مۇنداق ئارقا سەپ خىزمىتىگە تازا قىزىقىپ كەتمەيدۇ. مېنىڭچە، مانا بۇلار — ئۇششاق ئىشى كۆپ تىل - يېزىق تەتقىقاتچىلىقىغا كۆپرەك ياشلارنى جەلپ قىلغىلى بولمايۋاتقانلىقىنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتىپ سەۋەبلىرى.

سۇبيېكتىپ جەھەتتە، بىرىنچى، تىل ۋە يېزىقنىڭ قەدرىگە يەتمەسلىك. مېنىڭچە، بىر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم تىلى ۋە مۇستەقىل يېزىقىنىڭ بولۇشى كەم دېگەندىمۇ مەدەنىيەت جەھەتتە ئۇنىڭ ئەزەلدىن ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ شانلىق دەلىلى. شۇنداقلا، ئۇنىڭ بۇندىن كېيىنمۇ ھەرقانداق مەدەنىيەتلىك مىللەت بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ - تەڭ قوپۇش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ يۇكسەك ئىپادىسى. ئەگەر بىر مىللەتنىڭ ئايرىم تىلى، مۇستەقىل يېزىقى بولمىسىمۇ ئوخشاشلا مەدەنىيەتلىك، ئوخشاشلا شەرەپلىك ۋە ئوخشاشلا ئىناۋەتلىك سانىلىدىغان ئىش بولسا، دۇنيانى ئۆزىنىڭ زېھنى - زۇكاۋىتى بىلەن قايىل قىلىۋاتقان يەھۇدىيلار ئۆلگىنىگە بىر مىڭ يەتتە يۈز يىل بولغان يەھۇدىي تىلىنى نەچچە ئەۋلاد جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئەسلىگە كەلتۈرمىگەن ۋە ئۇنى تىرىلدۈرمىگەن بولاتتى («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 1992 - يىللىق 2 - سان 15 - بەت). دېمەككى، بىزنىڭ تىلىمىز ۋە يېزىقىمىز بىزنىڭ تارىخىمىز -

بىزنىڭ مەۋجۇدىيىتىمىز ۋە بىزنىڭ ئىستىقبالىمىز بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان تەگدىشى يوق بايلىق. ئۇ خۇددى بىزنىڭ ئەزىز جېنىمىزغا ئوخشاشلا قىممەتلىك ۋە قەدىرلىك. مىڭ ئەپسۇس، بۇ خىل تونۇش بىزدە تولىمۇ سۇس.

ئىككىنچى، ئۆزىنىڭ تىل ۋە يېزىقىنى ئۆزى دەپسەندە قىلىش. شۇنداق ئەۋرىشىم ۋە شۇنداق يارقىن تىلىمىز بارلىقى، شۇنداق كۆركەم، مىسلى گۈل يېزىقىمىزنىڭ بارلىقىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇمىز كەمچىل، ئۇلارنىڭ قىممەت ۋە باھاسىنى بىلىش ئىقتىدارىمىز تۆۋەن بولغاچ، ئۇنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا دەپسەندە قىلىش ئەھۋالى خېلىلا ئېغىر. ساۋاتسىزلىق ئېغىزنىڭ ئۇچىدىلا رەسمىيەت ئۈچۈن ئەيىبلەنگەندىن باشقا، ئىملاسىز خەت يېزىش، ئەبجەش گەپ قىلىش ئەزەلدىن تىتاڭ تومۇرىغا تەگكۈزۈپ ئەيىبلەنمەي كەلدى. شۇڭا، ۋەلىيلەر، باشلىقلار ئىملاسىز بېغىشلىما يېزىشتىن خىجىل بولمايدۇ. ئوقۇتقۇچىلار ئىملاسىز خەت يېزىشتىن يۈزى قىزارمايدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئىملاسىز تاپشۇرۇق ئىشلەشنى كەمچىلىك سانىمايدۇ. كوچىلاردىكى ئىملاسىز ۋىۋىسكىلار، سەت خەتلەردىن شۇ خەت ۋە شۇ يېزىقنىڭ ئەھلى ھاقارەت، ئار ھېس قىلمايدۇ.

ئۈچىنچى، تىل - يېزىق خادىملىرىنى كەمسىتىش. ئۆزى ئۆز تىلىنىڭ ۋە ئۆز يېزىقىنىڭ قىممىتىنى بىلمەي تۇرۇپ، بارلىقىنى ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىق ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلاپ، تەمەسىز ئىشلەۋاتقان تىل - يېزىق خادىملىرىنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ھەتتا ئۇلارنى كەمسىتىدۇ.

تۆتىنچى، تىل - يېزىق تەتقىقاتى قوشۇنىدىكى سەۋىيەسىزلىك ۋە ساپاسىزلىق. تىل - يېزىق تەتقىقاتى ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملاردىن نىسبەتەن يۇقىرى سەۋىيە تەلەپ قىلىدۇ. ئادەتتە، تىل - يېزىق تەتقىقات خادىملىرى ئۆز ئانا تىل يېزىقىنى پىششىق بىلگەندىن باشقا، قېرىنداش مىللەتلەر



تىل - يېزىقلىرىدىن ۋە چەت ئەل تىل - يېزىقلىرىدىن بىر نەچچە خىلىنى بىلىشى كېرەك. تىل - يېزىق بىلىملىرىگە كامىل بولۇش بىلەنلا قالماستىن، يەنە ئەدەبىيات ساھەسىگە تەئەللۇق بىلىملەرنىمۇ ئىگىلىگەن بولۇشى، تەرجىمشۇناسلىققا دائىر ئاساسىي ساۋاتلاردىنمۇ نىسبەتەن تولۇق خەۋەردار بولۇشى لازىم. بىراق، بىزنىڭ ھازىرقى تىلشۇناسلار قوشۇنىدىكى خادىملىرىمىز ئىچىدە، خەنزۇ تىل - يېزىقى ھەققىدىمۇ تۈزۈكرەك ساۋاتى يوق، ئەدەبىيات ۋە تەرجىمىچىلىك ھەققىدىكى چۈشەنچىسى بولسا، بىر پارچە ئاق قەغەزگىلا ئوخشايدىغان خادىملار ئاز ئەمەس. بۇ ھال ئۇيغۇر تىل - يېزىق تەتقىقاتىنى ھەر جەھەتتىن خەلقئارالىق ئىلىم سورۇنلىرىمۇ ئېتىراپ قىلغۇدەك يۇكسەك سەۋىيەگە كۆتۈرۈشكە تولىمۇ پايدىسىز.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئالىملىرىمىز ئارىسىدا، پاكىت ئاساسىدا ئىش قىلماسلىق، شەخسىيەتچىلىك، تەرسالىقتا ئوخشاش پەزىلەتسىزلىك ئىللەتلىرىمۇ خېلى بار. ئالايلۇق، 1985 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا لۇغىتى» تۇساتتىنلا بۇرۇندىن ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان «ساھىبخان» سۆزىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «ساھىبخانا» سۆزىنى سەپلىگەنلىكى ئۈچۈن ئىلىم ئەھلى ئىچىدە بىر مەيدان بەس - مۇنازىرە قوزغالدى («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 1989 - يىللىق 3 -، 5 - سانلار، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1990 - يىللىق 1 - سان). مۇنازىرە نەتىجىسىدە، «ئەلۋەتتە، ‹ساھىبخانا›» دېگۈچىلەر كۆپ تەرەپلىمىلىك پاكىت ۋە دۇرۇس ئىلمىي مۇھاكىمە ئالدىدا ئۇزۇل - كېسىل لەت بولدى. ئەمەلىيەتتىمۇ، «مېھمان ئەزىز، ساھىبخان لەزىز» (قاراڭ: «شىنجاڭ ياشلىرى» 1993 - يىللىق 8 - سان 19 - بەت) دېگەن ئۇزاق چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىن تارتىپلا ئىشلىتىلىپ كېلىۋات-



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قان ئۇيغۇر خەلق ماقالى شاھىت بولۇپ تۇرۇپتۇكى، ئۇيغۇر
تىلىدا «ئۆي ئىگىسى، داستىخان ئىگىسى» مەنىسىدە يۈرىدىغان
سۆز ئەزەلدىن تارتىپلا «ساھىبخان» شەكلىدە بولغان بولۇپ،
ئۇ «ئىگە، خوجا» مەنىسىدىكى «ساھىب» سۆزى بىلەن «①
داستىخان، ② ئۆي» مەنىسىدىكى «خان» سۆزىنىڭ ئىزافەتلىك
بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان. (قاراڭ: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى
تەتقىقاتىدىن ئىلمىي ماقالىلەر» 266 ـ 268 ـ بەتلەر. مىل-
لەتلەر نەشرىياتى 1993 ـ يىلى نەشرى) ئەكسىچە، «ساھىبخا-
نا» دەيدىغان سۆز ئۇيغۇرچىغا ئۆزلەشتۈرۈپ قوللىنىلغان ئە-
مەس. ئەپسۇسكى، پاكىت ئاشۇنداق تۇرۇقلۇق، 40 يىلدا بىر
قېتىم ئاران ئىشلەنگەن «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغى-
تى»دە مەزكۇر سۆز يەنىلا تەرسالىق بىلەن «توغرىسى ‹ساھىب-
خانا›» دەپ ئىزاھلانغان. (قاراڭ: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق
لۇغىتى» 3 ـ توم 438 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى 1992 ـ
يىلى نەشرى)

مېنىڭچە، بىر تىلشۇناس ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ مۇئەي-
يەن بىر تىلنىڭ پۈتكۈل لۇغەت سوستاۋىنى يۈزدە ـ يۈز ئې-
گىلەپ كېتىشى ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئۇنىڭ بىرەر
سۆزنىڭ شەرھىنى توغرا ئېيتىپ بېرەلمەسلىكى ھەرگىزمۇ
ئەيىب سانالمايدۇ. ۋەھالەنكى، بىلمەي تۇرۇپ بىلىمەن دېيىش،
ئۆز ھوقۇقىغا، ئىناۋىتىگە تايىنىپ پاكىتنى ئاستىن ـ ئۈس-
تۈن قىلىش، يالغان گەپ قىلىش بولسا ئالىملىق پەزىلىتىگە
خاس ئىش ئەمەس!

يەنە مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقىدا، «سوزۇلما سوزۇق
تاۋۇش» دەيدىغان بىر ئاتالغۇ بار. بۇ ئاتالغۇنى ئۇيغۇر تىلشۇ-
ناسلىقى ساھەسىدە ئاز بولمىغان پايدىلىق ئەمگەكلەرنى قىلغان
شۆھرەتلىك تىلشۇناس ئۇستازلار ئوتتۇرىغا قويۇپ ئىشلەت-
كەن. مەزكۇر «سوزۇلما سوزۇق» دېگەن سۆز ئاشۇ ئۇستازلار-



نىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندىمۇ، «ئادەتتىكى سو-
زۇق تاۋۇشلارغا قارىغاندا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ۋاقتى ئۇزۇن
بولغان سوزۇق تاۋۇش»قا ئېيتىلىدۇ. (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر
3 ـ توم 542 ـ بەت) جاھان تىلشۇناسلىرىنىڭ مۇشۇ خىلدى-
كى تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ۋاقتى ئۇزۇن بولغان تاۋۇشنى «ئۇ-
زۇن سوزۇق تاۋۇش»، تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ۋاقتى قىسقا بول-
غان سوزۇق تاۋۇشنى «قىسقا سوزۇق تاۋۇش» دەپ ئاتايدىغانلى-
قىدىن ئىبارەت ساۋاتقا ئاساسەن، ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقىدىمۇ
ئەل قاتارى «ئۇزۇن سوزۇق» تاۋۇش دەپ ئىشلىتەيلى دەپ تالاي
قېتىم تەكلىپ بەردۇق. بىراق، تەكلىپىمىز قوبۇل بولمىدى.
بۇ قېتىمقى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»غىمۇ ئاشۇ
كونا سەنەم بويىچە «سوزۇلما سوزۇق» دەپ كىرگۈزۈلدى. بىز-
نىڭ ئۆگىنىشىمىزچە، «سوزۇلما» دېگەن سۆز «سوزماق» پېئى-
لىنىڭ ئۆزىكى «سوز ـ»غا، «ـ ئالما / ـ ئەلمە / ـ ئۇلما / ـ
ئىلما» شەكلىدىكى قوشۇمچىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان يا-
سالما سۆز؛ «سوزۇق» سۆزىمۇ ئوخشاشلا «سوزماق» پېئىلىنىڭ
ئۆزىكى «سوز ـ»غا، «ـ ئاق / ـ ئەك / ـ ئۇق / ـ ئۈك / ـ
ئىق / ـ ئىك» شەكلىدىكى قوشۇمچىنىڭ ئۇلىنىشىدىن ھا-
سىل بولغان ياسالما سۆز. ئەمەلىيەت شۇكى، «سوزۇلما» سۆ-
زىمۇ، «سوزۇق» ئاتالغۇسىمۇ ئوخشاشلا «سوزۇلىدىغان» دېگەن
ئۇقۇمنى يورۇتىدۇ. مۇشۇ چۈشەنچە بويىچە بولغاندا، «سوزۇلما
سوزۇق» دېگەن بىرىكمە ئەمەلىيەتتە «سوزۇلىدىغان ـ سوزۇ-
لىدىغان» دېگەن بولىدۇ، خالاس. بىراق، بۇ يەردىكى مەسىلە
بىر تاۋۇشنىڭ «سوزۇلىدىغان ـ سوزۇلىدىغان»لىقى مەسىلىسى
ئەمەس، بەلكى بىرسىنىڭ «ئۇزۇن سوزۇلىدىغان»، يەنە بىرسى-
نىڭ بولسا، «قىسقا سوزۇلىدىغان»لىقى مەسىلىسى. ھالبۇكى،
ئۇزۇن سوزۇلىدىغان تاۋۇشنى «ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش» دەپ ئا-
تاشلا بىرىنچىدىن، تىل پاكىتىغا ئۇيغۇن، ئىككىنچىدىن، پى-

كىر مەنتىقىغە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تىلشۇناسلىقتىكى «ئۇزۇن سوزۇق» دېگەن سۆز ئاشۇنداق يەككە - يېگانە ئاتالغۇ ئەمەس، ئۇنىڭ جۈپتى — قارشى تەرىپى «قىسقا سوزۇق» بار. ئەگەر جاھاندىكى ھەممە قوۋملار «ئۇزۇن سوزۇق» دەۋاتقان ئاتالغۇنى بىز ئۇيغۇرلار «سوزۇلما سوزۇق» دەيتتۇق دېسەك، «قىسقا سوزۇق»نى ئەمدى، «قىسىلما سوزۇق» دەمدۇق؟ روشەنكى، مۇنداق دېگىلى بولمايدۇ - دە! شۇڭا، ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقىدا ئايرىم پېشقەدەم تىلچىلار تەرىپىدىن زورمۇ زور ئىشلىتىلىۋاتقان «سوزۇلما سوزۇق» دېگەن ئاتالغۇنى جەزمەن چۆرۈپ تاشلاش كېرەك. چۈنكى، بۇ تىلشۇناسلارنىڭ «تىل ئۇستىلىرى» دېگەن نامىغا داغ چۈشۈرىدىغان سېپى ئۆزىدىن بولغان داڭقان پۈتى گەپ!

تىل - يېزىق تەتقىقاتى ساھەسىدە قىسمەن ھالدا ساقلىنىۋاتقان بۇ خىل پەزىلەتسىزلىك ئىللىتى بۇ ساھەگە يېڭى كىرىۋاتقان ياشلارنىڭ ئەرۋاھىنى ئۈركىتىدىغان، رايىنى قاچۇرىدىغان، شاگىرت بولۇش قىزغىنلىقىنى سۇسلاشتۇرىدىغان، ئالىم بولۇش ئىرادىسىنى زەخىملەندۈرىدىغان ئىنتايىن ئوسال ئىللەت. پەقەت ئۇنى ئۈزۈل - كېسىل تۈگەتكەندىلا، ئاندىن تىلشۇناسلار قوشۇنىنى كېڭەيتىشكە داغدام يول ئاچقىلى بولىدۇ.

مېنىڭچە، تىلشۇناسلار قوشۇنىنى روناق تاپقۇزمايۋاتقان ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر ئىچىدە، سۇبيېكتىپ سەۋەبلەرنىڭ سالمىقى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئېغىر بولۇپ، ئۇنۇملۇك تەدبىر قوللىنىپ بۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان توسالغۇلارنى بىتچىت قىلىپ تاشلىغاندىلا، ئاندىن ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر كەلتۈرۈۋاتقان پاسسىپ ئامىللارنى تەدرىجىي يېڭىپ كەتكىلى بولىدۇ.

بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تەربىيەنى كۈچەيتىش كېرەك. مەلۇمكى، ھايۋاننى يېتىلەش ئۈچۈن ئارغامچا بىلەن تاياق كېتىدۇ. ئادەمنى يېتەكلەش ئۈچۈن بولسا، زاكونلۇق ياخشى گەپ يېتىدۇ. ئانا تىل - يېزىق تەربىيەسى ئارقىلىق خەلقىمىز شۇنداق بىر ئاڭنى ئۆز مېڭىسىدە ئەبەدىيلىك قىلىپ تۇرغۇزۇشى لازىمكى، ئانا تىلنى پىششىق بىلىش تەڭداشسىز سائادەت، ئۆز يېزىقى بىلەن ئىملالىق خەت يېزىش مۇقەددەس بۇرچ ۋە ئىپتىخارلىق ماھارەت؛ ئانا تىل تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش بولسا، مىسلىسىز شاراپەت!

ئاندىن، زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىپ تىلشۇناسلار قوشۇنىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ سېپىنى مۇنتىزىملاشتۇرۇش كېرەك. ئېچىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ خۇددى باشقا ھەرقانداق نازارەت ۋە كومىتېتلارغا ئوخشاشلا ئاساسىي قاتلاملاردا — ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىلا ئەمەس، بەلكى ھەرقايسى ناھىيەلەردىمۇ مۇناسىپ ئورگانلىرى بولۇشى لازىم. ئاساسىي قاتلاملاردىكى تىل - يېزىق خىزمىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ خادىملىرىنى دىنىي ئىشلار ئىدارىلىرى باشقۇرىدىغان مەسخىرىلىك ۋە لاۋزا ھالەت جەزمەن ئۆزگەرتىلىشى كېرەك. ئەگەر ھەرقايسى ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەردە تىل - يېزىق باشقارما (ياكى ئىشخانا)لىرى قۇرۇلسا، ئۇلار شۇ جايدىكى بارلىق تىل ئوقۇتقۇچىلىرى ئاساسىي گەۋدە بولغان تىل - يېزىق خادىملىرىنى ئوبدان ئۇيۇشتۇرسا، جانلىق ۋە پايدىلىق ئەمەلىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قەددىنى كۆتۈرسە، ياخشى يېتەكلىسە، بۇنىڭ نەتىجىسىدە شۇ جايدىكى «قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى» ۋە «ماركا توپلاش جەمئىيىتى» دېگەندەك جەمئىيەتلەرنىڭ قاتارىدا «تىلشۇناسلار جەمئىيىتى» دېگەن ھەقلىق ۋە زۆرۈر بىر جەمئىيەتنى بەرپا قىلىش تامامەن مۇمكىن!

مېنىڭچە، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەر قى-





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لىنىپ، تىل ـ يېزىق بىلىمى بويىچە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ساۋاتسىزلىقنى يۇيۇش پائالىيىتى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇلسا، كەڭ ۋە مۇنتىزىم بولغان تىلشۇناسلار قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈرۈش تەس ئەمەس. مۇشۇنداق كەڭ ۋە مۇنتىزىم بولغان تىلچىلار قوشۇنىنىڭ بارلىققا كېلىشى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىدىن تارتىپ، تاكى رادىيو ـ تېلېۋىزىيە، نەشرىياتچىلىق خىزمەتلىرىگىچە بولغان كەڭ مەدەنىيەت ساھەسىگە مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدىكى ئەمەلىي ئىلگىرىلەشلەرنى ئېلىپ كېلىشى چوقۇم!

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»نىڭ 1995 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان)

## پايدىلانغان ئاساسلىق ماتېرىياللار:


1. «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيەسى» (تىل - يېزىق قىسمى)، جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى 1988 - يىلى، بېيجىڭ.

2. جاڭ يۇڭيەن: «لېكسىكولوگىيە ھەققىدە قىسقىچە بايان»، ئوتتۇرا جۇڭگو سانائەت ئىنستىتۇتى نەشرىياتى 1982 - يىل نەشرى.

3. ئابدۇرەئوپ پولات: «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى»، 1995 ـ يىلى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، قەشقەر.

4. خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى» (مورفولوگىيە)، مىللەتلەر نەشرىياتى 1987 - يىلى، بېيجىڭ.

5. تۇردى ئەخمەت، نەسرۇللا يولبولدى، ئەنسەردىن مۇسا: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1987 - يىلى، ئۈرۈمچى.

6. خالىق نىياز، مۇھەببەت قاسىم: «تىلشۇناسلىق ئاساسلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986 ـ يىلى، ئۈرۈمچى.

7. «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 ـ يىلى، بېيجىڭ.

8. يولۋاس راشىدىن: «ئىستىلىستىكا دېگەن نېمە؟» «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 1991 ـ يىللىق 4 ـ سان.

9. ئابدۇشۈكۈر تۇردى: «‹تۈركىي تىللار دىۋانى›دىكى ماقال ـ تەمسىللەر بىلەن ‹ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ماقال ـ تەمسىللىرى›نىڭ سېلىشتۇرمىسى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1990 ـ يىللىق 4 ـ سان.

10. ئابدۇسالام ئابباس: «ئۇيغۇر تىلى فرازىيولوگىيەسىدىكى تۇراقلىق ئىبارىلەر ھەققىدە»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى»، I توپلام، مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 ـ يىلى، بېيجىڭ.

11. ئابلىز ياقۇپ: «لۇغەت تۈزۈشتىكى بەزى مەسىلىلەر» «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى»، I توپلام، مىللەتلەر نەشرىياتى 1982 ـ يىلى، بېيجىڭ.

12. ۋېي سۈيىي: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، 3 ـ قىسىم، كونسپېكت، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئاسپىرانتلار بۆلۈمى ماي باسمىسى.

13. رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا: «ئۇيغۇر تىلى ئىستىلىستىكىسىدىن ساۋات»، 1981 ـ يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى.

14. نۇرمۇھەممەت دۆلەتى: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسى توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە» (خەنزۇچە) 1989 ـ

يىللىق 2 ـ سان.

15. ئارسلان ئابدۇللا: «ئىدىيوملار ۋە ئۇلارنىڭ ئىستىلىستىكىلىق رولى»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 1990 ـ يىللىق 2 ـ سان.

16. قايداروۋ، سەيدۋاقاسوۋ، تالىپوۋ: «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، I قىسىم (لېكسىكا ۋە فونېتىكا)، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى نەشرىياتى 1963 ـ يىلى، ئالمۇتا.

17. ئەخمەت پاسار: «دۇنيادىكى ئادەم ئىسىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرچىدا يېزىلىش قائىدىسى»، «ئۇيغۇر تىلى مەسىلىلىرى» (كوللېكتىپ توپلام)، 335 ـ بەت، 1984 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى.

18. ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ھەققىدە مۇپەسسەل بايان»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى 5 ـ ئاي، بېيجىڭ.

19. ئابدۇرەئوپپولات تەكلىماكانىي: «چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن ـ ئەسلىي يېزىلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2005 ـ يىلى 5 ـ ئاي، بېيجىڭ.

20. ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى 6 ـ ئاي، بېيجىڭ.

21. ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي: «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى ئۈستىدە تەتقىقات»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى 6 ـ ئاي، بېيجىڭ.




قوشۇمچە

## ئۇيغۇر تىلى تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى چوڭ بۆسۈش

### ــ «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى» گە باھا


جىن يۇپىڭ
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىدىن)

گۈلمىھرى ئابدۇغوپۇر تەرجىمىسى



قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالە «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى» (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1995 ـ يىلى نەشرى)نى ئۇيغۇر تىلى تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى بىر چوڭ بۆسۈش دەپ قارايدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ئۇيغۇر تىلى؛ تىلشۇناسلىق؛ لېكسىكولوگىيە.


«ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى» (ئۇيغۇرچە) ئابدۇرەئوپ پولات يازغان لېكسىكولوگىيە ھەققىدىكى بىر خاس ئەسەر. بۇ كىتاب ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قايسى تەرەپلەرنى تۇنجى قېتىم سىستېمىلىق، ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر بايان قىلىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى تىلشۇناسلىقىنىڭ تەرەققىياتىدا بەلگىلىك ئورۇن تۇتىدۇ.

**1. ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى ھەققىدىكى تۇنجى خاس ئەسەر**

لېكسىكولوگىيە ــ تىلدىكى سۆز ـ كەلىمىلەرنى تەتقىقات

ئوبيېكتى قىلغان بولۇپ، ئۇ تىلشۇناسلىقتىكى مۇھىم بىر
تارماق پەن ھېسابلىنىدۇ. بىراق، ئۇزۇندىن بۇيان، ھازىرقى
زامان تىلشۇناسلىقى لېكسىكولوگىيە تەتقىقاتىغا سەل قاراپ
كەلدى. ئالايلۇق، 30 ـ يىللار باشلانغان ۋە ھازىرقى زامان
تىلشۇناسلىقىغا نىسبەتەن تەسىرى چوڭراق بولغان قۇرۇلمىـ
چىلىق تىلشۇناسلىقى ئىلمى تىلشۇناسلىقنى «فونېتىكا» بىلەن
«قۇرۇلمىلىق گىراماتىكا» دېگەن ئىككى بۆلەككە بۆلگەن بو-
لۇپ، سۆز ـ كەلىمىلەر سىستېمىسى ۋە لېكسىكىلىق قائىدە ـ
قانۇنىيەتلەر دېگەنلەرگە ھېچبىر ئەھمىيەت بەرمىگەن؛ سۆز
مەنىسى ۋە فىرازېيولوگىيەلىك بىرلىكلەر دېگەنلەر ئۈستىدىـ
مۇ تۈزۈك تەتقىقات ئېلىپ بارمىغان. 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇ-
رىلىرىدىن باشلاپ، ئاندىن تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەر سۆز-
لەرنىڭ مەنىسىگە بولغان تەتقىقاتقا بارغانسېرى ئەھمىيەت بې-
رىدىغان بولغان. بۇ چاغدا، «سۆزلەرنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى
نەزەرىيە ئەمەلىيەتتە تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسىنىڭ مۇھىم ئا-
ساسى» دېگەن قاراش تىكلەنگەچكە، سۆزلەملەر ۋە تۇراقلىق
بىرىكمىلەرگە قارىتىلغان تەتقىقاتلارمۇ مۇناسىپ ھالدا ئېتىـ
بارغا ئېلىنىدىغان بولغان ۋە شۇنىڭ بىلەن لۇغەتشۇناسلىق
ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان. ئەمما، قەدەم كېيىنرەك بېسىلىپ
قالغانلىقتىن، گىراماتىكا بىلەن فونېتىكىغا سېلىشتۇر-
غاندا، لېكسىكولوگىيە يەنىلا تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئا-
جىز ھالقا بولۇپ كەلگەن ئىدى.

دۆلىتىمىزدە، ئۇيغۇر تىلى تىلشۇناسلىقىغا بولغان ئو-
مۇميۈزلۈك تەتقىقات ئازادلىقتىن كېيىن باشلانغان. خەلقئارا
ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇيغۇر تىلى
تىلشۇناسلىقى تەتقىقاتىدىمۇ ئاساسلىقى فونېتىكا ۋە گىراما-
تىكا تەتقىقاتى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، لېكسىكولوگىيە مۇنا-
سىپ ھالدىكى دىققەت ئېتىبارغا ئېرىشەلمەيلا كەلگەن. 80 -



يىللارنىڭ مابەينىدە، تۇراقلىق بىرىكمىلەر، سېمانتىكىلىق
بىرلىكلەر ۋە ئىستىلىستىكىلىق ئامىللار قاتارلىق لېكسىكو-
لوگىيە كاتېگورىيەسىگە تالىق مەسىلىلەر تەتقىق قىلىنغان
ماقالىلەر يېزىلغانمۇ بولدى، بىراق، بۇلارنىڭ ھەممىسى پارچە
ـ پۇرات ھالەتتە بولۇپ، سىستېمىلىق بىر گەۋدە ھاسىل
قىلالمىدى. ھازىرغا قەدەر مېنىڭ نەزىرىمگە يولۇققان، ئۇيغۇر
تىلىنىڭ لېكسىكىسىنى بىر باب قىلىپ نىسبەتەن سىستېمىـ
لىق ھالدا بايان قىلىپ بەرگەن ئىككى كىتاب بار. ئۇنىڭ بىـ
رى، تۇردى ئەخمەت، ئەنسەردىن مۇسا ۋە نەسرۇللا يولبولدى
ئەپەندىلەر تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (ئۇيغۇرچە).
بۇ كىتاب فونېتىكا، لېكسىكا، گىراماتىكا ۋە سىنتاكسىس
بولۇپ جەمئىي تۆت بابتىن تەشكىل تاپقان. بۇ كىتابنىڭ
«لېكسىكا» دېگەن بابىدىكى بايانلار «سۆزلەرنىڭ سېمانتىكىلىق
تۈرلىرى، ئىستىلىستىكىلىق ئۆزگىچىلىكلەر، فىرازېيولوگىـ
يەلىك بىرلىكلەر ئىلمى ۋە لۇغەتشۇناسلىق» دېگەن مەزمۇنلار ـ
نى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بىراق، مەزكۇر كىتاب خاس لېكسىكو ـ
لوگىيە ھەققىدە يېزىلغان ئەسەر بولمىغاچقا، ھەجىم جەھەتـ
تىكى چەكلىمە تۈپەيلىدىن بايانلار چولتا بولۇپ قالغان. يەنە
بىر كىتاب بولسا، قازاقىستان ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەـ
سى تىل تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى قەلەمگە ئالغان
«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» دېگەن ئەسەر. (بۇ كىتاب چىن
شىملىڭ، لياۋ زىيۇ ئەپەندىلەر تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە
قىلىنغان). بۇ كىتاب لېكسىكولوگىيە، فونېتىكا، مورفولو-
گىيە ۋە سىنتاكسىس بولۇپ، تۆت بابقا بۆلۈنگەن لېكسىكولو-
گىيە ئۈستىدىمۇ نىسبەتەن ئىنچىكە ۋە چوڭقۇر تەتقىقات ئېـ
لىپ بېرىلغان. ۋەھالەنكى، بۇ كىتابنىڭ لېكسىكا ھەققىدىكى
بايانلىرى «سۆزلەملەرنىڭ مەنىلىرى، لېكسىكىلىق قۇرۇلـ
مىلار، لېكسىكىلىق ئۆزگىچىلىكلەر، تۇراقلىق بىرىكمىلەر ۋە

لۇغەتشۇناسلىق» دېگەن تېمىلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان بولۇپ، ئېتىمولوگىيە ۋە ئىستىلىستىكا قاتارلىق مەزمۇنلار ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلمىگەن. بۇنىڭدىن، بۇ كىتاب ئاپتورلىرىنىڭ لېكسىكولوگىيە ئىلمى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ «كەڭ مەنىدىكى لېكسىكولوگىيە» ئۇقۇمى بىلەن تازا تولۇق جىپسا كەلمەيدىغانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ كىتاب قازاقىستانلىق تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن يېزىلغانلىقتىن، بەزەن مەزمۇنلارنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئەمەلىيىتىگە تازا ماس كەلمەيدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ. يەنە دېسەك، بەزەن مەسىلىلەرنىڭ تەتقىقاتى رۇس تىلى تەتقىقات ئۇسلۇبىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولغاچقا، شىنجاڭ رايونىدا قوللىنىلىۋاتقان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىيىتىگە دېگەندەك ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ئەمدى، ئابدۇرەئۇپ پولات ئەپەندى ئۆزىنىڭ كۆپ يىللىق تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە يېتۈك قابىلىيىتى بىلەن «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى» ناملىق بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب مۇشۇ ساھەدىكى تۇنجى خاس ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر تىلى تىلشۇناسلىقى تەتقىقاتىدىكى بىربوشلۇقنى تولدۇردى. شەكسىزكى، ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ تېز سۈرئەت بىلەن ئىلگىرى سۈرگۈسى.

### 2. مەزمۇنى ئەتراپلىق، بايانى مۇكەممەل

لېكسىكولوگىيە ئىلمىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى ھەققىدە ئالىملارنىڭ قارىشى بىردەك ئەمەس. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «تار مەنىدىكى لېكسىكولوگىيە» ۋە «كەڭ مەنىدىكى لېكسىكولوگىيە» دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىش مۇمكىن. بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، لېكسىكولوگىيە سۆز - كەلىمىلەرنىڭ تۈرلىرى، سۆزلەرنىڭ مەنە - ئۇقۇملىرى ۋە تۇراقلىق بىرىك-



مىلەر قاتارلىقلارنىلا تەتقىق قىلىدۇ. يەنە بەزى ئالىملار لېكسىكولوگىيە تەتقىقاتى يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە ئېتىمولوگىيە، سېمانتىكا، لۇغەتشۇناسلىق ۋە ئىستىلىستىكا قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى» ناملىق بۇ كىتابتا، ئاپتور ھەرقايسى ئىلىم ئېقىملىرىنىڭ قاراشلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى توغرىسىدا نىسبەتەن مۇكەممەل بايان بەرگەن. مەزكۇر كىتاب جەمئىي ئون بابتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇلار: 1 - باب سۆز؛ 2 - باب ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبى؛ 3 - باب ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ سېمانتىكىلىق تۈرلىرى؛ 4 - باب ئۇيغۇر تىلىدىكى سېمانتىكىلىق ھادىسىلەر؛ 5 - باب ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدىكى تۇراقلىق بىرىكمىلەر؛ 6 - باب ئۇيغۇر تىلىغا چەت تىللاردىن كىرگەن سۆزلەر؛ 7 - باب لۇغەتچىلىك ۋە لېكسىكولوگىيە؛ 8 - باب ئېتىمولوگىيە ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى؛ 9 - باب كىشى ئىسىملىرى ئىلمى ۋە لېكسىكولوگىيە؛ 10 - باب ئىستىلىستىكا ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى دېگەنلەردىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئىچىدە، ئىستىلىستىكىنى لېكسىكولوگىيەنىڭ تەتقىقات دائىرىسىگە كىرگۈزۈش كېرەكمۇ - يوق؟ دېگەن مەسىلىدە، ئالىملارنىڭ كۆز قاراش پەرقى ناھايىتىمۇ چوڭ. بىراق، لېكسىكولوگىيەنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى سۆز - كەلىمىلەر بولغان ئىكەن، ئۇنداقتا، يالغۇز سۆزلەرنىڭ لۇغەت فوندىدىكى ساقلانما ھالىتىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ قالماي، مەزكۇر سۆزلەرنىڭ كونكرېت ئىستېمالىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ھالبۇكى، ئىستىلىستىكا ئىلمى دەل مۇشۇنداق تىلنى (ئاساسلىقى سۆز - كەلىمىلەرنى) قانداق قىلغاندا جانلىق ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىقىنى، سۆز - ئىبارىلەرنى قانداق قىلغاندا ئەڭ توغرا، گۈزەل ۋە جانلىق قوللىنىپ، ئىدىيە ۋە ھېسسىياتنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جايىدا ئىپادىلىگىلى بولىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر
پەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىستىلىستىكا ئىلمى لېكسىكولوگىيەگە
تايانماي قالمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، لېكسىكولوگىيە سۆز -
كەلىمىلەرنىڭ كونكرېت قوللىنىلىش مەسىلىسىگە كەلگەندە،
ئىستىلىستىكا ئىلمى بىلەن ئالاقە ئورناتمايمۇ قالمايدۇ. دەر -
ۋەقە، ئىستىلىستىكا ئىلمىنىڭ تەتقىقات دائىرىسى تولىمۇ
كەڭ بولۇپ، نۇرغۇن پەنلەرنىڭ مەزمۇنى ئۇنىڭغا مۇجەسسەم -
لەنگەن، لېكسىكولوگىيە ئىستىلىستىكا ئىلمىنى ئۆز دائىرى -
سىگە سىغدۇرالمايدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ پۈتكۈل مەزمۇنىنى چۈ -
شەندۈرۈپمۇ بولالمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، «ئۇيغۇر تىلى لېك -
سىكولوگىيەسى» نىڭ ئاپتورى ئۆز كىتابىدا، لېكسىكولوگىيە
بىلەن ئىستىلىستىكا ئىلمىنىڭ مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا لېك -
سىكا تەرەققىياتىنىڭ ئىستىلىستىكا ئىلمىغا كۆرسىتىدىغان
تەسىرى قاتارلىقلار ھەققىدىلا زۆرۈر بايان بەرگەن بولۇپ، بۇ
بايانلار ئەمەلىيەتتە شاكىلىنى تاشلىۋېتىپ، مېغىزىنى تاللى -
ۋېلىش رولىنى ئوينىغان. مېنىڭ قارىشىمچە، ئاپتورنىڭ بۇ
يەردە مەسىلىنى مۇشۇنداق بىر تەرەپ قىلىش ئۇسلۇبى تولىمۇ
ئىلمىي ۋە مۇۋاپىق بولغان.

«ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى» مەزمۇنى ئەتراپلىق ۋە
تولۇق بولۇشتىن تاشقىرى، قۇرۇلما جەھەتتىنمۇ ئۆزىگە خاس
ئالاھىدىلىك ياراتقان. مەزكۇر كىتابنىڭ مەزمۇن ھالقىلىرى
روشەن، ماۋزۇلىرى بىر قاراپلا چۈشىنىۋالغىدەك دەرىجىدە ئې -
نىق بولۇش بىلەن بىرگە، مەزمۇن ھالقىلىرىنىڭ تۈرلەرگە
ئايرىلىشى ئىنچىكە، ئەتراپلىق، بايانلار بولسا ۋايىغا يەتكۈزۈل -
گەن. ئالايلۇق، 1 - بابنىڭ «سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ
تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى» دېگەن ئۈچىنچى پاراگرافىدا، سۆزلەر
ئالدى بىلەن تۈپ سۆز، ياسالما سۆز، بىرىكمە سۆز، جۈپلەنمە
سۆز، تەكرارلانما سۆز، قىسقارتىلما سۆز ۋە قاتما سۆز دېگەن



تۈرلەرگە ئايرىلغان؛ ئاندىن مەزكۇر سۆز تۈرلىرى ئىككىنچى
قېتىم يەنە ئۆز ئىچىدىن كىچىك تۈرلەرگە ئايرىلغان؛ ئاندىن،
ھەربىر تۈر ئىچىدىكى ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر مىساللار
بىلەن كۆرسىتىلگەن. «ئومۇمىي سۆزلۈك» دېگەن پاراگراف با -
يان قىلىنغان چاغدىمۇ، مەزكۇر ئومۇمىي سۆزلۈك دائىرىسىگە
كىرىدىغان سۆز - كەلىمىلەر ئۆز تۈرلىرى بويىچە كۆرسىتىل -
گەندىن باشقا، ئۇلار يەنە ئىككىنچى قېتىم ئۆز ئىچىدىن كى -
چىك تۈرلەرگە ئايرىلغان، ئۈچىنچى قېتىم يەنە ئۆز ئىچىدىن
ئۇششاق تۈرلەرگە ئايرىپ كۆرسىتىلگەن. «ئىدىيوملار» دېگەن
پاراگرافتا بولسا، ئىدىيوملار «تەركىبىدە ئىشلىتىلگەن سۆز -
لەملەرنىڭ سانىغا قاراپ بۆلۈنۈشى؛ تەركىبىدە ئىشلىتىلگەن
مەركىزىي سۆزلەملەرگە قاراپ بۆلۈنۈشى؛ ئىدىيوملارنى شە -
كىللەندۈرگەن سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسىغا
قاراپ بۆلۈنۈشى؛ سېمانتىكا جەھەتتىن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى؛
ئىدىيوملار تەركىبىدىكى ئەڭ ئاخىرقى سۆزنىڭ سۆز تۈركۈمى
تەۋەلىكى ياكى ئۇنىڭ گىراماتىكىلىق شەكلىگە قاراپ بۆلۈ -
نۈشى» دېگەنلەردىن ئىبارەت بەش جەھەتتىن تۈرلەرگە ئايرىپ
چۈشەندۈرۈلگەن.

پۈتكۈل كىتابنى كۆرۈپ چىقىدىغان بولساق، بۇ خىل بايان
قىلىش ئەسەرنىڭ بارلىق مەزمۇنلىرىغىچە يېيىلغانلىقى مەلۇم
بولىدۇ، بۇ بىر تەرەپتىن مەسىلىنىڭ ۋايىغا يەتكۈزۈپ بايان
قىلىنىشىغا پايدىلىق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوقۇغۇچىنىڭ
ئوقۇپ ئۆزلەشتۈرۈشىنى ئاسانلاشتۇرغان. بۇ ئارقىلىق ئەسەر
ئاپتورىنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى مۇددىئاسى نىسبەتەن
ياخشى ئىپادىلەنگەن.

3. تەسۋىرىي لېكسىكولوگىيە بىلەن تارىخىي لېكسىكولوگىيە
ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن

لېكسىكولوگىيە ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ ئوخ -

شىماسلىقىغا قاراپ «ئومۇمىي لېكسىكولوگىيە» ۋە «ئالاھىدە لېكسىكولوگىيە» دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى ئالاھىدە لېكسىكولوگىيە ئىلمىنىڭ تەتقىقات كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. ئالاھىدە لېكسىكولوگىيە ئۆز نۆۋىتىدە يەنە «تارىخىي لېكسىكولوگىيە» ۋە «تەسۋىرىي لېكسىكولوگىيە» دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. تارىخىي لېكسىكولوگىيە سۆزلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە تەرەققىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىدۇ. تەسۋىرىي لېكسىكولوگىيە بولسا، مۇئەييەن باسقۇچتىكى (ئادەتتە ھازىرقى باسقۇچتىكى) لېكسىكا سىستېمىسىنىڭ رېئال ئەھۋالى ۋە ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىدۇ. تارىخىي لېكسىكولوگىيە بىلەن تەسۋىرىي لېكسىكولوگىيە ئىلىم جەھەتتىن ئۆزئارا مەنپەئەتدار بولغاچقا، ئادەتتە ئىككىسىنى بىر - بىرىدىن چورتلا ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بىر تىلنىڭ لېكسىكىسىغا نىسبەتەن تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا، تارىخىي لېكسىكولوگىيە بىلەن تەسۋىرىي لېكسىكولوگىيەنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ۋەھالەنكى، بۇ ئىككى ئىلىمنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئىشقا ئاشۇرۇش ناھايىتىمۇ تەس بولۇپ، بۇ تەتقىقاتچىدىن فونېتىكا، تارىخ ۋە تېكىستشۇناسلىق قاتارلىق ئىلىملار بويىچە يېتەرلىك دەرىجىدە بىلىمى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئادەتتە خاس لېكسىكولوگىيە ئىلمىغا تۇتۇش قىلغانلارنىڭ نىسبەتەن ئاز بولۇشىنىڭ بىر سەۋەبىمۇ دەل مۇشۇ يەردە.

ئابدۇرەئوپ پولات ئەپەندى ئۇزۇندىن بۇيان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە تېكىستشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان، شۇنداقلا بۇ جەھەتتە مول سەمەرىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن تىلشۇناسلاردىن بىرى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى جەھەتتىكى يۇقىرى بىلىمى ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىغا ياخشى شارائىت



ھازىرلاپ بەرگەن. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ ئۆزىنىڭ مەزكۇر ئەسىرىدە، تارىخىي لېكسىكولوگىيە بىلەن تەسۋىرىي لېكسىكولوگىيەنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرەلىگەن. مەسىلەن، ئۇ «ئۇيغۇر تىلىدىكى سېمانتىكىلىق ھادىسىلەر» دېگەن بابنى بايان قىلغاندا، ئۇنى «بىر مەنىلىك سۆزلەرنىڭ كۆپ مەنىلىك سۆزلەرگە ئايلىنىشى»، «كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ بىر مەنىلىك سۆزلەرگە ئايلىنىشى»، «سۆزلەردىكى ئىچكى ئۇقۇم دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە تارىيىشى»، «سۆز مەنىسىنىڭ كۆچۈشى»، «سۆزلەرنىڭ كۆچمە مەنە ئېلىشى»، «مەنىداش سۆزلەرنىڭ خاسلىشىشى» ۋە «سۆز مەنىسىدىكى ئىككى بىسلىق ھادىسە» دېگەن يەتتە پاراگرافقا بۆلۈپ شەرھلىگەن. يەنە ئۇنى تۈركىي تىل، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن تارتىپ تاكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغىچە بولغان كەڭ تىل ساھەسىدىن مول مىساللارنى كەلتۈرۈپ، ئۆز بايانلىرىنى پاكىت ئارقىلىق ئىزاھلىغان. بۇ ئارقىلىق ھەربىر بايان، ھەربىر مەزمۇن ھالقىسى شەرھلىنىۋاتقان سۆزلۈكلەرنىڭ ئۇزاق دەۋرلىك تىل تەرەققىيات جەريانى داۋامىدىكى ئۆزگىرىش سەرگۈزەشتلىرى بىلەن تويۇندۇرۇلغان. ئەگەر يېتەرلىك دەرىجىدىكى قەدىمكى زامان ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلىمى بولمىغان بولسا، بۇ قەدەر يۈكسەك دەرىجىدىكى تەتقىقات پەللىسىگە يېتەلمىگەن بولاتتى.

لېكسىكا جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ئۆزگىرىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ قېرىنداش تىللارنىڭ، شۇنداقلا مەزكۇر تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر بىلەن زىچ ئالاقىسى بولغان باشقا مىللەت خەلقلىرى ئىشلىتىدىغان تىللارنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ خىل تىللارنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىپ تۇرۇشى ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، ئۆزئارا سۆز - كەلد-



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مە قوبۇل قىلىش ھادىسىسى شەكىللىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان يەر ياۋروپا بىلەن ئاسىيانى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بەلباغ، غەرب مەدەنىيىتى بىلەن شەرق مەدەنىيىتى گىرەلىشىپ كەتكەن تۈگۈن بولغاچقا، تىللارنىڭ ئۇچرىشىشى ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى تولىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن. بۇ ھال ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تەرەققىيات جەريانىدا، ئۆز سوستاۋىغا ئاز بولمىغان چەت تىل سۆزلىرىنى قوبۇل قىلىشىغا سەۋەب بولغان. بۇ خىل باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئاساسلىقى خەنزۇ، ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ئۇستىدىكى تەتقىقات پۈتكۈل ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى تەتقىقاتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئاپتور باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ھەققىدە بايان بەرگەندە، ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئۆز سوستاۋىغا قوبۇل قىلغان سۆزلەرنىڭ نىسبىتىنى كۆرسەتكەن، ئاندىن ئۇنى پاكىتلار بىلەن دەلىللىگەن. ئارقىدىن «ئۇيغۇر تىلىغا خەنزۇ تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر»، «ئەرەب تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر»، «پارس تىلىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر» دېگەن تەرتىپ بويىچە، مەزكۇر ئۆزلەشمە سۆزلەرنىڭ شەكىللىنىش ۋاقتى، تارىخىي كەچمىشى، تۈرلىرى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆزگىچىلىكلىرى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي شەرھلەپ كۆرسەتكەن. مەيلى زامان جەھەتتىكى غۇۋالاشقان ئۇزاق ئۆتمۈش بولسۇن، مەيلى ماكان جەھەتتىكى كۆپ قاتلاملىق چىگىش سېلىشتۇرمىلار بولسۇن، شۇ قەدەر ئىنچىكە ۋە شۇ قەدەر دادىل يەتكۈزۈپ شەرھلەنگەنكى، بايانلاردا گەۋدىلىنىپ تۇرغان تىل ئىقتىدارى كىشىنى قايىل قىلىپ ئاپىرىن ئېيتقۇزىدۇ.

«ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى» مانا مۇشۇنداق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس، تارىخىي لېكسىكولوگىيەنى



بولسا مەركىزىي لىنىيە قىلىپ، سۆزلۈكلەرنىڭ مۇئەييەن زامان ئىچىدىكى تۇرغۇن ھالىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق تارىخىي لېكسىكولوگىيەلىك تەتقىقاتنى ئالغا سۈرگەن؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، لېكسىكىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، سۆز ـ كەلىمىلەرنىڭ ھازىرقى شەكلىگە بولغان چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان. بۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسىنىڭ ئومۇمىي نەزەرىيەسى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى شەرھلەپ كۆرسىتىش مەقسىتىگە يەتكەن.

### 4. دادىل ئىزدىنىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلغان

«ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى» نىڭ ئاپتورى ئومۇمىي تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئۇنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاپ، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۆز كىتابىدا ئىجادچانلىق بىلەن بەزى يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئالايلۇق، ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى بىلەن ئېتىمولوگىيە، لۇغەتچىلىك، ئىستىلىستىكا ۋە كىشى ئىسىملىرى ئىلمى قاتارلىق ئىلىملارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تۇنجى بولۇپ، سىستېمىلىق ھالدا شەرھلىگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇرۇنقىلار قول تەگكۈزۈپ باقمىغان ساھەلەر بولۇپ، بۇ كىتابنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرىمۇ دەل مۇشۇ. ئاندىن، ئاپتور يەنە ئېتىمولوگىيە، ئىستىلىستىكا قاتارلىقلارنىڭ لېكسىكولوگىيە تەتقىقاتىدىكى رولى، ئەھمىيىتى، شۇنىڭدەك تەتقىقات ئېلىپ بېرىش شەرت ـ شارائىتلىرى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىپ، بۇ ئىلىملارنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىشىنى مەقسەت قىلغان. خۇسۇسەن، ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان يېرى شۇكى، ئابدۇرەئۇپ پولات ئەپەندى كىشى ئىسىملىرى ئىلمى تەتقىقاتىنى لېكسىكولوگىيە تەتقىقاتى سىستېمىسى ئىچىگە قويىدۇ. ئادەتتە، لېكسىكولوگىيە تەتقىقاتى كىشى ئىسىملىرى ئىلمى بىلەن

ئالاقىدار ئەمەس دەپ قارىلىدۇ. ۋەھالەنكى، ئاپتور لېكسىكولوگىيە تەتقىقاتىدىكى ئومۇمىي نەزەرىيە ۋە ئۇسلۇبلار بىلەن ئۆزىنى چۇشەپ ئولتۇرماستىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىل ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ: «كىشى ئىسىملىرى مۇئەييەن سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن تەركىب تاپىدىغان بولغاچقا، ئۇ ھەققىدىكى تەتقىقات مۇقەررەر ھالدا لېكسىكولوگىيەلىك تەتقىقات ئارقىلىق نەتىجە بېرىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا لېكسىكا تەتقىقاتىدىن ئىبارەت دېيىشمۇ بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆز كىتابىدا «كىشى ئىسىملىرى ئىلمى ۋە لېكسىكولوگىيە» دېگەن مەخسۇس بىر باب ئاچىدۇ. ئۇ مەزكۇر بابتا، ئالدى بىلەن كىشى ئىسىملىرى ئىلمى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە بەرگەن، ئارقىدىن كىشى ئىسىملىرى تەتقىقاتى بىلەن لېكسىكولوگىيەنىڭ مۇناسىۋىتىنى شەرھلەپ كۆرسەتكەن، ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى سۆز قۇرۇلمىسى، لېكسىكىلىق مەنىسى ۋە ئېتىمولوگىيەسى قاتارلىق جەھەتلەردىن ئەتراپلىق بايان قىلغان ۋە مەزكۇر بابنى پۈتكۈل كىتابنىڭ نۇقتىلىق بابلىرىدىن بىرى قىلىپ ناھايىتىمۇ كەڭ سەھىپە ئايرىغان.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى» مەزمۇنى تولۇق، قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، دەلىل ـ ئىسپاتلىرى تەپسىلىي ۋە ئوچۇق، بايانلىرى ھەق ـ دادىغا يەتكەن بىر ئەسەر بولغان. يۇقىرىقىلار مەزكۇر كىتابنىڭ قىسمەن پاراگراف مەزمۇنلىرى ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇش بولۇپ، كىتابنىڭ ھەممە يېرى مۇشۇ دېگىلىمۇ بولماس.

دەرۋەقە، مېنىڭ قارىشىمچىمۇ، كىتابتا بايان قىلىنغان بەزى مەسىلىلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزدىنىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئالايلۇق، كىتابتىكى تۈرلەرگە ئايرىپ چۈشەندۈرۈش سىستېمىسى گەرچە تەپسىلىي ۋە چوڭقۇر بولغان



بولسىمۇ، بىراق بەزەن بۆلەكلەرگە بۆلۈپ چۈشەندۈرۈشلەرنى تىل تەتقىقاتى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بەك ئەھمىيەتلىك دېگىلىمۇ بولمايدۇ. مەسىلەن، ئىدىيوملارنىڭ «تەركىبىدە ئىشلىتىلگەن مەركىزىي سۆزلەملەرگە قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى» دېگەن بۆلەكتە، جىق جوۋاپ، كايىپ كېتىلگەن، ئەمما بۇ كايىشلار ئەمەلىي قوللىنىشچانلىق جەھەتتىن ھېچبىر ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەس. ئەمدى، ئىدىيوملارنىڭ بىر پۈتۈن مەنىسى بىلەن ئىدىيوم ئىچىدىكى ھەرقايسى سۆزلەرنىڭ ئايرىم مەنىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، يەنى بىر ئىدىيوم ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى سۆزلەملەرنىڭ ئىدىيوم سوستاۋىدا تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئايرىم مەنە ـ ئۇقۇمىنى ساقلاپ قېلىش جەھەتتىكى مۇستەقىللىق دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك پەرقلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا بولسا، تۈرلەرگە ئايرىشتا ھېچقانداق بايان يوق. ئۇنىڭدىن باشقا، ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ئايرىش مەسىلىسى ھەققىدىمۇ يەنە ئىزدىنىپ كۆرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار دەپ قارايمەن.

بىراق، ئاينىڭمۇ يۈزىدە دېغى بولىدىغۇ. ھالبۇكى، مەزكۇر كىتاب ئاپتورىنىڭ مول بىلىمگە ئىگە، شۇنداقلا ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ كەتكەن تىل ھادىسىلىرىنى روشەن بايان ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. شۇنىڭدا شەك ـ شۈبھە يوقكى، «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى» مەملىكىتىمىز ئۇيغۇر تىلى تىلشۇناسلىقى ساھەسىدە، مۇئەييەن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان بىر خاس ئەسەردۇر. ئۇ ئىجادچانلىققا باي ئۇسلۇب بىلەن، ئومۇمىي تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسىنى ئاساس قىلىپ، ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسىنى ئوچۇقلاپ چۈشەندۈرگەن. ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسىگە تالىق بىر مۇنچە مەسىلىلەرنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىپ، ئۇيغۇر تىلى تىلشۇناسلىقى سا-



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھەسسىدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرغان. سەمىمىي كۆڭلىمىز بىلەن تىلەيمىزكى، بۇ كىتاب ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسىنىڭ تەتقىقاتىنى خۇددى ئاپتور ئۈمىد قىلغاندىكىدەك رەۋىشتە ئىلگىرى سۈرگەي.

پايدىلانمىلار:


1. ئابدۇرەئوپ پولات: «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى.

2. جاڭ يۇڭيەن: «لېكسىكولوگىيە ھەققىدە قىسقىچە بايان»، ئوتتۇرا جۇڭگو سانائەت ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى.

3. چېن شىمىڭ، لياۋ زېيۇلەر تەرجىمىسى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىلى.

4. تۇردى ئەخمەت، ئەنسەردىن مۇسا، نەسرۇللا يولبولدى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى.


(بۇ ماقالە خەنزۇچە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) نىڭ 1999 ـ يىللىق 3 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى 2003 ـ يىللىق 5 ـ سان، 96 ـ 100 ـ بەتلەر)




مەسئۇل مۇھەررىر: مەمەتجان ھەسەن

مەسئۇل كوررېكتور: شەمسىيە تۇرسۇن


# ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى ۋە لېكسىكا تەتقىقاتى

ئابدۇرەئۇپ پولات تەكلىماكانى


| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ |
| پوچتا نومۇرى | : | 100013 |
| تېلېفون نومۇرى | : | 010—6429086 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ يىخۇي باسما چەكلىك شىركىتى |
| نەشرى | : | 2011 ـ يىل 4 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2011 ـ يىل 4 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 1168×850م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 16.875 |
| سانى | : | 0001_3000 |
| باھاسى | : | 30.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-11375-0/ H・771 (维29)

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔语词汇学与研究：维吾尔文/阿布都鲁甫·塔克拉玛干尼著.—北京：民族出版社，2011.2
ISBN 978-7-105-11375-0

Ⅰ.①维… Ⅱ.①阿… Ⅲ.①维吾尔语(中国少数民族语言)—词汇—研究 Ⅳ.①H215.3

中国版本图书馆CIP数据核字(2011)第015438号

责任编辑：买买提江·艾山
责任校对：夏木斯亚·图尔逊
出版发行：民族出版社 http://www.mzcbs.com.
社　　址：北京市和平里北街14号　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京艺辉印刷有限公司
版　　次：2011年4月第1版　2011年4月北京第1次印刷
开　　本：850×1168毫米 32开
印　　张：16.875
印　　数：0001-3000
定　　价：30.00元

ISBN 978-7-105-11375-0/H·771（维29）